# بايقىساڭ توپىمۇ ـــ ئالتۇن



(ھېكمەتلىك ھېكايەتلەر)

تەرجىمە قىلىپ تۈزگۈچى: نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن

上海外國語大學
圖書情報資料
0 000116
1BUI00001160

غالىبلار بىلەن مەغلۇپلار، ئاجىزلار بىلەن كۈچلۈكلەر، بەختىيارلار بىلەن بەختسىز ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا ئەمەلىيەتتە ئۇنچىۋالا چوڭ ھاڭ يوق. گەپ بىلەن ئەپىنىڭ قايسىسىنى تاللاش ئۇلارنى شۇ قەدەر چوڭ پەرققە مۇپتىلا قىلغان. دەيمىزكى، ئېغىزىدا شەھەر ئالىدىغان گەپچى، پوچى، خىيالپەرەسلىكلا ئەمەس نەق، ئەمەلىي، سىز، بىزگە نەپ بېرىدىغان، ئازراق بولسىمۇ ئىش قىلىش ۋە شۇنى قىلغان ئىكەن ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىشقا تىرىشىش سىزنى غالىبلىق چوققىسىغا يېتەكلەيدىغان ئاددىي، ئەمما تەڭداشسىز پرىنسىپ.

ـــ نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن

图书在版编目(CIP)数据

比尔·盖茨给青少年的准则/良石等编著；努尔买买提·吾买尔翻译. —乌鲁木齐：新疆人民卫生出版社，2005. 8
ISBN 7—5372—3983—5

Ⅰ. 比… Ⅱ. ①良…②努… Ⅲ. 成功理学—青少年读物—维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ. B848. 4—49

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2005）第 106181 号

书　　名:比尔·盖茨给青少年的准则
翻　　译:努尔买买提·吾买尔·吾期坤
策 划 者:艾则孜·阿塔吾拉·萨尔特肯
责任编辑:亚力坤·阿布都萨拉木
责任校对:佐合拉·斯迪克
封面设计:力提甫·阿不都外力
出　　版:新疆人民卫生出版社出版
社　　址:乌鲁木齐市龙泉街 66 号
印　　刷:乌鲁木齐光彩印刷厂
发　　行:新疆新华书店发行
版　　次:2005 年 8 月第 1 版　2006 年 6 月第 1 次印刷
开　　本:850×1168 毫米　32/1　13. 625 印张　240 千字
印　　数:3000　　定价:18. 50 元

电　　话:（0991）2832440　　邮编:830001

# بىز غالىبلاردىن قانچىلىك يىراق؟

## (كىرىش سۆز ئورنىدا)

بىزدە «ئىنسانلار تۇغۇلۇشىدىنلا تارغاق چىشىدەك تەپتەكشى يارىتىلغان» دەيدىغان ھېكمەت بار. دېمەككى ئىنساننىڭ تۇغۇمى-غا ئۇنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى قىممەتكە ئىگە قىلغۇچى بارلىق ئامىللار يېتەرلىك سىغداپ بېرىلگەن. ئەمما قاراپ باقساق، بەزىمىز باي، زەردار، بەزىمىز نامرات، قەلەندەر، بەزىمىز ئىرادىلىك، گى-گانت، يەنە بەزىمىز چۈشكۈن، جانباقتى. بەزىمىزنىڭ كۆزلىرى-دىن ھاياتقا بولغان چەكسىز مۇھەببەت، ئىپتىخارلىق، ئۈمىد، ئېتىقاد تۆكۈلۈپ تۇرسا، بەزىمىزنىڭ ئەپتى-رەپتىدىن ياغىدى-غىنى قاقشاش، زارلاش، دۇنيادىن، جەمئىيەتتىن ئاغرىنىش، خامۇشلۇق ئىلكىدە سولۇكتەك سۆرۈلۈپ، جان بېقىش، چۈش-كۈنلۈك...

ئەلۋەتتە، ئادەمنىڭ ھاياتلىق قىممىتى ئائىلە، مەكتەپ، تەربىيە، جەمئىيەت، مۇھەببەت، مۇھىت، تۈزۈم-تۈزۈلمە، سىياسىي، مەدەنىيەت... قاتارلىق نۇرغۇن تاشقى ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. ئەمما ئىنسانغا نىسبەتەن ئادەمنىڭ ئۆزلۈكى ئەڭ يۇقىرى نىسبەتتە ئالدىنقى، زۆرۈرىي بىرلەمچى ئامىلدۇر. سەن خالىمىساڭ جەمئىيەتنىڭ، تۇرمۇشنىڭ ۋە ياكى ئاتالمىش مودا، چۈشكۈن، بۇزغۇنچى ئېقىم-ئىدىيىلەرنىڭ قانداق، قاي-سى خىلدىكى تەسىرى سېنىڭ غايەڭ، ئېتىقادىڭ، تۇرمۇش ئۇ-سۇلۇڭنى ۋەيران قىلىپ تاشلىغۇدەك، بىر چۈشكۈن ئىنساننىڭ ئەقىدە-ئېتىقادى ئالدى بىلەن تازا، ساپ، پاكىز ئەمەس. شۇڭا ئۇ ھەممىلا نەرسىنىڭ يامان تەرىپىنى كۆرىدۇ، ئاغرىنىدۇ، زار-

لايدۇ . ئۇنىڭ روھىناتىدا سۆيگۈنىڭ يالقۇنلۇق ، راھەتبەخش سىـ
غىمچانلىقى ، قەتئىيلىكىنىڭ پولاتتەك مەزمۇت بەردەملىكى ، ئېـ
تىقادىنىڭ قاباھەت ـ زالالەتنى ئىزگۇ ـ ئادالەتكە يېتەكلىگۈچى
پاكىز غالىبلىقى يوق ياكى يېتەرلىك ئەمەس . تەنتەنە قىلىۋاتقاذـ
لار ، ئۆز ھاياتىغا جىددىي كرىزىس تۇيغۇسى ۋە قالتىس ئۇمىد
بىلەن قاراۋاتقان ، نېمە قىلسا ئۆز نىشانى ، ئۆيى بويىچە كۆڭۈل
قويۇپ قىلىپ نەتىجە ، ئۇتۇقنىڭ مېغىزىنى چېقىۋاتقانلارغا قاراپ
بېقىڭ ؛ ئۇلار غايىلىك ئىنسانلار ، قەتئىي ، بەردەم ، بوشاشماس
پولات بەللەر ، ئۆز نىشانى ئۈچۈن قوپماي ئولتۇرالايدىغان تۆمۈر
قوڭلار ، جاپاغا ، قىيىنچىلىققا ، ئوڭۇشسىزلىققا ھەممىدىن كۆپ
ئۇچرىغان ۋە ھېلىھەم ھەممىدىن ئېغىر يۈك كۆتۈرۈپ تۇرۇۋاتـ
قان ، ئەمما قىلغان ئىشىدىن ئالەمگە سۈرەن سالماستىن ئۈن ـ
تىنسىز تەر تۆكىدىغان مېھنەتكەشلەردۇر . ھەقىقەتەنمۇ غالىبلار
ھەممىدىن بەكرەك ئېغىر ، مۇشكۈل قىيىنچىلىققا ئۇچرىغۇچىـ
لاردۇر . ئۇلار مەدىكاردىنمۇ ئېغىر ، جاپالىق ئىشلەيدۇ . ئەمما
ئۆز نىشانى ، غايىسى ئۈچۈن ئۇلاردا پۇل ، بايلىق كۆپ ، ئەمما
ئىنتايىن پىخسىق . ئۇلار ئاز ئۇخلايدۇ ، كۆپ ئىشلەيدۇ . . .
قىلىدۇ .

غالىبلار بىلەن مەغلۇپلار ، ئاجىزلار بىلەن كۈچلۈكلەر ،
بەختىيارلار بىلەن بەختسىز ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا ئەمەلىيەتتە
ئۇنچىۋالا چوڭ ھاڭ يوق ، گەپ بىلەن ئەپنىڭ قايسىسىنى تاللاش
ئۇلارنى شۇڭقەدەر چوڭ پەرققە مۇپتىلا قىلغان . دەيمىزكى ، ئېغىـ
زىدا شەھەر ئالىدىغان گەپچى ، پوچى ، خىيالپەرەسلىكلا ئەمەس
نەق ، ئەمەلىي ، سىز ، بىزگە نەپ بېرىدىغان ، ئازراق بولسىمۇ
ئىش قىلىش ۋە شۇنى قىلغان ئىكەن ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىشقا
تىرىشىش سىزنى غالىبلىق چوققىسىغا يېتەكلەيدىغان ئاددىي ،
ئەمما تەڭداشسىز پرىنسىپ .

بىل گېيتىس زامانىمىزنىڭ كارۇلى ، كاتتا بېيى . شەخسىي
بايلىقىلا 20 نەچچە دۆلەتنىڭ ئومۇمىي بايلىقىدىن ئېشىپ چۈشىـ
دىغان كاتتا ماگنات . ئەمما بۇ زەردارنى بۈگۈنگە ئېرىشتۈرگىنى



قانداقتۇر ئامەت ، تۇغما تالانت ئەمەس ، بەلكى ئۆز غايىسى ئۈچۈن
جان تىكىپ تىرىشىش ، بەدەل بېرىش روھىدۇر . ئۇ سانسىز
قېتىم مەغلۇپ بولغان ، زىيان تارتقان ، قىيىنچىلىققا ئۇچرىغان .
ئەمما ئۆزىنى قۇتقۇزۇپ قالالايدىغان تىرىشچانلىقى ، ئەقىل ـ
پاراستى ، قەتئىيلىكى ۋە ۋاقتى كەلسە باشقىلاردىن پايدىلىنىشنى
بىلىدىغان پۇرسەتپەرەس ، مەككارلىقىنىمۇ يوقىتىپ قويمىدى . ئۇ
ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىدە يوشۇرۇن قابىلىيىتى ، تالانتىنى ، ئىنساـ
نىي ئەقىل ـ پاراسەت ، ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ نەمۇـ
نىسىگە ئايلاندى . باشقىلار ئۇنىڭ مەكتەپتە تۇزۇك ئوقۇمىغانلىقىـ
نى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا باغلاپ ، ئوقۇماسلىقنىڭ قازىنىنى
ئېسىشقا ، مەكتەپلەرنىڭ تەربىيىلەش فۇنكسىيىسىدىن گۇمانلىـ
نىشقا چۈشىدۇ . ئەمما ئۇنتۇماسلىق كېرەككى ، بىل گېيتىس
كومپيۇتېر ساھەسىدە ئوقۇمىسىمۇ ئۆز ئالدىغا ئىش باشلاپ ،
خۇسۇسىي كومپيۇتېرلارنىڭ ئومۇملىشىشىنى يېتەكلىگۈچ يۇمـ
شاق دېتاللار باھادىرىنى مەيدانغا چىقىرالايدىغان ئىقتىدار ، ماھاـ
رەت ، ئىشەنچىنى ئۆزىدە ھازىرلاپ بولغان . يەنە ئوقۇۋەرسە ۋاـ
قىت ، پۇرسەتنىڭمۇ ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئالدىن بايقاپ ، كۆـ
رۈپ يېتەلىگەن ۋە ئۆز غايىسى ئۈچۈن بەزى نەرسىلەردىن ۋاز
كەچمىسە بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىپ قۇربان بېرەلىگەن .
سىزدە شۇنچىلىك ئىشەنچ ، تالانت بارمۇ ؟ سىز ، بىزدىمۇ مۇئەيـ
يەن دەرىجىدە تالانت ، ئىقتىدار ۋە يېتەرلىك ئىشەنچ ، ئېتىقادنىڭ
ئۇرۇقلىرىنىڭ بارلىقى شەك ـ شۈبھىسىز . ئەمما سىز ، بىز
ئۇنىڭ قانچىلىكىدىن پايدىلاندۇق ؟ ۋە ھالىمىز نېمە ؟ قانداق
بولدى ؟

ئۇيغۇر جەمئىيىتى بىلىم ئىگىلىكىنىڭ دەسلەپكى خىرىس
بورانلىرى ئالدىدا تراگىكومىدىك بىر ھالنى ئىپادىلەپ تۇرۇپتۇ .
نەچچە يۈز مىڭ ئوقۇغۇچى ھەر يىلى تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ ئالىي
مەكتەپلەرنىڭ دەرسخانىلىرىغا كىرىپ ـ چىقىپ تۇرىدۇ . ئەمما
تۇزۇك ئىش تەۋرىتىپ ، نەتىجە قازىنىۋاتقانلار يوقنىڭ ئورنىدا .
ھەممىسىلا ئىش ئىزدەپ چىرايى زەپىرانىدەك سېرىق . ئىختىساـ

لىقلار خېلى بار ، تالانتلىقلارمۇ بار . ئەمما كۆپىنچىسى مۇنەۋۋەر ياللانما خادىم ، مەدىكار ، تالانتى ، ئىقتىدارىنى يېتەرلىك جارى قىلدۇرماي خوراتقانلار . كۈرمىڭلىغان ئادەم ھېلىھەم باققالچىلىق ، ئالدى - ساتتى تىجارەت بىلەن جېنىنى جان ئېتىدىغان ئەنئەنىۋى ئۇششاق تىجارەتتىن قۇتۇلالماي يۈرمەكتە . ۋەھالەنكى ، يەر شارىلىشىش دولقۇنىدا شاپاق - شۆپەك سېتىپ ، كەسكىنلىشىۋاتقان ، سانائەتلىشىۋاتقان ، يۇكسەك دەرىجىدە تېخنىكىلىق تاۋارلىشىۋاتقان سودا - ئىقتىساد رىقابىتىدە پۇت تىرەپ تۇرۇش مۇمكىنمۇ ؟ كۈرمىڭ ئادەم دۇنياغا نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكى بىلەن پەرۋايى پەلەك ھالدا كۈن ئۆتكۈزۈش ، جان بېقىش كويىغىلا چۈشۈۋالغان . كۈن پاتسىلا ، ئۇخلاپ - قوپۇپ ، نان يەپ ، قورساق توقلاپ كۈننى كەچ قىلساقلا ياشىغانغا ھېسابمۇ ؟ قېنى ھاياتنىڭ خۇش مەنە ؟ قېنى ھاياتنىڭ ئىزگۈ تىلەك ، غايە ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن جان تىكىش ، كۈرەش قىلىش ؟ تەڭرى سىزنى ھايۋاندەك نان يەپ ، قورساق تويغۇزۇۋالسۇن دەپلا ياراتمىغان بولغىيتى ؟ يارالمىش - ياراتمىشنىڭ ئىمكان - ئېھسانلارنى ھەلەپكە كۆممەيلى !

بۇ كىتاب ئاشۇنداق بىر ئىستەك بىلەن تەرجىمە قىلىندى . ئۇ قانداقتۇر نوقۇل پەند - نەسىھەت خاراكتېرىدىكى زېرىكىشلىك ۋەز ئەمەس . ئۇنىڭدا يارالمىشنىڭ سوۋغات ئەقىل ، تالانتلارنى يېتەرلىك جارى قىلدۇرۇپ ، ئادەمدەك ياشاشقا ئىنتىلگەن ، شۇنداقلا ئوڭۇشسىزلىق ئىچىدىن پاراسىتىگە تايىنىپ يول تاپقان نۇرغۇن باھادىر سۇپەت كىشىلەرنىڭ كەچمىش - پۈتمىشلىرىنىڭ ئىبرەتلىك خاتىرىلىرى بار . چوڭقۇر ئويلاندۇرۇش ھېكمىتىگە ئىگە بۇ قىسقا ، جانلىق ھېكايەتلەر سىزنىڭ ئامالسىزلىق باسقان ، گاڭگىراشقا تولغان روھىي كەيپىياتىڭىزغا يورۇق رۇجەكلەردىن بىرەرىنى ئېچىپ بېرىپ سالسا ئەجەب ئەمەس .

تەرجىماندىن
2006 - يىل 16 - فېۋرال



## مۇندەرىجە

ھاياتنىڭ قىممىتى ........................ 1
ھەرگىز چېكىنمەڭ ........................ 3
غايىڭىزدىن تەۋرەنمەڭ ........................ 6
ئۆزىڭىزنى تونۇڭ ........................ 10
تەقدىرىڭىز ئۆز قولىڭىزدا ........................ 13
ئۆز قەدىر - قىممىتىڭىزنى قوغداڭ ........................ 17
تىرىشسىڭىزلا ھەرقانداق ئىش ۋۇجۇدقا چىقىدۇ ........ 20
نېمىشقا بار كۈچىڭىزنى ئىشقا سالمايسىز ؟ ........ 25
ھەرگىز قانائەتلەنمەڭ ........................ 27
ھازىردىن باشلاڭ ........................ 30
ئېشەك بىلەن ئاتنىڭ ھېكايىسى ........................ 34
نىشان بەلگىلەڭ ، ھەرگىز ۋاز كەچمەڭ ........................ 37
مۇۋەپپەقىيەت ئاكتىپ تىرىشچانلىقتىن كېلىدۇ ........ 40
ئۆزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئېھتىياجى ........................ 44
ئۇلۇغ مەنزىللەرنى كۆزلەڭ ........................ 48
قاناتلانسۇن خىياللىرىڭىز ........................ 52
ئىشنى ئۆزىڭىزنى ئۆزگەرتىشتىن باشلاڭ ........................ 56
ئۆز ئورنىڭىزنى تېپىڭ ........................ 60
ئەڭ ياخشى نەرسە سىزنىڭ بولماسلىقى مۇمكىن ........ 62
كەيپىياتىڭىزنى تەڭشەپ تۇرۇڭ ........................ 66
ئەڭ تۆۋەن يەردىن باشلاڭ ........................ 70

سىز ئۆزىڭىزنىڭ خوجىسى ........ 73
نامراتلىقنىڭ سەۋەبى كىمدە؟ ........ 76
ئالدىن كۆرەرلەر زېمىننىڭ خوجايىنى ........ 70
بارلىق يوشۇرۇن ئىقتىدارىڭىزنى ئەڭ يۇقىرى چەكتە
قوزغاڭ . . . ........ 81
ئىشەنچىڭىزنى چىڭتىپ تۇرۇڭ ........ 83
ئىشلىرىڭىز مەنىلىك بولسۇن ........ 87
تۇرمۇشتىن ئۈمىد بىلەن بەھرىلىنىڭ ........ 89
سىز يېگانە، قالتىس ئادەم سىز ........ 94
گۆھەر تاپىنىڭىزدىلا ........ 97
سىزدىن باشقا ھېچكىم سىزگە ياردەم قىلالماس ........ 99
ئۆز خاسلىقىڭىزنى ساقلاڭ ........ 104
تەقدىرنىڭ پوكىنىدىن سىقىڭ ........ 106
قارام تەۋەككۇلچىلەردىن بولۇڭ ........ 109
مۇۋەپپەقىيەتنىڭ بوسۇش ئېغىزىنى تۇتۇشقا ماھىر بولۇڭ ... 114
يېڭىلىق يارىتىش بىر خىل مۆجىزە ........ 119
تەسەۋۋۇر كۈچىڭىزنى قاناتلاندۇرۇڭ ........ 123
ئەڭ قۇدرەتلىك كۈچ ........ 126
گېنېرال بىلەن ئات ھەققىدە ھېكايە ........ 128
بايقىساڭ توپىمۇ ئالتۇن ........ 130
يوشۇرۇن قابىلىيىتىڭىزنى ئۇرغۇتۇڭ ........ 133
سىز 88 ياشقا كىرمىگەنسىز؟ ........ 135
ئۆزىڭىزنى يېڭىڭ، دۈشمەندىن غالىب كېلىڭ ........ 138
تەمكىنلىك ۋە جاسارەت ........ 140
تېخىمۇ چوڭقۇرراق ئىزدىنىپ بېقىڭ ........ 144
ئەڭ مۇھىم ئىشىڭىز قايسى؟ ........ 147



پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇشقا ماھىر بولۇڭ ........ 150
مۇۋەپپەقىيەت ئىجادىي تەپەككۇرغا موھتاج ........ 153
پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋەتمەڭ ........ 156
دەۋرنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىڭ ........ 160
باشقىلارنىڭ ئالدىدا مېڭىڭ ........ 162
ۋاقىتنىڭ قىممىتىگە سەل قارىماڭ ........ 166
دەۋرنىڭ ئالدىدا مېڭىڭ ........ 170
بۈگۈنگىلا ئىشىنىڭ ........ 173
ھەر ۋاقىت قايناق روھىي ھالەتنى ساقلاڭ ........ 175
كاللىڭىز ھەر قاچان سەگەك تۇرسۇن ........ 179
تەپەككۇرنىڭ قۇدرىتى ........ 183
ئىدىيە ھاياتنى يارىتىدۇ ........ 187
ماھىر پىلانچى بولۇڭ ........ 190
كەيپىياتنى ئەقىل بىلەن تىزگىنلەڭ ........ 194
كەسپىڭىزنى سۆيۈڭ ........ 197
نەزىرىڭىز ئۆتكۈر بولسۇن ........ 201
ئارقىدا قېلىش نومۇس ........ 203
تەۋەككۇل قىلىڭ، قاراملىق قىلماڭ ........ 209
رەقىبىڭىزنى ياردەملەشتۇرۇڭ ........ 211
مەغلۇبىيەت مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئېھتىياجى ........ 215
چېكىنىش تېخىمۇ ئۇنۇملۇك ئىلگىرىلەش ئۈچۈندۇر ... 218
ئەمەلىيەتچىل بولۇڭ ........ 221
تەنقىدنى كەمتەرلىك بىلەن قوبۇل قىلىڭ ........ 223
خاتالاشسىڭىز تەن ئېلىڭ ........ 226
ئارتۇقچىلىقىڭىزنى ئىشقا سېلىڭ ........ 229
سەمىمىي، مېھرىبان بولۇڭ ........ 231

رەقىبىڭىز بىلەن شېرىكلىشىڭ ......................... 235
باشقىلارنىڭ كەمچىلىكىدىن پايدىلىنىشقا ماھىر بولۇڭ ... 238
ماختاشتىن پايدىلىنىشنى بىلىڭ ......................... 240
بىللە ئالغا باسايلى ......................................... 243

## ھېكمەتلىك ھېكايەتلەر

### بىرىنچى باب مېھرى شەپقەت ھەققىدە

كىچىككىنە كۆن نۇرى ........................................ 248
كۆزىڭىزنى ئېچىڭ ............................................ 250
چىشلەنگەن ساندۇيچ ........................................ 252
مەلھەم پلاستىر ............................................... 253
پاسخا بايرىمى ۋە رەڭلىك تۇخۇم ........................ 255
بوتۇلكا تەرگۈچى بالا ........................................ 258
ۋېتېرىنىڭ ئارزۇسى ........................................... 260
ئوڭ قول ۋە سول پۇت ........................................ 262
مېھرىنىڭ تەبىئىتى ............................................ 265
پەرۋاسىزلىقنىڭ جەرىمانىسى ................................ 266
ئاجايىپ سۆيۈش ............................................... 267
ھەقسىز كۆن نۇرى ............................................. 268
ياردەم پرىنسىپى ............................................... 270
باھار گۈللىرى ................................................... 272

### ئىككىنچى باب ئاقكۆڭۈللۈك ھەققىدە

خۇدانىڭ پەرىشتىسى ......................................... 274
كېپىنەك تۇتقۇچى قىزچاق .................................. 277
مەن سۇ ئىسراپ قىلمىدىم ................................. 279
كونۋېرتتىكى قۇياش ........................................... 281



«ئالما ئۇرۇقى» ئەپەندىم ................................... 284
پەرىشتە تەبەسسۇمى ......................................... 286
بىر تال پەلەي ................................................... 288
ئەڭ كاتتا زىياپەت ............................................ 290
ئانىغا سوۋغا ..................................................... 292
مېنى بوشراق كۆمۈپ قويسىڭىز ............................ 294
ئاندىرو بىلەن شىر ............................................ 296
قۇشقاچ ۋە بالا .................................................. 298

### ئۈچىنچى باب تىرىشچانلىق ھەققىدە

ئانىنىڭ جاۋابى ................................................ 300
لىندا قانداق باي بولدى؟ ..................................... 302
15 دوللارنىڭ ئىلھامى ........................................ 304
سۇ توشۇش ۋە قۇدۇق قېزىش ................................ 306
ۋارونكا ۋە قوناق ............................................... 308
ئەقىللىق مايمۇن ............................................... 309
بىر مىنۇت ....................................................... 310
بىر تۈپ ئەنجۈر دەرىخى ...................................... 312
بىر كىتابنىلا ئوقۇيالايدىغان بالا ............................ 314
پروفېسسورنىڭ بىر سائەت دەرسى .......................... 315
ئىككى ئانىنىڭ تەربىيىسى ..................................... 317
جىنايەتچىنىڭ پۇشايمىنى ..................................... 319
قېرى تۆگىنىڭ تەجرىبىسى ..................................... 321

### تۆتىنچى باب جاسارەت ھەققىدە

مەن جەزمەنكى باتۇر بولىمەن ................................ 322
سىپىنسوننىڭ كالتىكى ......................................... 324
يىقىلغان بالا ..................................................... 327
لەگلەكچاقنىڭ پەرۋازى ........................................ 329

قۇياش دۇمبەمدە پارلايدۇ ........ 330
ئاددىي جاۋاب ........ 332
ئىلىساننىڭ جاۋابى ........ 333
مەن تىلاۋەت قىلىپ بولدۇم ........ 335
كىشىنى ئەڭ تەسىرلەندۇرىدىغان ئارزۇ ........ 337
مەن سىزنىڭدىن پەخىرلىنىمەن ........ 339
تۈلكە بىلەن خوراز ........ 341
يىلپىزنىڭ ئۈچ ئىلىشى ........ 343
ئىككىنچى ئوقيا ........ 344


**بەشىنچى باب ئىرادە ھەققىدە**


گوللاندىيىلىك كىچىك قەھرىمان ........ 346
يەنە سەل چىدا ........ 349
سەۋزە، تۇخۇم ۋە قەھۋە ........ 351
‹قىلالمايمەن› ئەپەندىنىڭ دەپنە مۇراسىمى ........ 353
تىلەمچىنىڭ رەسىمى ........ 356
كىپىنەك زۇڭتۇڭ ........ 357
بۈركۈت ۋە قۇلۇلە ........ 358
تەكرار مەغلۇبىيەت ........ 360
قەيسەر ئۆمۈچۈك ........ 362
ھاياتلىق دەرىخى ........ 363


**ئالتىنچى باب مىننەتدارلىق ھەققىدە**


بىر قاچا ئۈگرە ........ 365
تىلەمچى ۋە قىزچاق ........ 367
بىر تال مەڭ ........ 369
توكۇر دادا ........ 371
جورجىنىڭ نارازىلىقى ........ 374
جىنىنىنىڭ مارجىنى ........ 376
بىر تال ئەتىرگۈل ........ 378





ئەڭ ياخشىسى ياش مەزگىل ........ 380


**يەتتىنچى باب مەسئۇلىيەت ھەققىدە**


ئەخلەت تەرگۈچى بوۋاي ........ 381
ئەينەك پارچىسى قاچىلانغان ساندۇق ........ 383
ئىسىم ۋە پېئىل ........ 385
ماكىنىڭ قەسىمى ........ 387
كېلىدىغانلىقىڭنى بىلەتتىم ........ 389
ھەقىقىي ئىگىزلىك ........ 390
پادىشاھنىڭ مەسئۇلىيىتى ........ 391
بىر تال مىخ ........ 393
ئادالەت قوڭغۇرىقى ........ 395


**سەككىزىنچى باب دوستلۇق ھەققىدە**


بايدىن قېلىپ قالغان مىراس ........ 397
يىغلىشىپ بېرەي ........ 399
گالىپ خانىمنىڭ گۈللۈكى ........ 400
پەي تېرىش ........ 402
مۇمكىنمۇ! ........ 404
رەقىبلەر ........ 406
چوڭلاردىنمۇ ئەقىللىق باللار ........ 408


**توققۇزىنچى باب ئۆز - ئۆزىنى تىزگىنلەش ھەققىدە**


سامساق يېيىشكە خۇشتار مۇزىكانت ........ 410
مېغىز ئىلىش ........ 412
تاشلاشنى ئۆگەن ........ 413
ئانا - بالا بېلىقلار ........ 415
غەزەپلەنگەن پەيلاسوپ ........ 416
دېڭىز ۋە پادىشاھ ........ 417
ھارۋىنىڭ ئاۋازى ........ 420
سىناق ........ 421

# ھاياتنىڭ قىممىتى

بىر قېتىملىق مۇھاكىمە يىغىنىدا ، بىر داڭلىق ناتىق ھېچقانداق سۆز قىلمايلا ، 20 دوللارنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇپ يىغىن ئەھلىدىن :

— بۇنى كىم ئېلىشنى خالايدۇ ؟— دەپ سوراپتۇ . ئىككى يۈزدىن ئارتۇق ئادەمنىڭ ھەممىسى بىر - بىرلەپ قول كۆتۈرۈشۈپتۇ . ئۇ يەنە :

— مەن بۇ پۇلنى ئاراڭلاردىن بىرىگە ھەدىيە قىلىمەن . ئەمما ئۇنىڭغىچە بىر ئىش قىلىشىمغا ئىجازەت بېرىڭلار ،— دەپتۇ ۋە پۇلنى تامامەن مىجىقلاپ - پۇرلەپ تاشلاپ ،— ئەمدى كىم ئېلىشنى خالايدۇ ،— دېگەنىكەن ، ئوخشاشلا ھەممە ئادەم قول كۆتۈرۈپتۇ .

ئۇ يەنە :

— ئەگەر مۇنداق قىلسامچۇ ؟— دەپتۇ ۋە پۇلنى تاشلاپ ، ئۈستىدىن دەسسەپ ، يانجىپ ، بىر چاغدا مەينەت ، پۇرلىشىپ كۆرگۈسىز بولۇپ كەتكەن پۇلنى ئېلىپ ،— ئەمدى كىم ئالىدۇ ؟

— دېگەنىكەن ، يەنە ئوخشاشلا ھەممە ئادەم قول كۆتۈرۈپتۇ .

ناتىق سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ دەپتۇ :

— بۇرادەرلەر ، يۇقىرىدا ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك دەرستىن بىرنى ئاڭلىدىڭلار ، مەيلى مەن پۇلنى نېمە قىلاي ، سىلەر ئوخشاشلا ئۇنىڭدىن يالتايمىدىڭلار . نېمە ئۈچۈن ؟ چۈنكى پۇلنىڭ قىممىتى چۈشمىدى ، يوقالمىدى . ئۇ ھېلىھەم 20 دوللار . ھاياتلىق مۇساپىسىدە بىزمۇ سان - ساناقسىز ئوڭۇشسىزلىقلارنىڭ زەربىسىگە ، ئەخمەق قىلىنىشىغا ، ھەتتا تەلتۆكۈس ۋەيران قىلىنىشى-

غا ئۇچرايمىز ، ھەتتا ئۆزىمىزمۇ ئەمدى بىر تىيىنغا ئەرزىگۈچە-
لىكىم قالمىدى ، دەپ ئويلاپ قالىمىز . ئەمما نېمە ئىش يۈز
بېرىشىدىن قەتئىينەزەر ، تەڭرىنىڭ نەزىرىدە سىلەر مەڭگۈ قىم-
مىتىڭلاردىن قالمايسىلەر ! مەيلى پاسكىنا ياكى پاكىز بولۇڭلار ،
سالاپەتلىك ياكى جۇلدۇر - كېپەن بولۇڭلار سىلەر يەنىلا بىباھا
قىممەتكە ئىگىسىلەر . ھاياتنىڭ قىممىتى بىزنىڭ نېمە ئىش قى-
لىۋاتقىنىمىزغا ، كىملەر بىلەن باردى - كەلدى قىلىشىمىزغا
ئەمەس ، بەلكى بىزنىڭ ئۆزىمىزگە باغلىق ! مەڭگۈ ئۇنتۇماڭلار-
كى ، سىلەر بىباھا !
ھاياتنىڭ قىممىتى ئۆزىمىزگە باغلىق . ئۆزىمىزدىن بۆلەك
ھېچكىم بىزنى پەسلەشتۈرەلمەيدۇ .



## ھەرگىز چېكىنمەڭ

تۆۋەندىكىسى بىر ئادەمنىڭ كۈرەش تارىخى :
1816 - يىلى ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئەسلى ماكانىدىن
قوغلاندى . ئۇ ئىشلەپ ئائىلىسىنى بېقىشقا مەجبۇر بولدى .
1818 - يىلى ئانىسى ئالەمدىن ئۆتتى .
1831 - يىلى سودىدا مەغلۇپ بولدى .
1832 - پارلامېنت ئەزالىق سايلام رىقابىتىگە قاتنىشىپ
سايلىنالمىدى .
1832 - يىلى خىزمىتىدىنمۇ قۇرۇق قالدى . قانۇن ئىنىس-
تىتۇتىغا كىرىپ ئوقۇماقچى بولدىيۇ ، ئوقۇشقىمۇ كىرەلمىدى .
1833 - يىلى دوستلىرىدىن پۇل ئۆتنە ئېلىپ سودىغا كى-
رىشتىيۇ ، يىل ئاخىرىسىغىچە ۋەيران بولدى . گەدىنىدىكى قەرز-
نى 16 يىل تۆلەپ قۇتۇلدى .
1834 - يىلى پارلامېنت ئەزالىق سايلام رىقابىتىگە يەنە
قاتنىشىپ يەڭدى .
1835 - يىلى توي قىلىشقا پۈتۈشكەن بولغۇسى ئايالى
ئالەمدىن ئۆتۈپ ، يۈرىكىدە ساقايماس ھىجران قالدى .
1836 - يىل روھىي جەھەتتىن پۈتۈنلەي بەربات بولۇپ ،
ئالتە ئاي ياتتى .
1838 - يىلى پارلامېنت ئەزاسىنىڭ باياناتچىلىقىنى تالى-
شىپ مەغلۇپ بولدى .
1840 - يىلى سايلامغا قاتنىشىشقا بار كۈچى بىلەن تىرىش-
تىيۇ مەغلۇپ بولدى .

1843 ـ يىلى پارلامېنت چوڭ سايلىمىغا قاتناشتى ، ئەمما سايلىنالمىدى .
1846 ـ يىلى پارلامېنت چوڭ سايلىمىغا يەنە قاتنىشىپ سايلاندى ۋە ۋاشىنگتوننى نىشانلاشقا باشلىدى ، ئىپادىسى يامان ئەمەس بولدى .
1848 ـ يىلى پارلامېنت ئەزالىقىغا قايتا سايلىنىشقا تىرىشتىيۇ ، مەغلۇپ بولدى .
1849 ـ يىلى ئۆزى تۇرۇشلۇق شتاتنىڭ يەر ـ زېمىن ئىدارىسىگە باشلىق بولۇش خىيالىدا چاپتىيۇ ، رەت قىلىندى .
1854 ـ يىلى ئامېرىكا ئالىي پالاتاسىنىڭ ئەزالىقىنى تالىشىپ سايلىنالمىدى .
1856 ـ يىلى جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ مەملىكەتلىك ۋەكىللەر چوڭ يىغىنىدا مۇئاۋىن زۇڭتۇڭلۇققا كۆرسىتىلىشنى قولغا كەلتۈردى ، ئەمما ئېرىشكەن بېلەت سانى يۈزگىمۇ يەتمىدى .
1858 ـ يىلى يەنە بىر قېتىم ئامېرىكا ئالىي پالاتاسىنىڭ ئەزالىقىنى تالىشىپ ، يەنە سايلىنالمىدى .
1860 ـ يىلى ئامېرىكا زۇڭتۇڭى بولۇپ سايلاندى .
بۇ دەل ئامېرىكا تارىخىدا ئەڭ زور شۆھرەت قازانغان زۇڭتۇڭ لىنكولىندۇر !
«بۇ يول شۇقەدەر جاپالىق ھەم ئەگرى ـ توقاي بولدى . بىر پۇتۇم ئازراقلا تېيىپ كەتسە ، يەنە بىر پۇتۇممۇ لىغىشىپ قالىدۇ . ئەمما مەن ئۆزۈمنى تۇتىۋېلىپ ، ئۆز ـ ئۆزۈمگە شۇنداق دەپ كەلدىم . بۇ ئازراقلا پۇت تېيىش ، مۇدۇرۇپ كېتىش ، ھەرگىزمۇ ئۆلۈش ياكى دۈم چۈشۈش ئەمەس !» لىنكولىن ئالىي پالاتا ئەزالىق سايلىمىدا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن شۇنداق دېگەنىدى .
مۇۋەپپەقىيەتتە ھېچقانداق مەخپىيەت يوق . بار دېيىلسە ،



بىرىنچى ، ئاخىرغىچە تىركىشىش ، ۋاز كەچمەسلىك ، مەغلۇپ بولغىنىنى ھەرگىز تەن ئالماسلىق ؛ ئىككىنچى ، ۋاز كېچىش خىيالىغا كەپ قالغان چاغلاردا ، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ بىرىنچى مەخپىيەتكە قاراش ؛ ئاخىرغىچە تىركىشىش ، ۋاز كەچمەسلىك ، مەغلۇپ بولغىنىنى ھەرگىز تەن ئالماسلىق !
قەتئىي ئىرادىلا ، قول سېلىپ ئىشلەشلا بولىدىكەن ، مۇمكىن بولمايدىغان ئىش يوق . بۈيۈك شائىر شىللى شۇنداق دېگەنىدى : «مەن ئۆز تەقدىرىمنىڭ خوجىسى ، ئۆز روھىمنىڭ رولچىسى» . پەقەت شۇنداق بولغاندىلا ، مەڭگۈ چېكىنمەي ئالغا باسالايسىز .
ئىبراھام لىنكولىن يولۇققان دۇشمەنگە ھەممىمىز ئۇچرىغان . ئۇ قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا ۋاز كەچكەن ، قاچقان ئەمەس ، بەلكى داۋاملىق تىرىشىپ كۆرەش قىلغان . ۋاز كېچىشنى ئەسلا ئويلاپ باقمىغان . شۇڭا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىغان . قېنى ئۆزىڭىزدىن سوراپ بېقىڭ ، سىز قانداق قىلىسىز ؟ قانداق قىلىۋاتىسىز ؟

## غايىتىزدىن تەۋرەنمەك

بىر كۈنى تاشپاقا قېرى تۇخۇمەك دەرىخىنىڭ ئاستىدا چىرايلىق بىر دەمدەرنىڭ 28 ـ نۆۋەتلىك شىر پادىشاھىنىڭ توي قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقى، بارلىق جاندارلارنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلغانلىقى توغرىلىق سۆزلەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قاپتۇ. «شىر پادىشاھ ھەممە جاندارنى زىياپەتكە تەكلىپ قىپتۇ، مەنمۇ بارسام بولغۇدەك، دەپ ئويلاپتۇ تاشپاقا ۋە يولغا چىقىپتۇ. ئۇ يولدا ئۆمۈچۈك، پاقا، يەر يولۋىسى، يەنە بىر توپ قاغىغا ئۇچراپتۇ. ئۇلار تاشپاقىنىڭمۇ ماڭغىنىدىن ھەيران قاپتۇ ۋە «ھەي تاشپاقا، بىزلەر دېمىسەكمۇ، شۇنچىلىك ئاددىي گەپنى سەنمۇ ئويلاپ بېقىشىڭ كېرەكقۇ، زىياپەت باشلىنايلا دەۋاتسا، سەن مۇشۇ مېڭىشىڭدا ئۇلگۈرۈپ بارالامسەن؟ قوي، سەن بارغۇچە زىياپەت ئاخىرلىشىدۇ. ئۆڭكۈرمۇ توشۇپ كېتىدۇ. ساڭا ساقلايمىز دېسە، يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقمۇ يوغىناپ، خوتۇن ئېلىپ بولار» دەپ نەسىھەت قىلىشقان بوپتۇ. ئەمما تاشپاقا جاھىللىق بىلەن يولىنى داۋام قىلىۋېرىپتۇ.

نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپتۇ. تاشپاقا ئاخىرى شىر پادىشاھىنىڭ ئۆڭكۈرىنىڭ ئېغىزىغا يېتىپ كەپتۇ. قارىغۇدەك بولسا ھەممە ياقتا رەڭگارەڭ پانۇسلار ئېسىلغان، پۈتكۈل جاندارلار سىغدىلىشىپ تۇرغۇدەك.

— بۇگۈن، — دەپتۇ نەلەردىندۇر يېتىپ كەلگەن ھەييار قىسقا سېرىق مويلۇق مايمۇن، — ھەممىمىز يىغىلىپ 29 ـ نۆۋەتلىك شىر پادىشاھىنىڭ توي مەرىكىسىنى تەبرىكلەۋاتىمىز.



مۇبادا تاشپاقا باشقىلارنىڭ نەسىھىتىگە كىرىپلا نىيىتىدىن يانغان بولسا، مۇشۇ زىياپەتكىمۇ يېتىپ كېلەلەرمىدى؟

بىل گېيتىس بالىلىق ۋاقىتلىرىدىلا باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان ئۆزىگە خاس خاراكتېرنى شەكىللەندۈرۈپ بولغانىدى. يەنى، ئىشنى قەتئىيلىك بىلەن قىلىش؛ باشقىلارغا بېقىنىپ قالماسلىق؛ قىلىشنى نىيەت قىلغان ئىشنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىش؛ باشقىلار بىلەن مۇسابىقىلىشىپ قالسا جەزمەن يېڭىش، مۇسابىقە ۋە رىقابەتلەردە، ئۇ پەۋقۇلئاددە ئۆزگىچە ئىستەكنى ساقلاشقا تىرىشاتتى. ئۆز مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ئۇ كىچىك چاغلىرىدىن باشلاپلا مۇھىت ۋە كىشىلەرنىڭ پىكىر چەكلىمىسىگە پەرۋا قىلمايتتى. مەلۇم بىر ئىشنى قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكتىمۇ، باشقىلارنىڭ نېمە دېيىشىدىن قەتئىينەزەر پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن شۇ ئىشنى ئاخىرىغا ئېلىپ چىقىشقا تىرىشاتتى.

گېيتىس تەڭتۇش بالىلار بىلەن بىرگە ئويناشنى خالىمايتتى. تەڭتۇشلىرى ياقتۇرۇپ كۆرىدىغان بالىلار ھېكايىلىرى، چاتما رەسىملەرنى كۆرۈشنى تېخىمۇ خالىمايتتى، بەلكى دادىسىنىڭ كۇتۇپخانىسىغا كىرىپ چوڭلار ئوقۇيدىغان كىتابلار بىلەن ھەپىلىشىشنى بەكرەك ياخشى كۆرەتتى. ئۇ يەتتە ياشقا كىرگەندە ئاشۇ توم ـ توم كىتابلار ئىچىدىن ئۆزى ھەقىقەتەن كۆرۈشنى خالايدىغان «دۇنياۋى كىتابلار قامۇسى» نى تېپىۋالىدۇ. ئۇ بۇ كىتابنى قولىغا بىر ئالغىنىچە نەچچە سائەت ئوقۇپ كېتەتتى. باشقىلار ئۇنىڭدىن كىتابتىكى مەزمۇنلارنى چۈشىنەلەيدىغان ياكى چۈشىنەلمەيدىغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇ پىسەنتمۇ قىلىپ قويماستىن ئىخلاس بىلەن ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇۋېرەتتى.

مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن گېيتىسنىڭ جاھىل خاراكتېرى تېخىمۇ ئېنىق ئىپادىلىنىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ بۇ خىل خاراكتېرى پەۋقۇلئاددە كۈچلۈك تىرىشچانلىقى بىلەن بىرلىشىپ ھەرقانداق بىر ئىشنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىش ئادىتىگە ئايلاندى.

بىر قېتىم ئۇ ئوقۇۋاتقان مەكتەپنىڭ پوپى باللارنىڭ «ئىنجىل»
غا قىزىقمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ «ئىنجىل» نىڭ ئەڭ قىيىن بىر
بۆلىكىنى تالالاپ، ئوقۇغۇچىلارنى يادلاشتا مۇسابىقىلەشتۈرىدۇ ۋە
بىرىـ ھەرپىنىمۇ چۈشۈرۈپ قويماي يادلاپ بېرەلىگەنلەرنى
بوشلۇق مۇنار رېستورانىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان زىياپەتكە ھەقسىز
قاتناشتۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بوشلۇق مۇنارى سىئاتىلدىكى
ئەڭ ئېگىز قۇرۇلۇش بولۇپ، مۇنارنىڭ چوققىسىغا ئورۇنلاشتۇ-
رۇلغان بۇ رېستورانمۇ ئەڭ ھەشەمەتلىك رېستورانلاردىن ئىدى.
كۆڭۈل ئېچىش، ساياھەت، غىزالىنىش بىر گەۋدىلەشكەن مۇنار-
غا چىقىش ھەرقانداق بىر بالا ئارزۇلايدىغان ئىش ئىدى. گەرچە
گېيتىسنىڭ ئائىلىسىنىڭ شارائىتى مۇنارغا چىقىپ غىزالىنىشقا
يار بەرسىمۇ، لېكىن گېيتىس ئىقتىدارىغا تايىنىپ، بۇ قېتىمقى
پۇرسەتكە ئېرىشىشكە بەل باغلىدى ۋە بەلگىلەنگەن بۆلەكنى تولۇق
يادلاپ مۇنارغا چىقىپ غىزالىنىش پۇرسىتىنى قولغا كەلتۈردى.
بۇ كىچىككىنە غەلىبە گېيتىسنىڭ جاھىل خاراكتېرىنى تېخىمۇ
كۈچەيتتى. ئۇ ئىشەنچلا بولسا، ھەرقانداق ئىشتا غەلىبە قازىنا-
لايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى.

ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە بىل گېيتىسنىڭ جا-
ھىل خاراكتېرى تېخىمۇ روشەن ئىپادىلىنىشكە باشلىدى. ئۇ
نەچچە قېتىم ئاتا - ئانىسىغا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدىن چېكى-
نىپ چىقىپ دوستى ئېلىن بىلەن كومپيۇتېر ئىشلىرى بىلەن
شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى ئېيتماقچى بولدى. سىئاتىل گەرچە ئۇنىڭ
يۇرتى بولسىمۇ، ئۇ يەردە شىركەت قۇرۇشنى ئويلاپ باقمىغانى-
دى، بەلكى سىئاتىللىقلارنىڭ نەزىرىدە پۈتۈنلەي قۇم توپا ئۇچۇپ
تۇرىدىغان چۆللۈك ھېسابلىنىدىغان ئالبۇكۇېركىغا بېرىش ئىدى.
بۇ ئىنتايىن غەلىتە ئوي ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنى ھەيران
قالدۇردى. ئۇ چاغدا ھەممە ئادەمگە ئوخشاشلا گېيتىسنىڭ ئاتا
- ئانىسىمۇ ئوغلىنىڭ بۇ تاللىشىغا توغرا مۇئامىلە قىلالمىدى.



شۇڭا ئۇلار ئوغلىنىڭ ئوقۇشتىن چېكىنىشىگە پۈتۈن كۈچى بى-
لەن قارشى تۇردى. ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭ ئادۋوكات بولۇشىنى
خالايتتى. نېمىلا دېگەن بىلەن ئادۋوكاتلىق كىشىلەر ھۆرمەتلەي-
دىغان، بىرقەدەر يۇقىرى كىرىم ھەمدە يۇقىرى ئىجتىمائىي
ئورۇنغا ئىگە كەسىپ ئىدى. ئانىسى ئوغلىنىڭ بۇ تاللىشىنى
ئۇچىغا چىققان ئەخمىقانىلىق دەپ قارىدى ۋە گېيتىس خارۋارد-
نىڭ ئۇنۋانىغا ئېرىشسىلا ئوغلىنىڭ كېيىنكى خىزمەت تاللىشىغا
ئارىلاشمايدىغانلىقىغا كاپالەت بېرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ئاتى-
سىنىڭمۇ قارشى تۇرۇشى نەتىجىسىدە، گېيتىس ئوقۇشتىن چې-
كىنىش غەرىزىدىن ۋاقتىنچە يېنىشقا مەجبۇر بولدى.

بىل گېيتىس ئاتا - ئانىسىنىڭ قارشىلىقىنى دەپلا ئۆز
غايىسىدىن پۈتۈنلەي كەچمىدى. خارۋاردتا ئوقۇۋاتقان مەزگىللى-
رىدە، ئۇ ئېلىن بىلەن شىركەتنىڭ ئىشلىرىنى تەڭ ئېلىپ
ماڭدى ھەم ئۆزى تاللىغان كەسىپ بىلەن ئوقۇۋاتقان كەسپى
ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى قايتا - قايتا ئانالىز قىلىش ئارقىلىق
كەسكىن قارار چىقاردى. پىشىپ يېتىلگەن پۇرسەت كۆز ئالدىدىلا
ئىدى. ئۆز تەقدىرىنى ئۆز قولىدا تۇتۇشنى تاللىغان گېيتىس
ئاخىرى ئوقۇشتىن قېلىشنى تاللىدى ۋە ئۆز شىركىتىنى رەسمىي
قۇرۇپ چىقتى.

# ئۆزىڭىزنى تونۇڭ

بۇ تارىختا رېكورت ياراتقان بىر قېتىملىق ئەسىر چوڭ
يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى . تەنھەرىكەتچىلەر سانىمۇ 300 مىليوندىن
ھالقىپ ، تارىختىكى ھەرقانداق بىر رېكورتنى بۇزدى . مۇسابىقە
مۇساپىسى ئىنتايىن جاپالىق ، ئەمما تالىشىدىغىنى بىرلا دەرىجە ،
بىرلا نامزات ، ھەتتا ئىككىنچى دەرىجىمۇ يوق . قاتناشقۇچىلار
سانىنىڭ كۆپ بولۇشىدىكى سەۋەب ، يەڭگۈچى تارىختىكى ئەڭ
كاتتا مۇكاپاتقا ئېرىشەلەيدۇ .
مۇسابىقە باشلاندى . تۇنجى ئۆتكەلدىكى توسالغۇنىڭ ئۆزىلا
نۇرغۇن تەنھەرىكەتچىنى شاللىۋەتتى . بىر قىسمىلىرى توسالغۇ-
دىن قورقۇپ چېكىنگەن بولسا ، يەنە بىر قىسمى قىيىنلىقى يۇقى-
رى ئۆتكەلدىن ئۆتەلمەي شاللىنىپ كەتتى ـ دە ، ئارانلا مىڭدىن
بىر ئادەم ، يەنى 300 مىڭ ئەتراپىدىكى ئادەم قېپقالدى .
كېيىنكى ئۆتكەل كۆز يەتكۈسىز قۇملۇق بولۇپ ، مۇسابىقە
قائىدىسى بويىچە تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ سۇ ئېلىۋېلىشىغا يول قو-
يۇلمايتتى . پەقەت ئۆزىنىڭ چىدامچانلىقى ۋە جىسمانىي كۈچىگە
تايىنىپلا پۈتۈن مۇساپىنى يۈگۈرۈپ تاماملىشى كېرەك ئىدى .
بىرىنچى ئۆتكەلدىن ئۆتكەن مىڭنىڭ ئىچىدىن بىرى تاللانغان
غالىبلار قۇرغاق ئىسسىق چۆل جەزىرىدە ئەڭ ئاخىرقى غەلىبە
ئۈچۈن جان تىكىپ تىركەشمەكتە . ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ
نۇرغۇنلىرى بىر ـ بىرلەپ يىقىلماقتا . . . پۈتۈن قۇملۇق مۇسا-
پىنى غەلىبىلىك تاماملىيالىغانلار ئارانلا ئىككى ـ ئۈچ يۈزگە
يېقىن ئادەم بولۇپ ، بىرىنچى ئۆتكەلدىن ئۆتكەنلەرنىڭ مىڭدىن



بىرىگە توغرا كېلەتتى .
ئېخىمۇ قىيىن سىناق ئېخى ئالدىدا ئىدى . قۇملۇقتىن چى-
قىپلا تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ دۈچ كەلگىنى ھېچقانداق يول بەلگىسى
يوق كېسىشمە يوللار ئىدى . تەنھەرىكەتچىلەر جەزمەن ئۆزىنىڭ
ئەقىل ـ پاراسىتىگە تايىنىپ تاللىشى كېرەك ئىدى . يولنىڭ
توغرا تاللىنىشى ئازراق ئۈمىدتىن دېرەك بېرەتتى . خاتا تاللاش
ئىلگىرىكى بارلىق تىرىشچانلىقنى يوققا چىقىرىپ ، تەلتۆكۈس
مەغلۇبىيەتكە ئېلىپ باراتتى .
ئەقىل ـ پاراستى تولۇپ ـ تاشقان بىر توپ ماھىر يولنى
توغرا تاللىيالىدى . ئۇلار ھالسىزلانغان تېنىنى سۆرىشىپ ئەڭ
ئاخىرقى يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى قوزغىتىشماق بولاتتى . ئۇلار
مىليونلىغان رەقىبىنى يېڭىپ چىققانلىقىنى ، پەقەت ئەڭ ئاخىرقى
مۇشۇ مۇساپىگە بەرداشلىق بېرەلىسىلا ، چېمپىيونلۇقنى قولغا
كەلتۈرەلەيدىغانلىقىنى بىلىشەتتى .
بىر ماھىر بارلىق كۈچ ـ غەيرىتىنى يىغىپ ، جان تىكىپ
ئالغا تاشلاندى ـ دە ، ئاخىرقى پەللىدىن ئۆتۈپ بىردىنبىر غەلىبە
قازانغۇچىغا ئايلاندى . شۇ ھامان ھەممە ئۇنىڭغا ئالقىش ياڭرات-
تى . ئۇ ئەڭ ئاخىرقى يەڭگۈچى ، ئۇزۇل ـ كېسىل غەلىبە
قىلغۇچى تارىختىكى ئەڭ كاتتا مۇكاپاتقا ئېرىشكۈچى ئىدى .
ھېكايىدىكى ئەسىر چوڭ مۇسابىقىسى تارىختىكى ئەڭ قىيىن
مۇسابىقە ، غەلىبە قد [illegible] غۇچى جەزمەن ئۆزىنىڭ جاسارىتى ،
جىسمانىي كۈچى ، چىدامچانلىقى ، قەتئىيلىكى ، ئەقىل ـ پاراسى-
تى ، شۇنداقلا يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى پۈتۈنلەي قوزغاتقان بولۇشى
كېرەك . ئەلۋەتتە ، بۇ خىل خاسلىقلار ھەربىر تەنھەرىكەتچىنىڭ
ھەممىسىدە بار . شۇڭا ، غەلىبە قىلغۇچى ھەرقايسى جەھەتلەردىن
300 مىليون رەقىبىدىن ئۈستۈن تۇرغاندىلا چېمپىيونلۇقنى قول-
غا كەلتۈرەلەيدۇ .
ئەسىر چوڭ مۇسابىقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى غەلىبە قازانغۇچى-



0 000116

سىنى ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆرگىنىڭىز بارمۇ؟ بۇ تەس ئەمەس، ئەينەكنىڭ ئالدىغا بارسىڭىزلا ئۇنى كۆرەلەيسىز.

هەئە، سىزنىڭ هاياتىڭىزدا، سىز تۇغۇلغان ئاشۇ دەقىقىنىڭ ئۆزىدىلا باشلانغان بۇ كاتتا مۇسابىقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چېمپىيونى دەل سىز. هېچقانداق شۈبهىلەنمەڭ. سىز ئەڭ مۇكەممەل شارائىتقا ئىگە. سىز ئاللىقاچان 300 مىليون هەمراهىڭىزدىن هالقىپ، بىردىنبىر غەلىبە قازانغۇچىغا ئايلىنىپ بولغان. سىزدە سىزنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرىدىغان چەكسىز يوشۇرۇن ئىقتىدار بار. ئاشۇ مەشهۇر هېكمەتتە دېيىلگەندەك: «سىز تۇغۇلغاندا، تەڭرى سىزگە ئەڭ ئالدىنقى ئورۇننىڭ بېلىتىنى هەدىيە قىلغان».

سىز ئەڭ قالتىس، سىزدە ئەڭ كاتتا غەلىبە قىلغۇچىغا ئايلىنالايدىغان بارلىق يوشۇرۇن پەزىلەت ۋە ئىقتىدارلارنىڭ هەممىسى مۇجەسسەم. پەقەت سىز خالىسىڭىزلا، مەڭگۈ يېڭىلمەس ئورۇندا تۇرالايسىز.



# تەقدىرىڭىز ئۆز قولىڭىزدا

بىر تىلەمچى سەدىقە سوراپ كەپتۇ. ئۇنىڭ ئوڭ قولى مۇردىسىدىنلا يوق بولۇپ، قۇرۇق يېڭى بوشلۇقتا لەپىلدەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ بىچارە هالىنى كۆرگەن هەرقانداق ئادەم ئىككىلەنمەيلا ئۇنىڭغا بىرەر نەرسە سەدىقە قىلىۋېتىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. لېكىن بۇ ئۆينىڭ ئايال خوجايىنى هېچقانداق تارتىنماستىنلا:

— بۇ خىشلارنى ئۆينىڭ كەينىگە يۆتكىشىپ بەرسىڭىز قانداق؟— دەپتۇ.

— بىر قولۇم بىلەن خىش يۆتكىشىپ بېرىمەنما؟ بەرگىڭىز كەلسە بېرىڭ، بولمىسا تولا ئەخمەق قىلماڭ،— دەپتۇ تىلەمچى ئاچچىقلىنىپ.

ئەمما ئايال خاپا بولۇشتا يوق، ئەتەي بىر قولى بىلەن خىش يۆتكەشكە باشلاپتۇ ۋە دەپتۇ:

— قاراڭ، ئىككىلا قول بولمىسا ئىش قىلغىلى بولمايدۇ دەپ كىم دەيدۇ؟ مەن قىلالىغان يەردە سىز نېمە دەپ قىلالمىغۇدەكسىز؟

تىلەمچى ئايالنى ئەمدىلەتىن كۆرۈۋاتقاندەك هەيرانلىق بىلەن تىكىلىپ قاپتۇ ۋە بىر نەرسىلەرنى چۈشەنگەندەك بولۇپ، ئېگىشىپ خىش يۆتكەشكە باشلاپتۇ. بىر قېتىمدا ئىككى داندىن يۆتكىسىمۇ، ئىككى سائەت ئىچىدىلا خىشلارنى پاك - پاكىز يۆتكەپ بوپتۇ. بۇ چاغدا ئۇ چىلىق - چىلىق تەرلەپ، چىرايى قارىغۇسىز بولۇپ كەتكەن، هېرىپ هالىدىن كېتەيلا دەپ قالغاند-

دى . ئايال قاردەك ئاپئاق لۆڭگىدىن بىرنى ئۈزۈۋتۇپتۇ . تىلەمچى
يۈزىنى سۈرتكەنىكەن ، لۆڭگە قاپقارا بولۇپ كېتىپتۇ .
ئايال ئۇنىڭغا 20 دوللار بېرىپتۇ . تىلەمچى ھەشقاللا -
رەھمەت دېگىنىچە پۇلنى ئاپتۇ .
— نېمىگە رەھمەت ئېيتىسىز ؟— دەپتۇ ئايال ،— بۇ ئۆزد-
ىڭىز ئىشلەپ تاپقان پۇل .
— مەن سىزنى ۋە قىلغان بۇ ياخشىلىقىڭىزنى مەڭگۇ ئۇنتۇ-
مايمەن ،— دەپتۇ تىلەمچى ۋە لۆڭگىنى ئەستىلىك ئۇچۇن سورد-
ۋېلىپ ، چوڭقۇر ئېگىلىپ - پۈكۈلۈپ ھۆرمەت بىلدۈرۈپ كې-
تىپ قاپتۇ .
ئارىدىن نەچچە كۈن ئۆتۈپ ، يەنە بىر تىلەمچى كەپتۇ . ئايال
خوجايىن ئۇنىڭغا ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى خىشلارنى ئۆيىنىڭ ئالدىغا
يۆتكەپ بەرسە 20 دوللار بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ . ئىككى قولى
ساپمۇ ساق بۇ تىلەمچى 20 دوللارنى ئاز كۆردىمۇ ياكى باشقا
بىرەر سەۋەبى بارمۇ ئۆرۈلگىنىچە كېتىپ قاپتۇ .
ئوغلى ئانىسىنىڭ قىلىۋاتقانىغا ھەيران بولۇپ سوراپتۇ :
— بىرىگە ئالدىغا يۆتكە دەيسەن ، بىرىگە كەينىگە يۆتكە
دەيسەن ، سەن زادى خىشنى قەيەرگە قويماقچى ؟
ئانىسى :
— خىشنى نەگە قويۇش مۇھىم ئەمەس ، مۇھىمى تىلەمچىد-
لەرنىڭ خىشنى يۆتكەش - يۆتكىمەسلىكى ،— دەپتۇ .
شۇنىڭدىن كېيىنمۇ يەنە بىرنەچچە تىلەمچى كەپتۇ . خىشلار-
مۇ ئۆيىنىڭ ئالدى - كەينىگە بىرنەچچە قېتىم يۆتكىلىپتۇ .
ئارىدىن خېلى يىللار ئۆتكەن بىر كۈنى ، ھويلىدا ناھايىتى
سالاپەتلىك بىر ئادەم پەيدا بوپتۇ . ئۇنىڭ كىيىنىشى سالاپەتلىك ،
گەپ - سۆز ، يۈرۈش - تۇرۇشىدىنلا ئۆزىگە ئىنتايىن ئىشىنىدد-
غان غالىبلارغا خاس تەمكىنلىك چىقىپ تۇراتتى . شۇغىنىسى ،
ئۇنىڭ قولى يوق ، يېڭى بوش لەپىلدەپ تۇراتتى . كەلگۈچى ئېگد-



لىپ بىر قولى بىلەن قېرىلىق يەتكەن ئايال خوجايىننى يۆلىگەچ :
— سىز بولمىغان بولسىڭىز ، مەن ھازىرقى بىر شىركەت-
نىڭ مۇدىرىيەت باشلىقى ئەمەس ، ھېلىھەم تىلەمچىلىك قىلىپ
يۈرگەن بولاتتىم ،— دەپتۇ .
ئايال بۇ ئادەمنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كەتكەنىدى .
— ھەممىسى ئۆزىڭىزنىڭ ئەمگىكى ،— دەپتۇ ئۇ . مۇدىرد-
يەت باشلىقى ئايالغا ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن قوشۇپ شە-
ھەرگە ئەكىرىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ ، ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغانلىقد-
نى ئېيتىپتۇ .
— كەچۈرۈڭ ، بۇلارنى قوبۇل قىلالمايمىز ،— دەپتۇ ئايال .
— نېمىشقا ؟
— ھەممىمىز بېجىرىم ئادەملەرمىز .
— خانىم ،— دەپتۇ مۇدىرىيەت باشلىقى قەتئىيلىك بىلەن ،—
سىز ماڭا ئادەمنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ، قانداق ياشىشى كې-
رەكلىكىنى ئۆگەتتىڭىز . شەھەردىن سىزگە ئاتاپ ئۆي ئېلىپ
قويدۇم . ئۇ ماڭا بەرگەن تەربىيىڭىزنىڭ ھەققى بولسۇن .
ئايال ئاخىرى كۈلۈمسىرەپتۇ ۋە شۇنداق دەپتۇ :
— ئۇنداق بولسا ئۇ ئۆينى بىر قولىمۇ يوق ئادەملەرگە
ھەدىيە قىلايلى .
بىل گېيتىس : كىشىلىك ھاياتتىكى نۇرغۇن پۇرسەتلەرنى
ئۆز ئارزۇلىرىمىزدىن ئۇنۇپ چىققان بىخلارنىڭ مەلۇم مەزگىل-
لىك تەرەققىياتى ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ ، دەپ قارايدۇ . تەق-
دىرنى بەلگىلەيدىغىنى بولسا ھەر بىرىمىزنىڭ قارارىدۇر .
تەقدىر ئۆزىمىزنىڭ قولىدا . مەيلى كىچىك ياكى چوڭ بول-
سۇن ھەربىر تاللاش ، قارار بىزنىڭ تەقدىرىمىزگە مۆلچەرلىگۈ-
سىز تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ . كىچىك - كىچىك تاللاش قارارلار ،
يىغىلىپ كېلىپ بىزنى يا غەلىبە ياكى مەغلۇبىيەتكە سۆرەيدۇ .
ئىنسان كىشىلىك ھاياتتا ئۇنداق ياكى مۇنداق بالا - قازا ،

بوران ـ چاپقۇنلارغا ئۇچراپ تۇرىدۇ . جاھاندا تۈپتۈز يول يوق . توققۇزى تەل بىر ئائىلىدە يېتىلگەن ئادەمنىڭ كېلەچىكى ئاللىقاچان باشقىلار تەرىپىدىن بەلگىلىنىپ قالىدۇ . ئۇنىڭ ئۆز تەقدىرى ھەققىدە باش قاتۇرۇپ ئىزدىنىشى ، ھاياتنىڭ ئەقەللىي يۈك ـ ئېھتىياجلىرىنى ئۈستىگە ئېلىشىغا ھاجەت قالمايدۇ . ۋەھالەنكى ، ھەممە سەن ئۈچۈن تەل قىلىپ بېرىلگەن بۇ خىل ھاياتتا نە مەنە ، نە لەززەت بولسۇن ؟ ئىنسان پەقەت ئۆز كۈچى ئارقىلىق ئېرىشكەن غەلىبە تەنتەنىسىدىنلا ھەقىقىي بەختنى ھېس قىلالايدۇ .

ئىنسان ئۆزىنىڭ رەنجى ـ بەختىنى ئالدىن مۆلچەرلىيەلمەيدۇ . شۇنداق بىر كۈنلەر كېلىپ پاراغەت ئىچىدە غەپلەتتە قالغانلار تۇرمۇشقا ، جەمئىيەتكە مۇستەقىل يۈزلىنىپ ، ھاياتنىڭ ئېغىرچىلىقلىرىنى تەنھا ئۈستىگە ئېلىشقا توغرا كەلگەندە ، ئۇ تىركىشىدۇ ـ يۇ ، ھالاك بولماي قالمايدۇ .

ھاياتنى ھەمىشە تۈپتۈز ، گۈزەل ، ئىللىق بولىۋېرىدۇ دەپ قالماڭ . ھېچقايسىمىز ھاياتقا پۈتمەل قىلىپ بېرىۋېتىلگەن ئەگرى ـ توقاي ، مۇشكۇللۇك ، ئامالسىزلىق ، بالا ـ قازا ، ئازاب ـ مەغلۇبىيەتلەردىن قېچىپ قۇتۇلالمايمىز .

گېيتىس شۇنداق دەيدۇ : ھاياتتىكى بەختسىزلىكتىن قېچىش مۇمكىن ئەمەس ، ئەمما ئۇ بالدۇر ياكى كېيىن بولسۇن ئۆتۈپ كېتىدۇ . ۋاقىت ئاشۇ ئازابلىق ھېسلارنى ھامان ئۇنتۇلدۇرىدۇ . «بۇ ھېچنېمە ئەمەس» دېگەننى ھەر دائىم تەكرارلاپ تۇرۇڭ . بەختسىزلىكنىڭ زەربىسى تۈپەيلى ئۆزىڭىزنى يوقىتىپ قويماڭ . بەلكى يەنە شۇنداق ھەرەج تارتماسلىقىڭىز ئۈچۈن ، دەس تۇرۇڭ ـ دە ، ئۆزىڭىز قىلىشقا تېگىشلىك ئىشقا يەڭ تۇرۇڭ .



# ئۆز قەدىر ـ قىممىتىڭىزنى قوغداڭ

مۇۋەپپەقىيەت بىر ئادەمنىڭ تۇرمۇشىنىلا ئۆزگەرتمەيدۇ ، تېخىمۇ مۇھىمى ئۇنىڭ ئابرۇيى ۋە قەدىر ـ قىممىتىنى قوغدايدۇ .

— بىل گېيتىس

60 يىل ئاۋۋال ، بىر سەرگەردان بىر يۈك ماشىنىسىغا ئوغرىلىقچە چىقىۋېلىپ بافلو شەھىرىگە كەلدى ۋە تىلەمچىلىك ھاياتىنى باشلىدى . ئەمما ساقچىلار ئۇنى بىكار تەلەپ ، ئالىقاپقا چىقىرىپ قولغا ئالدى ۋە سوت تەرىپىدىن 30 كۈنلۈك ئېغىر ئەمگەككە بۇيرۇلدى . ئۇ ئۇدا 30 كۈن تاغدا تاش چوقۇدى . قورسىقىغا موما ۋە سۇدىن باشقا ھېچنېمە بەرمىدى . ئەمما ئالتە يىلدىن كېيىن بۇ سەرگەردان يىگىت ئامېرىكا غەربىي دېڭىز بويىدىكى ئەڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر ئادەمگە ئايلاندى .

ئۇ كالىفورنىيىنىڭ ئىجتىمائىي قاتلىمىدىكىلەر قىزغىن قارشى ئالىدىغان ، يازغۇچىلار ، تەنقىدچىلەر ، مۇھەررىرلەر قىزغىن مەدھىيىلەيدىغان ئوبيېكتقا ئايلاندى . ھەممە ئۇنى ئەدەبىيات ئاسمىنىدىكى نۇرلۇق يۇلتۇز دەپ تەرىپلەيدىغان بولۇشتى .

ئۇ 19 ياشقا كىرگۈچە ئوتتۇرا مەكتەپتىمۇ ئوقۇمىغان ئىدى . ئۇ 40 يېشىدىلا ئالەمدىن ئۆتتى . ئەمما ئىنسانىيەت ئالىمدىگە 51 پارچە گىگانت ئەسىرىنى قالدۇرۇپ كەتتى .

بۇ دەل جېك لوندون .

جېك لوندوننىڭ بالىلىق ۋاقتى ئىنتايىن جاپا ـ مۇشەققەت ئىچىدە ئۆتكەن ئىدى . ئۇ كۈن بويى بىر توپ بىكار تەلەپلەر بىلەن

دېڭىز بويىدا لاغايلاپ يۈرەتتى . مەكتەپنىڭ گېپى چىقسىلا قېتىدغىمۇ ئېلىنىپ قويمايتتى . ئەمما نۇرغۇن ۋاقتىنى ئوغرى ـ يانچۇقچىلىق بىلەن ئۆتكۈزەتتى . ئەمما بىر كۈنى ئۇ بىر ئاممىۋى كۇتۇپخانىدا تۇيۇقسىز «روبىنزون كرۇزونىڭ خەتەرلىك سەرگۈزەشتىلىرى» ناملىق كىتابنى كۆرۈپ قالدى ۋە خۇددى چۆلدە ئېچىرقىغان ئادەم بۇلاققا يولۇققاندەك بۇ كىتابتىن مېھرىنى ئۈزەلمەي قالدى . ئەتىسى يەنە كۇتۇپخانىغا يۈگۈردى . بىر يېپيېڭى دۇنيا خۇددى «مىڭبىر كېچە» ھېكايىلىرىدىكى ئۆزگىچە چىرايلىق باغدادتەك گۈزەل بىر دۇنيا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا يېيىلىپ ياتاتتى . شۇنىڭدىن تارتىپ كىتابقا بولغان مەستانە كەيپىيات ئۇنى ئورىۋالدى . ھەتتا ئۇنىڭ بىر كۈندە كىتاب ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان ۋاقتى 10 ~ 15 سائەتكىچە بېرىپ قالاتتى . خىرمادىن تارتىپ شېكىسپىرغىچە ، خېربېرت سپېنسوندىن تارتىپ ماركسقىچە بولغان ئۇلۇغ زاتلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۇ بېرىلىپ ئوقۇپ چىقتى . 19 ياشقا كىرگەن يىلى ، ئۇ قارا كۈچىگە تايىنىپ جان بېقىش يولىنى توختىتىپ ، ئۆز ئەقلىي قابىلىتى بىلەن تىرىكچىلىك قىلماقچى بولدى . ئۇ سەرگەردانلىق تۇرمۇشتىن زېرىككەن ، ساقچىنىڭ شەپقەتسىز ئەپتىنى يەنە كۆرگۈسى ، تۆمۈر يول ئىشچىلىرى تاقايدىغان يورۇتۇش چىرىغىنى يەنە بېشىغا ئاسقۇسى يوق ئىدى .

شۇنداق قىلىپ ، ئۇ 19 يېشىدا كالىفورنىيە شتاتىدىكى ئوكاكلاند ئوتتۇرا مەكتىپىگە كىردى . ئۇ مىنۇت ـ سېكۇنتىنىمۇ قولدىن بەرمەي تىرىشتى . كېچىلىرىمۇ ئارامخۇدا ئۇخلىمىدى . تىرىشقىنىغا يارىشا يامان ئەمەس ئىلگىرىلىدى . يەنى ئۈچ ئاي ئىچىدە تۆت يىللىق دەرسلەرنى تاماملاپ ، ئىمتىھاندىن غەلىبىلىك ئۆتۈپ ، كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىردى .

ئوقۇش ئۈچۈن ئۇ ھەممىنى قىلدى ، ئاشخانىلاردا قاچا يۇيدى ، پول سۈرتتى ، پىرستان ، زاۋۇتلاردا ئىشلىدى .



يانبېلىدە بارى ـ يوق ئىككى دوللارلا قالغان بىر كۈنى ئۇ ئاخىرى بارلىق جىسمانىي ئەمگەكلىرىنى توختىتىپ ، پۈتۈن كۈچىنى ئەدەبىياتقا ئاتاش نىيىتىگە كەلدى . بۇ 1898 ـ يىل ئىدى . بەش يىلدىن كېيىن يەنى ، 1903 ـ يىلى ئۇنىڭ ئالتە بۆلەك ، 125 قىسىمدىن تەركىب تاپقان رومانى دۇنياغا كەلدى ـ دە ، ئۇ ئامېرىكا ئەدەبىيات ساھەسىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن شەخسنىڭ بىرىگە ئايلاندى .

جېك لوندوننىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى ئۇنىڭ تۇرمۇشىنىلا ئۆزگەرتمىدى ، ئۇنىڭ ئابرۇيى ۋە قەدىر ـ قىممىتىنىمۇ ئۆزگەرتتى .

## تىرىشسىڭىزلا ھەرقانداق ئىش ۋۇجۇدقا چىقىدۇ

بىر پاراخوت چۆكۈشكە باشلاپتۇ . بۇ چاغدا پاراخوتتىكى بىرنەچچە دۆلەتتىن كەلگەن سودىگەرلەر يىغىن ئېچىۋاتقانىكەن .

— بېرىپ ئۇلارغا ئېيت ، دەرھال قۇتقۇزۇش كېمىلىرىنى كىيىپ سۇغا سەكرىسۇن ،— دەپتۇ كاپىتان ياردەمچىسىگە .

بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن ياردەمچى ئۇلارنىڭ سەكرەشكە ئۇنىمىغانلىقىنى دوكلات قىلىپ كەپتۇ .

— سەن ئورنۇمدا تۇرۇپ تۇر ، ئۆزۈم باراي ،— دەپ كاپىتان ئۆزى مېڭىپتۇ ۋە بىردەمدىن كېيىنلا ، ھەممىسى سەكرىدى ،— دەپ كەپتۇ .

ياردەمچى ھەيران بولۇپ :

— سىز قانداق قىلىپ سەكرەتتىڭىز ؟— دەپ سوراپتۇ .

— مەن پسىخولوگىيىدىن پايدىلاندىم . ئەنگلىيىلىككە بۇنىڭ بىر تۇرلۇك تەنھەرىكەت مەشىقى ئىكەنلىكىنى ئېيتتىۋىدىم ، ئۇ شۇ زامان سەكرىدى . فرانسىيىلىككە بۇنىڭ تولىمۇ ھۇزۇرلۇق ئىش ئىكەنلىكىنى ئېيتقان ئىدىم ، ئۇ خۇشال بولۇپ سەكرىدى . گېرمانىيىلىككە بۇنىڭ بۇيرۇق ئىكەنلىكىنى ئېيتتىۋىدىم ئۇ ئۆرۈلۈپلا ئۆزىنى سۇغا ئاتتى . ئىتالىيىلىككە بۇنىڭ خىرىستىئان دىنىدا چەكلەنمىگەنلىكىنى ، سوۋېتلىككە بۇنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكەت ئىكەنلىكىنى ئېيتتىۋىدىم ، ھەممىسىلا رازىمەنلىك بىلەن سەكرەشتى .

— ئۇنداقتا ئامېرىكىلىققا نېمە دېدىڭىز ؟

— ئۇنىڭ ئاللىقاچان سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرۇلغانلىقىنى ئېيتتىم شۇ !



قاراڭ ، شۇنچىلىكلا گەپ ! خۇدانى باھانە قىلىۋالمايلى . ئۆز ئاجىزلىقىمىز تۇپەيلى ئەقىل ـ پاراسىتىمىزنى ئىنكار قىلمايلى . ئورنىمىزنىڭ تۆۋەنلىكى تۇپەيلى غايىمىزدىن ۋاز كەچمەيلى . خۇدا بىزگە مەلۇم قىممەتلىك نەرسىلەرنى ئاز ـ ئازدىن بېرىپ ، بىزنىڭ ئىرادىمىز ۋە سەۋرچانلىقىمىزنى سىناۋاتىدۇ . بىزنىڭ قىلىدىغىنىمىز ئاشۇ قىممەتلىك ئەڭگۈشتەرلەرنى تېپىش ۋە ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەش .

نۇرغۇن كىشىگە نىسبەتەن ، مىكروسوفتتەك مۇنداق بىر گىگانت شىركەتنىڭ قەد كۆتۈرۈپ چىقىشى بىر تېپىشماق . لېكىن ئىنچىكىلەپ تەھلىل قىلىدىغان بولساق ، گېيتسنىڭ قەيسەرلىك ۋە يېڭىلگىنىگە تەن بەرمەيدىغان جاھىل خاراكتېرىنىڭ مىكروسوفتنىڭ كارخانا مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلغانلىقىنى خۇلاسىلەپ چىقالايمىز .

باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈشكە ئاز قالغان يىلى ، گېيتس بىر قېتىملىق يازلىق يىراققا يۈرۈش لاگېرىغا قاتنىشىدۇ . ئون نەچچە چاقىرىملىق پىيادە يۈرۈش ، ئۇنىڭ ھەر ئىككى پۇتىدىن قان چىقىرىۋەتسىمۇ ، ئۇ جاھىللىق بىلەن يولنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىدۇ ، دەم ئېلىشقىمۇ ئۇنىمايدۇ . ئاخىرقى نۇقتىغا بارمىغۇچە بولدى قىلمايمەن ، دەپ چىڭ تۇرۇۋالىدۇ . باشقىلار ئامالسىز ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا تېلېفون قىلىپ ئەكەلدۇرۇپ ، ئاندىن نەسىھەت قىلىپ قايتۇرۇپ ئەكېتىدۇ .

قەيسەر خاراكتېر ئۇنىڭ خېلى بۇرۇنلا ئېيتقان مۇنۇ سۆزىدىن ئىنتايىن ئوچۇق ئىپادىلەنگەنىدى : «مەن يېڭىمەن ! تىرىشسام دۇنيادا قىلغىلى بولمايدىغان ئىش يوق» . بۇ خىل قەيسەر خاراكتېر كېيىنچە مىكروسوفتقا كىردى ۋە ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان كارخانا ئىستىلىنى تىكلەپ چىقتى . «بىلنىڭ خاراكتېرى مىكروسوفتنى ياراتقان» دەيدۇ شىركەتنىڭ بىر خىزمەتچىسى . شۇنداق ، مۇنداقچە ئېيتقاندا ، ئۇ پۈتكۈل كارخانا ـ

كەسپلەرنىڭ ئېكولوگىيىسىنى ئۆزگەرتىپ تاشلىدى .

تۇرمۇشتا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ خۇدانىڭ ئادالەتسىزلىكىدىن قاقشاپ ، خۇدادىن زارلاپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى ئۇچرىتىمىز . ئۇلار ئۆز مەغلۇبىيىتى ، ئاجىزلىقىنى تەقدىرگە ، خۇداغا دۆڭگەپ قويۇپ ، ئۆزىدىكى ۋەج - سەۋەب ئۈستىدە ئىزدەنمەيدۇ . ئەمەلىيەتتە ، خۇدا ئىنتايىن ئادىل ، ئۇ ئەزەلدىن ئاجىزلارنى پەس كۆرگەن ئەمەس .

باھانە مۇمكىن ئىشنى يوققا چىقىرىدۇ . قىلغىلى بولمايدىغان ئىش يوق . قىلالمايدىغان ئادەم بار ، ئەگەر سىز «مۇمكىن ئەمەس» دېگەن بۇ ئۇقۇمنىڭ پاراكەندىچىلىكىگە ئۇچرىغاندا ، ئېستايىدىل ، سوغۇققانلىق بىلەن ئوبيېكتىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ باقىدىغان بولسىڭىز بۇلارنىڭ كەيپىيات مەسىلىسى ئىكەنلىكىنى ، ئەقىلگە تايىنىپ «مۇمكىن ئەمەس» دېگەن بۇ مەرەز توسقۇننى چۆرۈپ تاشلاشنىڭ تامامەن مۇمكىنلىكىنى بايقايسىز . مەكىناك بوغۇز كۆۋرۈكىنىڭ ياسىلىشى بۇنىڭ ياخشى مىسالى .

خۇۋارد شىبسىل مەكىناك بوغۇزىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان چوڭ كۆۋرۈك ھەققىدە بىر پارچە ئەسەر يازغانىدى . 19 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىنىڭ بېشىدا ، مىچىگان شتاتىدىكى بىر قىسىم يىراقنى كۆرەر سودىگەرلەر بۇ بوغۇزغا كۆۋرۈك ياساش تەكلىپىنىمۇ بېرىشكەنىدى . گەرچە مىچىگان شتاتىنىڭ ئۈستى يېرىم ئارىلىنى شەرققە توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ بوغۇزنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى سان ئىگرىسقا تۇتىشىدىغان تاق لىنىيىلىك تۆمۈر يوللار ئۈزۈپ تاشلىغاچقا ، ساياھەتچىلەر ۋە يۈك - تاقلارنى پاراخوت بىلەن توشۇشقا توغرا كېلەتتى . قىشلىقى سۇ توڭلاپ پاراخوتلار قاتنىيالمايتتى . بۇ ھال يېرىم ئاھالىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ئېغىر توسالغۇ بولۇپ ھېسابلىناتتى . گەرچە ئىنتايىن كۆپ ئاما كۆۋرۈك ياساش تەكلىپىنى بەرگەن بولسىمۇ ، ئەمما ئۆزىدىن باشقا ئىشەنمەيدىغان ساختا ئاقىللارنىڭ «مۇمكىن



ئەمەس» دەپ كۆز قورقىتىشى تۈپەيلى بۇ ئىش ئەمەلگە ئاشماي كەلگەنىدى . بىرى ، شۇقەدەر يۇقىرى شامال كۈچىگە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان كۆۋرۈكنى قۇرۇپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس دېسە ، يەنە بىرى ، قىشتا پەيدا بولىدىغان قېلىن مۇز قاتلىمىنىڭ بېسىمىغا كۆۋرۈكنىڭ تەگلىك ، تۈۋرۈكلىرى بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ دەيتتى . يەنە بىرى ، بوغۇزنىڭ تەكتى بوش ، قۇم ، شېغىل ، كۆۋرۈكنى كۆتۈرەلمەيدۇ ، دەيتتى .

مانا مۇشۇنداق پۇت باسماس باھانە - سەۋەب ، قارشىلىقلار تۈپەيلى كۆۋرۈك قۇرۇش پىلانى نەچچە ئون يىل تاشلىنىپ قالدى . ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلىشىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئالىي پالاتا ئەزاسى پرۇدىس بىرئان بۇ ئاتالمىش توسالغۇلارغا قارىتا ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشنى ئورۇنلاشتۇردى .

تەكشۈرۈش ئارقىلىق خاتىرىلەنگەن ئەڭ يۇقىرى شامال سۈرئىتىنىڭ 1940 - يىلى 10 - ئايدا كۆرۈلگەن بورانلىق يامغۇرنىڭ سائىتىگە 78 چاقىرىملىق سۈرئەت ئىكەنلىكى ئېنىقلاپ چىقىلدى . ئىنژېنېرلار بولسا بۇنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان كۆۋرۈك لايىھىلەشكە بولىدىغانلىقىنى دەلىللەشتى . ئىنژېنېرلار يەنە كۆۋرۈكنىڭ ۋە ئۇنىڭ تەگ قۇرۇلمىسىنى يەر شارىدىكى ئەڭ يۇقىرى مۇز بېسىمىنىڭ بەش ھەسسىسىگە بەرداشلىق بېرەلىگۇدەك قىلىپ بېكىتتى . بوغۇزنىڭ تەگ - قاتلىمىدىكى ھەر كۋادرات چى[1] شېغىلنىڭ 60 توننا بېسىمنى كۆتۈرەلەيدىغانلىقى ئېنىقلاپ چىقىلدى ۋە كۆۋرۈك تېگى پەيدا قىلىدىغان بېسىمنى ھەر كۋادرات چى يەرگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 15 توننىدىن تۆۋەن دائىرىدە چەكلەشكە بولىدىغانلىقى ھېسابلاپ چىقىلدى .

بۇ بايقاش چۈشكۈن ۋەزىپلەرنىڭ كۆزقارىشىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى ۋە ئۇزۇندىن بېرى «مۇمكىن ئەمەس» دېيىلىپ كەلگەن .

① چى — ھەربىر مېتىر ئۈچ چى .

كۆۋرۈكنىڭ قۇرۇلۇش پىلانى بارلىققا كەلدى . ئەمما قۇرۇلۇش باشلىناي دەپ تۇرغاندا ، ۋاشىنگتون شتاتىنىڭ تاكوما دېگەن يېرىدىكى بىر كۆۋرۈك بوغۇزنىڭ قىسىلچىلىقىدىكى (تارچۇقىدىكى ) شامال كۈچىنىڭ كۆۋرۈكنى ئۈستىگە تەۋرىتىشى تۈپەيلى تۇساتتىن گۇمۇرۇلۇپ چۈشتى . ئەگەر مەكىناك بوغۇزىدىمۇ شۇنداق ئىش بولۇپ قالسىچۇ ؟ تېخنىك ئۈستىلار تاكومادىكى ئاپەتتىن ساۋاق ئېلىپ ، ئاستىدىن شامال ئۇرسىمۇ تۇسۇلۇپ قالماي ، ئەركىن ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان بولۇشى ئۈچۈن كۆۋرۈكنىڭ يۈز قىسمىغا ئارىلىق ، بوشلۇق لايىھىلەپ چىقتى ـ دە ، بۇ قىيىن مەسىلىنىمۇ ھەل قىلدى .

شۇنداق قىلىپ ، ئۇزۇندىن بېرى كىشىلەر ئارزۇ قىلغان ، ئەمما مۇمكىن ئەمەس دەپ قارىلىپ كېلىنگەن مەكىناك بوغۇز كۆۋرۈكى ئاخىر ياسالدى . كۆۋرۈك قۇرۇلۇشىغا مەسئۇل ئىنژېنېر شۇنداق دېدى : «پېتەرلىك ئىرادىلا ، ئەقىل ، ئىشەنچلا بولىدىكەن ھەممە ئىشنى قىلغىلى بولىدۇ» . بۇ ئىنتايىن توغرا گەپ . خۇددى خارى فاسخوك دەپ ئۆتكەندەك : «دۇنيانىڭ تەرەققىياتى شۇنچە تېز بولماقتا . مەلۇم بىرى مۇمكىن ئەمەس دېگەن ئىش بىردەمدىلا يەنە بىرى تەرىپىدىن ئورۇندىلىپ رېئاللىققا ئايلىنىشى مۇمكىن» .

بۇ ھېكايە شۇنى كۆرسىتىدۇكى ، پەقەت بىز قىلالايمىز دەيدىكەنمىز ، ھەرقانداق چۈشكۈن سەپسەتىلەرنى ئىلمىي ئۇسۇلدا ئاغدۇرۇپ ، تاشلاپ قىلغۇمىز بار ئىشنى قىلالىشىمىز مۇمكىن .

ئەڭ زور ھەقىقەت دەل توغرا قاراشتۇر . ئىشەنچ ، ئىرادىگە تايىنىپ «مۇمكىن ئەمەس» دېگەن ئىشلارنى تامامەن مۇمكىن ، رېئاللىققا ئايلاندۇرالايمىز . مۇشۇنى قىلالىغۇچىلار غالىبلاردۇر . ئۇلار چوقۇم تىرىشىپ كۈرەش قىلىدۇ . مۇھىمى تۇرمۇشقا ، ئۆزىگە ئىشىنىدۇ .



## نېمىشقا بار كۈچىڭىزنى ئىشقا سالمايسىز ؟

ناھايىتى كېلىشكەن ، سالاپەتلىك بىر ياش دېڭىز ئارمىيە ئوفىتسېرى ئازادە ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى . ئۇنى گېنېرال ھىرمان رىكوف كۆرۈشۈشكە چاقىرغانىدى .

گېنېرال ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلغاندىن كېيىن ، بۇ ياشتىن قايسى تېمىدا مۇنازىرىلىشىشنى خالىسا ، شۇ تېمىنى تاللىسا بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى . ئۇلار دېڭىز ئارمىيە ئۇرۇش تېخنىكىسى ، دېڭىزدا يۈرۈش پەن ـ تېخنىكىسى ، ئېقىم مەسىلىلىرى ، مۇزىكا ، ئەدەبىيات ، ئېلېكترون ئىلمى ، ئوققا تۇتۇش . . . قاتارلىقلار ئۈستىدە مۇنازىرە ـ مۇھاكىمە ئېلىپ باردى . سۆھبەت جەريانىدا گېنېرال قارشى تەرەپنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ ھېلى ئۇنى ، ھېلى بۇنى سوراپ ، بۇ ياش ئوفىتسېرنى دۇدۇقلىتىپ قوياتتى . ئوفىتسېر گېنېرالنىڭ ئۆزىنى ئىزدەپ سۆھبەتلىشىشىدىكى غەرىزىنى ئاخىر چۈشىنىپ يەتتى ۋە ئىختىيارسىز سوغۇق تەرلەپ تۇختىدى . ئۇنىڭ بىلىدىغانلىرى ھەقىقەتەنمۇ بەك ئاز ئىدى .

سۆھبەتنىڭ ئاخىرىدا گېنېرال ئۇنىڭ دېڭىز ئارمىيە ئىنىستىتۇتىدىكى ئوقۇش نەتىجىسىنى سورىدى .

— 820 نىڭ ئىچىدە 59 ـنچى ، — دېدى ئوفىتسېر دۇدۇقلىماستىن .

— پۈتۈن كۈچىڭىز بىلەن تىرىشىپ ئالغان نەتىجىڭىز شۇمۇ ؟

— نەدىكىنى ، — دېدى ئوفىتسېر سەممىيلىك بىلەن ، —

ئادەتتە ئۈنچىۋالا كۈچەپ كەتمەيتتىم .

— نېمىشقا ؟ نېمىشقا پۈتۈن كۈچىڭىزنى ئىشقا سالمىغانتىڭىز ؟— گېنېرال كۆزىنى غەزەپلىك ئالايتقىنىچە ئوفېتسىرغا ئۇزاق تىكىلىپ تۇرۇپ كەتتى . . .

24 ياشلىق ئاشۇ دېڭىز ئارمىيە ئوفېتسىرى كېيىن ئامېرىكا زۇڭتۇڭى بولغان كاتتۇر .

كات ئاشۇ قېتىملىق ئۇچرىشىشنى ئۇنتۇپ كېتەلمىدى . «نېمىشقا پۈتۈن كۈچىڭىزنى ئىشقا سالمايسىز ؟» گېنېرال رىدكوفنىڭ بۇ سۆزى ئۇنى ئىنتايىن قاتتىق سىلكىشلىگەنىدى . «پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىش» كېيىنچە كاتتىڭ دەستۇرىغا ئايلىنىپ ، ئۇنى قەيسەرلىك بىلەن ئۆگىنىش ۋە خىزمەت قىلىشقا ھەيدەپ تۇردى .

ياشلار ئوڭايلا غادايغاق كېلىدۇ . «پۈتۈن كۈچۈمنى ئىشقا سالالىدىمۇ ؟» دەپ ئۆزىنى سوراقلاپ تۇرىدىغانلار ئارىمىزدا كۆپ ئەمەس . مۇشۇنداق جۈملىلەر ئارقىلىق ئۆزىڭىزنى پات - پات قامچىلاپ تۇرالىسىڭىز ، ئەتىڭىزنىڭ تېخىمۇ پارلاق بولۇشىدا گەپ يوق .



## ھەرگىز قانائەتلەنمەڭ

بارلىق ئاخبارات دۇنياسى ناپالېئوننىڭ نامى بىلەن ئاتايدىغان «تايمىس گېزىتى» نىڭ خوجايىنى نوسكىرىن دەسلەپتە ئېيىغا 80 يۈەن ئالىدىغان ئىشچى ئىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ كىرىمىدىن ئىنتايىن نارازى ئىدى . كېيىنچە ئۇ «لوندون كەچلىك گېزىتى» ، «كۈندىلىك پوچتا خەۋەرلىرى» گېزىتلىرىدىمۇ ئىشلەپ باقتى . ئەمما ئۆزىدىكى نارازىلىق ھېسسىياتى زادىلا بېسىلمىدى . «تايمىس گېزىتى» گە ئېرىشكەندىن كېيىنلا ، ئۇ ئاز - تولا خۇشاللىق ھېس قىلدى .

«تايمىس گېزىتى» نىڭ خوجايىنىغا ئايلانغاندىن كېيىنمۇ ، ئۇ ئارامخۇدا بېشىنى ئىچىگە تىقىپ ياشاشنى خالىمىدى . ئۇ «تايمىس» تىن پايدىلىنىپ «بيۇروكرات ھۆكۈمەتلەرنىڭ چىرىكلىكىنى ئېچىپ تاشلاپ ، بىرنەچچە ئىچكى كابىنېتنى ئۆرۈپ تاشلىدى . نەچچە ئىچكى كابىنېت زۇڭلىلىرىنى ھىمايە قىلدى ياكى تەختتىن چۈشۈردى (مەسىلەن : چارلىز ۋە لۇئىس جورجى ) چىرىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەرقانداق بېسىم ، زەربىلىرىگە پەرۋامۇ قىلىپ قويمىدى . ئۇنىڭ بۇنداق قارامىلارچە تىرىشچانلىقى نۇرغۇن دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئىش بېجىرىش ئۇنۇمىنى ئۆستۈرۈپ ، پۈتكۈل ئەنگلىيە تۈزۈلمىسىنىڭ مەلۇم دەرىجىدە ئىسلاھ قىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى» .

ئۇ ئۆز - ئۆزىدىن قانائەت ھېس قىلىپلا يۈرىدىغانلارغا ئۆچ !

بىر قېتىم ئۇ بۇرۇن كۆرۈشۈپ باقمىغان بىر ياردەمچى مۇھەررىرىنىڭ ئىش ئۇستىلىگە كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن ئەھۋاللىشىدۇ .

— سىز بۇ يەردە ئىشلەۋاتقىلى قانچىلىك بولدى؟

— ئۈچ ئاي .

— قانداقراق؟ بۇ خىزمەتنى ياقتۇرۇپ قالدىڭىزمۇ؟ خىزمەت تەرتىپىمىز بىلەن تونۇشۇپ بولغانسىز؟

— مەن بۇ خىزمەتنى ئىنتايىن ياقتۇرۇپ قالدىم .

— هازىرقى ئىش ھەققىڭىز قانچىلىك؟

— ھەپتىسىگە بەش فوندستېرلىڭ .

— رازىمۇسىز؟

— رازى . رەھمەت !

— شۇنداقمۇ؟ لېكىن بىلىپ قېلىڭ ، مەن ھەپتىسىگە بەش فوندستېرلىڭ ئېلىپمۇ رازى بولۇپ خۇشاللىقتا ئېغىزى قۇلىقىغا يېتىدىغان خىزمەتچىلىرىم بولۇشىنى ھەرگىز ئۈمىد قىلمايمەن .

دۇنيادا قانچىلىك ئادەمنىڭ ھېچبىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالماي ، ئۈن - تىنسىز ياشاپ ئۆتتۇۋاتقانلىقىنى بىلىش قىيىن . نېمىشقا؟ ئۇلار بەك ئوڭاي قانائەتلىنىپ قالىدۇ . مۇقىم خىزمەتتىن بىرەرنى تاپتىمۇ ، ئۆلگۈچە ئاشۇ ئازغىنە مائاش ئۈچۈن ئوخشاش مەززىسىز بىر ئىشنى تەكرار - تەكرار ئىشلەشكە جان دەپ ماقۇل بولىدۇ ۋە بىر ئادەمنىڭ ھاياتتىن بەھرىلىنىدىغىنى مۇشۇنچىلىك دەپ ئويلاپ قالىدۇ .

بىل گېيتىسنىڭ ياشلارغا ئەڭ كۆپ دەيدىغان سۆزىنىڭ بىرى ھەرگىز قانائەتلەنمەڭ ! ئۇنىڭ شۇنچىۋالا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىمۇ دەل ئۇنىڭ نەتىجىلىرىدىن قانائەتلىنىپ ، مەغرۇرلىنىپ كەتمەي ، بەلكى ئۇنىڭدىن مەدەت ئېلىپ ئۆز غايىسىنى رېئاللاشتۇرۇش ئۈچۈن داۋاملىق تىرىشقانلىقىدىن بولغان . ئاقىللار قەسىدىگە خۇشتار ئەمەس . ئۇلار تەنقىد نەزىرى بىلەن ئۆزلىرىنى سوتلاپ تۇرالايدۇ . نۆۋەتتىكى ھالى بىلەن ئۆز غايىسىنى سېلىشتۇرۇپ ، ئۆز تىرىشچانلىقىنى داۋاملىق غىدىقلاپ تۇرالايدۇ .



«بۇگۈنكى مەن مۇكەممەللىششكە موھتاج» گۇۋېستىنىڭ دەيدىغىنىمۇ شۇ گەپ . ئۇ پۈتۈن دۇنيادا ئالقىشقا ئېرىشكەن شائىر . ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ ئىنتايىن چوڭ بولىكىدە ئۆزىدىن قانائەت ھېس قىلىپ توختاپ قالماي ، ئۆز غايىسىدىكى مەنىنى رېئاللاشتۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىش ياتىدۇ .

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ : «خىيالىمدىكى مەن ھازىرقى مەندىن ئەقىللىقراق بولۇشى كېرەك ئىدى . ئەپسۇس ، ئۆتكەن يىلقى مەن يەنە شۇ . شەھەرنىڭ شاۋقۇن - سۈرەندىن خالىي جىمجىت سەھرادا ماڭا كېرەكلىك ۋە بىھاجەت نەرسىلەرنى جەدۋەللەشتۈرۈپ يېزىپ چىقتىم . بۇ جەدۋەل مېنىڭ تۇرمۇشۇمنى تېخىمۇ مەنە ۋە زوقۇقا ئورىدى» .

بىرىنچى قەدەم توختىماستىن ئىلگىرىلەشنى تەلەپ قىلىدۇ . قانائەتسىزلىك ، تەخىرسىزلىك ھېسسىياتى ئاشۇ ھالقىلىق بىرىنچى قەدەمنىڭ بېسىلىشىغا ياردەم بېرىدۇ .

# ھازىردىن باشلاڭ

1956 ـ يىلى 58 ياشلىق خەم غەرب نېفىت شىركىتىنى سېتىۋېلىپ نېفىت سودىسىنى باشلىدى. نېفىتچىلىك پۇلنى كۆپ تاپقىلى بولىدىغان، شۇنداقلا رىقابەت ئىنتايىن كەسكىن كەسىپ. بۇ كەسىپكە ئەمدىلا كىرىشكەن خەم نېفىت ساھەسىدە يىمىرىلمەس ئورۇن تىكلەشنى خىيال قىلاتتى. شۈبھىسىزكى، بۇ ئىنتايىن كەسكىن رىقابەتتىن دېرەك بېرەتتى.

ئۇنىڭ ئەڭ ئالدى بىلەن دۇچ كەلگىنى نېفىت مەنبە مەسىلىسى بولدى. 1960 ـ يىلى ئامېرىكا ئومۇمىي نېفىت ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىنىڭ 30% نى ئىگىلىگەن تېكساس شتاتى ئاللىقاچان بىرنەچچە نېفىت شىركىتىنىڭ مونوپولىغا ئايلىنىپ كەتكەن بولۇپ، خەمنىڭ قول تىقىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. سەئۇدى ئەرەبىستانى ئامېرىكا ئېكسىن نېفىت شىركىتىنىڭ نېفىت مەنبەسى بولۇپ، نېفىت مەنبەسىنى ھەل قىلىش خەمنىڭ بېشىنى ئاغرىتىپ تۇراتتى. 1960 ـ يىلى ئون مىليون يۈەنلىك چارلاش مەبلىغى نەتىجىسىز سورۇلۇپ تۈگىگەندە، خەم يەنە بىر رەت قارامىلىق بىلەن بىر ياش گېئولوگنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى. ئالتۇن تاغنىڭ شەرقى دېشىگۇ نېفىت شىركىتى تاشلىۋەتكەن يەر بولۇپ، بىر ياش گېئولوگ بۇ يەردە مول تەبىئىي گازنىڭ بولۇش مۇمكىنلىكىنى، خەمنىڭ بۇ يەرنى ئېلىشنى تەۋسىيە قىلدى. خەم مىڭبىر جاپادا ئۇ يەر ـ بۇ يەردىن پۇل يىغىش قىلىپ، بۇ خەتەرلىك قۇرۇلۇشقا ئىنتايىن زور مەبلەغ سالغان بولدى. 860 ئىنگلىز چىسى چوڭقۇرلۇقىچە قېزىلغاندا، ئاخىر كالفور-



نىيە بويىچە ئىككىنچى چوڭ تەبىئىي گاز بازىسى مانا مۇشۇ يەردىن بايقالدى ۋە قىممىتى 200 مىليوندىن يۇقىرى مۆلچەرلەندى.

خەمنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى بىزگە ئويلاش، قىلىشقا پېتىنالمىغاندىلا، غەلىبە قازانغىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ھايات تالاي غايە، ئىستەكلەرگە تولغان، ھەربىر ئارزۇ ـ ئىستەكلەرنى چىڭ تۇتساق، ھەربىر غايىنى رېئاللاشتۇرساق، ھەربىر پىلانىمىزنى قەتئىي ئىجرا قىلالىساق، ئىشلىرىمىز قانچىلىك زور مۇۋەپپەقىيەتلىك، ھاياتىمىز قانچىلىك مەنىلىك بولغان بولاتتى ـ ھە! ۋەھالەنكى، كۆپىنچىمىزدە ئارزۇ ـ ئىستەك، غايە، پىلان بار، ئەمما ئۇنىڭ ئۈچۈن جان پىدالىق يوق، ئارزۇنى ئارزۇ پېتىچە ئۆلتۈرىمىز.

گرېك ئەپسانىلىرىدىكى ئەقىل ـ پاراسەت ئىلاھى ئادىئەننا شۇبىرتىسىنىڭ كاللىسىدا شۇ قەدەر تۇيۇقسىزلا پەيدا بولغان. ئىنسانىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ئارزۇ ـ ئىستەكلىرى ئەڭ بۈيۈك ئىجادىي پىكىرلىرىمۇ ئادىئەنناغا ئوخشاشلا ئۇشتۇمتۇتلا مېڭىدە مۇكەممەل ھالەتتە پەيدا بولۇپ قالىدۇ.

بىل گېيتىس كۆچى، چىدامچانلىقى بار بىر ئادەم. مەلۇم بىر ئىشقا نىسبەتەن قىزغىن ئىشلەشكە، ئىنتىلىشكە تولغاندا جەزمەن شۇ ئىشقا تۇتۇش قىلىش كېرەك، دەپ قارايدۇ.

ھەر كۈننىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق كارى بار. بۈگۈننىڭ ئىش ـ كارى يېڭى، تۈنۈگۈننىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. ئەتىنىڭمۇ ئۆزىگە خاس. ئارقىغا سۆرەش ئىشنى پۈتلايدۇ، ھەددىدىن زىيادە ئېھتىياتچانلىقمۇ، ئۆزىگە ئىشەنمەسلىكمۇ ئوخشاشلا خەتەرلىك. قىزغىنلىق تولۇپ تاشقاندا قىلغان ئىش بىلەن مەجبۇرىي زورۇقۇپ قىلغان ئىشنىڭ پەرقى — نەرقى چوڭ، ئەلۋەتتە.

قىزغىن ئىستەك ئىچىدە ئىش قىلىش بىر خىل ھۇزۇر، زورۇقۇپ ئىشلەش ئازاب ـ زۇلۇم!

بۈگۈننىڭ ئىشىنى ئەتىگە سۆرەش جەريانىدا ئىسراپ قىلغان

ۋاقىت بىلەن باشقا بىر ئىشنى تاماملاش مۇمكىن . تاشلىنىپ
قالغان ئىشنى قىلىش تېخىمۇ زېرىكىشلىك . ناھايىتى مەنىلىك
بىر ئىش نەچچە كۈن ئۆتسىلا ئەھمىيەتسىز ، قىيىن بىر نەرسىگە
ئايلىنىپ قېلىشى تۇرغانلا گەپ .

ئىنسانغا پۇرسەت كۆپ ، ئەمما ھەمىشە جىمجىت كېلىپ
ئۇنىسىز كېتىپ قالىدۇ . پۇرسەتنىڭ ئىگىسى يوق . ئۇ تۇتالىغان-
لارنىڭ .

پىلانلا بولۇپ ئىجرانىڭ بولماسلىقى بىزنىڭ خاراكتېرىمىز-
گە ئىنتايىن پاسسىپ تەسىرلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ . پىلان دېگەن
قۇرۇق گەپ . خام - خىيال ، نەق ، ئەمەلىي ھەرىكەت ، جانپىدا-
لىق ھەممىدىن قىممەتلىك . ئۇ بىزنى تېخىمۇ بەردەم قىلىدۇ .

بىر جانلىق مەنزىرە ، كۆرۈنۈش يازغۇچىنىڭ مېڭىسىدە تۇ-
يۇقسىزلا پەيدا بولغاندا ، ئۇنىڭدا بېسىش مۇمكىن بولمايدىغان
كۈچلۈك ئىلھام ئويغىنىدۇ ۋە ئۇلارنى خاتىرىلىۋېلىش ئىستىكى
ئويغىنىدۇ . يازغۇچى ئۇلارنى خاتىرىلىۋالالمىدىمۇ ، بولدى ، ئاشۇ
خىل ھېسسىيات ، ئوي - خىياللار بارا - بارا خىرەلىشىپ يوقاپ
كېتىدۇ . ئاجايىپ نەپىس بىر مەنزىرە سەنئەتكارنىڭ ئوي -
خىيالىغا كىرگەندە ، ئۇنىڭدىن دەرھال قەلەم - پەلكۈچلىرىنى
ئىشقا سېلىشنى سورايدۇ ۋە ئۇنىڭ پۈتۈن ئوي - خىيالىنى قاپلاپ
تۇرىدۇ . سەنئەتكاردىكى بىپەرۋالىق ، لامزەللىك ئوخشاشلا ئاشۇ
گۈزەل ھېس - ھاياجاننى ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ .

غالىبلارنىڭ غەلىبىسى دەل ئۇلارنىڭ ئويلىيالىغىنىنى قىلا-
لىغانلىقىدا .

ئويلىغىنىنى قىلالمايدىغانلار دەل جەڭگە كىرمەي تۇرۇپ
مەغلۇپ بولىدىغان قورقۇنچاقلاردۇر . ئىشلەپ مەغلۇپ بولۇش
ھېچ گەپ ئەمەس . ئەڭ قورقۇنچلۇقى ئىش قىلماي تۇرۇپمۇ
مەغلۇپ بولۇشتۇر . غالىبلاردىن بولاي دېسىڭىز ، تەۋرەنمەس ئى-
رادە ، غەيرەت ۋە جاسارەتتىن ئاز - تولا ھەمراھ قىلىۋېلىڭ .



جاسارەت قارىغۇلارچە بېرىپ قايىنامغا ئۆزىڭىزنى ئېتىڭ دېگەن
گەپ ئەمەس ، بەلكى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ئىلمىي تەھلىل قى-
لىپ يۈرەكلىك بىلەن ئىش قىلىڭ دېگەن گەپ . ئوبيېكتىپ
قانۇنىيەت بىلەن سۇبيېكتىپ تىرىشچانلىقنى بىرلەشتۈرۈپ ،
مۇشكۇللۇك ئىچىدىن مەنپەئەت ئېلىشقا تىرىشىش غالىبلاردا بو-
لۇشقا تېگىشلىك پىسخىك ساپادۇر .

# ئېشەك بىلەن ئاتنىڭ ھېكايىسى

جۇڭگونىڭ قەدىمكى تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى تەيزۇڭنىڭ جىنگۇەن يىللىرىدا ،[1] چاڭئەننىڭ غەربىدىكى بىر تۈگمەندە بىر ئېشەك بىلەن بىر ئات بىرلىكتە ياشايدىكەن . ئۇلار ياخشى دوستلاردىن بولۇپ ، ئات سىرتلاردا يۈك توشۇيدىكەن . ئېشەك تۈگمەن تېشىنى ئايلاندۇرۇپ جان باقىدىكەن . جىنگۇەننىڭ 3 ـ يىلى ئات راھىب شۈەنزاڭ تەرىپىدىن تاللىنىپ ، غەربكە نوم ئېلىشقا ئاتلىنىپتۇ .

17 يىلدىن كېيىن نومنى ئېلىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئات دوستىنى يوقلاپ تۈگمەنگە بېرىپتۇ ۋە ھىندىستانغا بارغۇچە يولدىكى ئاجايىپ ـ غارايىپ سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ . كۆز يەتكۈسىز قۇملۇق ، ئاسمان پەلەك چوققىلار ، بەھەيۋەت تاغ ـ ئېدىرلار ۋە شىددەتلىك دولقۇنلار ھەققىدىكى ئەپسانىۋى گەپلەر ئېشەكنى ھەيران قالدۇرۇپ تىلىنى چاكىلدىتىۋېتىپتۇ .

— سەن شۇنچە كۆپ يەرنى كۆرۈپ كەلدىڭ ، مەن ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايمەن ـ دە !— دەپتۇ ئېشەك ئېغىر تىنىپ .

— ئەمەلىيەتتە ،— دەپتۇ ئات ،— بىزنىڭ باسقان مۇساپىلىرىمىز ئومۇمەن ئوخشاش . مەن غەربكە قاراپ مېڭىۋاتقان ئاشۇ دەقىقىلەردە سەنمۇ بىر قەدەممۇ توختاپ قالمىغانسەن ھەقىچان . ئوخشىمايدىغىنى ، مەن شۈەنزاڭ ھەزرەتنىڭ ئۇلۇغۋار پىلانىنى بويلاپ توختاۋسىز ئىلگىرىلىدىم . شۇڭا ، بىز يىپيېڭى ، كەڭرى

① مىلادىيە (629 ـ 649 ـ يىللىرى)



بىر دۇنيانىڭ دەرۋازىسىنى ئاچتۇق . سەن بولساڭ كۆزۈڭ تېڭىلغان ھالدا تۈگمەن تېشىنى چۆرىدەپ بىر ئىزدىلا مېڭىشقا مەجبۇرلاندىڭ ـ دە ، مۇشۇ تارچۇقتىن ھالقىپ چىقالمىدىڭ .

شۇنداق ، ئادەملەردىنمۇ نۇرغۇنى ئاشۇ ئېشەككە ئوخشاش بۆشۈكتىن قەبرە تۆشۈكىگىچە بىر ئىزدىلا ئايلىنىپ يۈرۈپ تار سولاقلاردىن قىيالمايدۇ . كۆڭلىمىزدە ئۆز پىلان ـ نىشانىمىز بولىدىكەن ، ھەربىر قەدىمىمىز پەۋقۇلئاددە مەنىلىك ئۆتىدۇ .

تەتقىقاتلار ئادەملەردىكى ھەقىقىي تۇغما تالانت بىلەن دەلدۇشلۇكنىڭ ئىنتايىن ئاز نىسبەتنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى ، مۇتلەق كۆپ قىسىم ئادەمنىڭ ئەقلىي كۈچىنىڭ ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىنى دەلىللىدى . ئەمما شۇلارنىڭ ئىچىدىن بەزىلىرى گىگانت ئادەملەرگە ئايلانسا ، بەزىلىرى ئەخلەتتىنمۇ قەدىرسىز ھالدا چۈشۈپ قالىدۇ . ئەمىسە ، ئەقلىي كۈچى ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئاشۇ ئادەملەرنىڭ قەدىر ـ قىممىتى نېمىشقا ئاسمان ـ زېمىن پەرقلىنىدۇ ؟

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى ئەقلىي قابىلىيىتى ، ئوقۇش تارىخى ، شارائىتى ئاساسەن ئوخشاش بولغان ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئالدىدىكى بىر تۈركۈم ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا كىشىلىك نىشان تەكشۈرۈشى ئېلىپ بارغان . نەتىجىدە 27% ئادەمنىڭ ھېچقانداق نىشانى يوق ، 60% ئادەمنىڭ نىشانى غۇۋا ، 10% ئادەمنىڭ ئېنىق ، ئەمما قىسقا مۇددەتلىك نىشانى بار ، 3% ئادەمنىڭ ئېنىق ۋە مەڭگۈلۈك نىشانى بار چىققان .

25 يىلدىن كېيىن يۇقىرىقى تەكشۈرۈش ئوبيېكتلىرىغا قارىتا يەنە بىر قېتىملىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان .

ئېنىق ، مەڭگۈلۈك نىشانغا 3% ئادەم ئۆز نىشانى ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز تىرىشقان ۋە ھەممىسى دېگۈدەك جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلىمىدىكى غالىب كۈچلەرگە ، نۇرغۇنى كەسپىي رەھبەرلەرگە ، ئىجتىمائىي نوپۇز ئىگىلىرىگە ئايلانغان .

ئېنىق ، قىسقا مۇددەتلىك نىشانغا ئىگە 10% ئادەم داۋاملىق تىرىشىش ئارقىلىق ھەرقايسى ساھەلەردىكى كەسپىي ئەربابلارغا ، جەمئىيەتنىڭ ئوتتۇرا قاتلىمىغا ئايلانغان .

نىشانى غۇۋا 60% ئادەم مۇقىم خىزمەت ۋە تۇرمۇشقا ئېرىشكەن ، ئەمما ھېچقانداق ئالاھىدە نەتىجە قازىنالمىغان ، جەمئىيەتنىڭ ئوتتۇرا ، تۆۋەن قاتلىمىدا تۇرمۇش كەچۈرگەن .

ھېچقانداق تۇرمۇش نىشانى يوق 27% ئادەم ناھايىتى مەززىسىز تۇرمۇش كەچۈرگەن . ھەدېسىلا باشقىلاردىن ، جەمئىيەتتىن ، ئۆزىگە پۇرسەت بەرمىگەن دۇنيادىن ئاغرىنىپ قاقشاپ ، زارلاپلا ئۆتكەن .

يۇقىرىقى نەتىجە ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ . ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى 25 يىل ئاۋۋالقى تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە كۆرسىتىلگەن نىشانىنىڭ بار ـ يوقلۇقىدىنلا كۆرۈۋېلىش مۇمكىن . مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى ئويلايدىغان ھەربىر ئادەم شۇنى بىلىش كېرەككى ، غالىبلار بىلەن غاپىللارنىڭ تۈپ پەرقى تۇغما تالانت ، تەلەي ، پۇرسەت ياكى پالان ـ پۇستان نېمىدە ئەمەس ، بەلكى ئۇلارنىڭ ھايات نىشانىنىڭ بار ـ يوقلۇقى ، قانداقلىقى ۋە ئۇنىڭ ئۇچۇن قانچىلىك تىرىشقانلىقىدا .



## نىشان بەلگىلەڭ ، ھەرگىز ۋاز كەچمەڭ

ئافرىقىنىڭ مارا دەرياسى بويىدىكى بۇلۇق ئۆسكەن ئوتلاقتا بىر تۈپ بۆكەن ئەركىن يايلاپ يۈرەتتى . بىر ئافرىقا يىلپىزى نېرىدىكى چاتقاللىقتا قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ ، بىر ھازاغىچە شەپە چىقارماي تىڭ ـ تىڭلىدى ۋە بۆكەنلەر يايلاۋاتقان تەرەپكە تۇيدۇرماستىن يېقىنلىشىشقا باشلىدى ، ئەمما يىلپىز بارغانسېرى يېقىنلاۋاتقاندا بۆكەنلەر ئۇنى تۇيۇپ قالدى ـ دە ، ھەر تەرەپكە پېتىراپ قېچىشقا باشلىدى . يىلپىزمۇ ياش بۆكەندىن بىرنى نىشانلىغىنىچە يادىن چىققان ئوقتەك تېزلىكتە ئېتىلدى . بۆكەنلەر قاچاتتى ، يىلپىزمۇ بوش كەلمەي جەھلى بىلەن قوغلايتتى . قېچىش ـ قوغلاش جەريانىدا ، ئافرىقا يىلپىزى يېقىن ئارىدا قېچىۋاتقان نەچچە بۆكەننى كۆردى ، ئەمما ئۇلارغا نەزىرىنى ئاغدۇرۇپ يۈرمىدى ، يەنىلا ئەسلى نىشانىدىكى بۆكەننى كۆزىدىن چىقارمىدى . بۆكەن ھاردى ، يىلپىزنىڭمۇ دېمى كېسىلدى . ھايات ھەر ئىككىلىسىدىن ئەڭ ئاخىرقى سۈرئەت ۋە چىدامچانلىقنى تەلەپ قىلىۋاتاتتى . ئافرىقا يىلپىزى ئاخىرى ئالدى پۇتلىرى بىلەن بۆكەننىڭ ساغرىسىغا قامال سالدى ۋە يىقىلغان بۆكەننىڭ پوكىنىدىن ئالدى . . .

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى ، بارلىق گۆشخور ھايۋانلار ھۇجۇمدىن بۇرۇن ئېنىق ئوۋ نىشانى بېكىتىدۇ ۋە ئۆزىنى يوشۇرۇشنى بىلىدۇ . ياش ياكى قېرى ، ئاجىز ، سەپتىن چۈشۈپ قالغان جاندارلارنى تاللاپ ھۇجۇم قىلىدۇ . قوغلاش جەريانىدا ئەسلى نىشانىنى ھەرگىز تاشلىمايدۇ . ھەرقانچە ئەسلى قارىغا

ئېلىنغان نىشاندىن يېقىن جاندار بولسىمۇ ، چۈنكى ئۇ قوغلاش
جەريانىدا ھارىدۇ ، يېڭى نىشان بولسا تېخى ھارمىغان ، ھۇجۇمچى
ھايۋان نىشاننى شۇنداقلا ئۆزگەرتىدىكەن ، كۈچى خورىمىغان يې-
ڭى ئولجىنىڭ كەينىدە قېلىشى ، ھەممىدىن قۇرۇق قېلىشى
تۇرغانلا گەپ . ھايۋاناتلار دۇنياسىدىكى بۇ ئومۇمىيۈزلۈك ھادىسە
ئەۋلادتىن ئەۋلادقا يېتىپ كەلگەن تۇغما ئىقتىدار . ئۇ ئىنسانلار-
نىڭ مەقسەت نىشانى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش جەريانىدا ئۆرنەك
قىلىشقا ئەرزىيدۇ .
مۇۋەپپەقىيەت يولىغا قەدەم بېسىشنى ئويلايدىغان ھەربىر
ئادەم ئالدى بىلەن جەزمەن ئېنىق نىشان تۇرغۇزۇشى ۋە ئۇنىڭ
ئۈچۈن تالماي كۈرەش قىلىشى كېرەك . بۇ ھەممەيلەن جەزمەن
ئەستە ساقلاشقا تېگىشلىك قائىدە .
بىل گېيتىستىن ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەت سىرى ھەققىدە سو-
رالغاندا ، ئۇ شۇنداق جاۋاب بېرىدۇ : «بىر ئىشنى تاللاڭ ـ دە ،
شۇنىڭغا چىڭ چاپلىشىڭ . دۇنيادىكى مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلار
كاللىسى ئىشلەيدىغانلا ئادەم ئەمەس ، بەلكى ئۆز مەقسىتىگە چىڭ
چاپلىشالايدىغانلار ، مەنمۇ يۇمشاق دېتال ياسىسامىلا دەيمەن» .
گېيتىسنىڭ سۆزىدە ئىككى مۇھىم نۇقتا بار . بىرى ، نىشان
تاللاش ، يەنە بىرى ، نىشانغا چىڭ چاپلىشىش . لوپا ئەينەكنىڭ
فوكۇسىنى بىر نۇقتىغا يىغىپ مىدىراتماي تۇرغاندىلا ، ئۇ قەغەزنى
كۆل قىلالايدۇ ، توختىماي مىدىرلىتىپ تۇرسىڭىزمۇ ، ئۇنىڭدىن
ئۈچقۇنمۇ چىقمايدۇ . نىشان مۇقىملاشقاندىلا كۈچنى مەركەزلەش-
تۈرۈپ غايىنى رېئاللاشتۇرغىلى بولىدۇ .
ھەدېسىلا تەۋرىنىپ تۇرىدىغان مەقسەتتە بەرىكەت بولمايدۇ .
بىر ئۇستا مەرگەن كۆنگە يۈز بۆدۈنە ئوۋلىيالىشى مۇمكىن ،
ئەمما ئۇ ھەر قېتىمدا بىر توپ ئەمەس ، بىرنى قارىغا ئېلىپ
ئاتالايدۇ . شۇنىڭغا ئوخشاشلا مەقسەت ، نىشانمۇ بارغانسېرى مەر-
كەزلىشىشى ، كونكرېتلىششى كېرەك . يېگىدىن ئوقۇش پۈتتۈ-



رۈۋاتقان نۇرغۇن ياشلارنى كۆرۈۋاتىمىز . بىر ـ بىرىدىن كۆ-
رەڭ ، تېرىشىدىيۇ ، ئازراقلا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىسا بەل قويۇ-
ۋېتىدۇ . ئېدىسون مۇنداق دېگەن : «پۈتۈن دۇنيادىكى مەغلۇبى-
يەتنىڭ 75% ى تىرىشىسىلا غەلىبىگە ئايلىنىدۇ . مۇۋەپپەقىيەت-
نىڭ ئەڭ چوڭ توسالغۇسى بەل قويۇۋېتىش ، ۋاز كېچىش» .
مەيلى يېڭى ئىش تاپقانلار ياكى ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەر
بولسۇن ، ئېنىق نىشان تۇرغۇزىۋېلىپ ، قىيىنچىلىقتىن قورقۇپ
قالماي ، تەمكىنلىك بىلەن ئۆز نىشانىنى بويلاپ ئىلگىرىلەۋەرسە ،
مۇۋەپپەقىيەت قازانماي قالمايدۇ .
ئىنساننىڭ ھاياتى پەلەمپەيدىن چىقىشقا ئوخشايدۇ . بىر باس-
قۇچ ، بىر قەدەم ئارقىلىقلا ئاخىرقى چوققىغا چىقىش مۇمكىن .

# مۇۋەپپەقىيەت ئاكتىپ تىرىشچانلىقتىن كېلىدۇ

ئامور يەم ـ خەشەك زاۋۇتىنىڭ باشلىقى مەكدول ئەسلىدىكى
پۇتۇكچىلىك ئورنىدىن قەدەممۇقەدەم ئۆرلەپ هازىرقى ئورنىغا
چىققان . ئۇ ئەسلىدە تولىمۇ تىرىكتاپ بىر باشلىقنىڭ قولىدا
ئىشلەيتتى . باشلىقى هەدېسىلا هەممە ئىشنى تۆۋەندىكىلەرگە ئىت-
تىرىپ قوياتتى . مەكدولمۇ قانداقلا ئىش بولسا سالغىلى بولىدى-
غان ئادەم هېسابلىناتتى . بىر قېتىم ئامور ئەپەندى هېلىقى
باشلىقنى ياۋروپاغا ئەۋەتىلىدىغان مۇهىم مەخپىي تېلېگراممىلار-
نى تەييارلاشقا بۇيرۇيدۇ . باشلىقنىڭ تىرىكتاپلىقى مەكدولغا پۇر-
سەت يارىتىپ بېرىدۇ .

مەكدول تېلېگراممىلارنى يېزىپلا تاشلىۋەتمەي ، ئۇنى رەت-
لەپ ماشىنكىدا ئۇرۇپ ، تۇپلەپ كىچىك كىتابچە هالىتىگە ئەكە-
لىپ باشلىقىغا بېرىدۇ . باشلىقى ئۇنى ئامور ئەپەندىگە يەتكۈزگەن-
دە ئامور ئەپەندى :

— بۇنى سىز قىلمىدىڭىزغۇ دەيمەن ،— دەپ سورايدۇ بۇ
تۈجۈپىلەپ قىلىنغان ئىشتىن سۆيۈنۈپ .

— يا . . . ياق ،— دەيدۇ تىرىكتاپ باشلىقمۇ دۇدۇقلاپ .

— كىم قىلدى ؟

— مېنىڭ پۇتۇكچىم مەكدول .

— دەرهال چاقىرىپ كېلىڭ .

مەكدول كىرىپ كەلگەندە ، ئامور ئەپەندى :

— يىگىت ، تېلېگراممىلارنى بۇ هالدا كەلتۈرۈشنى قانداق-



سىگە ئويلاپ قالدىڭ ،— دەپ سورايدۇ .

— سىزگە قۇلاي بولسۇن دېدىم ، — ئەپەندىم .

— قانداق چاغلاردا قىلدىڭ ؟

— كەچقۇرۇنلۇقى ، ئۆيدە .

— رەهمەت ، مەن بۇنى ياقتۇرۇپ قالدىم .

نەچچە كۈندىن كېيىن مەكدول ئۈدۈلدىكى بىر ئىشخانىغا
يۆتكەلدى . يەنە مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ هېلىقى تىرىك-
تاپ باشلىقنىڭ ئورنىغا چىقتى .

شۇنداق گەپ ، هەرقانداق ئىشنى ئۆزىڭىز قىلالايدىغان دەرى-
جىدىن ئاشۇرۇپراق قىلىپ قويۇڭ . ئاشۇ ئېشىنچە ئەمگەك سىز-
نى ئېخىمۇ تىرىشىپ ئىشلەشكە ئۈندەيدۇ . سىزنى ئېخىمۇ مەمنۇن
قىلىدۇ . غەلىبە تۇيغۇسىغا چۆمدۈرىدۇ . ئەگەر سىز مەلۇم بىر
ئەمگەكنى بەك ئېغىركەن دەپ قارىسىڭىز ، پۈتۈن كۈچىڭىز ئەم-
گەككە ئەمەس ، ئورۇنسىز غەم ـ ئەندىشە ئۈستىگە مەركەزلىشىپ
قالىدۇ . ئاكتىپ خىزمەت پوزىتسىيىسى خىزمەتنى ئويۇنغا ئايلان-
دۇرىدۇ . قىلىدىغان ئىشىنىڭ بولۇشى هاياتنى زوقىقا ئورايدۇ .
قىلىدىغان ئىشى يوق ئادەملەر ئەڭ بىچارىدۇر .

ئەسلىدىكى نيۇيورك مەركىزىي تۆمۈر يول ئىدارىسىنىڭ
باش دىرېكتورى كراۋلى 21 يېشىدىن باشلاپ قىلمىسىمۇ بولىدى-
غان ئىشلارنى قىلغاچ ماڭىدۇ . هەر قاچان باشقىلارنىڭ كۈتكەن
يېرىدىن ئېشىپ كېتىدۇ . ئۇ ئەسلىدە خەت توشۇيدىغان بالا
ئىدى . ئەمما كەچلىكلىرى تېلېگراممىا ئۆگىنىدۇ . ئۇ تۆمۈر يولدا
باشقا ئىش قىلىسىمۇ بولاتتى ، ئەمما ئۇ تۆمۈر يولغا مۇناسىۋەتلىك
باشقا بىلىملەردىن تاشقىرى تېلېگراممىا ئىلمىنىمۇ هامان لازىم
بولىدۇ ، دەپ ئۆگىنىپ قويىدۇ . ئۇنىڭ بىلىدىغىنى كۆپەيگەنسې-
رى باشقىلارنىڭ ئۇنىڭغا بولغان تونۇشىمۇ ياخشى بولىدۇ . بۇففا-
لۇدا بىر نەپەر پويىزدا تېز يەتكۈزۈش خادىمى لازىم بولغاندا ،
تۆمۈر يول ئىدارىسىدىكى بىر يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدار دەر-

هاللا : «كراۋلى بارسۇن ، ئۇ نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى ئەڭ
ئوبدان بىلىدۇ» دەيدۇ .
بىل گېيتىس ئاشۇرۇپ قىلىنغان ئىش ئەڭ قەدىرلەشكە
ئەرزىيدۇ ، دەپ قارايدۇ . بۇنداق ئېشىنچا ئىش كىشىنىڭ شۇ
كەسىپكە بولغان تونۇشىنى تېخىمۇ كېڭەيتىدۇ . ماشىنىغا ئوخ-
شاش بۇيرۇغاننىلا قىلغاندا كەسىپ ھەققىدە ئومۇمىيۈزلۈك چۈ-
شەنچە ھاسىل قىلىش مۇمكىن ئەمەس . ئىلىم ۋە كەسىپتە مۇۋەپ-
پەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك ؟ مۇۋەپپەقىيەت
قازانغانلاردىن سورىسىڭىز ئۇلارنىڭ دەيدىغىنى مۇۋەپپەقىيەت
توختاۋسىز تىرىشىپ ئىشلەشتىن كېلىدۇ .
مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلار ئادەتتىكى ئادەملەرگە قارىغاندا تې-
خىمۇ تىرىشىدۇ ، تېخىمۇ كۆچەيدۇ . تېخىمۇ جاپا چېكىدۇ . قى-
لىدىغىنىمۇ كۆپ بولىدۇ .
مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بىر ئالىم جەزمەنكى ، ئېغىر مۇشەق-
قەتلەرنى تارتقان ، سانسىز مەغلۇبىيەتلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن
بولىدۇ . ھېچقانداق نەتىجە ، مۇۋەپپەقىيەتنى يوق ئادەم جاپا تارت-
ماسلىقى مۇمكىن . كۈندە بىكارچىلىقتا لاغايلاپ يۈرىدىغان ئىس-
تەكسىز ئادەم بۇ ئالەمدىن ئۇن - تىنسىز ئۆتۈپ كېتىدۇ .
نيۇتون ئۇلۇغ ئالىم ، كىشىلەر ئۇنىڭدىن قانداق قىلىپ
ئاشۇنداق ئاجايىپ بايقاشلارغا ئېرىشكىنىنى سورىغاندا ، ئۇ سەمى-
مىيلىك بىلەن شۇنداق جاۋاب بەرگەن : «ئىزچىل شۇلارنى ئويلاپ
يۈردۈم» . نيۇتون ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئۇسۇلىنى مۇنداق تەرىپلەي-
دۇ : «تەتقىقات تېمىلىرى ھەر دائىم ئوي - خىيالىمدا تۇرىدۇ .
تەكرار پىكىر يۈرگۈزىمەن . نەتىجىدە ئەسلىدىكى كىچىككىنە نۇر
توچكىسى ئاستا - ئاستا چەكسىز يورۇقلۇققا ئايلىنىدۇ» . بارلىق
مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلارغا ئوخشاشلا نيۇتونمۇ ئىجتىھاتى ، كۆ-
ڭۈل قويۇپ ئىزدىنىشى ۋە تالانتىغا تايىنىپ غايەت زور نەتىجىگە ،
شان - شۆھرەتكە ئېرىشكەن . بىر تېمىنى تاماملاپ ، يەنە بىر



تېمىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ دەم ئېلىش ، راھەت ئىش
ئىدى . ئۇ شۇنداق دېگەن ئىدى : «ئەگەر مېنىڭ ئەلگە قوشقان
تۆھپەم بار دېيىلسە ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىجتىھات ۋە تەپەككۇرغا
مەنسۇپ» . يەنە بىر ئۇلۇغ پەيلاسوپ كەپرى مۇنداق دېگەنىدى :
«ئۆگەنگەن نەرسە ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈشكە ماھىر بولغاندىلا ،
تېخىمۇ چوڭقۇرلىغىلى بولىدۇ . مەن تەتقىق قىلىۋاتقان تېما ھەق-
قىدە نەتىجىسى چىققۇچە ئىزدىنىپ ئويلىنىمەن» .
ئەنگلىيە فىزىكا - خىمىيە ئالىمى دۇئېرتون
(1844 - 1766 ) ئۆزىنىڭ تالانتىنى ئەمەس ، بەلكى ئىجتىھات
بىلەن ئىزدىنىشىنى بەكرەك ئېتىراپ قىلاتتى . جوسىف شيۇڭتې
ئۆزىگە باھا بېرىپ شۇنداق دېگەن : «مېنىڭ قەلبىمم خۇددى بىر
ھەرە كۆنىكىگە ئوخشايدۇ . قارىماققا ھەممىسى قالايمىقان ، چۇ-
ۋالچاق ، غۇڭ - غۇڭ ئاۋازلار بىلەن قاپلانغاندەك كۆرۈنىدۇ .
ئەمەلىيەتتە ھەممىسىنىڭ تەرتىپى ، ئورنى بار . بىر كاپام غىزامۇ
ئەمگەك ئارقىلىق بۇيۇك تەبىئەتنىڭ تاللاش تاسقىشىدىن ئۆتكەن» .
تىرىشىپ ئىشلەيدىغان خىزمەت پوزىتسىيىسىنى يېتىلدۈ-
رۈش ئىنتايىن مۇھىم ھالقا . جاپادىن قورقمايدىغان ، جان تىكىپ
كۈرەش قىلالايدىغان ، بوشاشماستىن ئاخىرىغىچە تىرىشىپ ئىش-
لىيەلەيدىغان خاراكتېر يېتىلدۈرگەن ، نېمىلا ئىش قىلمايلى ،
رىقابەت قايناملىرىدا يىقىلماي پۇت تىرەپ تۇرالايمىز .

# ئۆزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئېھتىياجى

مۇۋەپپەقىيەت ھاياتنىڭ قىممىتىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم . ئۇ ئىنساننىڭ ئۆزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئېھتىياجى .

— بىل گېيتىس

ئامېرىكىلىق پسىخولوگ ماسلوۋ ئىنساننىڭ ئېھتىياجىنى تۆۋەندىكى بەش قاتلامغا يىغىنچاقلىغان :

1 . فىزىئولوگىيىلىك ئېھتىياج
2 . بىخەتەرلىك ئېھتىياجى
3 . تەۋەلىك ۋە مۇھەببەت ئېھتىياجى
4 . ھۆرمەتلىنىش ۋە ئۆزىنى ھۆرمەتلەش ئېھتىياجى
5 . ئۆزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئېھتىياجى

ماسلوۋ «ئۆزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش» ئېھتىياجىنى باشقا تۆت خىل ئېھتىياجىنىڭ ئەڭ يۇقىرى قاتلىمى ، ئىنساننىڭ ئۆزىدىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارنى تولۇق جارى قىلدۇرىدىغان پسىخىك ئېھتىياج ، ئىنساننىڭ بارلىق يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان تۈپ ئارزۇ . مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ۋە بىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قوغلىشىشىمىزنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ ، دەپ قارىغان .

ئالدىن بەلگىلەنگەن نىشانى ئۈچۈن تىرىشقان ۋە يەتكەنلەر دەل مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلاردۇر . مۇۋەپپەقىيەت فىزىئولوگىيىلىك ئېھتىياجىنىڭ قاندۇرۇلۇشىنىلا ، ماددىي بايلىقنىڭ جۇغلىنىشىنىلا ۋە ياكى نام - شۆھرەتنىلا كۆرسەتمەيدۇ . ھەربىر ئادەم ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئېھتىياجى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ .



بىر ئادەمنىڭ كۈرەش قىلىۋاتقىنى فىزىئولوگىيىلىك ئېھتىياج ، بىخەتەرلىك ئېھتىياجى ، مۇھەببەت ئېھتىياجى ياكى ھۆرمەت ئېھتىياجى بىلەنلا مۇناسىۋەتلىك بولسا ، ئۇ تېخى مۇۋەپپەقىيەتكە ئۇل سېلىۋاتقان ، تەييارلىق قىلىۋاتقان ، تەجرىبە توپلاۋاتقان بولىدۇ .

ھاياتتىكى ئەڭ تۆۋەن ئېھتىياجلارنى ئەڭ يۇقىرى نىشان قىلىۋېلىش كىشىنى مۇۋەپپەقىيەت بىلەن مەغلۇبىيەت ئارىسىدا خام تالاش قىلىشتىن باشقىنى قىلالمايدىغان قىلىۋېتىدۇ . غالىبلارنىڭ كۈرەش جەريانى بولسا ئىنساننىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك پسىخىك ئېھتىياجلىرىنى ، ئۆزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىستىكىنىڭ تۇغۇلۇش ، تۇرغۇزۇلۇشىنى ھەرگىز چەتكە قاقمايدۇ ، بەلكى دەل تۆۋەن دەرىجىلىك ئېھتىياجلارنىڭ قاندۇرۇلۇشىغا تايىنىدۇ .

مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلارنىڭ ئۆزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئېھتىياجى شۇ قەدەر كۈچلۈك بولغاچقا ، ئۇ بارلىق يوشۇرۇن ئىقتىدارلارنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆزى ئارزۇ قىلغان مەقسەت — نىشانغا يېتىش يۈزلىنىش ئۇرۇنۇشىنى ئىپادىلەپ مەيدانغا چىقىدۇ .

مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلارنىڭ ئۆزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش پسىخىك ئېھتىياجى ، تۆۋەن دەرىجىلىك ئېھتىياجلارنىڭ ئۇزۇن مەزگىللىك قاندۇرۇلماسلىقى سەۋەبلىك پەيدا بولىدىغان ئالاھىدە ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بولۇپ ، ئۇ ئىنسانغا ئوڭۇشسىزلىقلارنى يېڭىش ، توسالغۇلارنى بۆسۈپ چىقىش كۈچ - قۇدرىتى بەخش ئېتىدۇ .

ئادەمنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ، ئۆزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ يوللىرىمۇ ، ئېھتىياجىنىڭ قاندۇرۇلۇشىمۇ ئوخشىمايدۇ . ماسلوۋ دېگەندەك : «بەزىلەر تەنتەربىيە ، سەنئەت ياكى ئىجادىيەت ، كەشپىياتتا ئۇلۇغ نەتىجىلەرنى يارىتىشنى ئىزدىسە ، يەنە بەزىلەر ئوبدان ئانا بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ» . بۇلارمۇ تامامەن

مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدۇ .

بىل گېيتىس ئىنسان پەن - تېخنىكا ئارقىلىق كائىناتقا جەڭ ئېلان قىلغان ، راكىتالار ئاي شارىغىچە يېتىپ بارغان يىللاردا ئۆسۈپ يېتىلدى . گېيتىس ئىلىم - پەننىڭ غايەت زور كۈچ - قۇدرىتىنى تونۇپ يەتتى ۋە باللىق ھېسلىرىنى تاشقى پلانىت ئادەملىرى بىلەن سۆھبەتلىشىش شەكلىدە كۈندىلىك خاتىرىسىگە يېزىپ قويدى : بىز زاماندىن ھالقىپ پايانسىز كائىناتقا يۈرۈش قىلىمىز . فوتون ھاۋا كېمىلىرىنى ھەيدەپ بېرىپ سىلەرگە سالام بېرىمىز .

ئۇ كاتتا بايغا ئايلانغاندىن كېيىنمۇ شۇ يىللارنى سېغىنىش بىلەن تىلغا ئالاتتى : «شۇ چاغلاردا بىز نېمىنىڭ راكىتانىڭ يەرنىڭ تارتىش كۈچى دائىرىسىدىن ئىتتىرىپ چىقارغۇچى سۈيۈق ھالەتتىكى ئوكسىگېننىڭ ئىتتىرىش كۈچى ئىكەنلىكىنى ، نېمىنىڭ ئاسماننىڭ ئۇ تەرىپى ئىكەنلىكىنى ئۆگىنەلەيتتۇق . بۈگۈنچۇ ؟ مۇتلەق كۆپ قىسىم بوشلۇق پىلانى ئادەتتىكىچە نەرسىگە ئايلاندى . قەلبىمنى ئۇنداق لەرزىگە سالالمايدىغان ، بىلىم ئېلىش ھەۋىسىمنى ئۇنداق كۈچلۈك مەھلىيا قىلالماس بولۇپ قالدى» .

گېيتىس ئىلىم - پەننى سۆيەتتى . قانۇنغا قىزىقمايتتى ، سودىغا ماھىر ئىدى . كىچىك چاغلىرىدىلا ئاچىسى كرىستىن بىلەن يالغۇز ئىگىلىۋالماسلىق شەرتى ئاستىدا ئاچىسىنىڭ زەيتۇن توپ پەلىيىنى خالىغانچە ئىشلىتىۋېلىش ھەققىدە توختامۇ تۈزگەن ئىدى . يەنى ئاچىسىغا بەش دوللار بېرىش بەدىلىگە شۇ ھوقۇققا ئېرىشكەنىدى .

كېيىن ياپونىيىلىك بىر ھەجۋىي رەسسام بىل گېيتىسنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىدىن ئىلھام ئېلىپ ۋە ئۇنى باش تېما قىلىپ تۇرۇپ كىچىك جامپ دېگەن تېمىدا بىر يۈرۈش ھەجۋىي رەسىم سىزىپ چىقتى . رەسىمدىكى جامپمۇ بىل گېيتىسقا ئوخشاش كۆك كۆز ، سېرىق چاچلىق بولۇپ ، ئۇنىڭ خەتەرلىك يۇقىرى



پەن - تېخنىكا ئويۇنلىرىنى قوغلىشىپ باشتىن كەچۈرگەن جاپالىق ، مۇشكۈل سەرگۈزەشتىلىرى بالىلارنىڭ ياقتۇرۇپ كۆرۈشىگە سازاۋەر بولدى . بۇ كىچىك كارتون دوستىنىڭ بېشىنى «كومپيۇتېر ئېكرانى» دەپ ، بېلىگە ھېسابلاش تاختىسىنى قىستۇرۇۋالغان دەپ تەسەۋۋۇر قىلساق بولىۋېرىدۇ . چۈنكى ، ئۇ يۇقىرى تېخنىكا ھەققىدە ئىزدىنىشنى ياقتۇرىدۇ ، شۇنداقلا ماھىر سودىگەر .

بىل گېيتىسنى چىڭ ئادەم دېيىشكە بولىدۇ . ئۇ ئۆز ھەۋەسىنى تۇراقلاشتۇرغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ۋايىغا يەتكەن ئەقىل - پاراسىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ ، ئۆز غايىسى ، ئۆز نىشانى ئۈچۈن تەۋرەنمەي ماڭالىدى .

نىشانى يوق غالىب يوق . مۇۋەپپەقىيەتنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم نوقۇل ئۇنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئۇلۇغ ئىش - ئىزلىرى ياكى مۇۋەپپەقىيىتى ئەمەس ، بەلكى ئۇنىڭ بۈيۈك ، ئەڭ ئاخىرىدا يېتىش مەقسەت قىلىنىدىغان كونكرېت نىشانىدۇر . مۇۋەپپەقىيەت ، غايە رېئاللاشقاندىكى نەتىجە جەريانىدا ئىپادىلىنىشىمۇ ياكى تىرىشىپ كۆرەش قىلىش جەريانىدا ئىپادىلىنىشىمۇ مۇمكىن . ئەگەر كۆرەش جەريانىدا ھەقىقىي ئۆزىڭىزنى تونۇپ يەتكەن بولسىڭىز ياكى ئۆزلۈكتىن ھالقىشنى رېئاللاشتۇرالىسىڭىز ، خىلمۇخىل قىيىنچىلىق ۋە پايدىسىز شارائىتلاردىن ئۆز خۇشلۇقىڭىزنى تېپىپ چىقالىسىڭىز ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئىناقلىقىنى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشالىسىڭىز ، كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن يول ئاچالىسىڭىز ، باشقىلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىگە پۇرسەت يارىتىپ بەرگەن بولسىڭىز ، يەنە كىم سىزنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىڭىزنى ئىنكار قىلالايدۇ ؟

مۇۋەپپەقىيەت ھاياتلىق مەنزىلىدۇر . سىز بۇ جەرياندا ئۈمىد ، بەخت ، خۇشاللىقنى ھېس قىلىپ يېتەلەيسىز .

# ئۇلۇغ مەنزىللەرنى كۆزلەڭ

كونا ئالتۇن تاغ نامراتلار مەھەللىسىدە ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك سەۋەبىدىن سۆڭەك بوشاپ كېتىش كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغان بىر ئوغۇل بالا بار ئىدى . ئۇ ئالتە ياشقا كىرگەن يىلى ھەر ئىككى پۇتى يادەك ئېگىلىپ ، ئېغىر دەرىجىدە يىگىلەپ كەتتى ، ئەمما ئۇ كىچىك چاغلىرىدىن باشلاپلا ، ئۆزىدىن باشقا ھېچكىممۇ ئىشەنمەيدىغان داڭلىق ئامېرىكىچە زەيتۇن توپ ماھىرى بولۇپ يېتىشىپ چىقىش خىيالىدا بولاتتى .

ئۇ زەيتۇن توپ ساھەسىدىكى ئەپسانىۋى شەخس جىم براۋىننىڭ مەستانىسى ئىدى . ھەر قېتىم براۋىننىڭ مەستانىسى ئىدى . ھەر قېتىم براۋىننىڭ كىرىفلان براۋنىس ئەترىتى كونا ئالتۇن تاغ 49 كىشىلىك ئەترىتى كونا ئالتۇن تاغدا مۇسابىقىلەشكەندە ، ئۇ ھەر ئىككى پۇتىنىڭ ئەپسىزلىكىگە قارىماستىن دىڭگوسلاپ ، ئاشۇ غايىۋى قەھرىمانى ئۈچۈن مەدەت بېرىشكە باراتتى . بىلەت سېتىۋالغۇدەك پۇلى بولمىغاچقا ، مۇسابىقە ئاخىرلىشاي دەپ قالغۇچە ساقلاپ بىلەتچىلەر ئىشىكنى ئېچىۋەتكەندە ، ئاندىن كىرىپ ئەڭ ئاخىرقى بىرنەچچە مىنۇتلۇق مۇسابىقىنى بولسىمۇ ھوزۇرلىنىپ كۆرەتتى .

13 ياشقا كىرگەندە ، ئۇ ئاخىر ئاشۇ غايىۋانە قەھرىمانى بىلەن بىر ماروژنىخانىدا ئۇچرىشىشقا مۇۋەپپەق بولدى . ئۇ تەمتىرىمەستىن بېرىپ ئاشۇ چولپانغا :

— براۋىن ئەپەندى ، مەن سىزنىڭ سادىق توپ مەستانىڭىز ،— دېدى .



جىم براۋىن سىپايىلىك بىلەن رەھمىتىنى بىلدۈردى .

— براۋىن ئەپەندى ، بىلەمسىزكىن ؟— دېدى ئۇ ئۇلاپلا .

— قانداقلا گەپ بولسا سوراۋەر ، شاكىچىك .

— مەن سىز ياراتقان ھەربىر رېكورتنى ، ھەر بىر قېتىملىق مەيدان تەشكىللەشلىرىڭىزگە قەدەر بىلىمەن ،— دېدى ئۇ .

جىم براۋىن خۇشاللىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ :

— بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئاسان ئەمەس ،— دېدى .

بۇ مېيىپ ئوغۇل ئارقىدىنلا قەددىنى كۆتۈرۈپ ، كۆزلىرىدىن ئىشەنچ نۇرلىرىنى چاقنىتىپ تۇرۇپ :

— براۋىن ئەپەندى ، قاراپ تۇرۇڭ ، مەن سىز ياراتقان ئاشۇ ھەربىر رېكورتنى جەزمەن بۇزۇپ تاشلايمەن ،— دېدى .

— يارايسەن ،— دېدى جىم براۋىن كۈلۈمسىرەپ ، — ئىسمىڭ نېمە ؟

— ئولىنىس سىپىنسون .

ئولىنىس سىپىنسون ئۆزى دېگەندەك كېيىنكى كۈنلەردە ، ئامېرىكىچە زەيتۇن توپ ساھەسىدە جىم براۋىن ياراتقان بارلىق رېكورتلارنى بۇزۇپ تاشلىدى ۋە يېڭى رېكورتلارنى قالدۇردى .

بالىلىق چاغلىرىدىكى روكفىل كاتتا بايغا ، مىليونىرغا ئايلىنىشنى خىيال قىلاتتى . ئوتتۇرىچە ئائىلىق مائاشى ئون دوللارغا توغرا كېلىدىغان 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، بۇ ئىنتايىن كاتتا ئارزۇلاردىن سانىلاتتى . بۇ ئارزۇسىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ، 1855 ـ يىلى ئۇ تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن خىزمەت ئىزدەشكە كىرىشتى . ئىزدىگەندىمۇ بانكا ، توپ تارقىتىش ئورۇنلىرى ، تۆمۈر يول شىركىتى قاتارلىق تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە ئورۇنلاردىن خىزمەت ئىزدىدى ۋە ئاخىرى بىر سودا ماگىزىنىدىن بوغالتىرلىق خىزمىتى تاپتى . ئىش ھەققى ئادەتتىكى خىزمەتنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە توغرا كەلگۈدەك ھالدا ھەپتىسىگە تۆت دوللار ئىدى .

روكفىل ئۆزىنىڭ بۇ تاللىشىدىن ئىنتايىن مەمنۇن بولدى ۋە خىزمەتكە ئېرىشكەن بىرىنچى كۈننى ئىككىنچى تۇغۇلغان كۈنى ھېسابلاپ ھەر يىلى تەبرىكلەپ كەلدى .

1858 - يىلى روكفىلنىڭ يىللىق ئىش ھەققى 600 دوللارغا يېتىپ دەسلەپتىكىنىڭ ئۈچ ھەسسىسىگە توغرا كەلدى . ئەمما ئۇ ئۆز ئەمگىكىگە مۇۋاپىق ئىش ھەققى 800 دوللار بولۇشى كېرەك دەپ قاراپ ، خوجايىنىدىن ئۆستۈرۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى . خوجايىنى ئۇنى - بۇنى دەپ يۈرۈپ ئارقىغا سۈرىدى ، روكفىل خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىپ ، ئەنگلىيىلىك كىرىك بىلەن شېرىكلىشىپ سودا شىركىتى قۇردى . ئۇنىڭ شۇ چاغدا بار - يوق دەسمايىسى 800 دوللار بولۇپ ، روكفىل 10% ئۆسۈم بېرىش شەرتى بىلەن 1000 ئامېرىكا دوللىرى دادىسىدىن قەرز ئالدى . تەلىيىگە تۇنجى يىلى 4000 ئامېرىكا دوللىرى ، ئىككىنچى يىلى 17 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى تاپتى . ئۈچىنچى يىلى ، يەنى 1861 - يىلى ئامېرىكا ئىچكى ئۇرۇش پارتلىغاندا ، ئەمدىلا ئىش باشلىغان كىرىك - روكفىل شىركىتى ئاشلىق ، گۆش ، دېھقانچىلىق سايمانلىرى ، تۇز ، كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىپ ، ئىنتايىن زور پايدىغا ئېرىشتى .

ئۇزۇن ئۆتمەي نېفىت سانائىتى ئامېرىكىدا جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى . روكفىلمۇ كۆزىنى بۇ يېڭى سودا ساھەسىگە تىكتى ۋە 1865 - يىلى 72 مىڭ 500 ئامېرىكا دوللىرى سەرپ قىلىپ ، ئەسلى شىركەتتىكى كىرىكنىڭ پېيىنى سېتىۋالدى ھەمدە ئاندرىس ئىسىملىك بىر تېخنىك بىلەن شېرىكلىشىپ نېفىت سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان شىركەتتىن بىرنى قۇردى . شۇ يىلى ، بۇ يېڭى شىركەتنىڭ يىللىق پايدىسى بىر مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا ، ئىككىنچى يىلى ئىككى مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى . شۇنىڭدىن كېيىنكى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق ۋە نەيرەڭگە توشقان سېتىۋېلىش ، قوشۇۋېلىش ئارقىلىق روكفىل ئامېرىكا نېفىت



ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش زاپىسىنىڭ 95% نى مونوپول قىلىپ ، ئامېرىكىدىلا ئەمەس ، پۈتكۈل دۇنيادا ئەڭ ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان دەرىجىدىن تاشقىرى كاتتا بايغا ئايلاندى .

خام - خىيال ، ئارزۇ نېمىشقا بىر ئادەمدە كىشى ئىشەنگۈسىز ئىقتىدارلارنى قوزغاپ تەقدىرىمىزنى ئۆزگەرتەلەيدۇ ؟ يول تاپالماي قالغانلارنى گىگانت گەۋدىلەرگە ئايلاندۇرالايدۇ ؟ ئاشۇ كۆرگىلى بولمايدىغان خام - خىيالنى نەق ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇشتا جەزمەن ئۇزۇن مەزگىللىك پىلان بولۇشى لازىم . مانا بۇ مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئاساسى . نىشان قارىشىڭىزنى ئۆزگەرتىدۇ ، قاراش بولسا ھايات يولىڭىزنى بەلگىلەيدۇ .

بىزنىڭ قانداق ياشاپ ، قانداق ئىشلارنى قىلىشىمىز قانداق خىياللارنى قىلىشىمىزغا زور دەرىجىدە باغلىق .

ئۇلۇغ غايە ئۇلۇغ ئىشلارنى تۇغدۇ . ھېچقانداق غايىسى بولمىغان ئادەمنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش بەك تەس . 20 - ئەسىردىكى كاتتا بايلىق مۆجىزىسىنى ياراتقۇچى بىل گېيتسنىڭ غايىسى : «ھەربىر ئائىلىنىڭ ھەربىر ئىش ئۈستىلىگە مىكروسوفتنىڭ يۇمشاق دېتاللىرى قاچىلانغان كومپيۇتېر تىكلەش» .

كومپيۇتېرغا بولغان ئوتتەك قىزغىنلىق ۋە خۇسۇسىي كومپيۇتېرنى ئومۇملاشتۇرۇشقا بولغان قايتماس ئىنتىلىش بىل گېيتسنى ۋە مىكروسوفتنى مۇۋەپپەقىيەت چوققىسىغا باشلاپ چىقتى .

# قاناتلانسۇن خىياللىرىڭىز

مونتى روبىنىنىڭ سىستىرود ئات بېقىش مەيدانى بار ئىدى . ئۇ فېرمىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كەڭتاشا قورۇسىدا ھەمىشە ئىئانە توپلاش پائالىيىتى ئېلىپ باراتتى . ياشلارغا ياردەم بېرىش پىلانى ئۈچۈن مەبلەغ توپلايتتى ، يېقىن ئەتراپتىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى تەكلىپ قىلىپ ھەرخىل پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ تۇراتتى .

بىر قېتىملىق پائالىيەتتىكى نۇتقىدا ئۇ مۇنداق بىر گەپنى تىلغا ئالدۇ : «مېنىڭ بۇ قورۇنى باشقىلارنىڭ ئىشلىتىشىگە بېرىشىمدە سەۋەب بار . بۇ بىر ئوغۇل بالا بىلەن مۇناسىۋەتلىك . بۇ بالىنىڭ دادىسى ئات كۆندۈرگۈچى بولۇپ ، بالىمۇ دادىسىغا ئەگىشىپ ھەر تەرەپكە قاتراپ يۈرۈپ ئات كۆندۈرەتتى . مەكتەپكىمۇ تولۇق بارالمايتتى . تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدا ، ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارغا ‹چوڭ بولغاندىكى ئارزۇيۇم› دېگەن تېمىدا ماقالە يېزىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ .

ئۇ كەچلىكى كۆڭۈل قويۇپ يەتتە ۋاراققا ئۆزىنىڭ ئۇمىد ـ ئارزۇلىرىنى يېزىپ چىقىپتۇ . ئۇ ئۆزىنىڭ ئات بېقىش مەيدانى بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدىكەن . تېخى 200 مو كەلگۈدەك ئات بېقىش مەيدانىنىڭ سخېمىسىنى ، ئات ئېغىلى ، يۈگۈرۈش يوللىرىنىڭ ئورنىنىمۇ ئىزاھلاپتۇ . يەنە مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا 4000 كۋادرات مېتىرلىق ھەشەمەتلىك تۇرالغۇدىن بىرنى سېلىش ئويى بارلىقىنىمۇ ئەسكەرتىپتۇ .

ئۇ ئەتىسى ئىنتايىن كۆپ كۈچ سەرپ قىلىپ تاماملىغان



ماقالىسىنى مۇئەللىمگە تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ . ئەمما ئىككى كۈندىن كېيىن ئۈستىگە قىزىل قەلەم بىلەن ‹F› بەلگىسى قويۇلۇپ ، ‹دەرستىن كېيىن مەن بىلەن كۆرۈشۈڭ› ، دېگەن خەتلەر يېزىلغان ماقالە قەغىزىنى تاپشۇرۇۋاپتۇ .

كاللىسىغا لىپمۇلىق خام ـ خىيال تولغان ئۇ بالا ماقالىسىنى كۆتۈرۈپ مۇئەللىمنىڭ قېشىغا بېرىپ :

— مېنى نېمە دەپ لاياقەتسىز باھالاپ قويىسىز ؟— دەپ سوراپتۇ .

— سەن تېخى كىچىك ،— دەپتۇ مۇئەللىمى ،— ئۇخلىماي چۈش كۆرۈپ كەتمە . سەندە پۇلمۇ ، باياشات ئائىلە شارائىتىمۇ يوق . ئات بېقىش مەيدانى قۇرۇش دېگەن ھەددى ـ ھېسابسىز پۇل تەلەپ قىلىدىغان كاتتا قۇرۇلۇش . يەر ، ھەرخىل ئاتلارنى سېتىۋېلىش ، ئۇلارنى بېقىشنىڭ ھەممىسىگە پۇل لازىم . سەندىچۇ ؟ ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلىماي تۇر . نەق ، ئەمەلىيراق ئارزۇدىن بىرەرنى قايتا يېزىپ كەل . شۇ چاغدا قايتا نومۇر قويۇپ قوياي .

ئوغۇل ئۆيگە قايتىپ ئۇزاق ئويلىنىپتۇ . دادىسىغا مەسلىھەت ساپتۇ .

— بالام ،— دەپتۇ دادىسى ،— بۇ ئىنتايىن مۇھىم قارار ، ئۆزۈڭ مۇستەقىل قارار قىل .

نەچچە كۈنلۈك قايتا ـ قايتا ئويلىنىشتىن كېيىن ، ئۇ ئەسلىدىكى ماقالىسىنى بىر خەتمۇ ئۆزگەرمەستىن تاپشۇرۇپتۇ ۋە مۇئەللىمگە :

— تېخىمۇ چوڭ F ئالساممۇ مەيلى ، ئەمما مەن ئۆز غايەمدىن ھەرگىز ۋاز كەچمەيمەن ،— دەپتۇ » .

مونتى كۆپچىلىككە قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدى :

— مېنىڭ بۇ ھېكايىنى سۆزلىشىمدىكى سەۋەب شۇكى ، سىلەر ھازىر دەل ئاشۇ كىچىك خىيالپەرەس بالىنىڭ 200 مو

مەيداندا ، 4000 كۋادرات ئىنگلىز چىسلىق كاتتا ئىمارەتتە تۇرۇۋاتىسىلەر . تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئاشۇ ماقالە ھې-لىھەم ئېسىمدە . . . قىزىقارلىقى شۇكى ، ئىككى يىل ئاۋۋالقى ياز پەسلىدە ، ھېلىقى مۇئەللىم 30 ئوقۇغۇچىسىنى ئېلىپ كې-لىپ مېنىڭ بۇ قورۇقۇمدا ھەپتە تۇرۇپ كەتتى . كېتىشتىن بۇرۇن ئۇ ماڭا : «ئويلىسام ھازىرمۇ خىجىل بولىمەن . مەن شۇ چاغدا سېنىڭ غايەڭگە سوغۇق سۇ سەپكەن ئىكەنمەن . شۇنچە يىللاردىن بېرى مەن يەنە ئىنتايىن نۇرغۇن ئوقۇغۇچىغا شۇنداق سۆزلەرنى قىلغانىكەنمەن . ھېلىمۇ ياخشى سەن بولساڭمۇ ئۆزۈڭ-نىڭ ئوي - خىيالىڭدا قەتئىي چىڭ تۇرۇپ كەلدىڭ» .

ئىنسانىيەتكە تۆھپە قوشالىغان قىممەتلىك كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دائىم يىراقلارغا تىكىلىدىغان خىيالپەرەسلەردۇر . ئۇلا-ر ئۆز ئەقىل - پاراسىتى ۋە بىلىمگە تايىنىپ ئىنسانىيەتكە بەخت يارىتىدۇ . نەزەر دائىرىسى تار چەكلىمىلىكلەرگە قامىلىپ قال-غان ، خۇراپاتنىڭ پاتقىقىغا پېتىپ قالغانلارنى قۇتقۇزۇپ چىقى-دۇ . ئالدىن كۆرەر خىيالپەرەسلەر باشقىلار قىلىشتىن قورقۇپ چېقىلالمىغان ئىشلارنى رېئاللىققا ئايلاندۇرىدۇ .

بەزىلە خىيال ، تەسەۋۋۇرنى سەنئەتكار ، مۇزىكانتلار ، شا-ئىرلارغا پايدىلىق نەرسە دەپ قارايدۇ . ئەمەلىيەتتە ، ئۇنداق بولۇ-شى ناتايىن . ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىكى داڭلىق شەخسلەرنىڭ ھەممىسىلا خىيالپەرەسلەردۇر . سانائەت ساھەسىدىكى ماگناتلار بولسۇن ، سودا ساھەسىدىكى كاتتىلار بول-سۇن ، ھەممىسىدىلا ئۇلۇغ خام - خىياللار بولغان ۋە قەتئىي ئىشەنچ بىلەن تىرىشىپ كۆرەش قىلغان .

ماكنى سىمسىز تېلېگرافنى كەشىپ قىلىپ كىشىلەرنىڭ چۈش - خىيالىنى رېئاللىققا ئايلاندۇردى . ئۇنىڭ رېئاللىشىشى بوران - چاپقۇندا قالغان پاراخوتقىمۇ قۇتۇلۇش پۇرسىتى ، ئۈمىد سىگنالى بەخش ئەتتى .



كىشىلەر چۈشەپ كەلگەن يەنە بىر خىيالمۇ مورىسىنىڭ تې-لېگراممىنى كەشىپ قىلىشى بىلەن رېئاللىققا ئايلاندى - دە ، دۇنيانىڭ ھەرقانداق جايىدىكى خەۋەر - ئۇچۇرنىڭ يەتكۈزۈلۈشى ئىنتايىن قولايلاشتى .

ستېفىنسوندىن ئىبارەت بىر نامرات كان ئىشچىسى پويىز ياساپ ، كىشىلەرنىڭ چۈشىنى ئەمەلدە كۆرسەتتى ۋە قاتناش قو-راللىرىنى زور دەرىجىدە ئىسلاھ قىلىپ ، ترانسپورت - قاتناش ئىشلىرىنى مۆلچەرلىگۈسىز يۇقىرى كۆتۈردى .

فلوتنىڭ سىمسىز تېلېگرافنى ئاتلانتىك ئوكياندىن توغرى-سىدا ئۆتكۈزۈش چۈشىنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشى ياۋروپا - ئامې-رىكا چوڭ قۇرۇقلۇقىنى چەمبەرچاس باغلىدى .

ئىنساننىڭ خىلمۇخىل قابىلىيەتلىرىنىڭ ئىچىدە خىيال ، تەسەۋۋۇردىن ئېشىپ چۈشىدىغىنى يوق . بىل گېيتىس شۇنداق دېگەن : «ئەتىنىڭ تېخىمۇ گۈزەل بولىدىغىنىغا ئىشەنسەڭلا ، بۇ-گۈننىڭ قايغۇ - ھەسرىتى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرۇشنىڭ ئورنى يوق» . ئەمەلىيەتتىمۇ ، ئۇلۇغ خىيال ، غايىلىك ئادەم ئالدىنى پولات تام - توسۇقلار ئوراپ تۇرسىمۇ ، باش ئەگمەي ئىلگىرىلەيدۇ .

# ئىشنى ئۆزىڭىزنى ئۆزگەرتىشتىن باشلاڭ

1930 - يىلى باش باھار كۈنلىرىنىڭ بىرى، سۇبھى ئەمدى ئاقىرىشقا باشلىغان چاغ، بويى بىر مېتىر 45 سانتىمېتىر ئەتراپىدا كېلىدىغان بىر پاكار ياش توكيونىڭ مۇفېي رايونىدىكى شىنتىيەن كۆۋرۈكىگە يېقىن جايدىكى بىر باغچىنىڭ ئۇزۇن ئورۇندۇقىدىن ئۆمىلەپ قوپتى ۋە باغچىدىكى جۈمەكتە يۈزىنى يۇيۇپ بۇ «ئۆي» دىن چىقتى. ئۇ ئۆي خوجايىنىنىڭ يەتتە ئايلىق ئۆي ئىجارىسىنى تۆلىيەلمەي، ئەمدى ئىككى ئايدىن بېرى مۇشۇ باغچىدا قونۇپ يۈرەتتى.

ئۇ سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ ساتقۇچىسى بولۇپ، شۇنچە جاپالىق ئىشلىسىمۇ، كىرىمى ئىنتايىن ئاز ئىدى. پۇل تېجەش ئۈچۈن چۈشلۈك تاماقمۇ يېمەي، ترامۋايغىمۇ چىقماي يۈرۈۋاتاتتى.

بىر كۈنى ئۇ بۇتخانىغا كېلىپ ئىشىكنى چېكىدۇ.

— كىممۇ؟

— مىڭجى سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ خىزمەتچىسى.

— كىرىڭ.

ئۇ ناھايىتى سىلىق تەۋەززۇ بىلەن ئېيتىلغان ئاۋازدىن بىر ئاز روھلاندى. شۇ چاغقىچە ئىشىكى چېكىلگەن ئۇن ئادەمنىڭ توققۇزى سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ خادىمىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىسىلا، ئىشىكنىمۇ ئاچمايتتى، ئاچسىڭمۇ پوزىتسىيىسى ئىنتايىن سوغۇق بولۇپ كەلگەنىدى.



ئۇ بۇتخانىغا كىردى ۋە باش راھىب بىلەن ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل ئولتۇرۇپ ئاسايىشلىق سورىشىپ بولغاندىن كېيىن راھىبنىڭ ئۇچۇق چىرايىنى كۆرۈپ سۇغۇرتىغا قاتنىشىشنىڭ پايدىسى ھەققىدە قار - يامغۇردەك توختىماي سۆزلەپ كەتتى.

راھىب ئۇنىڭ سۆزى ئاخىرلاشقۇچە بىر ئېغىزمۇ قوشۇق سالماي سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلىدى، ئاندىن تۈزلۈك بىلەن:

— تونۇشتۇرۇشلىرىڭىزنى ئاڭلاپمۇ مەندە سۇغۇرتىغا قاتنىشىش توغرىلىق ئازراقمۇ قىزىقىش پەيدا بولمىدى، — دېدى.

ئەتىدىن بېرى تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن ۋاتىلداپ سۆزلەپ كەلگەن بۇ ياش يىلى چىققان توپتەك لاسسىدە بوشاپ كەتتى.

قېرى راھىب ئۇنىڭغا ئۇزاققىچە تىكىلىپ تۇرۇپ:

— كىشىلەر مانا مۇشۇنداق روبىرو ئولتۇرۇشقاندا، قارشى تەرەپنىڭ مەيلىنى تارتىدىغان قالتىس تەييارلىق بولمىسا، ھېچقانداق ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ، يىگىت، — دېدى.

ئۇ مىت قىلىپ زۇۋانمۇ چىقىرالمىدى. راھىب يەنە قوشۇپ قويدى:

— يىگىت، ئالدى بىلەن ئۆزۈڭنى ئۆزگەرت...

ئۇ بۇتخانىدىن چىقىپ راھىبنىڭ سۆزلىرىنى قايتىدىن ئويلاپ چىقتى.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ مەخسۇس ئۆزىگە قارىتا «تەنقىد يىغىنى» تەشكىللىدى. يەنى ھەر ئايدا بىر قېتىم بەش نەپەر ئىشدىشى ياكى خېرىدارى بىلەن بىرگە تاماق يەپ، ئۇلاردىن ئۆزىنىڭ كەمچىلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىشنى ئۆتۈندى، ھەتتا پۇلغا چىقىشالماي كىيىملىرىنى گۆرۈگىمۇ قويدى.

«بەك ئالدىراقسان، ئېغىر - بېسىق ئەمەس»، «ئازراق شەخسىيەتچى، باشقىلارنىڭ پىكرىگە قۇلاق سالمايسەن - دە، ئۇلارنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويىسەن»، «سېنىڭ ئالدىڭدىكى خىلمۇخىل ئادەملەر، سەندە جەزمەن مول بىلىم بولۇشى كېرەك،

ئەمما سەندە يېتەرلىك بىلىم يوق . شۇڭا بىلىمىڭنى تولۇقلىشىڭ كېرەك . شۇندىلا خېرىدارلىرىڭ بىلەن ئورتاق پاراڭ تېپىسى تاپالايسەن ، ئۇلار بىلەن ئارىلىقىڭنى يېقىنلاشتۇرالايسەن » .

ئۇ مۇشۇنداق قىممەتلىك پىكىرلەرنى بىر - بىرلەپ يېزىۋالدى ۋە ئامالىنىڭ بارىچە كەمچىلىكلەرنى تولۇقلاپ ، يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇشقا تىرىشتى .

ھەر قېتىملىق «تەنقىد يىغىنى» ئارقىلىق ئۇ ئاستا - ئاستا ئۆزىنى قاپساپ ياتقان كەمچىلىكلەرنى ئاز - ئازدىن قىرىپ چىقىرىۋەتتى ۋە بارا - بارا ئۆزىنى ئىلگىرىلىگەندەك ، مۇكەممەللىشىۋاتقاندەك ، ئۆسۈۋاتقان ، پىشىۋاتقاندەك ھېس قىلىشقا باشلىدى . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ ئۆزىنىڭ ئوخشىمىغان ھېس - كەيپىياتىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان 39 خىل كۆلۈمسىرەش تەبەسسۇم شەكلىنى خۇلاسىلەپ ئەينەككە قاراپ بولدى دېگۈچە مەشىق قىلدى .

تەكرار «تەنقىد» ۋە ئۆزى ھەققىدە ئويلىنىش خۇددى پىلە قۇرتىغا ئوخشاش ئۇنى ئاستا - ئاستا زورايتىپ ، ئۆزگەرتىپ تاشلىدى . 1939 - يىلىغا كەلگەندە ، ئۇنىڭ سېتىش سەۋىيىسى ياپونىيە بويىچە بىرىنچى ئورۇنغا ئۆتتى ھەمدە 1948 - يىلىدىن باشلاپ ئۇدا 15 يىل ياپونىيە بويىچە ئەڭ ئالدىنقى ئورۇننى ساقلاپ كەلدى .

1968 - يىلى ئۇ مىليون كىشىلىك يۇملاق شىرە يىغىنىنىڭ ئۆمۈرلۈك ئەزالىقىغا سايلاندى .

بۇ دەل ياپونىيىلىكلەر تەرىپىدىن «مىليون دوللارغا ئەرزىگۇدەك تەبەسسۇم بەرپاچىسى» دەپ ، ئامېرىكىلىق مەشھۇر يازغۇچى ئوگىل مانتىنو تەرىپىدىن «دۇنيادىكى ئەڭ ماھىر سېتىقچى» دەپ تەرىپلەنگەن سېتىش ماھىرى يۇەن يىپىڭدۇر !

«بىز بىر ئەۋلادلارنىڭ زور بايلىقىمىز شۇكى ، ئىنسان ئۆزىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ھاياتلىقىنىمۇ ئۆزگەرتەلەيدۇ» .



يۇەن يىپىڭ ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق بۇ گەپنى ئىسپاتلاپ بەردى . يەنى ، بەزى ھاللاردا ئۆزگىرىشكە مەجبۇرلايدىغىنى مۇھىت ئەمەس ، دەل ئۆزىمىز .

بىل گېيتىس بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ : «ھېچكىم ئۆمرىدە مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ھەممە سۈپەتلىرىنى ئۆزىدە ھازىرلاپ بولالمايدۇ . بۇ مەنىدىن مۇۋەپپەقىيەتنى ئۆگىنىش كېرەك . ئۇنىمۇ ئۆگەنگىلى بولىدۇ . بۇنىڭ بىرىنچى قەدىمى ئۆزىمىزنى ئۆزگەرتىشتىن باشلىنىدۇ» .

ئاڭلاڭ ، تۆۋەندىكىسى بىر ئادەمنىڭ ھاياتلىق خۇلاسىسى :

— كىچىك چېغىمدا تولۇپ - تاشقان ئارزۇ - ئىستەك بىلەن دۇنيانى ئۆزگەرتسەم دەيتتىم .

ئازراق يوغىنىغاندىن كېيىن دۇنيانى ئۆزگەرتىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى تونۇپ يەتتىم ۋە نەزىرىمنى يېقىنغا ، ۋەتىنىمنى ئۆزگەرتىشكە يۆتكىدىم .

لېكىن ، قاراپ باقسام دۆلەت ، ۋەتەننى ئۆزگەرتىشمۇ مۇمكىن ئەمەستەك قىلدى .

ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىدا ، ئەڭ ئاخىرقى ئۇرۇنۇشقا ، ئائىلەمدىكىلەرنى ، كۆز ئالدىمدىكى كىشىلەرنى ئۆزگەرتىشكە بەل باغلىدىم .

لېكىن ئۇلارمۇ ئۆزگەرمەي شۇ پېتى قالدى . ھايات چىرىغىم بولسا ئۆچەي دەپ قالدى .

تۇيۇقسىز ، ئالدى بىلەن ئۆزۈمنى ئۆزگەرتكەن بولسامچۇ دېگەننى ئويلاپ قالدىم .

بەلكىم ئۆز قەددىمنى رۇسلىغان بولسام ، ئائىلەمدىكىلەرگە تەسىر كۆرسىتەلىگەن بولار ئىدىم .

ئۇلارنىڭ ئىلھامى بىلەن ۋەتىنىمنىڭ تېخىمۇ ياخشىراق گۈللىنىشى ئۈچۈن كۈچ چىقىرالار ئىدىم ۋە بەلكىم پۈتكۈل دۇنيانى ئۆزگەرتەلەمدىم . . . ئەپسۇس . . .

## ئۆز ئورنىڭىزنى تېپىڭ

بىل گېيتس ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا ئامېرىكا بويىچە ئەڭ چوڭ دۆلەت مۇداپىئە بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان TRW شىركىتىنىڭ يۇز تۇرانە ئىمتىھانغا تەكلىپ قىلغان تېلېفوننى تاپشۇرۇۋالىدۇ ۋە مەكتەپتىن رۇخسەت سوراپ ئۆز غايىسىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئۇچ ئايلىق «ۋاقىتلىق خىزمەت» كە بارىدۇ.

ئۇچ ئايدىن كېيىن، بىل گېيتس مەكتەپكە قايتىپ كېلىپ كەم قالغان دەرسلىرىنى تولۇقلاپ مەۋسۇملۇق ئىمتىھانغا قاتنىشىدۇ. ئۇنىڭغا نىسبەتەن كومپيۇتېر ھېچنەرسە ئەمەس ئىدى. باشقا دەرسلەرنىمۇ تولۇقلاپ ئۇلگۇرگەن ئىدى. لېكىن كومپيۇتېر ئوقۇتقۇچىسى ئۇنىڭغا «B» باھا سۆزى يېزىپ قويىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ باھا بىل گېيتسنىڭ ئىمتىھان نەتىجىسىگە ئەمەس، ئۇنىڭ ئۆگىنىش پوزىتسىيىسىگە قارىتىپ قويۇلغانىدى.

لېكىن بىل گېيتس بۇ ئادالەتسىز باھادىن ئاغرىنىپ يۇرمەيدۇ ۋە پۇتۇن زېھنىنى سانلىق مەلۇماتلارنى كودلاشتۇرۇش ئىشىغا قارىتىپ، ئۆزىنىڭ كېيىنكى ئىشلىرىغا پۇختا ئاساس سالىدۇ ھەمدە ئاخىرى ئىسمى - جىسمىغا لايىق سىستېما تۇزگۇچىگە ئايلىنىپ دۇنياۋى زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۇرىدۇ...

بىل گېيتس «مۇتلەق ئادالەت مەۋجۇت ئەمەس، ئۆگىنىشتىمۇ، تۇرمۇشتىمۇ شۇنداق، تۇرمۇشنىڭ تەڭسىز تەرىپىگە ماسلىشىپ، يۇزلىنىپ، ئاخىرىغىچە تىرىشالىغاندىلا، ئويلاپ باقمىغان نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۇرگىلى بولىدۇ» دەيدۇ.



تۇرمۇشنىڭ ئادالەتسىزلىكى كىشىنى مەيۈسلەندۈرىدۇ. ئەمما رېئاللىق ئەنە شۇ! نۇرغۇنلىرىمىزنىڭ ئوتتايلا ئۆتكۈزىدىغان بىر خاتالىقى شۇكى، بىز تۇرمۇش جەزمەن ئادىل بولۇشى ياكى ھامان بىر كۈنى تەڭ، باراۋەرلىك، ئادىللىق ئۇستىگە قۇرۇلۇشى كېرەك دەپ ئويلاپ تۇرۇۋالىمىز. ئەمما ئۇ ئۇنداق بولمايدۇ.

تۇرمۇشنىڭ تەڭسىزلىكىنى ئېتىراپ قىلىش بىزنى ئورۇنسىز غەم - قايغۇدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ھەممە ئىشنى مۇكەممەل قىلىش تۇرمۇشنىڭ ۋەزىپىسى ئەمەس، بەلكى بىزنىڭ تۇرمۇشقا جەڭ ئېلان قىلىشىمىزدۇر. شۇڭا، قىيىنچىلىق ۋە ئادالەتسىز مۇئامىلىگە ئۇچرىغاندا، ئورۇنسىز ئىشلارنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتكەندە، ھەرقانداق كىشى ھەرقانداق ئىش ئۇچۇن ئەپسۇسلىنىپ ئاھ ئۇرۇپ ئولتۇرۇشنىڭ ئورنى يوق.

تۇرمۇشنىڭ ئادالەتسىزلىكىنى ئېتىراپ قىلىش تۇرمۇشنى ياخشىلاش، دۇنيانى ئۆزگەرتىشتىن ۋاز كېچىشنى كۆرسەتمەيدۇ. بەلكى پەدىنى ئۆزگەرتىپ تېخىمۇ تىرىشىشنى كۆرسىتىدۇ. بىز كۆپىنچە ھاللاردا تەڭسىز مۇئامىلىگە ئۇچرىغاندا ئىچ ئاغرىتىش، ئەپسۇسلىنىش بىلەنلا بولۇپ كېتىمىز. ئەمەلىيەتتە بۇ كەيپىياتنى تېخىمۇ بوشاشتۇرۇۋېتىدىغان چۈشكۈنلۈكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. توغرا، خەيرخاھلىق بىر خىل مېھىر - شەپقەت ۋە كۆيۇنۇش، لېكىن ئۇ چەكتىن ئېشىپ كەتسە چۈشكۈنلۈكنىڭ دورىسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئىچ ئاغرىتىش، خەيرخاھلىق ئىچىدىن ئاكتىپ ئەھمىيەتكە ئىگە ھەرىكەتلىنىشنى تارتىپ چىقىرىش — مانا بۇ ئەڭ ئاقىلانە تاللاش.

تۇرمۇشنىڭ ئادالەتسىزلىكىنى ئېتىراپ قىلىش بارلىق پاسسىپ باشلىنىشتىن دېرەك بەرمەيدۇ. بىز ئۇنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىقلا كەيپىياتىمىزنى تۇراقلاشتۇرۇپ ھاياتلىقتىكى ئۆز ئورنىمىزنى بىلەلەيمىز، تاپالايمىز.

# ئەڭ ياخشى نەرسە سىزنىڭ بولماسلىقى مۇمكىن

ئىۋان ئىسىملىك بىر ياش چېخوپنىڭ «ئەگەر ياشاپ بولغان ئۆمرۈمنى ئەسەرنىڭ كوپىيىسىدەك قايتا ئۆزگەرتىپ يېزىش مۇمكىن بولغان بولسا، نەقەدەر ياخشى بولاتتى – ھە؟!» دېگەن جۈملىلىرىنى ئوقۇپ، بۇ گەپكە ئىنتايىن قىزىقىپ قاپتۇ ۋە ئاخىرى تەڭرىگە خەت يېزىپ، ئۆز ھاياتىنى قايتىدىن ئۆزگەرتىپ يېزىپ بېقىشنى ئۆتۈنۈپتۇ.

تەڭرى چېخوپنىڭ شۆھرىتى ۋە بۇ ياشنىڭ جاھىلانە تەلىپىنى ئويلاپ كۆرۈپ، ئۇنىڭغا خوتۇن تاللاشتا قايتا يېزىش پۇرسىتى بېرىپ سىناپ باقماقچى بولۇپتۇ.

بالاغەتكە يەتكەن مەزگىللىرىدە، ئىۋان ئىنتايىن چىرايلىق بىر قىزنى ياقتۇرۇپ قاپتۇ. قىزنىڭمۇ مەيلى بار ئىكەن. شۇڭا ئىككىيلەن تېزلا توي قىلىپ ئەر – خوتۇنلاردىن بوپتۇ.

ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەي ئىۋان ئايالىنىڭ گەپ قىلسىلا ئېغىزىنىڭ مايماق بولۇپ قالىدىغانلىقىنى، ئىش قىلسىلا پالاكەتلىشىپ بۇزىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ بىلەن ئۆي تۇتۇشنىڭ تەسلىكىنى بايقاپ، بۇ بىرىنچى قېتىملىق «ئورىگىنال»نى ئۆچۈرۈش، ئۆزگەرتىش نىيىتىگە كەپتۇ.

ئىۋاننىڭ ئىككىنچى قېتىملىق لايىقى چىرايلىق بولۇشتىن تاشقىرى ناھايىتى چىۋەر ۋە ئەقىللىق ئىكەن. ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەي ئىۋان ئايالىنىڭ مىجەزىنىڭ ناھايىتى ئوسال، تەرسا ئىكەنلىكىنى بايقاپتۇ. ئەقىللىقلىقى ئىۋاننى مەسخىرە قىلىدىغان



سايمانغا، چىۋەرلىكى ئىۋاننىڭ پۇت – قولىنى بوغىدىغان شوينىغا ئايلىنىپ قالغاندەك، ئىۋان ئۇنىڭ ئەمەس، ئات – ئېشىكى، قورالىغا ئايلىنىپ قالغاندەك بوپتۇ. ئىۋان بۇ ئازابلارغا چىدىيالماي تەڭرىدىن ھاياتلىق ئورىگىنالىنى ئۆزگەرتىپ، ئۈچىنچى قېتىم يېزىشقا ئىجازەت بېرىشنى ئۆتۈنۈپ يالۋۇرۇپتۇ.

تەڭرى كۈلۈپ قويۇپ ئىجازەت بېرىپتۇ.

ئىۋاننىڭ ئۈچىنچى قېتىم تاللىغىنى ھەممە تەرەپتىن ياخشى بولۇپلا قالماي، مىجەزىمۇ ئىنتايىن ياخشى ئىكەن. تويدىن كېيىن ھەر ئىككىسى شۇ قەدەر ئىجىل – ئىناق ئۆتۈپتۇكى، ئىۋان بۇ تويدىن ئىنتايىن مەمنۇن ئىكەن. ئەمما، يېرىم يىلدىن كېيىن ئايالى ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ، دە، ياشلىق گۈزەللىكى نەلەرگىدۇر غايىب بوپتۇ. ئەقلىمۇ، چىۋەرلىكىمۇ سۇدىكى ئاي شولىسىدەك كارغا كەلمەپتۇ. پەقەت جەزبىسىنى يوقاتقان ئىللىق مىجەزىلا قاپتۇ.

ئەخلاق نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىۋان ئايالى بىلەن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بىرگە ئۆتۈشى كېرەك. تۇرمۇش نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، كەلگۈلۈكىنىڭ ھەممىسى كەلگەن ئىدى. ھايات بىرلا قېتىم كېلىدىغان قىممەتلىك تارتۇق – ھە! ئىۋان يەنە بىر قېتىملىق «قايتا يېزىش»، ئۆزگەرتىش پۇرسىتىگە ئىمكان بارمۇ – يوق؟ تۆۋەنچىلىك بىلەن ئۆتۈنۈپتۇ. تەڭرى دەرغەزەپكە كەپتۇ، بۇ سىناقنى ئاخىرىغىچە ئېلىپ بېرىشنى ئويلاپ ئۇنىڭغا يەنە پۇرسەت بېرىپتۇ.

ئىۋان نەچچە قېتىملىق ئېگىز – پەسلىكنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەچكە، بۇ جەھەتتە ئىنتايىن تەجرىبىلىك قېرى قاقۋاشلاردىن بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ ئاخىر چىرايلىق، چىۋەر، مۇلايىم، ساغلام . . . ھەر جەھەتتىن مۇكەممەل بولغان پەرىشتە سۈپەت بىر نازىنىننى تاللاپتۇ ۋە بۇ تاللىشىدىن چەكسىز مەمنۇن بولۇپ، تەڭرىگە ئاخىر مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقى توغرىلىق دوكلات،

چىخوپقا كۆپتىن ـ كۆپ تەشەككۇر يوللاپتۇ . ئەمما ئويلىمىغان يەردىن پەرىشتەسى ئۇنىڭ ھېچنېمىدىن قانائەت قىلمايدىغان ، كېسەل ئادەمگىمۇ ئىچ ئاغرىتىشنى بىلمەيدىغان شەپقەتسىز ، ياۋۇز بىر نەرسە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ ، ئاجرىشىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ .

تەڭرى تەڭلىكتە قاپتۇ . ئۇۋاننىڭ سىنىقىنى ئويلاپ ئايالىنىڭ ئاجرىشىش تەلىپىگە قوشۇلماپتۇ .

پەرىشتە سۇپەت نازىنىن شۇنداق دەپتۇ : «بىز نۇرغۇنلىرىمىز ئۇۋان تەرىپىدىن قايتا يېزىلدۇق . ئەگەر بۇ خىل سىناق كېڭەيتىلىدىغان بولسا ، بىزدە بىر قېتىم يازىدىغان ، ئۆزگەرتىلىدىغان پۇرسەتمۇ قالماسلىقى مۇمكىن . ئىچ ـ قارنى ئېۋەن ئىزدەش بىلەن توشۇپ كەتكەن ئۇۋان ھەممىلا نەرسىگە خۇدۇكسىرەش بىلەن قاراپ مېڭىپ ، كۆز ئالدىدىلا تىكلەپ قويۇلغان يول بەلگىسىگە ، يەنى ، ئۇۋان ئۇ ئالەمدە يازغان تۆۋەندىكى خەتلەرگە نەزەر ـ كۆزىنى سېلىپمۇ قويمىدى . ‹مۇكەممەللىك بىر غايىۋى نەرسە ، ئۇن قېتىم ئۆزگەرتسەڭمۇ تويمايسەن ›» .

ھاياتتا مۇكەممەل نەرسە يوق ، مۇكەممەللىك غايىۋى نەرسە . ھايات نادامەتكە تولغان ، ھاياتتا ھەددىدىن زىيادە مۇكەممەللىك قوغلىشىش بىزگە ھەسرەت ئەكىلىپ بېرىشى مۇمكىن .

تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرىپى قەدىرلىك . بىزنىڭ تاللىشىمىز بولسۇن ياكى تەبىئەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بولسۇن ، نامراتلىق ، بالا ـ قازا ، كېلىشمەسلىك بولسۇن ياكى تەرتىپلىك نورمال تۇرمۇش بولسۇن ھەممىسى ئىككى ياقلىملىقا ئىگە . خاننىڭ مەرتىۋىسىنى دېھقان ئارزۇ قىلىپ يۈرمەيدۇ . تەختنى كىملەرنىڭ تارتىۋېلىشى ھەققىدە تېرىقچىنىڭ ئەندىشىسى ھاجەتسىز . سۇ تۆۋەنگە ئاقىدۇ ، ئادەم يۇقىرىغا باقىدۇ . ئىنساننىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش قارىشى مەڭگۈلۈك ھەقىقەت . ئەمما جەزمەن ئەڭ ئەمەلىي نۇقتىدىن ئۆزگەرتىشنى باشلاش كېرەك .



ئىنسان قانداق ياشاش ھەققىدە قاچاندىن باشلاپ ئويلانمىسۇن ھامان كېچىكمەيدۇ . ئىنساننىڭ دۇنياغا كېلىشى مەلۇم مەقسەت ئۈستىگە قۇرۇلغان . ھېچكىم ئۆزىنى پەس كۆرمەسلىكى مۇمكىن . ئەگەر كىمدە غالىبلىق تۇيغۇسى كەم بولىدىكەن ، دەرھال نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ ، يېڭى ھايات بېتى ئېچىشى كېرەك .

جەمئىيەت تەرەققىي قىلغانسېرى ، ئىنساننىڭ ئىگە بولىدىغان پۇرسىتى شۇنچە كۆپ بولىدۇ . بىراۋنىڭ ئوتتۇرا ياشقا بارغۇچە ئۆز مەقسىتىگە يېتەلمەسلىكى ئۇنىڭ پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ . ھايات ئېرىشىش ، يوقىتىش ، يەنە ئېرىشىش ، يەنە يوقىتىش ئىچىدە ئىلگىرىلەيدۇ ، ھەتتا پۈتۈنلەي يېڭىلىنىپ بارىدۇ . ھەرقانداق ئېرىشىش ، يوقىتىشقا تەييارلىقى كۆپلەرنىڭ ئىقتىدارىمۇ ، نەتىجىسىمۇ بارغانسېرى زورىيىپ بارىدۇ . ئۆزىگە ئەڭ لايىق نەرسىلەرنى ھېس قىلىپ يېتەلەيدۇ .

ئۇنتۇپ قالمايلى ، ئەڭ مۇۋاپىق نەرسە دەل ئەڭ گۈزەل نەرسىدۇر .

# كەيپىياتىڭىزنى تەڭشەپ تۇرۇڭ

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئالدىدا ، گېرمانىيىدە بىسمارك ۋە ۋىلىيامىس ئىسىملىك ئىككى داڭلىق ھەمشىرىلىك ئۆتكەنىكەن . بىر قېتىم ۋىلىيامىس قەسىرگە قايتقاندىن كېيىن جان ئاچچىقىدا نەرسە ـ كېرەكلەرنى چېقىپ كېتىپتۇ . خانىش ئۇنىڭ يەنە بىسماركنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغانلىقىنى پەملەپ :

— ئۇ نېمىشقا ھەدېسلا سىزگە ئاچچىقلىنىدۇ ؟— دەپ سوراپتۇ .

— سىز ئۇقمايسىز . ئۇ دېگەن بىزدىن تۆۋەن تۇرغان بىلەن نەچچە مىليون ئادەمدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان باش مىنىستىر . تۆۋەندىكى شۇنچىۋالا ئادەمدىن كەلگەن ئاچچىقنى ماڭا بولسىمۇ تۆكۈۋالمىسا ، نەدىن چىقىرىپ بولىدۇ ئۇنچىۋالا ئاچچىقنى ؟ مەن ئۇنىڭدىن كەلگەن ئاچچىقنى قانداق چىقىرىمەن ؟ مانا مۇشۇنداق نەرسە چېقىپ ،— دەپتۇ ۋىلىيامىس .

بىر مومايىنىڭ چوڭ كۈيئوغلى كۆنلۈك ، كىچىك كۈيئوغلى گېزىت ساتىدىكەن . موماي ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى چوڭ كۈيئوغلىدىن ، يامغۇرلۇق كۈنلىرى كىچىك كۈيئوغلىدىن غەم يەپ ئولتۇرالماي قالىدىكەن . بىرەيلەن ئۇنىڭغا ئەكسىچە ئويلاشنى ، يەنى ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى كىچىك ئوغلىنىڭ گېزىت ساتىدىغان تىجارىتىنىڭ ، يامغۇرلۇق كۈنلىرى چوڭ كۈيئوغلىنىڭ كۆنلۈك سېتىپ تاپىدىغان پۇلىنىڭ خىيالىنى قىلىپ ئولتۇرۇشنى ئېيتىپ ئۇنى راستتىنلا خۇش قىلىۋېتىپتۇ .

ھەرخىل مۇھىت ھەرخىل كەيپىياتنى تۇغدۇ . مەيۇسلۈك



ۋە مەمنۇنىيەت ، ئۆزىنى كەمسىتىش ۋە ھاكاۋۇرلۇق ، شۈكۈر ۋە ئاچكۆزلۈك ، خۇشاللىق ۋە غەزەپ ، گۈزەللىك ۋە رەزىللىك ، كەمتەرلىك ۋە ھەسەت . . . قاتارلىقلارنىڭ ئوخشاش مۇھىتتا پەيدا قىلىدىغان كەيپىيات ئۆزگىرىشىمۇ ھەرخىل بولىدۇ . جۇڭگولۇقلاردا مۇنداق گەپ بار : «پىلە قۇرتىغا ئىسسىق لازىم ، بۇغدايغا سوغۇق ؛ پىيادە كۆنگە باقار ، تېرىقچى يامغۇرغا ؛ ئۇجمە تېرىدىغان قىز ئوچۇق ھاۋاغا تەلمۈرەر» . ئىنساننىڭ كەيپىياتىمۇ ھەرخىل ، كەيپىيات ياخشى چاغدا ھەممە ئەمىن ، بۇزۇلغان چاغدا ھەممە مەنىسىز ، قالايمىقان تۇيۇلىدۇ . ۋىلىيامىسنىڭ بىسماركنىڭ ئاچچىقىغا چىدىشى بىر ئۇلۇغ ئادەمنىڭ چىدامچانلىقىنى كۆرسەتسە ، ئۇنىڭ نەرسە ـ كېرەك چېقىپ ئاچچىقىنى چىقىرىشى كەيپىياتنى تۇراقلاشتۇرۇشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى . بۇ ئۇسۇلنى تەرىپلەشكە ئەرزىمدۇ ـ يوق ؟ مۇھاكىمە قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق . ئەمما تەرىپلەشكە ئەرزىيدىغىنى مومايىنىڭ ئەكسىچە تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلى .

ئەكسىنى ئويلاش كەيپىياتنى تۇراقلاشتۇرۇشنىڭ ياخشى چارىسى ، ئەمما ئەڭ ياخشى چارىسى ئەمەس . ئەڭ ياخشى چارە پۇتكۈل ئوي ـ خىيالىنى ئۆزىنىڭ ھاياتلىق نىشانىغا قارىتىش .

بىر دانىشمەن يولدا كېتىۋاتسا بىرەيلەن ئۇنى تىللاپ كېتىپتۇ . ئۇ ئارقىسىغا قاراپمۇ قويماي مېڭىۋېرىپتۇ . ئۇنىڭ تىللىغان كىشىنىڭ كىملىكىنىمۇ بىلگۈسى كەلمەپتۇ . ھايات شۇ قەدەر قىسقا ، ئەمما قىممەتلىك . قىلىدىغان ئىشلار شۇ قەدەر نۇرغۇن تۇرسا ، مەززىسىز ئىشلار ئۈچۈن ۋاقىت ئىسراپ قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى بارمۇ ؟ بۇ زات نېمىنى بىلىش كېرەكلىكى ، نېمىنى بىلمىسىمۇ بولىدىغانلىقىنى ، نېمىنى ئەستايىدىل تونۇش كېرەكلىكى ، نېمىنى تاشلىۋەتسىمۇ بولىۋېرىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلگەن ئىدى . بۇنداق قىلىش خالىغان ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيدۇ . ئەمما نىشانىڭ جەزمەن بولۇشى كېرەك . شۇ بولسىلا

ئىشنىڭ غېزى بىلەن پېيىنى ئايرىش ئوڭايلىشىدۇ . ئەگەر بىز
قىلمىسىمۇ بولىدىغان ئىشلارنى ئايرىپ چىقالىساق ، ھەممە كۈ-
چىمىزنى مەركەزلەشتۈرۈپ ، جەزمەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلى-
رىمىزنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىپ ، غەلىبە پۇرسىتى ۋە ئۈمىدىنى
زورايتالايمىز . شۇنداقلا بىردىنلا ئۆزىمىزنىڭ كەڭ قورساق بو-
لۇپ كەتكىنىنى ، دوستلىرىمىزنىڭمۇ كۆپىيىپ قالغىنىنى بايقاي-
مىز . ئىجتىمائىي ئالاقىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتسىز بىزنىڭ ئىشلى-
رىمىزنىڭ غەلىبىسى نەدە تۇرۇپتۇ ؟
ئەمما ھاياتلىق نىشانىغا بۇرۇلۇشنىڭ ئۆزىلا غەلىبىگە ئې-
رىشكەنلىك ئەمەس . ھاياتتا ئويلاپ باقمىغان ئىشلارنىڭ يۈز
بېرىپ ، يولىمىزنى توسۇپ قويىدىغان ئىشلار كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ .
مەسىلەن : ئارتىس بولۇشنى خىيال قىلىدىغان بىر بالىنىڭ يۈزى-
نى كۆيدۈرۈۋېلىشى ، يۈگۈرۈش ماھىرى بولۇشنى چۈشەيدىغان
بىرسىنىڭ پۇتىنىڭ سۇنۇپ كېتىشى دېگەندەك . . . يول توسۇل-
غاندا كەيپىياتنى تۇراقلاشتۇرىدىغان بىردىنبىر ئامىل ۋاز كې-
چىش ۋە يېڭىدىن باشلاش .
ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ ئادەتلەنگەن تۇرمۇش ئادىتىدىن ۋاز
كېچىش جەزمەن زۆرۈر بولغاندا ، قايغۇرۇپ ، ئاھ تارتىپ ئولتۇ-
رۇشنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق . ۋاز كېچىش يەنە بىر قې-
تىملىق تاللاشتىن دېرەك بېرىدۇ . بىر ئاخىرلىشىش يەنە بىر
يېڭى باشلىنىشنىڭ ئانىسى . پۇرسەت ۋە بەخت ئەللەيلەنگەن چاغ-
لاردا كېرىلىپ كېتىشمۇ تەنتەكلىك . چۈنكى ، ئېرىشىش ، يوقى-
تىش ، تاللاش — تاشلاش دېمەكتۇر . بىرنى تاللاش ، بىلىپ
بىلمەي يەنە بىرىدىن ۋاز كېچىشتۇر .
شۇنداق ، ئۈمىدتىنلا ۋاز كېچىشكە بولمايدۇ . بۇ كەيپىيات-
نىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك تەڭشىگۈچىسى . دېھقان ئېتىزغا ئۇرۇق
سېلىۋاتقاندا ، تارتىدىغان جاپاسىدىن قاقشىمايدۇ . ئېرىشىدىغان
مول - ھوسۇلىدىن ئۈمىدكە تولىدۇ . دەرسخانىدا ئوقۇتقۇچى



ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كەمسىزلىكى ، بەخۇۋاشلىقىدىن ئاھ تارتمايدۇ .
كېلەچەكنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ ساغلام ، قاۋۇل يېتىلىشىنى كۆزلەي-
دۇ . شەھەردىكى شاۋقۇن - سۈرەندىن غوتۇلدىغاندا ئۇ يەردىكى
قايناق مەدەنىيەت ۋە تەرەققىي تاپقان ئۇچۇرنى ئۇنتۇپ قالماڭ .
يېزىلاردىكى كۆڭۈل ئاچىدىغان ، ئوينايدىغان جايلارنىڭ ئازلىقى-
دىن ئىچىڭىز پۇشقاندا ، سۈپسۈزۈك سۇبھىنى ، كېچىلىرى چا-
راقلاپ تۇرغان يۇلتۇز ۋە يالتىراق ئاينى ئەسلەپ قويۇڭ . . .
كەيپىياتنى تەڭشەپ يېنىك تىن ئالالىغاندىلا ، ھاياتلىق يولى-
دا راۋرۇس پۇت تىرەپ تۇرغىلى ، توختاۋسىز ئالغا باسقىلى
بولىدۇ . كەيپىيات تۇراقسىز ، قىزغىنلىقىڭىز تەۋرەپ تۇرسا ،
ئوڭايلا يىقىلىپ چۈشىسىز . ھاياتلىق يولى ھەرگىز تار ئەمەس .
ئۇنى تار كۆرسىتىپ قويغىنى دەل سىز . بىزنىڭ كۆزىمىز ،
كۆڭلىمىز ، كۆكسى - قارنىڭىزنىڭ كەڭ بولۇشى ماڭىدىغان
يولىڭىزنىمۇ كېڭەيتىۋېتىدۇ .

# ئەڭ تۆۋەن يەردىن باشلاڭ

نىلنىسنىڭ دادىسى ئون نەچچە يىل بېلىق تۇتۇش بىلەن شۇغۇللانغان بېلىقچى بولۇپ، باشقىلارنىڭ قايىللىقىنى قوزغىغۇدەك تەمكىن ئىدى.

بىر ياش ئۇنىڭدىن:

— كۇندە قانچىلىك بېلىق تۇتىسىز؟— دەپ سوراپتۇ.

— يىگىت، قانچىلىك بېلىق تۇتۇش ئانچە مۇھىم ئەمەس،— دەپتۇ ئۇ،— مۇھىمى ئۆيگە قۇرۇق قول كەتمىسەملا بولغىنى. نىلنىس ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيدىغان چاغدا جىقراق تۇتۇپ ئۇنىڭ ئوقۇش پۇلىنى قامداشنى ئويلاشمىسام بولمايتتى. ھازىر ئۇ ئوقۇش پۈتتۈردى. تۇتقىنىمغا شۈكرى دەيمەن.

ھېلىقى ياش كۆز يەتكۇسىز دېڭىزغا قاراپ قويۇپ، بېلىقچىنىڭ دېڭىز ھەققىدىكى قارىشىنى بىلمەكچى بولۇپ، ئەتەي دەپتۇ:

— دېڭىز بەك ئۇلۇغ، شۇنچە كۆپ جانلىقنى بېقىپ كەلدى.

— دېڭىزنىڭ نېمىشقا شۇنچە ئۇلۇغلۇقىنى بىلەمسەن؟— دېدى بېلىقچى. دەرۋەقە، يىگىت لوقما سېلىشقا پېتىنالماي جىم تۇردى.

— دېڭىز شۇنچە كۆپ سۇنى قوينىغا سىغدۇرىدۇ،— دېدى بېلىقچى،— ئەمما مۇھىمى ئۇنىڭ ئورنى ئەڭ تۆۋەن!

بېلىقچى بوۋايمۇ ئۆزىنى تولىمۇ تۆۋەن ئورۇنغا قويالىدى. شۇڭا ئۇ تەمكىن، خاتىرجەم، خۇشال.

نۇرغۇن ياشلار ئۆز ئورنىنى توغرا مۆلچەرلىيەلمەيدۇ - دە، بىر بولسا، كىچىككىنە نەتىجىسىدىن كۆرەڭلەپ ئاسمانغا چىقىپ



كېتىدۇ. بىر بولسا كىچىككىنە كەمچىلىكى سەۋەبلىك چۈشكۈنلىشىپ تۈگىشىپ كېتىدۇ.

ئۆزىنى تۆۋەن ئورۇنغا قويۇش ئارقىلىق مۆلچەرلىگۈسىز ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئېرىشىش مۇمكىن. ئوخشاشلا تۆۋەن قاتلامدا ئۈن - تىنسىز تۆھپە قوشۇۋاتقانلارنى كەمسىتىدىغانغا ھەققىمىزمۇ يوق. ئۇلارنىڭ نەتىجىسى، مۇۋەپپەقىيەت يولى بىزدە ھەۋەس قوزغايدۇ. ئۇلاردا روھىي ئەندىشە، كۆتۈرەلمىگۈدەك بوپا، غەم - قايغۇ يوق. ئۇلار ئۆزىنى ئەڭ تۆۋەن ئورۇنغا قويۇپ تۇرۇپ تىرىشىپ بۈيۈك نەتىجە ياراتقانلار. ئەمما بىزنىڭ كۆپىنچىمىزدە مۇنچىلىك جۈرئەت يوق.

بىل گېيتىس قەدىمكى رىملىق پەيلاسوپ سىرىسنىڭ مۇنۇ سۆزىگە بەك قايىل: «ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىقاي دېسەڭ، ئەڭ تۆۋەندىن باشلا». گېيتىس مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ياشلارغا نىسبەتەن ئىنتايىن ياخشى تەكلىپ».

ئارسىن ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن بىر دۇنياۋى داڭلىق شىركەتنىڭ جۇڭگو تارماق بۆلۈمىگە خىزمەتكە چۈشۈپتۇ. كەسكىن رىقابەت قايىنىغان، زامانىۋى، پاكىز ئىشخانا بىناسىدا ئۇنىڭ قىلىدىغىنى ئۈستەل سۈرتۈش، تېلېفون قوبۇل قىلىش، فاكس يوللاش دېگەندەك پارچە - پۇرات ئىشلار ئىدى. ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرى بولسا غەيرەت - شىجائىتى ئۇرغۇپ تۇرغان، مەغرۇر يىگىتلەردىن ئىدى. ئۇلار گەرچە ماگىستىرلاردىن بولسىمۇ، خىزمەتنى بېرىلىپ ئىشلەيتتى. ئىشقا قادىلىپ ئولتۇرغاندا، ئۇ ئالدىدىن ئۆتسىمۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپمۇ قويمايتتى.

ئۇ بۇنىڭدىن نېمىشقىدۇر ئۆزىچە ئەندىشە قىلاتتى. ئۆزىنى پەس كۆرەتتى. بولۇپمۇ يېقىندىن بېرى ئىشداشلىرىنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرى بارغانچە ئەركىن بولۇپ كەتكەنسېرى، ئۇ ئۆزىنى بۇ قابىلىيەتلىكلەر تولۇپ - تاشقان شىركەتتە كېرەكسىز نەرسىگە ئايلىنىپ قالغاندەك ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدى.

ئەتىسى ھەققىدە بېشى قېتىپ تۇرغان بۇ قىز ھەر كۈنى باشقىلار ئىشتىن چۈشكەندە ئىشخانىلارنى تازىلاپ ، چىراغلارنى ئۆچۈرۈپ ئاندىن ئۆيىگە قايتاتتى . ئالدىراشچىلىق ئىچىدە ئۇ دائىم پارچە پۇل ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇپ قالاتتى . كوچا ئاپتوبۇسلىرى بېلەتچىسىز ، بىر يۈەنلىك بولغاچقا ، ئۇ ھەمىشە ئاپتوبۇسقا چىقىپ بولۇپ ، ئاندىن يانچۇقلىرىنى مالتىلاپ ئون كويلۇق ، يۈز كويلۇق پۇللارنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ بېقىپ چۈشۈپ كېتىشكە ۋە پۇل پارچىلاپ يەنە بىر قېتىملىق ئاپتوبۇسنى ساقلاشقا مەجبۇر بولاتتى .

بىر كوي پۇل چوڭ گەپ ئەمەس . ئەمما ئۇنى يانچۇقتىن ئېلىپلا پۇل ساندۇقىغا تاشلىيالىساق ، بىز خاتىرجەم ، ئىش قولاي .

ئىختىساسلىقلارمۇ 100 ، 50 ، 20 ، 10 ، 5 ، 2 ، 1 يۈەنلەرگە ئوخشاش قىممەتكە ئىگە . پۇلنىڭ ئۆزى بىر قىممەت ، ئەمما دەل جايىغا بارالىغىنى ھەقىقىي قىممەت ئەۋزەللىكى .

ئاھاڭىڭىزنى تۆۋەنرەك قىلىڭ ، كەيپىياتىڭىز تىنچلانسۇن ، نەچچە قېتىملىق بوران چاپقۇندىن كېيىن ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرۇشنىڭ يوق گەپ ئىكەنلىكىنى ئاستا - ئاستا بايقايسىز . بالا - قازادىن خالىي بولۇش مۇمكىن ئەمەس . سىزمۇ ئويلاپ باقمىغان كۆلپەتلەرگە ئۇچراپ قېلىشىڭىز مۇمكىن . ئۇنىڭدىن مۇتلەق قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمىغان ئىكەن ، ئازراق يول قويۇپ قويغاننىڭ زىيىنى يوق .

«خوجامنىڭ خوجىسى بار ، چامغۇر - زەدەكنىڭ ئورىسى» . بىر ئادەم بىراقلا ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا چىقالمايدۇ . پەقەت ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە كەمچىلىكىنى دەڭسەپ بېقىپ ، كەمتەرلىك بىلەن ئەڭ تۆۋەن ئورۇندىن باشلاپ ئەڭ زور تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلىگەندىلا ئەڭ پارلاق ، ئەڭ يۈكسەك چوققىلارغا چىقىش تامامەن مۇمكىن .



# سىز ئۆزىڭىزنىڭ خوجىسى

بىر كۈنى ، سەكسەن پۇت ئۆزلىرىنىڭ ئىنچىكە ، ئۇزۇن پاچاقلىرىنى يورغىلىتىپ كېتىۋاتسا ، پەيلاسوپ پاقا ئۇنىڭغا سەپسېلىپ قاراپ ئۆزىچە تۆت پۇتلاپ مېڭىشمۇ خېلى قىيىن تۇرسا ، بۇ ئاداش شۇنچىۋالا كۆپ پۇتىنى ئېلىشماي قانداق ھەرىكەتلەندۈرۈپ ماڭار دەپ ھەيران قاپتۇ . ھەقىقەتەنمۇ مۆجىزە ! ئۇ قايسى پۇتىنى ئاۋۋال ئېلىپ ، كېيىن قايسى پۇتىنى يۆتكەشنى قانداق بېكىتەر ؟ ئۇ پۇتلار يا ئاز بولمىسا ؟ !

پاقا شۇنىڭ بىلەن سەكسەن پۇتنىڭ ئالدىنى توسۇپ سوراپتۇ :

— مەن پەيلاسوپ . ئەمما سېنىڭ مېڭىشىڭ مېنى قايمۇقتۇرۇپ قويدى . دەپ باققىنە ، شۇنچە كۆپ پۇتنى قانداق يۆتكەپ ماڭىسەن ؟

سەكسەن پۇت :

— مەن ئەزەلدىن مۇشۇنداق مېڭىپ كېلىۋاتىمەنغۇ ! بۇنى كىم ئويلاپ باققان دەيسەن ؟ سەن سوراپ قالدىڭ ، مەنمۇ ئويلىنىپ بېقىپ ، ئاندىن جاۋابىنى بېرەي ،— دەپتۇ .

سەكسەن پۇتمۇ بۇنى ھازىرغا قەدەر ئويلاپ باقمىغانىدى : «پاقىنىڭ دېگىنى توغرا . ئالدى بىلەن قايسى پۇتۇمنى يۆتكەيمەن ؟» سەكسەن پۇت ئۇزاققىچە تۇرۇپ كېتىپتۇ . ھەتتا ئورنىدىن بىر قەدەممۇ قوزغىلالماي ، پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ ۋە پاقىغا :

— خاپا بولماي باشقا سەكسەن پۇتلاردىن سوراپ باق ، پاقى-

جان . مەن ئەزەلدىن مۇشۇنداق مېڭىپ كەلگەن . قىلچە چاتاق يوق ئىدى . مېنىمۇ ئېلىشتۇرۇۋەتتىڭ . مەن ھازىر قايسى پۇتۇمنى يۆتكەپ ، قانداق مېڭىشنىمۇ بىلەلمەيۋاتىمەن ، — دەپتۇ .

بىر ئادەمنىڭ ھاياتىدا ئېتىقاد قىلىدىغان مەسلىكىمۇ مەلۇم دەرىجىدە چەكلىك بولىدۇ . ئەگەر باشقىلارنىڭ ئىدىيىسىگىلا چوقۇنۇۋالساق ، ئۆز ئېڭىمىزنىمۇ ئۆزىمىز ئىگىدارچىلىق قىلالماي قالىمىز . مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلاردا شۇنداق ساپا بولىدۇ . يەنى ئۇلار ھەق بىلەن سەپسەتىنى ئايرىۋالىدۇ ھەمدە ئازغۇن قاراش ، خاتا ئىدىيىلەرنى ئۆز كاللىسىدىن چىقىرىپ تاشلاپ ، توغرا قاراشنىڭ يېتەكچىلىكىدە غەلىبىسىرى ئالغا باسىدۇ .



# نامراتلىقنىڭ سەۋەبى كىمدە؟

خوۋلېر ئامېرىكىنىڭ لۇئىسئانا شتاتىدا تۇرۇشلۇق بىر نېگىر تېرىقچىنىڭ بالىسى بولۇپ ، بەش يېشىدىلا ئەمگەك قىلىشقا باشلىغان . توققۇز يېشىدىلا كىراكەشلىك قىلىپ ئائىلىسىنى قامداشقا كىرىشكەن . بۇ بەكمۇ ئالاھىدە ئىش ئەمەس . چۈنكى بارلىق تېرىقچىلارنىڭ بالىلىرى بالدۇرلا ئەمگەككە قاتنىشىدۇ . ئەمما خوۋلېرنىڭ تەڭتۇشلىرىدىن پەرقلىنىدىغان يېرى ئۇنىڭ غەلىتە ئاپىسى بار . ئۇنىڭ ئاپىسى بۇنداق نامراتچىلىق ئىچىدىكى تۇرمۇشتىن نارازى . ئۇ ئەتراپىنى باياشات دۇنيانىڭ ئوراپ تۇرغىنىنى بىلىدۇ . شۇڭا چىدىمايدۇ . ئۇ خوۋلېر بىلەن ئۆز غايىسى ھەققىدە پاراڭلىشىپ قالىدۇ :

«خوۋلېر ، بىز نامرات بولماسلىقىمىز كېرەك ئىدى . مەن سېنىڭ خۇدا پېشانىمىزگە نامراتلىقنى پۈتۈپتىكەن ، دېگەن سۆزلىرىڭنى ئاڭلاشنى خالىمايمەن . بىزنىڭ نامراتلىقىمىز خۇدانىڭ ئىرادىسى ئەمەس ، بەلكى داداڭ ئەزەلدىن باي بولۇش خىيالىدا بولۇپ باقمىغان . ئائىلىمىزدىن ھېچكىم بېيىش ھەققىدە باش قاتۇرۇپ ئىزدىنىپ باقمىغان» .

بۇ گەپلەر خوۋلېرنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ئىز قالدۇردى ۋە ئۇنىڭ ھاياتىنى ئۆزگەرتىپ تاشلىدى . ئۇ ئۆزىگە لازىملىق نەرسىلەرنى كۆڭلىگە مەھكەم پۈكتى ، كېرەكسىز نەرسىلەرنى كاللىسىدىن تەلتۆكۈس چىقىرىپ تاشلىدى ۋە گۈلخانىغا ئوخشاش بېيىش ئويىدا كۆيۈشكە باشلىدى . ئۇ ئىشنى سوپۇن سودىسىدىن باشلىماقچى بولۇپ ، 12 يىلغىچە ئىشكىمۇ ئىشىك كۆتۈرۈپ يۇ-

رۇپ سوپۇن ساتتى . كېيىن ئۇ ئىزچىل سوپۇن ئېلىپ كەلگەن ھېلىقى شىركەت كىم ئاشتى قىلىپ سېتىلماقچى بولدى ۋە 150 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى باھا قويۇلدى . ئۇ 12 يىل مابەينىدە 25 مىڭ دوللار پۇل يىغقانىدى . شىركەتتىكىلەر بىلەن كېلىشىش ئارقىلىق ، ئۇ 25 مىڭ دوللار زاكالەت پۇلى تاپشۇرۇپ ، 125 مىڭ دوللار پۇلنى 10 كۈن ئىچىدە تولۇقلاپ ئۆتكۈزىدىغان ، ئۆتكۈزۈپ بولالمىسا ، زاكالەت پۇلى قايتۇرۇلمايدىغانغا توختام تۈزۈشتى . خوۋلېر 12 يىل جەريانىدا نۇرغۇن سودىگەرلەرنىڭ ھۆرمىتى ۋە ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ كەلگەنىدى . ئۇ شۇلاردىن ، دوستلىرىدىن ، ئامانەت ـ قەرز شىركەتلىرىدىن ، مەبلەغ سېلىش گۇرۇھلىرىدىن قەرز ئېلىپ يۈرۈپ 115 مىڭ دوللار پۇل توپلىدى . دېمەككى يەنە تېخى 10 مىڭ دوللار كەملىك قىلاتتى .

قەرز ئالغىلى بولىدىغان يەرلەرنىڭ ھەممىسى تۈگىگەنىدى . تۈن كېچە ، غۇۋا يورۇپ تۇرغان ئۆيدە ئۇ ئۇزاق ئويلاندى ۋە خۇدادىن ئون مىڭ دوللار بېرىپ تۇرالايدىغان بىرەرىنى ئۇچراشتۇرۇشنى تىلىدى ھەمدە ئۆزىگە پىچىرلاپ دېدى : «61 ـ نومۇرلۇق كوچىدا ماڭاي ، تاكى چىرىغى يورۇپ تۇرغان سودا سارىيىنى كۆرگىچە» .

كېچە سائەت 11 بولغان چاغ ، خوۋلېر چېكاگو 61 ـ نومۇرلۇق كوچىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى . بىرنەچچە دوقمۇشتىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ بىر كۆتۈرە ئېلىش دۇكىنىنىڭ چىرىغىنىڭ يورۇپ تۇرغىنىنى كۆردى ـ دە ، كىردى . ئۈستەلدە ئىشلەپ ھاردۇق باسقان بىر ئادەم ئولتۇراتتى . خوۋلېر جەزمەن غەيرەتلىك بولۇشى كېرەكلىكىنى ھېس قىلدى .

— مىڭ دوللار تاپقۇڭىز بارمۇ ؟— دېدى خوۋلېر ئۇدۇللا .
بۇ گەپ خوجايىننى چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈرتكۈزدى .

— ئەلۋەتتە ،— دېدى ئۇ جاۋابەن .

— ئۇنداق بولسا ، ماڭا ئون مىڭ دوللارلىق چەكتىن بىرنى



يېزىپ بېرىڭ . مىڭ دوللار ئۆسۈمى بىلەن قايتۇرىمەن ،— خوۋلېر ئىشنىڭ ئۇجۇر ـ بۇجۇرىنى چۈشەندۈرۈپ ، ئۆزىگە قەرز بېرىپ تۇرغان بارلىق كىشىلەرنىڭ تىزىملىكىنى خوجايىنغا كۆرسەتتى .

شۇنداق قىلىپ ، خوۋلېر ئون مىڭ دوللارنى ئېلىپ بۇ يەردىن ئايرىلدى . كېيىنچە ئۇ سوپۇن زاۋۇتىدىن باشقا ، تۆت گىرىم بۇيۇملىرى زاۋۇتى ، بىر پايپاق زاۋۇتى ، بىر ماركا ـ تامغا زاۋۇتى ، بىر گېزىتخانا بولۇپ ، يەتتە زاۋۇتنىڭ پاي ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈردى . كىشىلەر ئۇنىڭدىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ سىرىنى سورىغاندا ، ئۇ ئانىسىنى ئەينى چاغدا دېگەن سۆزلىرى بىلەن جاۋاب بېرەتتى :

— بىز نامرات ، بۇ خۇدانىڭ ئىرادىسى ئەمەس ، بەلكى دادىڭ ئەزەلدىن باي بولۇش خىيالىدا بولۇپ باقمىغان . ئائىلىمىزدىن ھېچكىم بۇ مۇھىتنى ئۆزگەرتىشنى خىيال قىلىپ باقمىغان .

ئەگەر سىز نېمىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىڭىزنى بىلسىڭىز ، ئۇنى كۆرگەن ھامانلا دەرھال تونۇپ يېتەلەيسىز . مەسىلەن : كىتاب ئوقۇغاندا ، بىر قاتار ياخشى پۇرسەتلەرنىڭ ئۆزىڭىزگە كېرەكلىك نەرسىلەرگە ئېرىشىشىڭىزگە ياردەم بېرىدىغانلىقىنى ھېس قىلالايسىز .

خوۋلېردا كۆز بىلەن كۆرمەيدىغان ئەڭگۈشتەردىن بىرى بار . بۇ ئەڭگۈشتەرنىڭ بىر تەرىپىگە «ئاكتىپ پوزىتسىيە» ، يەنە بىر تەرىپىگە «پاسسىپ ھالەت» دەپ يېزىلغان . ئۇ «ئاكتىپ پوزىتسىيە» دېگەن خەت بار تەرىپىنى ئۈستىگە قىلىۋېدى ، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئىش يۈز بەردى . ئۇ ئىلگىرى ئاران ـ ئاران خىيال قىلالايدىغان ئىش رېئاللىققا ئايلاندى .

ھەربىر ياش خوۋلېرنىڭ ئانىسىنىڭ ئېيتقان ئاددىي ، ئەمما ئىنتايىن مەنىلىك سۆزلىرىنى ئەستايىدىل ئويلىنىپ بېقىشى كېرەك . توغرا ، نامراتلىق خۇدانىڭ ئىرادىسى ئەمەس . شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ ، خالىسىڭىزلا خۇدا سىزگە يول بېرىدۇ...

# ئالدىن كۆرەرلەر زېمىنىنىڭ خوجايىنى

1995 - يىلى ياپونىيىنىڭ ئوساكا ئارىلىدا كۈچلۈك يەر تەۋرەپ، ئېغىر ئاپەت يۈز بېرىدۇ ۋە پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. ئەمما كىشىلەر ئۆلگەن، يارىلانغانلارنىڭ ئەھۋالى، ئاپەتنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، ئىقتىسادىي ۋەيرانچىلىقتا نەزىرىنى ئۇنچىۋالا ئاغدۇرۇپ كەتمەيدۇ.

بىر سودىگەر بىر خەۋەردىن ئوساكا پولات - تۆمۈر زاۋۇتىنىڭ ئەسلىھەلىرىنىڭ ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقتىن ئالتە ئايغىچە ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ تەسلىكى ھەققىدىكى ئۇچۇرنى كۆرىدۇ. ئۇ ئوساكا پولات - تۆمۈر زاۋۇتىنىڭ يىلىغا دۆلىتىمىزگە بىر مىليون توننا پولات - تۆمۈر ئېكسپورت قىلىدىغانلىقىنى، ئۇ ۋاقىتىنچە ئىشتىن توختىسا، مەھسۇلات يېتىشمەسلىكى سەۋەبىدىن مال باھاسىنىڭ ۋاقىتىنچە ئۆرلەپ كېتىدىغانلىقىنى پەملەپتۇ - دە، زور مەبلەغ توپلاپ بەش مىڭ توننا پولات - تۆمۈر سېتىۋېلىپ ئامبارغا تىقىپتۇ. دېگەندەكلا يېرىم ئايغىمۇ بارماي، پولات - تۆمۈرنىڭ ھەر توننىسىنىڭ باھاسى 200 يۈەندىن ئۆرلەپ، بىر مىليون يۈەن ساپ پايدىغا ئېرىشىپتۇ.

باشقا دۆلەت، نەچچە مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتىكى ئاپەتنىڭ سىز، بىز بىلەن قانچىلىك مۇناسىۋىتى بار؟ بەزىلەر ھېچقانچە مۇناسىۋىتى يوق، دەپ قارىشى مۇمكىن. بەزىلەر زىچ مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايدۇ. مۇھىمى ھېس قىلىش مەسىلىسى. بۇ سودىگەر باغلىنىشنى بايقاپ، ئۇنىڭدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ قالتىس پۇل تاپتى. ئىقرار قىلماي بولمايدۇكى، بۇ سودىگەرنىڭ



ئالدىن كۆرەرلىكى ھالقىلىق رول ئوينىغان.

ئۇچۇرلار تېز سۈرئەتتە ئالمىشىپ تۇرغان بۇ دەۋردە كۆپىنچە ئادەم كېيىنكى ئىشلارغا توغرا ھۆكۈم چىقىرالىشى ناتايىن. ھەتتا ئىنتايىن ئاقىللارمۇ، داڭلىق شىركەتنىڭ خوجايىنلىرىمۇ، «نوبېل مۇكاپاتى» ساھىبلىرىمۇ ئەتە ھەققىدىكى ھۆكۈمدە خاتالىشىپ قېلىشى مۇمكىن. ياپونىيىمۇ 70 - يىللاردىلا سۈنئىي ئەقلىنىڭ زېمىنغا خوجىدارلىق قىلىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەپ، بۇ ساھەگە ئىنتايىن كۆپ مەبلەغ سالغان. ئەمما ئەمەلىيەت بۇنىڭ ماشىنىنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنى ھەددىدىن زىيادە يۇقىرى مۆلچەرلىۋەتكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. مانا بۇ، ئەتە ھەققىدىكى تەسەۋۋۇر پىلانىدا ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭلا توغرا ھۆكۈم چىقىرالايدىغانلىقىنىڭ سەۋەبى. ئەمما بىل گېيتىس باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان نۇقتىدىن چىقىپ، كومپيۇتېرنىڭ ئەتىسى ھەققىدە تەسەۋۋۇر قىلدى ۋە ئۇنى رېئاللاشتۇردى.

بىل گېيتىس ئەتە ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرىنى ئىلمىي تەتقىقاتىغا يېتەكچى قىلدى. بۇ ھەم مىكروسوفتنىڭ ھەم بارلىق مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلارنىڭ پرىنسىپى، ئەلۋەتتە.

نۇرغۇن كىشىلەر پۈرسەتنى ۋاقتىدا بايقىيالماي زىيان تارتىپ قالىدۇ. ئاز ساندىكى كىشىلەرلا پۈرسەتنى ئۆزى يارىتىپ ئۆز ئەقىل - پاراسىتىنى نامايىش قىلىدۇ. گېيتىسنىڭ DOS مەشغۇلات سىستېمىسىنى ياساپ چىقىشى، ئارقىدىنلا DOS نى سۈپۈرۈپ تاشلاپ «كۆزنەكلەر» (Windows) سىستېمىسىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشى بۇنىڭ ياخشى مىسالى. «كۆزنەكلەر 1.0» مەغلۇپ بولدى. كۆزنەكلەر 2.0» مۇ مەغلۇپ بولدى. ئۇ بوشاشماي «كۆزنەكلەر 3.0» نى مەيدانغا چىقاردى. «كۆزنەكلەر 95» سىستېمىسى قالتىس بازار تېپىپ، ھەددى - ھېسابسىز كىرىم يارىتىۋاتقان بىر چاغدا، ئۇ تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «كۆزنەكلەر NT» سىستېمىسىنى بازارغا چىقاردى.

ئاددىي ئادەملەر كۆپىنچە بۇرنىنىڭ ئۇچىغىلا قاراپ تۇرۇۋالىدۇ. بىر شىركەتنىڭ رەھبىرى بولغان ئادەم كەلگۈسىدىكى خېرىدارلىرى ھەققىدە جەزمەن ياخشى تونۇشقا ئىگە بولۇشى لازىم. نۇرغۇن ئادەم تەۋرىنىپ قالغاندا ئۇ بوشاشماي چىڭ تۇردىغانلاردىن. توغرا، ئۇ ھەممىگە قادىر ئىلاھ ئەمەس. ھەممە ئادەم تەن ئالغان ئىشلارغا ئۇنىڭ كۆزىنى يۇمۇۋالىدىغان چاغلىرىمۇ بولغان. خۇسۇسىي كومپيۇتېر دەۋرىگە بولغان پەرىزىنىڭ قالتىس بولغانلىقىدىنمۇ ئۇ ئۆز مۇۋەپپەقىيىتىگە ھەددىدىن زىيادە ئىشىنىپ كەتتى. شۇڭىمۇ نۇرغۇن كىشى «تور دەۋرى» ھەققىدە بەس مۇنازىرە قىلىشىۋاتقاندا خېلى چاغقىچە ئۇ دىمىغىنى قېقىپ قويۇپ كەلگەنىدى. 1995 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئاندىن ئۇ ئۆزىنىڭ دۆتلىكىنى ھېس قىلىپ يەتتى. ئۇنىڭ باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان يېرىمۇ ئۇ ئۆزىنىڭكىنىلا ھەق، توغرا، ئۆزىنىلا قالتىس دەپ تۇرۇۋالمايتتى. ئۇ «تور دەۋرى» ھەققىدىكى قىياستا ئۆز خاتالىقىنى سەزگەن ھامان ئېلېكترونلۇق يوللانما ئارقىلىق يىگىرمە مىڭدىن ئارتۇق ئىشچى ـ خىزمەتچىسىگە خاتالىقىنى ئىقرار قىلىپ «ئىنتېرنېت تورىنىڭ بۈيۈك دولقۇنى» دېگەن تېمىدا ئىنتۇناتسىيىسى باياناتقا ئوخشاپ كېتىدىغان خەت يازغانىدى. بىل گېيتىس خېتىدە، تور بىزنىڭ مەھسۇلاتلىرىمىزنىمۇ ئۇزۇل ـ كېسىل ئۆزگەرتىدۇ، دەپ يازىدۇ ۋە پۈتكۈل خىزمەتچىلىرىگە ئەتىسى ئەتىگەندىن باشلاپ كومپيۇتېردىكى بارلىق يۇمشاق دېتاللارنى يۇيۇپ تاشلاپ ھەممىنى قايتىدىن باشلاش توغرىلىق بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. شۇ ئەتىگىنى پۈتكۈل مىكروسوفت پاتپاراقچىلىققا تولىدۇ. نۇرغۇن خىزمەتچى كۆپ پۇل تاپقىلى بولىدىغان نۇرغۇن مەھسۇلات گۇرۇپپىلىرىنىڭ تارقىتىۋېتىلگەنلىكىدىن نارازى بولۇشىدۇ. نۇرغۇن خىزمەتچىلەر يېڭى ئىشخانىدا ئىشقا چۈشىدۇ. ئەمما، ئۇزۇن ئۆتمەي ھەممە بىردەك بىل گېيتىسنىڭ ئىنتايىن ئاقىلانە ئالدىن كۆرەرلىكىنى ئىقرار قىلىشىدۇ.



## بارلىق يوشۇرۇن ئىقتىدارىڭىزنى ئەڭ يۇقىرى چەكتە قوزغاڭ...

ھەر يىلى 10 ـ ئاي مەزگىلىدە[①] ياۋروپا ـ ئامېرىكا دۆلەتلىرىدىكى كىشىلەر نىقابلىق يىغىلىش ئۆتكۈزۈشىدۇ. بۇ كۈنى كىشىلەر كاۋا، قەنت ـ گېزەك سېتىۋېلىپ ھەرخىل ھەييارلارچە ياكى قورقۇنچلۇق ياسىنىپ تەبرىكلىشىدۇ. ئاخشىمى باللار غەلىتە كىيىنىپ، ئىشىكمۇ ئىشىك يۈرۈپ قەنت ـ گېزەك سوراپ يەيدۇ، چوڭلارمۇ يىغىلىپ تەبرىكلىشىدۇ.

بىر كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى، بىرەيلەن يىغىلىشتىن غەرق مەست پېتى تارقاپ ئۆيىگە قارپا مېڭىپتۇ. ئەمما مەستلىكتە بىلىپ ـ بىلمەي بىر قەبرىستانلىققا كىرىپ قاپتۇ. قەبرىستاندا يېڭىدىن قېزىلغان، تېخى مېيىت قويۇلمىغان ئوچۇق گۆردىن بىرى بار ئىكەن. ئۇ قالايمىقان دەسسەپ مېڭىپ يۈرۈپ گۆرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ.

— نە... بۇ ئەمدى... تۈپتۈز يولدىمۇ ئورەك پەيدا بولۇپ قاپتا...— دەپتۇ ئۇ ئەلەسلىشىپ ۋە چىقىپ كېتىشكە شۇنچە ئۇرۇنغا بولسىمۇ چىقالماپتۇ ھەم ئاچچىقلانغىنىچە بىر نېمىلەرنى دەپ ھېرىپ ئولتۇرۇپ قاپتۇ.

بىردەمدىن كېيىن ئۇ بىرسىنىڭ «ۋا.. ۋاي...» دېگىنىچە قېشىغىلا چۈشكىنىنى ئاڭلاپتۇ. ئەسلىدە يەنە بىر ھاراقكەش تۇيماي گۆرگە چۈشۈپ كەتكەنىكەن.

① بەزى ماتېرىياللاردا 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى دېيىلىدۇ — ت.

— قايسى ئۆلگۈر قازغاندۇ بۇنداق ھەم چوڭقۇر ھەم يوغان گۆرنى ،— دەپتۇ كېيىن چۈشكىنى غۇدۇراپ .

— سەنمۇ كەلدىڭما ؟ !— دەپتۇ ئالدىدا چۈشكىنى خىرقىراپ تۇرۇپ .

— ۋا . . . ۋايجان . . . جىن ! . . . ،— ئىككىنچى مەست يىقىلىپ ، قوپۇپ ، تاتىلاپ ئۆمىلەپ يۈرۈپ ، گۆردىن چىقىپ پاتىراقشىپ قېچىپ كېتىپتۇ .

— توۋا . . . ،ماۋۇ بىر سەكرەپلا چىقىپ كەتتىا ،— دەپتۇ ئالدىدا چۈشكىنى ۋە ئۇمۇ يامىشىشقا باشلاپتۇ . ئەمما زادىلا چىقالماپتۇ . ئاخىرى ،— ھە قاچان ئېگىزگە سەكرەش تەنھەرىكەتچىسى ئوخشايدۇ ،— دەپ قويۇپ پۇشۇلدىغىنىچە ئۇيقۇغا كېتىپتۇ .

ئىككى مەستنىڭ بىرى نېمىشقا بىرى چىقىپ ، يەنە بىرى چىقالمايدۇ ؟ سەۋەب ئاددىيلا ، ئىككىنچى مەست ئۆزىنى جىنغا ئۇچراپ قالدىم ، دەپ ئويلىدى - دە ، كۆڭلىدە پەيدا بولغان غايەت زور قورقۇنچ بېسىمىنىڭ تۈرتكىسىدە ئۆزىدە بار بارلىق كۈچنى ئىشقا سېلىپ گۆردىن چىقىپ كەتتى .

پسىخولوگ ۋىليام جامىس «ئۆزىدىكى تالانتنىڭ 10% ىنىمۇ ئىشلىتەلىگەن ئادەم يوق» دەيدۇ . ئەگەر ئادەملەر ئۆزىدىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارنى تولۇق جارى قىلدۇرالايدىغان بولسا ، ئۇ غايەت زور كۈچ قۇدرەت بولۇپ چىقىدۇ . نېمىشقا ئادەملەر ئۆزىدىكى ئىقتىدارنى قوزغاپ چىقالمايدۇ ؟ چۈنكى ، بىزدە يېتەرلىك بېسىم يوق . شۇڭا بىزدە كۈچمۇ ، شىجائەتمۇ يوق . بېسىم بولمايدىكەن ، شۇنچە زور يوشۇرۇن ئىقتىدار قوزغالماي بېسىلىپ ياتىدۇ . شۇڭا ، ھەربىر ئادەم ئۇلۇغ نىشان ، يىراق مەزگىللىك پىلان - مەقسەتلەر ئارقىلىق ئۆزىگە ئاكتىپ بېسىم پەيدا قىلىشى ، ئۆزىدىكى غايەت زور كۈچ - قۇدرەتنى ئىسراپ قىلىۋەتمەي ئىشلىتىشى لازىم . شۇندىلا ئۇ جەمئىيەتنىڭ غالىب كۈچىگە ئايلىنالايدۇ .



# ئىشەنچىڭىزنى چىڭىتىپ تۇرۇڭ

1882 - يىلى دۇنياغا داڭلىق سۇ ئۈزۈش ماھىرى فلورېنس چادۋىك خانىم كادلىن ئارىلىدىن كالىفورنىيە دېڭىز قىرغىقىغا ئۈزۈپ بارماقچى بولدى . ئىككى يىل ئاۋۋال ئۇ ئېنگلىس دېڭىز بوغۇزىدىن كېسىپ ئۆتكەن ئىدى . بۇ قېتىم ئۇ يېڭى رېكورت ياراتماقچى بولۇۋاتاتتى .

شۇ كۈنى ، ئۇ كالىفورنىيە دېڭىز قىرغىقىغا ئۈزۈپ كېلىشكە ئازلا قالغاندا ، لەۋلىرى سوغۇقتىن كۆكىرىپ ، پۈتۈن بەدىنى جالاقلاپ تىترەپ كەتتى . ئۇنىڭ دېڭىزدا ئۈزۈۋاتقىنىغا 16 سائەت بولۇپ قالغانىدى . ئۇنىڭ كۆز ئالدىنى قېلىن بىر قەۋەت تۇمان قاپلىۋالدى . ھەتتا قۇتقۇزۇش كېمىسىدىكىلەرنى كۆرۈشمۇ تەسلىشىپ كېتىۋاتاتتى .

— مېنى تارتىۋېلىڭلار .

ئۇ ئەمدى بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ كېمىدىكىلەرگە يالۋۇردى . كېمىدىكىلەر ئۇنى بەل قويۇۋەتمەي يەنە بىر ئاز بەرداشلىق بېرىشكە ئۈندەپ ، بىر ئىنگلىز چاقىرىملا ئارىلىق قالغانلىقىنى ئېيتتى . ئەمما ئۇ تۇمان دەستىدىن ھېچنەرسىنى كۆرەلمەيۋاتاتتى . شۇڭىمۇ ئالدانغاندەك ھېس قىلدى .

— مېنى تارتىۋېلىڭلار .

ئۇ يالۋۇرۇشقا ، قايتا - قايتا ئۆتۈنۈشكە باشلىدى . كېمىدىكىلەر ئاخىر توڭۇپ تىترەپ كەتكەن ، پۈتۈن بەدىنى ھوشىنى يوقاتقان چادۋىك خانىمنى كېمىگە ئېلىشقا مەجبۇر بولدى .

كېيىن ئۇ مۇخبىرلارغا قىرغاقنى كۆرەلىگەن بولسىلا ، دا-

ۋاملىق ئۈزۈۋېرىدىغانلىقىنى ، تۇماننىڭ يولىنى توسۇپ قويغانلى-
قىنى ئېيتىدۇ .

ئەمما ، ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ تۇيۇق-
سىزلا ئۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلغان نەرسىنىڭ تۇمان ئەمەس ،
قەلبىدىكى ئۆزىگە ئىشەنمەسلىك ، شۈبھە ئىكەنلىكىنى بايقاپ يې-
تىدۇ . ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئالدى بىلەن ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنىڭ
يوقىلىشى سەۋەبلىك ، تۇماننىڭ تۇتقۇنىغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى .

ئىككى ئايدىن كېيىن چادۋىك كالىفورنىيە دېڭىز قىرغىقىغا
يەنە ئۈزۈپ بارماقچى بولدى . بۇ قېتىممۇ قېلىن تۇمان ئۇنى
قاپساپ تۇردى ، دېڭىز سۈيىنىڭ سوغۇقى سۆڭەككىچە يەتتى .
قىرغاقنىمۇ كۆرەلمىدى . ئەمما قىرغاق ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئىدى .
ئۇ قىرغاقنىڭ ھامان ئالدىدا ئىكەنلىكىنى ، تىرىشىسىلا يېتىپ
بارىدىغانلىقىنى بىلەتتى . . .

چادۋىك ئاخىر ئىشەنچىنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتكەنىدى .
ئۇ ئۆز غايىسىگىلا ئەمەس ، ئۆز غايىسىگە جەزمەن يېتىدىغانلىقى-
غىمۇ قەتئىي ئىشەنگەنىدى .

روگېر رالىس ئامېرىكا نيۇيورك شتاتىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك
نېگىر شتات باشلىقى . ئۇ نيۇيوركتىكى داڭلىق داشاتۇ نامراتلار
مەھەللىسىدە تۇغۇلغان . بۇ يەر شارائىتى ئىنتايىن ناچار ، زورا-
ۋانلىققا تولغان ، ئوغرىلىقچە چېگرىدىن ئۆتكەن سەرگەردانلار
توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون ئىدى . ئۇلار كىچىكىدىنلا مەك-
تەپتىن قېچىپ ، ئۇرۇشۇپ ، ئوغرىلىق قىلىپ ، ھەتتا زەھەر
چېكىپ ئادەتلىنىپ قالاتتى . خىزمەتچىلەر ئىنتايىن ئاز ئىدى .
ۋەھالەنكى ، روگېر رالىس ئاشۇ يەردە تۇغۇلۇپ چوڭ بولۇپ ،
ئالىي مەكتەپتە ئوقۇدى ، شتات باشلىقى بولدى .

ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش ئالدىدىكى مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش
يىغىنىدا ، بىر مۇخبىر ئۇنىڭدىن : «سىزنى مۇشۇ ئورۇنغا ئېلىپ
چىققان نەرسە نېمە ؟» دەپ سورىغاندا ، ئۇنىڭ تىلغا ئالغىنى



ئۆزىنىڭ كۈرەش ، تىرىشىش جەريانى ئەمەس ، بەلكى باشلانغۇچ
مەكتەپتىكى مەكتەپ مۇدىرى پىل پائۇل بولدى .

1961 ـ يىلى پىل پائۇل نوۋىتا باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ
باشقۇرۇش ھەيئىتى ، قوشۇمچە مەكتەپ مۇدىرلىقىغا تەكلىپ قى-
لىندى . بۇ ئامېرىكىدا ھىپپىي ئېقىمى[1] دەۋر سۈرۈۋاتقان مەز-
گىل بولۇپ ، ئۇ ئەكسىچە نوۋىتا باشلانغۇچ مەكتىپىدىكى نۇرغۇن
بالىنىڭ جاھان بىلەن پەرۋايى پەلەك ، بىغەم ، تولىمۇ خۇراپىي
ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ . بۇ بالىلار مۇئەللىملەر بىلەن ھەمكارلى-
شىشتا يوق ، دەرس تاشلايتتى . زاكۇنلىشاتتى ، ھەتتا دوسكىلارنى
بۇزىۋېتەتتى . پىل پائۇل شۇنچە تىرىشىپمۇ بۇ ھالنى ئۆزگەرتەلمى-
دى . ئۇ ئاخىرى بالىلاردىكى خۇراپىيلىقتىن پايدىلىنىپ ، بالى-
لارنى رىغبەتلەندۈرمەكچى بولدى .

پائۇل دېرىزىدىن قاچماقچى بولغان رالىسنى تۇتۇۋېلىپ ،
ئۇنىڭ كىچىككىنە قولىنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ :

— ئالىقىنىڭدىكى سىزىقچىلارغا قاراپلا بىلدىم . سەن كەل-
گۈسىدە نيۇيورك شتاتىغا شتات باشلىقى بولىدىكەنسەن ، —
دەيدۇ .

رالىس بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەيران قالىدۇ . مومىسىمۇ ئۇنىڭغا
بىر قېتىم بەش توننا يۈك كۆتۈرەلەيدىغان كېمىگە باشلىق بولىدى-
كەنسەن دېگەنىدى . مانا ئەمدى پىل پائۇل ئەپەندى ئۇنى نيۇيوركقا
شتات باشلىقى بولىسەن دەۋاتىدۇ . . . ئۇ بۇلارنى ئويلاپمۇ باقمى-
غانىدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ گەپلەرنى خاتىرىلىۋالىدۇ ۋە ئۇنىڭغا
راستىنلا ئىشىنىدۇ .

شۇ كۈندىن باشلاپ «نيۇيورك شتاتىنىڭ باشلىقلىقى» را-
لىسقا بايراق بولىدۇ . ئۇ توپىلاردا ئېغىنىمايدۇ . چىرايلىق سۆز-

① ھىپپىي — ئادەمنىڭ ئىسمى . بۇ ئېقىم 1960 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا مەيدانغا كەلگەن
بولۇپ ، ئەنئەنىگە كەسكىن قارشى ھالدا ئوچۇق ، ئېرىم يالىڭاچ ، خالىغانچە ، بىمەنىلەرچە كىيىنىش
ۋە تۇرمۇش كەچۈرۈش بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ . ھىپپىيچە ئۇسۇل ھازىر بىزدىمۇ پەيدا بولۇۋاتىدۇ .
— ت

لەشكە تىرىشىدۇ. قەيسەرلىك بىلەن تىرىشىشقا كىرىشىدۇ ۋە 40 نەچچە يىل ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئاشۇ غايىۋى سالاھىيەت ئورنىدىن بىر كۈنمۇ ۋاز كەچمەيدۇ. 51 ياشقا كىرگەن يىلى ئاخىرى نيۇيوركنىڭ شتات باشلىقى بولىدۇ.

ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش نۇتقىدا رالىس: «ئىشەنچ قانچە پۇلغا يارايدۇ؟ ئۇنى پۇل بىلەن ئۆلچىلىگىلى بولماسلىقى مۇمكىن. ئۇ بەزىدە بىزنى چىرايلىق ئالدايمۇ قويىدۇ. ئەمما ئۈزلۈكسىز تىرىشساڭ، ئىشەنچىنىڭ قىممىتى ئاشىدۇ، تېخىمۇ چىڭىيىدۇ».

بۇ ئالەمدە ھەرقانداق ئادەم ئىشەنچتىن ئىبارەت بۇ ھەقسىز نېمەتكە خالىغانچە ئېرىشەلەيدۇ. بارلىق غالىبلار، ئىشنى كىچىككىنە ئۇمىد، ئىشەنچ بىلەن باشلىغان. ئىشەنچ بارلىق مۆجىزىنىڭ ئۇرۇقى.



# ئىشلىرىڭىز مەنىلىك بولسۇن

بىر راھىبنى داڭ ئۇرىدىغان ئىشقا بەلگىلەپ قويۇپتۇ. ئۇنىڭچە، بۇ ئەتىگەن كەچتە بىر قېتىمدىن داراڭلىتىپ قويسىلا بولىدىغان ئىش ئىدى. بۇتخانىدىكى تائەت - ئىبادەت ۋاقتىدىن بەلگە بەرسىلا باشقا ئەھمىيىتىمۇ يوق ئىدى. ئۇ زېرىكىپ كەتكەن بولسىمۇ، بىر كۈن راھىب بولساڭ، بىر كۈن داڭ ئۇر دېگىنىچە ئىشنى قىلىۋېرىپتۇ.

بىر كۈنى، باش راھىب ئۇنى داڭنى ياخشى ئۇرمىدى دەپ ئارقا ھويلىدا ئوتۇن يېرىپ، سۇ توشۇيدىغان ئىشقا بەلگىلەپ قويۇپتۇ.

راھىب ۋاقتىدا، جايىدا ئۇردۇمغۇ دەپ قايىل بولماپتۇ.

باش راھىب ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ:

— داڭنى جاراڭلىق ئۇردۇڭ، لېكىن ئاۋازى قۇرۇق، ھارغىن، مەنىسىز بوپقالدى. سېنىڭ خىيالىڭدا داڭ ئۇرۇشنىڭ ۋاي دېگۈچىلىكى يوق، مەززىسىز ئىش. ئەمما داڭنىڭ ئاۋازى پەقەت ئىبادەتخانىنىڭ ئىبادەت ۋاقتى ئۈچۈن ئۆلچەم بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تېخىمۇ مۇھىمى ئۇيقۇدا ياتقانلارنى ئويغىتىدىغان سىگنال. شۇڭا ئۇ ياڭراق، ئېغىر، ۋەزىنلىك بولۇشى كېرەك. قەلبتە داڭ يوق راھىب بولالماس، كەمتەر بولماي، كەسپىنى سۆيمەي تۇرۇپ قانداقمۇ داڭ ئۇرغىلى بولسۇن؟...

ماياكوۋىسكى توغرا ئېيتىدۇ: «خىزمەتتىكى بىر كىچىك ئىشنىمۇ ئۇلۇغ مەقسەتلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك».

مۇۋەپپەقىيەتلىك ھايات بىر ياخشى نىشان سىستېمىسىدۇر.

مىكروسوفتنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ھەققىدە بىل گېيتس كىشىلەرگە ھېچقانچە مەخپىيەت ئېيتىپ باقمىغان . ئەمما نۇرغۇن مىكروسوفت خىزمەتچىلىرى مۇنداق دەيدۇ : «بىل گېيتس ئەپلەپ ـ سەپلەپ كۈن ئۆتكۈزۈشكە يول قويمايدۇ . توختىماي مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇپ جاۋاب ئىزدەيدۇ . بىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەت مەخپىيىتىمىز مانا شۇ» .

كىشىلىك نىشان تۇرمۇش بىلەن بىرىكىپ كەتكەندە ، ئۇنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ۋاقىتقىلا باغلىق بولۇپ قالىدۇ .

شۇڭا ، ھەربىر كىچىك ئىشنىمۇ سەل قاراپ تاشلىۋېتىشكە بولمايدۇ . تۇرمۇشتا ھېچقانداق كىچىك رول يوق ، پەقەت كىچىك ئارتىس بار . ئەگەر سىز داڭلىق چولپاننىڭ نەزىرى بىلەن سەھنىگە قەدەم باسسىڭىز ، جەزمەنكى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئوبراز قالدۇرالايسىز .

مۇۋەپپەقىيەتلىك نىشان سىستېمىسى بولىدىكەن . ھەربىر كىچىك ئىشمۇ ئەھمىيەتلىك ، مەنىلىك ئىشقا ئايلىنىدۇ . خىزمەت ، تۇرمۇش شادلىق ، جۇشقا تولىدۇ . چۈنكى ئاشۇ كىچىك ئىشلار دەل بىزنىڭ ھاياتلىق نىشانىمىزغا يېتەكلەيدىغان ھالقىلار .



## تۇرمۇشتىن ئۈمىد بىلەن بەھرىلىنىڭ

ئەنگلىيىنىڭ بىر تەمسىلىدە شۇنداق دېيىلىدۇ :

بىر پادىشاھ يالغۇز ئايلىنىپ باغقا كىرىپ ، باغدىكى بارلىق دەل ـ دەرەخ ، گۈللەرنىڭ ھەممىسىنىڭ قۇرۇپ كەتكىنىدىن ھەيران قاپتۇ . ئەسلىدە دۇب دەرىخى قارىغايدەك تىك ئۆسمىگەچكە ياش تۇرۇپلا قۇرۇغان ، قارىغاي ئۈزۈم تېلىدەك كۆپ مېۋە بەرمىگەچكە قۇرۇغان ، ئۈزۈم تالىلىرىنىڭ شاخ ـ پۇتاقلىرى تال جازىسىغا يۆگىشىپ قېلىپ رۇسلىنالماي ، شاپتۇلدەك چېچەكلىيەلمەي ئۆلگەن ، بىنەپشە گۈل كېسەل تېگىپ ، رەڭگارەڭ گۈللەرنى پورەكلەپ ئېچىلدۇرالمىغاچقا ، ھەممىسىنىڭ چىرايىدا قان يوق ئاھ تارتىپ ياتقانىكەن . پەقەت كىچىككىنە بىر تال ئوتلا ناھايىتى تىرەن ئۆسۈۋېتىپتۇ .

پادىشاھ ھەيران بولۇپ سوراپتۇ :

— ھەي ، باشقا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ھەممىسى قۇرۇپ كەتسە ، بىر سەنلا شۇ قەدەر ئۈمىد بىلەن كۆكلەپ تۇرۇپسىنا ؟

— ئالىيلىرى ،— دەپتۇ ئۇ چۆپ ،— نېمىشقا قايغۇرغۇدەكمەن ، ئەگەر سىلىگە بىرەر تۈپ دۇب دەرىخى ، قارىغاي ، تال ، شاپتۇل ياكى بىنەپشە رەڭ گۈل لازىم بولسا باغۋەنگە دېسىلە ئۇ ئۆستۈرۈپ بېرىدۇ . ئەمما مەن ئۆزۈم ئۈمىدلىنىپ ياشىمىسام كىم مېنى ئۆستۈرىدۇ ؟ سىلى ئۆستۈرەمدىلا ؟ . . .

ھېچ كىشىنىڭ نەزىرى چۈشمەيدىغان ئوت ـ چۆپ بولۇش بەلكىم تولىمۇ پاسسىپ كۆزقاراش بولۇشى مۇمكىن . ئەمما ئەمەلىي تۇرمۇشتا ھەممە ئادەمنىڭ رەھبەر ، باشلىق بولۇپ كېتىشى

ناتايىن. پۇقرالىقىمۇ ئادەم لازىم. بۇ يەردىكى ئەڭ مۇھىم نەرسە سېنىڭ نېمە ئىش قىلىشىڭ ئەمەس، قانداق ئادەم بولۇشۇڭ، ئۆزۈڭگە يۈز كېلىش - كېلەلمەسلىكىڭدۇر.

شۇڭا، ئۈمىدۋار كەيپىياتنى ساقلاپ، ھەممىنى ئالغا ئىلگىرىلەشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە ئايلاندۇرغاندىلا، تۇرمۇشتىن ھەقىقىي نەپكە ئېرىشىپ مۇۋەپپەقىيەتكە يېقىنلاشقىلى بولىدۇ.

ھەممە ئادەم ئوڭۇشسىزلىق، مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئەمما ئۈمىدۋار ئادەم ئۇنى پايدىلىق شارائىتقا ئايلاندۇرالايدۇ. پىتنە - ئىغۋا، ئەپ قاچتى گەپلەرگە ناھايىتى كۆپ ئۇچرىغان بىر داڭلىق ئەرباب مۇنداق دېگەنىدى: «بىلەمسىز؟ ئەڭ يېقىن تۇغقىنىڭىزمۇ ھەسەت تۇپەيلى دىلىڭىزغا ئازار بېرىشى مۇمكىن. ئۇنداق قىلسا نېمە بوپتۇ؟ مەن بەزى چاغلاردا بۇنىڭدىن خۇشال بولۇپمۇ قالىمەن. چۈنكى بۇ مېنىڭ ياخشىلىقىمنى دەلىللەپ بېرىدۇ. بەزىلەرنىڭ ھەسىتى قوزغالسا، بۇنىڭدىن مەغرۇرلانسام نېمىسى بولمىغۇدەك؟!».

گېيتىس: «مەلۇم بىر ئىشقا نىسبەتەن ھەممە ئادەمنىڭ كۆزقارىشى بىردەك بولۇپ كېتىشى ناتايىن. بىر چۈشكۈن ئادەم ھەممىلا نەرسىنىڭ يامان تەرىپىنى ئويلاپ، ئەتىدىن كەچكىچە قاپىقىنى تۈرۈپ ئاچچىقلىنىپ يۈرىدۇ - دە، دوستلىرىنى يىغلىتىپ، دۈشمىنىنى كۈلدۈرۈپ ئۆزىنى قىينايدۇ. تۇرمۇشىمۇ، باشقىلارمۇ زور زەربىگە ئۇچرايدۇ» دەيدۇ.

ئۈمىدۋار ئادەم ئوڭۇشسىز شارائىتتىمۇ ئامال تېپىپ، ئاكتىپ كەيپىياتنى ساقلىيالايدۇ ۋە يۇمۇرىستىك نەزەر بىلەن قايغۇنى شادلىققا ئۆزگەرتەلەيدۇ.

بىر پروفېسسور دائىم «چوڭ چاتاق يوق» دېيىش ئارقىلىق قىيىنچىلىقنىڭ ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىكەن. ئەگەر ئوقۇغۇچىلىرى قىيىنچىلىققا ئۇچراپ جىددىيلە-



شىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا «قانداق قىلارمىز ئۇستاز؟ نەچچە ئايلىق قان - تەرىمىز مۇشۇنداقلا يوققا چىقارمۇ؟» دېيىشىپ چۈشكۈن ھالدا كەلسە، ئۇ ماتېرىياللارنى بىرەر - ئىككى مىنۇت كۆرگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ مۈرىسىگە شاپىلاقلاپ قويۇپ «چوڭ چاتاق يوقكەنغۇ» دەيدىكەن كۈلۈپ. شۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلىرى ئىنجادلىق يولى تاپقاندەك تېتىكلىشىپ، ئۆز تەتقىقاتىنى داۋاملاشتۇرىدىكەن.

بىر قېتىم پروفېسسورنىڭ ئايالى قاتناش ھادىسىسىگە ئۇچراپ بىر پۇتى سۇنۇپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بۇنى ئاڭلاپ ئالدىراپ - تېنەپ دوختۇرخانىغا بارسا، پروفېسسور ھېچ ئىش بولمىغاندەك كۈلۈپ: «چوڭ چاتاق يوق. يەنە بىر پۇتى ساقكەن تېخى» دەپ ئولتۇرغۇدەك. بۇنداق بالا - قازا، قىيىنچىلىق ئىچىدىمۇ ئۆزىنى يىقىتىپ قويمايدىغان، پۈتۈنلەي چۈشكۈنلىشىپ كەتمەيدىغان ئۈمىدۋار روھ ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىغىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتمەي قالمايدۇ.

تۇرمۇشتىن ئەركىن - ئازادە بەھرىلىنىشتە ئۈمىدۋارلىق كەم بولسا بولمايدىغان ئامىلدۇر.

سودا ساھەسىدە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بىر زات شۇنداق دەيدۇ: «مەن كىچىكىمدىنلا بىر ئادەتتىكىچە بالا ئىدىم. ئەمما مەن ئەزەلدىن ئوڭۇشسىزلىق، قىيىنچىلىققا ئۇچرىغان چاغلىرىمدا بەل قويۇۋەتكەن ئەمەسمەن. مەن ئۆزۈمگە دائىم شۇنداق دەيتتىم: ‹ئۈمىدۋارراق بول، ئەتەڭ تېخىمۇ ياخشى بولۇشى مۇمكىن.› بەزىلەر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ ئۆز قابىلىيىتىنىڭ يېتەرسىزلىكىنى بايقىغاندا، پېشانىسىگە مەغلۇپ بولۇش پۈتۈۋېتىلگەندەك ئويلاپ قالىدۇ. بۇ بىزنىڭ ئىقتىدارىمىزنى بوغۇپ، مۇۋەپپەقىيەت يولىمىزنى توسۇپ تۇرىدىغان پۈتلىكاشاڭ قاراش. مەن نېمىلا بولمىسۇن تىرىشىپ بېقىش كېرەك، دەپ قاراپ كەلدىم. نەتىجىمۇ ئېشىپ باردى».

تۇرمۇشتىن ھەقىقىي بەھرىلىنەي دېگەن ئادەم ئالدى بىلەن ئۆزىنى چېنىقتۇرۇپ ، ھەرقانداق ئەھۋالغا قارىتا توغرا مۇئامىلە قىلالايدىغان بولۇشى كېرەك . بۇ بىزدە ئاكتىپ پوزىتسىيە يېتىلدۈرۈپ ، مەغلۇبىيەتتىن قورقۇش پسىخىكىمىزنى يېڭىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ .

قانچىلىك ئادەم ئەتىگەندە ئورنىدىن كۈلۈپ قوپالار ؟ ئۈمىدۋارلارغا ھەر دائىم كۈلكە ، تەبەسسۇم ھەمراھ ، كۈلۈمسىرەش ئەڭ ياخشى ئىللىتىش قورالى . بىز كۈلكە ئارقىلىق كۆڭۈلسىزلىكنى ھەيدەپ ، تېخىمۇ كۆپ ئادەمگە شادلىق بېرەلەيمىز .

ئۈمىدۋارلىق بۇ ئاددىي ، ئەمما قىلىش تەس گەپ . ئالدى بىلەن ئوڭۇشسىزلىق ئىچىدىن نۇر بايقاشنى ئۆگىنىۋېلىڭ . بىر ئانا ئوغلىغا شۇنداق دېگەن : «زېمىننى زۇلمەت باسسا ، يۇلتۇز ھامان پارلايدۇ» .

ھازىردىن باشلاپ ئۆزىڭىزدىكى ئارتۇقچىلىقلارنى تېپىپ چىقىڭ . ھەر كۈنى ئۆزىڭىز ياخشى قىلدىم ، دەپ قارىغان ئىشنى ئويلاڭ . ئىشەنچ پەيدا بولغاندىن كېيىن مەغلۇبىيەت سەۋەبىدىنلا ھەممىدىن رايىڭىز قايتىپ چۈشكۈنلىشىپ يۈرمەيسىز .

يۇمۇر ، لەتىپىلەردىن زوقلىنىشمۇ ياخشى ئامال . ئىنتايىن ئاز كۆرۈلىدىغان بىر ئادەمدە بارا - بارا روھ ، جاسارەت قالمايدۇ . كۈلكىلىك ئىشلارنى ئويلاش ، باشقىلارغا ئېيتىپ بېرىش ئارقىلىق ئۆزىمىز شادلىققا ئېرىشەلەيمىز . بۇ كەيپىياتنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان ئەرزان دورا .

كىشىنىڭ روھىنى كۆتۈرىدىغان مۇزىكىلارنىمۇ ئاڭلاپ قويۇڭ . جۇشقۇن بولۇپ قالىسىز .

ھاياتقا باشقىچە نەزەر بىلەن قاراشنى ئۆگىنىۋالايلى . ھەممە نەرسە تەلتۆكۈس مۇكەممەل بولمايدۇ . نېمىشقا كۈلۈپ ياشىمايمىز ؟ غەمناك كەيپىيات ئاچچىققا خۇشتار ئادەملەرگە قېپقالسۇن . بىز ھەممىمىز ئۆز ھاياتىمىزغا مەسئۇل .



بىز قايتىدىن تەسىرلىنىش ، باشقىلارنى سۆيۈش ، ئوڭۇشسىز ئىشلارنى ھەجىلەۋېرىشنى تاشلاشنى ئۆگىنىۋالايلى . شۇندىلا ھاياتىمىزنىڭ يېپيېڭى سۇبھىسىنىڭ نۇر ۋە ئۈمىدكە تولغانلىقىنى بايقاپ يېتەلەيمىز .

بەزىلەر ھاياتتىكى ھەرقانداق ئىشنى ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ ، دەپ قارايدۇ . بۇ ئىنتايىن خەتەرلىك خاتا قاراشتۇر . بىز بۇ خىل چۈشكۈن پەرۋاسىزلىق بىلەن ئەمەس ، كەڭ قورساقلىق بىلەن تەبىئەت ۋە ئۆزىمىز ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە قايتىدىن قاراپ چىقساق ، ھاياتنىڭ ئاران بىرلا قېتىم كېلىدىغانلىقىنى ، ئۇنى تاپا - تەنە ، يىغا بىلەن ياكى ئۈمىد ، كۈلكە بىلەن ئۆتكۈزۈشنىڭ ھەر كىمنىڭ ئۆزىنىڭ تاللىشى ئىكەنلىكىنى بايقاپ يېتىمىز .

# سىز يېگانە ، قالتىس ئادەم سىز

بىر دادا ئوغلىنى ئەگەشتۈرۈپ فەن گاۋنىڭ هايات چېغىدا تۇرغان ئۆيىنى زىيارەت قىلغىلى بېرىپتۇ . ئوغلى فەن گاۋنىڭ بۇرۇن ئىشلەتكەن ياغاچ كارىۋىتى ۋە تېشىلىپ كەتكەن ئايىغىنى كۆرگەندىن كېيىن دادىسىدىن :

— دادا ، فەن گاۋ باي ئەمەسمىتى ؟— دەپ سوراپتۇ .

— ياق ،— دەپتۇ دادىسى ،— فەن گاۋ ھەتتا خوتۇنمۇ ئالالمىغان نامرات ئادەم ئىدى .

كېيىنكى يىلى ئۇلار دانىيىگە ئاندېرسوننىڭ بۇرۇنقى ئۆيىنى كۆرگىلى بېرىپتۇ .

— دادا ،— دەپتۇ ئوغلى يەنە ھەيران بولۇپ ،— ئاندېرسون شاھ قەسىرىدە ياشىغان ئادەم ئەمەسمۇ ؟

— ياق ،— دەپتۇ دادىسى جاۋابەن ،— ئاندېرسون بىر موزدوزنىڭ ئوغلى ئىدى . ئۇ مانا مۇشۇ ياغاچ ئۆيدە تۇرغان .

بۇ دادا ماتروس بولۇپ ، ئۇ يىل بويى ئاتلانتىك ئوكيانىدىكى پورتلار ئارىسىدا قاتناپ تۇراتتى . ئوغۇل بولسا ئامېرىكا تارىخىدا تۇنجى بولۇپ پۇلىتسېر مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچى قارا تەنلىك مۇخبىر ئېلبراگ ئىدى .

20 نەچچە يىلدىن كېيىن ئېلبراگ بالىلىق يىللىرىنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ : «شۇ چاغدا ئائىلىمىز ئىنتايىن نامرات ئىدى . ئاتا - ئانام ھەر ئىككىلىسى ناھايىتى جاپالىق ئىشلەيتتى . مەن خېلى ئۇزۇن چاغقىچە بىزگە ئوخشاش ئىجتىمائىي ئورنى تۆۋەن نېگىرلارنىڭ بىرەر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالىشىنى ئويلاشقىمۇ پېتىنالمايتتىم . تەلىيىمگە دادام ماڭا فەن گاۋ ۋە ئاندېرسونلارنى تونۇشتى . بۇ ئىككىيلەننىڭ هاياتى ماڭا ئىشنىڭ ئۇنداق بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى » .

بۇرادەر ، مانا مۇشۇنداق گەپ . ئادەم دېگەن ئەقىللىق مەخلۇق . سىرتىدىن قارىسا ئوخشاشتەك تۇرغىنى بىلەن ئىچىدىكىسى ئوخشىمايدۇ . ھەر ئىش ساڭا ھەر ئوي دەپ بېرىدۇ .

يۇقىرىدىكى مىسالدىن كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى ، ئوخشاش بولمىغان مىللەت ، دۆلەت كىشىلىرى دۇچ كېلىدىغان مەسىلە ئوخشاش . يەنى ئىنساننىڭ تەپەككۇر مەسىلىسى . ئەگەر ئۇنىڭغا ياش ، جىنس ، مەدەنىيەت ، كەسىپ ، سىياسىي ، ئىقتىساد ، دىن . . . قاتارلىق ئامىللار قېتىلسا ، ئىنساننىڭ تەپەككۇرى تېخىمۇ رەڭگارەڭلىشىدۇ . تەپەككۇرنىڭ مۇرەككەپلىكىنى مانا شۇ ئامىللاردىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن . ئەگەر گەپ كونكرېت شەخسكە مەركەزلىشىپ ، غايە ، ئىرادە ، قىزىقىش ، ھەۋەس ، تەربىيىلىنىش ، بىلىم ، ئائىلە . . . دېگەندەك ئامىللارمۇ قېتىلسا خاسلىقىنىڭ مەزمۇنى تېخىمۇ موللىشىدۇ .

داڭلىق فىزىك فىرمان گېيتىسنىڭ چوقۇنىدىغان مەبۇدى ئىدى . شۇ سەۋەبلىك ئۇ ئوقۇتقۇچىسى بىلەن تاكاللىشىپ قېلىپ ئوقۇتقۇچىسىغا ئىنتايىن قاتتىق مۇئامىلە قىلغان .

گېيتىسنىڭ ساۋاقداشلىرى شۇ چاغدىكى ئەھۋالنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ : «ئۇ بىز 10 - يىللىقتا چىققان چاغ ئىدى . بىل گېيتىس فىزىكا ئوقۇتقۇچىمىز گرېي مەستىرىد بىلەن كەسكىن تىل ئۇرۇشى ئېلىپ باردى . پۈتۈن ساۋاقداشلارنىڭ ئالدىدىلا بىر - بىرىگە يول قويماي ئەزۋەيلەپ كېتىشتى » .

بىل گېيتىس ئۆزىنىڭ ئوقۇغۇچىلىقىنىمۇ ئۇنتۇغانىدى . مۇئەللىمنى كۆزگە ئېلىپمۇ قويمىغانىدى . ئەمما نېمىلا بولمىسۇن ئۆزىنىڭ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئاز - تولا يۈزىنى قىلىشى كېرەك ئىدى .

نۇرغۇن يىللار ئۆتكەندىن كېيىنمۇ مەسترد شۇ ئىشتىن غەزەپلىنىپ يۈرەتتى. بىل گېيتىس دۇنياۋى كاتتا شەخسكە ئايلانغاندىن كېيىنمۇ مەسترد دىمىغىنى قېقىپ قويۇپ گېيتىسنىڭ كەمچىلىكىنى سۆزلەپ يۈرۈۋېرىدۇ.

مەسترد ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ ئۈنچىۋالا چوڭ قارشىلىق كۆرسىتىشىم شۇ كىچىككىنە ئىش ئۈچۈنلا ئەمەس. بەلكى ئۇنىڭ سىنىپتىكى ئادەتتىكى ئىپادىسىگە قارىتىلغان. ئۇ ھەقىقەتەن ئەقىللىق، لېكىن ھېچكىمنى كۆزگە ئىلمايدىغان، كىشىنى بىزار قىلىدىغان ئەبلەخ. ھازىر ئۇ دۇنياۋى كاتتا بايغا ئايلانغان بولسىمۇ، مەن يەنىلا ئىتنىڭ پوق يەيدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. يەنى بۈگۈنكى دۇنياۋى كاتتا باي يەنىلا شۇ كىشىنى بىزار قىلىدىغان ئەبلەخ».

بىل گېيتىس مەستردنىڭ بۇ ئوچۇق نارازىلىقىنى ئاڭلاپ سەممىيلىك بىلەن ئۇنىڭغا خەت يازىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئوسال مىجەزىنى ئۆزگەرتكەنلىكىنى ئېيتىپ، مەستردنى مىكروسوفتنى كۆزدىن كەچۈرۈپ كېتىشكە تەكلىپ قىلىدۇ.

مەستردنىڭ نارازىلىقى ئاخىرى تارقايدۇ ۋە بىل گېيتىس بىلەن ئوچۇقلىشىپ كېتىدۇ. بۇ ئىش بىل گېيتىسنىڭ دوستلىرى، ئىشداشلىرى ئارىسىغا تارقالغاندىن كېيىن قىزىق پاراڭ تېمىسىغا ئايلىنىدۇ.

گېيتىس كىچىك چاغلىرىدا ھەقىقەتەن ئىتائەتچان ئەمەس ئىدى. كەمتەرلىك، ئېھتىياتچانلىق دېگەنلەرنى بىلىپ كەتمەيتتى. ھاكاۋۇر، مۇغەمبەر ئىدى. شۇنداقلا ھېچنېمىدىن قورقۇپ قالماي، دادىل ئىزدىنىش روھىغا ئىگە قارام ئەسەبىيدىنمۇ ئىدى.

20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرى ھەر ساھەدە قىزغىنلىق تولۇپ ـ تاشقان بىر دەۋر بولدى. ئاشۇ ئۇلۇغ غايىلەر پارلاپ تۇرغان، جۇشقۇنلۇققا تولغان دەۋرنىڭ سادالىرىغا گېيتىستىكى خاسلىق ۋە توختاۋسىز ئىلگىرىلەش روھى قوشۇلۇپ، ھېچكىمگە ئوخشىمايدىغان ئاجايىپ بىر شەخس بارلىققا كەلدى.



# گۆھەر تاپىنىڭىزدىلا

ھىندىستاندا مۇنداق بىر قەدىمىي ھېكايە تارقالغان.

بىر كۈنى، بىر موسىپىت تۇرمۇشى ھاللىق ئەلى خافىتنى يوقلاپ كەپتۇ ۋە ئۇنىڭغا «بارماقچىلىك ئالماسقا ئېرىشەلىسەك، مۇشۇ ئەتراپتىكى پۈتۈن زېمىننى سېتىۋالالىغان، ئەگەر ئالماس كانىغا ئېرىشەلىسەك، ئوغلىمىزنى شاھلىق تەختىگە چىقىرالىغان بولاتتۇق» دەپتۇ.

ئالماسنىڭ خىيالى ئەلى خافىتنىڭ ئوي ـ خىيالىنى چىرمىۋاپتۇ. شۇ كېچىسى ئۇ كىرپىك قاقماي چىقىپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندىلا ھېلىقى موسىپىتنى ئويغىتىپ قەيەردىن ئالماس تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى دەپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋاپتۇ. موسىپىت ئۇنى بۇ ئاقماس خىيالدىن ياندۇرۇش ئۈچۈن شۇنچە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئەلى خافىت ئۆز سۆزىدە چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. ئاخىرى بولمىغاندا موسىپىت: «تاغ ئارىسىدىن ئاق قۇم ئاقىدىغان دەريانى تاپالىساڭ، ئاشۇ قۇملارغا كۆمۈلۈپ قالىدىغان ئالماسلارنى تاپالايسەن» دەپ قويۇپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئەلى بارلىق يەر ـ زېمىنلىرىنى سېتىپ، ئۆيدىكىلىرىنى تام قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئالماس ئىزدەپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، ئەمما ئۇ ئىزدىگەن خەزىنە ئۇچرىماپتۇ. ئۇ ئاخىر ئۈمىدسىزلىنىپ ئىسپانىيىنىڭ ئايغىدىكى دېڭىز بويىدا ئۆزىنى دېڭىزغا تاشلاپ ئۆلۈۋاپتۇ.

لېكىن، ھېكايە ئاخىرلاشماپتۇ.

بىر كۈنى ، ئەلى خافىتنىڭ ئۆيىنى سىتىۋالغان كىشى ئارقا هويلىدىكى تۆگە قوتىنىنىڭ قېشىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان كىچىك دەرياغا تۆگىلىرىنى سۇغۇراي دەپ ئەكىرىپتۇ . تۆگىلەر ئەمدى سۇغا تۇمشۇقىنى سوزۇشىغا ، ئۇ دەريادىكى قۇمنىڭ ئارىسىدا پارقىراپ تۇرغان بىر تال تاشنى بايقاپتۇ . ئۇ تاشنى كولاپ ئېلىپ ئەكىرىپ مورىنىڭ ئۈستىدە قويۇپ قويۇپتۇ .

ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ، هېلىقى مويسىپىت بۇ ئۆيگە يەنە كەپتۇ ۋە ئىشىكتىن كىرىپلا مورىنىڭ ئۈستىدىكى تاشنى كۆرۈپ ئۆزىنى تۇتالماي ۋارقىراپ كېتىپتۇ .

— ئالماس ! ئەلى خافىت قايتىپ كەپتۇ ـ دە .

— ياق ، ئۇ هازىرغىچە قايتىپ كەلمىدى . بۇ تاشنى مەن ئارقىدىكى ئېقىندىن تېپىۋالغانىدىم .

— يالغان ئېيتما !— دەپتۇ مويسىپىت ئىشەنمەي ،— مەن بىر قاراپلا بۇنىڭ ئالماس ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئىدىم . تولا كوتۇلداپ زېهنىمنى چاچما .

ئىككىيلەن ئېقىن بويىغا كېلىپ يەنە كولاشقا باشلاپتىكەن ، تېخىمۇ چوڭراق ئالماستىن بىرنى ، ئارقىدىن يەنە بىرمۇنچە ئالماس تېپىپتۇ . ئايال پادىشاھ ۋىكتورىيىگە سوۋغا قىلىنغان دۇنياغا مەشهۇر 100 كارات ئېغىرلىقتىكى ئالماسمۇ دەل مۇشۇ يەردىن چىققانىكەن .

شۇنداق گەپ ، تۇرمۇشتا ئۆز ئەتراپىمىزدىكى نەرسىلەرنى جاهان كېزىپ ئىزدەيدىغان ، تۆگىدە ئولتۇرۇپ تۆگە ئىزدەيدىغان ئىشلار يوق ئەمەس . پۇرسەت دائىم تاپىنىڭىزدا ، بوسۇغىڭىزدا ، قەلبىڭىزدە ياتىمىش .



# سىزدىن باشقا هېچكىم سىزگە ياردەم قىلالماس

ۋىنىر كىچىك چاغلىرىدىلا ئۆزىگە تايىنىشنى ئۆگىنىۋالغانىدى . 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە دادىسى چەت ئەلدە ، ئۇ توققۇز ياشتا ئىدى . ئۇلارنىڭ ئۆيىگە يېقىنلا يەرد قۇرۇقلۇق ئارمىيە هاۋادىن بومباردىمان قىلىشنى كونترول قىلىش ئەترىتى ئورۇنلاشقان بولۇپ ، ئۇ ئەترەتتە تۇرۇشلۇق ئەسكەرلەر بىلەن دوست بولۇپ قالدى . ئۇلار ۋىنىرغا هەربىي ئەستىلىكلەرنى سوۋغا قىلىشتى . ۋىنىرمۇ ئۇلارغا قەنت ـ گېزەك ، ژۇرنال دېگەندەك نەرسىلەرنى ئاپىرىپ بېرەتتى ياكى ئۇلارنى ئۆيىگە تاماققا تەكلىپ قىلىپ تۇراتتى .

بىر قېتىملىق ئىش ۋىنىرغا مەڭگۈلۈك تەسىر قىلدى . ئۇ ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ :

— ئۇ كۈنى ئەسكەرلەر ماڭا «يەكشەنبە ئەتىگەن سائەت بەشتە تەييار بولۇپ تۇر ، سېنى ئېلىپ كېمە بىلەن بېلىق تۇتقىلى بارىمىز» دېدى . قانچىلىك خۇش بولغىنىمنى دېمەيلا قوياي . كېمىگە چىقىش تۇگۇل ، يېقىنراق بېرىپمۇ باقمىغان ئىدىم هەم كۆۋرۈكتە ، توسمىدا ياكى تاشتا ئولتۇرۇپ بېلىق تۇتۇپ باقمىغانىدىم . قاتار ـ قاتار كېمىلەرنىڭ تىزىلىپ مېڭىشى مەندە راستىتىنلا هەۋەس قوزغايتتى . كېمىدە بېلىق تۇتۇشنى خىيال قىلىپمۇ قالاتتىم . مانا ئەمدى . . . ئۇلارغا كېلەركى شەنبە كۈنى مېهمان قىلىدىغانلىقىمنىمۇ ئېيتتىم .

شەنبە كەچقۇرۇنلۇقى هاياجاندا كىيىمىم بىلەنلا ياتتىم . كې-

چىكىپ قالماسلىق ئۈچۈن ئايىغىمنىمۇ كىيىۋالدىم . نەدە ئۇيقۇ دەيسىز ؟ دېڭىزدا بېلىق تۇتۇشنى چۈشەپ تورۇسقا قاراپ ياتىمەن . سائەت ئۈچتىلا ئورنۇمدىن تۇرۇپ بېلىق تۇتىدىغان سايمانلىرىمنى بىرمۇ بىر تەكشۈرۈپ تەييارلاپ چىقتىم . ئىككى قۇتا خاسىڭ مېيى ، ئۈچ قۇتا مېۋە قىيامىسىمۇ ئالدىم . دەل سائەت تۆتتە يولغا چىقىشقا تەييارلىنىپ ، قارماق ، بېلىق تۇتىدىغان سايمانلار ساندۇقى ، چۈشلۈك تاماق ۋە ئوتتەك قىزغىنلىقنى كۆتۈرۈپ ، دەرۋازىنىڭ قېشىدا ئەسكەرلەرنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇردۇم···

ئەپسۇس ، ئۇلار كەلمىدى . ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمىدى .

بەلكىم ئاشۇ دەقىقە مېنىڭ مۇستەقىللىقنى ئۆگىنىۋالغان ۋاقتىم بولۇشى مۇمكىن .

مەندە مۇشۇ سەۋەبلىك كىشىلەرنىڭ سەممىيىتىگە قارىتا شۈبھە ياكى ئاغرىنىشىمۇ پەيدا بولمىدى . كارىۋاتقا چىقىپ بېشىمنى پۈركۈپ يىغلاپمۇ ياتمىدىم . ئانامغا ياكى ئىنى - سىڭىللىرىمغا شىكايەت قىلىپ يۈرمىدىم . پەقەت ئۇلار كەلمىدى دەپلا قويدۇم . ئاندىن يېقىن ئەتراپتىكى ماگىزىنغا ، بېرىپ باشقىلارنىڭ ياردىمىدە تاپقان پۇللىرىمنىڭ ھەممىسىنى خەجلەپ ئالدىنقى ھەپتە كۆرۈپ قويغان ، يامالغان يالغۇز كىشىلىك رېزىنكە قېيىقتىن بىرنى سېتىۋالدىم . شۇ يەردىلا ئۇنىڭغا يەل ئۇرۇپ ، ئىچىگە بېلىق تۇتۇشتا ئىشلىتىدىغان سايمانلىرىمنى سېلىپ ، قېيىقنى بېشىمغا ئالغىنىمچە ئىپتىدائىي ئوۋچىلاردەك يۈرۈپ كەتتىم . مۇراببالارنى سۇغا ئىرغىتىپ تاشلىۋېتىپ ، خۇددى ھەشەمەتلىك پاراخوتنى قوزغاتقاندەك ئۇلۇغ دېڭىزغا قاراپ قېيىقنى ھەيدەپ كەتتىم . ئازراق بېلىقمۇ تۇتتۇم . مېۋە قىيامىنى قانغۇچە يېدىم···
بۇ ھاياتىمدىكى ئەڭ گۈزەل كۈنلەرنىڭ بىرى بوپقالدى···

بىل گېيتىس مۇنداق دەيدۇ : «تايىنىۋېلىش ئادىتى مۇۋەپپەقىيەتنىڭ پۇتلىكاشىڭى . چوڭ ئىشلارنى قىلاي دېگەن ئادەم جەزمەن ئۇنى سۈپۈرۈپ تاشلىشى كېرەك» .



غالىبلارغا نىسبەتەن باشقىلارغا تايىنىشتىن ئۆزىنى تارتىش ئۆز ئىقتىدارىغا نىسبەتەن بىر سىناق . باشقىلارغا تايىنىۋېلىش خەتەرلىك . بۇ ئۆز تەقدىرىڭنى يات بىراۋغا ، ئىش قىلىش ھوقۇقىنى باشقىلارغا تۇتقۇزۇپ قويغانغا باراۋەر .

بەزىلەر قانداقلا ئىشقا ئۇچرىمىسۇن ، باشقىلاردىن ياردەم سوراشقا يۈگۈرەيدۇ . يەنە بەزىلەر ئىشى بولسۇن - بولمىسۇن باشقىلارنىڭ كەينىدىن قالماي سوكۇلدايدۇ . خۇددى باشقىلار ئۇنىڭ مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىدىغاندەك . بۇنداق ئادەملەر ھەممە يەردە ئۇچراپ تۇرىدۇ . بۇنداقلار دەل تايىنىشچان پىسخىكىدىكى كىشىلەردۇر .

بىل گېيتىس بىر ساغلام ئادەمنىڭ ئالاھىدىلىكىنىڭ بىرى — تولۇق مۇستەقىللىق دەپ قارايدۇ .

ئويلاپ باقايلى ، ئۆزى ساغلام ، كۆتەكتەك بەستلىك ، بۇقىدەك يوغان بىر قىران يىگىت ئىككى قولىنى يانچۇقىغا تىقىپ باشقىلارنىڭ ياردىمىگە تەلمۈرۈپ تۇرسا ، بۇ نومۇس ئەمەسمۇ ؟ ئەتراپىڭلارغا قاراپ بېقىڭ . سىز تونۇيدىغاندىن قانچىسى ياردەم تىلەپ ساقلاپ تۇرۇپتۇ ؟ نۇرغۇن ئادەم نېمىنى ساقلاۋاتقىنىنىمۇ بىلمەيدۇ . يەنە ساقلايدۇ . خۇددى بىرەر مۆجىزە يۈز بېرىدىغاندەك . بىرەر تەلەي پوككىدە چۈشۈپ قالىدىغاندەك . . . ئۇلار يېتەرلىك تەربىيە ئالماي تۇرۇپمۇ ، ئۆز لاياقىتى بولمىسىمۇ يەنىلا خەقنىڭ شاپائىتىدە خاتىرجەم ياشاپ ، داۋاملىق يۇقىرى ئۆرلەشنى خىيال قىلىپلا تۇرىدىغان ئاقىنانچى تىرىكتاپلاردۇر .

بىرى دادىسىنىڭ ، باي تاغىسىنىڭ ياكى نامەلۇم يىراق تۇغقىنىنىڭ پۇل قىلىپ بېرىشىنى ساقلايدۇ . يەنە بىرى ئاتالمىش ئىللەت ، مۆجىزە ۋە ئاللىقانداق سىرلىق بىر نەرسىلەرنىڭ ياردىمىگە كۆزى كۆك .

بىز تېخى ھېچقاچان ياردەمدىن كۆزى ئۈزۈلمەيدىغان ، باشقىلارنىڭ پۇلى ، قولىدىن پوكىنى تۈيۈپ كەلگەن تەييارغا ھەييار

بىرەرىنىڭ ئۇلۇغ ئىشلارنى تەۋرەتكىنىنى كۆرۈپ ، ئاڭلاپ باقمىدۇق .

بىر چوڭ شىركەتنىڭ خوجايىنى ئوغلىنى باشقا بىر شىركەتكە ئەۋەتىپ شۇ يەردە قىيىنچىلىق ، جاپا ـ مۇشەققەت ئىچىدە تاۋلىماقچى بولىۋاتقانلىقىنى ئېيتقان . ئۇ ئوغلىنىڭ ئۆزىگە تايىنىپ كۆنۈپ قېلىپ ، خەقتىن نىجاتلىق تىلەيدىغان قەلەندەر مىجەز بىرىگە ئايلىنىپ قېلىشىدىن غەم يېگەن بولسا كېرەك .

بىز ھەمىشە ئىنتايىن چوڭ بىر خاتالىقىمىزدىن ، يەنى باشقىلاردىن مەنپەئەتكە ئېرىشكىنىمىزدىن خۇش بولۇپ كەلدۇق .

كۈچ ـ قۇدرەت ئۇلۇغ غايىلىكلەرنىڭ ئېرىشىش نىشانى . باشقىلارغا تايىنىش كىشىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ . كۈچ سىنىڭ ئۆزۈڭنىڭ ، ئۇ باشقىلارغا باقمايدۇ . باشقىلارغا تايىنىۋېلىش ئادىتىدىن بەكرەك مۇستەقىل ئىقتىدارنى بۇزىدىغان مىتە يوق . تايىنىپ كۆنگەن ئادەمنىڭ ھاسا بولمىسا ، ئورنىدىن تۇرغۇسى كەلمەيدۇ .

باشقىلارغا تايىنىپ قازانغان مۇۋەپپەقىيەت ، ئېرىشكەن ئىگىلىكلىك ئەمەلىيەتتە يوققا ھېساب . سەن ئۇنى باشقىلارغا تايىنىپ تاپقانىكەنسەن ، ئۇ باشقىلارنىڭ ، سەن يەنىلا مەغلۇبىيەتچى . ماددىي ئىگىدارچىلىق ، مەنىۋى قۇرغاقچىلىق ۋە بوشلۇقنى تولدۇرالمايدۇ .

باشقىلارنىڭ ياردىمىسىز دەس تۇرالىغاندىلا سەن غالىب . ھاسىنى تاشلىۋەتكەندىلا سەن ئويلاپ باقمىغان كۈچ ـ قۇدرەتنى ھېس قىلىسەن .

ياشلارغا لازىمى ئەسلى كۈچ ، يۆلىنىش ئەمەس . ئۇلار ئۆگەتكۈچى ، تەقلىد قىلغۇچى ، ئۇسلۇب ياراتقۇچى . ئۇلار بەك كۆپ يۆلەنسە ئاسانلا ساختا بۇيۇمغا ئايلىنىپ قالىدۇ ـ دە ، يۆلىمىسىڭىز يىقىلىپ چۈشىدۇ . ماقۇل دېسىڭىزلا ، بىر ئۆمۈر ئۆلگۈچە يۆلىنىپ تۇرىدۇ .



ئىمىرسون توغرا دەيدۇ : «بەك راھەت ، يۇمشاق كۆرپە ئاسان كىشىنى ئۇخلىتىپ قويىدۇ» .

تايىنىش بىزنى مىشچان ، تىرىشماس قىلىپ قويىدۇ . ئۇ ئۆز كۈچىگە تايىنىش ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش روھىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى !

# ئۆز خاسلىقىڭىزنى ساقلاڭ

ئەدەبىيات ـ سەنئەت قايتا گۈللىنىش دەۋرىدە ، بىر رەسسامنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىش ـ چىقالماسلىقى ئۇنىڭ ياخشى قوللىغۇچى تاپالىشى ـ تاپالماسلىقىغا باغلىق ئىدى .

مىكىلانجىلونىڭ قوللىغۇچىسى پاپا جۇلى XII بولۇپ ، بىر قېتىم ئۇلار مەرمەر تاش ئابىدە ياساش جەريانىدا قاتتىق زوكۇنلىشىپ قالىدۇ . مىكىلانجىلو ئاچچىقىدا رىمدىن كېتىدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ .

كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى پاپا چوقۇم مىكىلانجىلونى ئەيىبلەيدۇ ، دەپ قارايدۇ . ئەكسىچە ئۇ مىكىلانجىلونى جازالىمايلا قالماستىن ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇنى ئېلىپ قالماقچى بولىدۇ . چۈنكى ئۇ ناھايىتى ئوبدان بىلەتتى : مىكىلانجىلو ئەلۋەتتە يەنە بىر قوللىغۇچى تاپالايدۇ . ئەمما ئۇ يەنە بىر مىكىلانجىلونى ھەرگىز تاپالمايدۇ .

مىكىلانجىلو بىر سەنئەتكار ، ئۇنىڭ شاھلىق تەنتىكى ئالىقىنىدا . ئەگەر بىر ئادەم يېمىرىلمەس خاسلىققا ئىگە بولىدىكەن ھېچكىم ئۇنىڭ ئورنىنى تەۋرىتەلمەيدۇ . ئالاھىدە تالانتقا ئىگە ئادەمنىڭ مەلۇم نوپۇزى ياكى خىزمەت شارائىتى ئارقىلىق ئۆز ئورنىنى مۇستەھكەملىشى ھاجەتسىز .

ھەممىمىز تۇرمۇش شەكلىمىزنى ئۆزىمىز ياراتقان ، ئۆزدىمىزگە توغرا مۇئامىلە قىلىشنى ، ئارتۇقچىلىقىمىزنى بايقاشنى ، كەمچىلىكىمىزنى كۆرۈشنى ئۆگىنىۋالساقلا ، قەدىمىمىز پۇختا ھالدا كۆزلىگەن مەقسىتىمىزگە يېتەلەيمىز . ۋاقتىمىز ، زېھنى-



مىزنى بىكاردىن بىكار ئىسراپ قىلىپمۇ يۈرمەيمىز . ئۆزىنى بايقاش ، خاسلىقنى ساقلاش ، ساغلام خۇشاللىقنىڭ بىرىنچى شەرتى . بۇ نۇرغۇنلىرىمىز ئورۇندىيالمايۋاتقان ھالقا .

پاپا پائۇل VIII نىڭ شۇنچىۋالا زور ئالقىشقا ئېرىشىشىدىكى مەلۇم سەۋەب ئۇنىڭ ناھايىتى ئوچۇق ـ يورۇقلۇقىدا . ئۇ نامرات ئائىلىدىن كېلىپ چىققان ، سېمىز ئىدى . ئۇ بۇلارنى ھېچقاچان يوشۇرۇپ باقمىغان . ئۇ پاپالىق ئورنىغا چىققاندىن كېيىن بىر قېتىم رىمدىكى بىر چوڭ تۈرمىنى كۆزدىن كەچۈرىدۇ . جىنايەتچىلەرگە ئەمىنلىك تىلەش ۋاقتىدا ئۇ راستچىللىق بىلەن بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتىنىڭ جىيەنىنى يوقلاش ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆتىدۇ . كىشىلەر ئۇنى ئەيساغا تەققاسلىشىدۇ . بۇ ئۇنىڭ كىشىلەرنىڭ قايغۇ ـ شادلىقىغا ھەمشېرىك بولۇشنى بىلگەنلىكى ئۈچۈنلا ئەمەس ، ئوچۇق ، سەمىمىي بولغانلىقى ئۈچۈندۇر .

ئىنسان كىشىلىك جەمئىيەتتە ياشايدۇ . ئۇنىڭ خاسلىقىنى يوقاتماي ، باشقىلارنىڭ ھېسسىياتى ئۈچۈنلا تۈزۈت قىلىپ يۈرمەي ، قائىدە ـ ئورگانلارنىڭ قامالىدا قىينالماي ، ئازادە ، تەبىئىي ، ئۆزىگە ئۆزى خوجا ھالدا ياشىغىنى بەخت ئەمەسمۇ ؟

تۇرمۇش ، خىزمەتتە ئۆزىڭىزنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ ، كەم بولسىڭىز ئەسلا بولمايدىغان ئورۇنغا ئۆتۈڭ . بۇ سىزنىڭ ئورنىڭىزنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ، خاسلىقىڭىزنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرىدۇ .

# تەقدىرنىڭ پوكىنىدىن سىقىڭ

ئاندىرو ئەپەندى مۇۋەپپەقىيەت قازانغان سودىگەر . ئۇ ئىنتايىن ئادەتتىكى ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ خىزمەتچىلىكىدىن كۆپ يىللىق تىرىشىش ئارقىلىق ئۆز شىركىتى ، خىزمەت بىناسى بار ، ئاممىنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن زاتقا ئايلانغان .

بىر كۈنى ، ئاندىرو ئەپەندى ئەمدىلا بىنادىن چىقىشىغا ئارقىسىدىن بىر ئەمانىڭ ھاسىسىنى تاراقلاتقان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قاپتۇ ۋە توختاپ ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپتۇ .

ئەما ئالدىدا ئادەم بارلىقىنى پەملەپ ، تېتىكلىشىپ سۆزلەشكە باشلاپتۇ .

— ھۆرمەتلىك ئەپەندىم ، كۆرگەنسىز . مەن بىر ئەما ، ئازتولا ۋاقتىڭىزنى ئالسام بولارمۇ ؟

— مۇھىم يىغىنىم بار ئىدى . ھەرقانداق گېپىڭىز بولسا چاپسان دەڭ ،— دەپتۇ ئاندىرو ئەپەندى .

ئەما سومكىسىنى بىر ھازا ئاختۇرۇپ بىر تال چاقماقنى چىقىرىپ :

— ئەپەندىم ، بۇ ئېسىل چاقماق ، ئارانلا بىر دوللار ، ئېلىپ قويىسىڭىز ،— دەپتۇ .

ئاندىرو ئەپەندى يانچۇقىدىن بىر دوللار پۇل چىقىرىپ ئەماغا بېرىپ دەپتۇ :

— مەن تاماكا چەكمەيمەن ، لېكىن سىزگە ياردەم قىلغىنىم بولۇپ قالسۇن ، لىفتچى يىگىتكە بېرەرمەن .

ئەما پۇلنى سىلاپ 100 دوللارلىقىنى بىلىپ تىترەپ تۇرغان



قوللىرى بىلەن ئۇلۇغ - تەتۈر ئۆرۈپ كېتىپتۇ ۋە ھاياجاندىن :

— رەھمەت ئەپەندىم ، سىز مەن ئۇچراتقان ئەڭ مەرد ، سېخىي باي . ھەققىڭىزدە دۇئا قىلىمەن . تەڭرى سىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي ،— دەپ كېتىپتۇ توختىماي .

ئاندىرو ئەپەندى كۈلۈپ قويۇپ ماڭغىلى تەمشىلىپتۇ . لېكىن ئەما ئۇنى توختىتىۋېلىپ دەپتۇ :

— سىز بىلمەيسىز ، مەن تۇغما ئەما ئەمەس ئىدىم . 23 يىل ئىلگىرىكى بوردوندىكى بىر قېتىملىق پارتلاشتا . . .

— سىز ئاشۇ خىمىيە - سانائەت زاۋۇتىدىكى پارتلاشتا ئەما بولۇپ قالغانمۇ ؟

— شۇنداق ، شۇنداق ،— دەپتۇ ئەما ئۇ ئەھۋالدىن خەۋىرى بار بىرىگە يولۇققىنىدىن خۇشال بولۇپ ،— سىزمۇ بىلىدىكەنسىز ، 93 ئادەم ئۆلگەن ، نەچچە يۈز ئادەم يارىلانغان چوڭ بالا - قازا بولغانىدى ،— ئەما ئۆز قىسمىتى ئارقىلىق قارشى تەرەپنى تەسىرلەندۈرۈپ تېخىمۇ كۆپ پۇل ئۈندۈرمەكچى بولدىمۇ ، ئەزۋەيلەپ سۆزلەپلا كەتتى ،— قاراڭ ، مەن نېمىدېگەن بىچارە ، ئۆيۈم يوق ، قارايدىغان ئادىمىممۇ يوق . بىر ۋاخلىقىمغا تاپسام كېيىنكىسىگە يوق . ئۆلۈپ كەتسەممۇ ھېچكىم بىلمەيلا قالار ھەقاچان ! سىز ئەينى چاغدىكى ئەھۋالنى بىلمەيسىز . ئوت خۇددى دوزاختىن كۆتۈرۈلگەندەك لاۋۇلداپ تۇرىدۇ . ھەممە يەر پاتپاراقچىلىق ، مىڭبىر بالادا ئىشىك تۈۋىگە كەلسەم بىر دارازا ئارقامدىن «مەن تېخى ياش ، مېنىڭ ئۆلگۈم يوق . ئالدى بىلەن مەن چىقىۋالاي» دېگىنىچە تارتىپ ، كاللا - بېشىمغا دەسسەپ دېگۈدەك چىقىپ كەتتى . ھوشۇمدىن كېتىپتىمەن ، ئېسىمنى بىلسەم قارىغۇغا ئايلىنىپ بولۇپتىمەن . تەقدىر بەك ئادالەتسىزكەن .

ئاندىرو ئەپەندى سوغۇققانلىق بىلەن :

— ئىش ئۇنداق ئەمەسقۇ دەيمەن . ئەكسىچە بولۇپ قالدىمۇ نېمە ؟— دەپتۇ .

ئەما چۆچۈپ ، كۆرمەس كۆزىمۇ كېرىلىپ كېتىپتۇ .
— مەنمۇ شۇ زاۋۇتنىڭ ئىشچىسى ئىدىم ،— دەپتۇ ئۇ دانىمۇ
دانە قىلىپ ،— ئۇستۇمگە دەل سىز دارازا دەسسەپ چىقىپ كەت-
كەن ئىدىڭىز . سىز دېگەن شۇ گەپلەر هازىرمۇ ئېسىمدە . . .
ئەما بىر هازا داڭقېتىپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن توساتتىن
ئاندىرو ئەپەندىنىڭ بىلىكىگە ئېسىلىپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ-
تۇ :
— مانا بۇ تەقدىر ! ئادالەتسىز تەقدىر ! سىز ئىچىدە قېلىپ
كاتتا ئادەم بولۇپ كېتىپسىز . مەن سىزگە دەسسەپ چىقىپ
كېتىپمۇ بىر كېرەكسىز قارىغۇ بولۇپ قاپتىمەن . . .
ئاندىرو ئەپەندى ئەمانىڭ قولىنى زەردە بىلەن سىلكىۋېتىپ ،
قولىدىكى پالما يانچۇقىدىن ياسالغان سىپتا هاسىسىنى سىلكىپ
قويۇپ دەپتۇ :
— بىلىپ قويۇڭ ، مەنمۇ ئەما ، سىز تەقدىرگە ئىشىنىسىز ،
ئەمما مەن ئىشەنمەيمەن .
ئوخشاش بەختسىز پېشكەللىك ، مەغلۇبىيەت ئىچىدىن بەزد-
لەرنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىپ كېتىشى ، يەنە بەزىلەرنىڭ قول
قوۋۇشتۇرۇپ ئىجادلىق تىلەپ شۇمشىيىپ تۇرۇشى هەرگىزمۇ
ئاتالمىش تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ئەمەس ، بەلكى تىرىشىپ
كۈرەش قىلغان - قىلمىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى .
ئۆز بەختسىزلىكىگىلا تىزلىنىپ ، تەقدىرىم مۇشۇكەن دەپ
قول قوۋۇشتۇرۇپ ، باشقىلارنىڭ هېسداشلىقىغا لەۋ تامشىتىپ
ئولتۇرغانلار مەڭگۈ خار - زارلىق ئىچىدە نالە قىلىپ ياشايدۇ .
مەغلۇبىيەت بارلىق يوقىتىشتىن دېرەك بەرمەيدۇ . ئۆز تىرىشچاند-
لىقى ئارقىلىق ئۆزىدىكى كەمچىلىكنى تولۇقلاش غەلىبە ، ئىز-
زەت ئەكىلىدۇ .



## قارام تەۋەككۇلچىلەردىن بولۇڭ

شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ، بەن چاۋ 36 كىشىلىك
قىسمىنى باشلاپ پىشامشان دۆلىتىگە كېلىدۇ . بۇ چاغدا هونلارمۇ
پىشامشان دۆلىتىگە ئەلچى ئەۋەتىدۇ ۋە پادىشاھ بىلەن بىرلىشىپ
بەن چاۋلارغا ئىنتايىن سوغۇق مۇئامىلىدە بولىدۇ . بەن چاۋ
ئۇلارنىڭ تىل بىرىكتۈرۈۋالغانلىقىنى سېزىپ قول ئاستىدىكىلە-
رىنى يىغىپ : «بىز بۇ يەرگە ئۇلارغا خانلىقا ئىتائەت قىلىشقا
نەسىھەت قىلغىلى كەلگەن . هازىر پىشامشان خانى بىزنى تۇتۇپ
هونلارغا سوۋغات قىلماقچى . قانداق قىلىمىز ؟ » دەپتۇ . هەممى-
سى «ئۆزلىرى نېمە دېسىلە شۇ » دەپ قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇپ-
تۇ .
بەن چاۋ يولۋاس ئۇۋىسىغا كىرمەي تۇرۇپ يولۋاس تۇتۇش-
نىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئېيتىپ ، هون ئەلچىسىنىڭ بارگا-
هىنى ئېنىقلاپ ، لەشكەرلىرىنى باشلاپ كېچىسى تۇيۇقسىز هۇ-
جۇم قىلىپ ئەلچىلەرنى ئۆلتۈرۈپ ، چېدىرلىرىنى كۆيدۈرۈۋېتى-
دۇ . پىشامشان دۆلىتىنىڭ خانىمۇ ئىلاجىسىز خەن سۇلالىسى
بىلەن ئەپلىشىشكە كۆنۈپتۇ . . .
بەن چاۋنىڭ هونلارغا تۇيۇقسىز هۇجۇم قىلىشى ئەمەلىيەتتە
ئۆزىگە هېچقانداق چىقىش يولى قويماي ئېلىپ بارغان قاراملىق-
تىن ئىبارەت . ئەگەر هۇجۇمى نەتىجىلىك بولالمىسا ، ئۆلۈكى
شۇ يەردە قالىدۇ ؛ ئەگەردە «خانلىق هوقۇقنا كۆز ئالايتقان » دەپلا
پىشامشان خانى دەرغەزەپكە كېلىپ قوپقان بولسا ، قانىتى بولغان
تەقدىردىمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايتتى ؛ خەن سۇلالىسى تەرىپىدىن

«مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزغان» دەپ ئەيىبلىنىپلا قالسا، ئۆزىلا ئەمەس، پۇشتى ـ ئەۋلادلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۇرۇقى قۇرۇتۇپ تاشلىناتتى. ئۇ بەختكە يارىشا بالا ـ قازادىن ئامان قېلىپ مەڭگۈلۈك شان ـ شەرەپكە نائىل بولدى.

ھەربىر شان ـ شەرەپ، پايدا ـ مەنپەئەت خەۋپ ـ خەتەر بىلەن قوشكېزەك. تەۋەككۇلچىلىكنىڭ نەتىجىسى ئىككى خىل. يا غەلىبە، يا مەغلۇبىيەت. غەلىبە بىزنى تەۋەككۇل قىلغان نەرسىمىزگە ئېرىشتۈرۈپ مەمنۇن قىلىدۇ. غەلىبە بىر قېتىملىق ئامالسىزلىقلا ئەمەس، بەلكى تەجرىبە ـ ساۋاق.

سودا ـ ساھەسىدىكى رىقابەتتە، سەن ئۆلسەڭ ئاندىن مەن قالىمەن، دەيدىغان گەپ يوق. كىچىككىنە يوچۇقمۇ بىر كارخانىنى ئۇزۇل ـ كېسىل بەربات قىلىۋېتىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىل گېيتس ئۆزىنى ھايات ـ ماماتلىق سىنىقىغا تاشلاپ تۇرۇپ، چىقىش يولى ئەسلا بولمىغان قىيىن يوللارنى تاللاش ئارقىلىق ئۆزىدىكى بارلىق ئامال ـ چارىلەر ئارقىلىق غەلىبە قىلىپ كۆنگەن.

1981 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، كالىفورنىيە شتاتىدىكى گۇيۇشلىر شىركىتى PARC تەتقىقات مەركىزىنىڭ «سىخېمىلىق ئابونت بېتى» نامىدىكى يېڭى تەتقىقات پىلانىنى ئىشلەۋاتقانلىقىنى ھەمدە كۆزنەكلىك، سىن بەلگىلىك، مائۇس سەپلەنگەن يېڭى كومپيۇتېر Srar نى لايىھىلەپ چىققانلىقىنى بىلىپ قالدۇ.

بىل گېيتس دەرھاللا ئىنتايىن ئۇلۇغ بىر پىلانىنىڭ كويىغا چۈشىدۇ. ئەگەر MS—DOS بىلەن قوللىنىشچان يۇمشاق دېتال ئارىسىغا خۇسۇسىي كومپيۇتېر «بەت يۈزى باشقۇرغۇچى» كۆپەيتىلسە ھەمدە بەت يۈزىنىڭ ئۆلچىمىنى بېكىتىپ چىقالىسا، بارلىق يۇمشاق دېتال ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ مىكروسوفتنىڭ سىخېمىلىق يېزىش سىستېمىسىنى ئىشلىتىشنى قولغا كەلتۈرۈپ، كومپيۇتېر زاۋۇتلىرىنى مەھسۇلاتلىرىنى مۇشۇ سىستېما بىلەن



سەپلەپ چىقىرىشقا قايىل قىلغىلى بولماسمۇ؟ شۇنداقلا قىلالىسا، مىكروسوفت يۇمشاق دېتال ساھەسىدە ئېگىلىمەس گىگانتقا ئايلىنالايتتى.

1982 ـ يىلى مىكروسوفت 20 نەپەر سىستېما لايىھىلىگۈچىنى يىغىپ «بەت يۈزى باشقۇرغۇچى» پىلانىنى لايىھىلەشكە كىرىشتى. ئەمما سۈرئەت ئىنتايىن ئاستا بولدى.

گېيتستىن بۇرۇنلا، ئالما شىركىتىدىكى جوبىس PARC نىڭ بۇ يېڭى تېخنىكىسىغا دىققەت قىلغان ۋە ئىنتايىن زور پۇلغا چىداپ PARC تىن بىر تۈركۈم يېڭى تېخنىكا ئەندىزىلىرىنى ئېلىپ كېتىپ، سىخېمىلىق بەت يۈزى لايىھىلەنگەن خۇسۇسىي كومپيۇتېر تەتقىقاتىغا كىرىشكەن ئىدى.

1987 ـ يىلى يېڭى يىلنىڭ تۇنجى كۈنى ئالما شىركىتى سىخېمىلىق بەت يۈزلۈك تۇنجى خۇسۇسىي كومپيۇتېر «لىسا» نى مەيدانغا چىقاردى. ئارقىدىنلا «سىخېمىلىق بەت يۈزى» لايىھىسىنىڭ ئىقتىدارلىرى تولۇق جارى قىلدۇرۇلغان «مەكىنتا» لايىھىلىگۈچىلەر ۋە پىلان سەنئەت كەسپىدىكى خېرىدارلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. دېمەككى، مىكروسوفت بۇ تېخنىكىدا ئارقىدا قالغانىدى.

گېيتس پۈتۈنلەي ئىلاجسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان بىر چاغدا، مىكروسوفتنىڭ ئاممىۋى ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن باش دىرېكتورى روللاند خەنسىن بىر قېتىم بۇ تېخنىكىنىڭ «بەت يۈزى باشقۇرغۇچى» دېگەن نامىغا تەنقىد يۈرگۈزۈپ، ئۇنى «دېرىزە» دەپ ئاتاش ھەققىدە تەكلىپ بېرىدۇ. بۇ كېيىنچە «كۆزنەكلەر» دېگەن نامغا ئۆزگىرىدۇ.

1983 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، مىكروسوفت «كۆزنەكلەر» سىستېمىسى ئۈچۈن 1 ـ قېتىم ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئاچىدۇ ۋە كېلەر يىلىنىڭ بېشىغىچە ئۇنى ئىشلەتكۈچىلەرگە تاپشۇرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ. ئۇ گۈلدۈرىنى

ئۆزىدىن بالدۇر قويۇۋەتمەكچى ئىدى. ئەمەلىيەتتە، يېڭى ئەۋلاد «كۆزنەك» يۇمشاق دېتالىنى ئېچىش ئۇنداق ئاددىي گەپ ئەمەس ئىدى. بەكرەك نەزەرگە ئالمىسا بولمايدىغىنى، شۇ چاغدىكى خۇسۇسىي كومپيۇتېرلارنىڭ سىغىمى ئارانلا 256 كىلوبايت بولۇپ، «كۆزنەكلەر» ئۈچۈن بۇ سىغىم يەتمەيتتى. خۇسۇسىي كومپيۇتېردىكى 8808 لىك مىكرو بىر تەرەپ قىلغۇچنىڭ سۈرئىتىمۇ ئىنتايىن ئاستا ئىدى. شۇ سەۋەبلىك، مىكروسوفت مەھسۇلاتنى بازارغا چىقىرىشنى كەينىگە سۈرىدىغانلىقىنى ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

كىشىلەرنىڭ شۈبھىلىك نەزىرى ئاستىدا، گېيتىس چوغقا چۈشكەن بۈرگىدەك تىتىلدايتتى. تەلىيىگە مىكروسوفتقا تەكلىپ قىلىنغىنىغا ئۇزۇن بولمىغان يېڭى باش دىرېكتور شىللى تەنقىدقات قوشۇنىنى ئۈزلۈكسىز يۇختىلاپ، كېچە - كۈندۈز جان كېچىپ تىرىشتۇراتتى. سىناق خىزمىتىگە مەسئۇل سىستېما خادىمى سۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ھەتتا يوتقان - كۆرپىسىنى ئىشخانىسىغا يۆتكەپ كېلىپ، ئىشخانىدىن سىرتقا چىقماي بىر ئاي ئىشلىگەن.

ئۆز - ئۆزىدىن ھالقىش، بازارنى ئىگىلەش ئۈچۈن «كۆزنەكلەر» نى ئەڭ مۇكەممەل ھالەتتە ئىشلەش كېرەك ئىدى. بۇ سىستېمىنىڭ 85% ى C تىلىدا تۈزۈلەتتى. قالغان قىسمىنىڭ ھالقىلىق قىسىملىرىنى بولسا بىۋاستە ئىشلىتىلىدىغان توپلانما تىللاردا يېزىشقا توغرا كېلەتتى. كېيىن بەزىلەر «كۆزنەكلەر» نىڭ ئەڭ دەسلەپكى نەشرىنى لايىھىلەشكە كەتكەن ۋاقتىنى ستاتىستىكىلاپ 110 مىڭ سائەت چىقارغان. شۇنىڭدىنلا بۇ سىستېمىنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس.

بۈگۈن بىز «كۆزنەكلەر» نىڭ ھەربىر كۆزنىكىدىن مىكروسوفتنىڭ خاسلىقىنى روشەن كۆرۈۋالالايمىز. مىكروسوفتنىڭ كۆزنەكلىرى خۇددى ئۈستەلگە رەت - رەت تىزىلغان ئارخىپتەك



بارا - بارا مۇكەممەللىشىپ، تولۇقلىنىپ باردى. «كۆزنەكلەر» نىڭ كۈچلۈك ئىقتىدارىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن، مىكروسوفتلىقلار مەكىنتا كومپيۇتېرىغا ئاساسلىنىپ تۈرۈپ نۇرغۇن يېڭى، بېسىش سىستېمىلىرىنى لايىھىلەپ چىقتى. ئۇنىڭغا كالېندار، ھېسابلىغۇچ، كارتۇچكا... قاتارلىق دائىم ئىشلىتىدىغان قوراللارنى قوشتى.

1985 - يىلى 5 - ئايدا، بىل گېيتىس ئاخىر «كۆزنەكلەر» نىڭ كۆرسەتمە نۇسخىسىنى ئېلىپ، شۇ يىللىق كاندىس كومپيۇتېر كۆرگەزمىسىدە پەيدا بولدى ۋە نەچچە مىڭلىغان ئاممىغا چاشقىنەك[1] ۋە كۇنۇپكا تاختىسى بىلەن «كۆزنەك» نىڭ ئۈنۈملىرىنى نامايىش قىلدى. شۇنداقلا «كۆزنەكلەر 1.0» نۇسخىسىنىڭ باھاسىنىڭ ئارانلا 95 دوللار بولىدىغانلىقىنى، سىناق نۇسخىسىنىڭ 1 - ئايدا تارقىتىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. گېيتىسنىڭ بۇ سۆزى نەق مەيداندا قىزغىن ئالقىشلا ئەمەس، پۈتكۈل ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىدا زىلزىلە قوزغاپ ئۆتتى...

---

① مائۇس

# مۇۋەپپەقىيەتنىڭ بوسۇش ئېغىزىنى تۇتۇشقا ماھىر بولۇڭ

بۇرۇنقى زاماندا بىر راھىب رەسسام ئۆتكەنىكەن . ئۇ جاھان كېزىپ بېيجىڭغا بېرىپ قاپتۇ . بىر كۈنى سىشى ئۇنى ئوردىغا چاقىرتىپتۇ ۋە بىر ئاغۋاتتىن بەش چى ئۇزۇنلۇقتىكى رەختتىن بىرنى ئەۋەتىپ ، راھىبتىن توققۇز چى ئېگىزلىكتىكى گۇەنيىن بۇدساتۋانىڭ رەسىمىنى سىزىپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ . بۇ ئادەم قىينايدىغان گەپتىن باشقا نەرسە ئەمەستە . مەنسەپدارلارنىڭ ھەممىسى «بۇ مۇمكىن ئەمەس» دەپ راھىبقا ئىچ ئاغرىتىپ جىددىيلىشىپ كېتىپتۇ . ئەمما راھىب جىددىيلىشىپ كەتمەي ، سوغۇققانلىق بىلەن ئويلىنىپ ئاخىر ئامال تېپىپتۇ ۋە گۇەنيىن بۇدساتۋانىڭ ئېگىشىپ شاخ تېرىۋاتقان قىياپىتىنى سىزىپ چىقىپتۇ . بەش چى ئېگىزلىكتىكى رەختتە ئېگىشىپ تۇرغان ئادەم بېشىنى كۆتۈرسە گەپ يوق توققۇز چى چىقىدۇ ـ دە . سىشى قايىللىقتىن بېشىنى لىڭشىتىپتۇ . مەنسەپدارلار يېنىك تىن ئېلىشىپتۇ .

مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلارنىڭ ھالقىلىق نۇقتىلارنى بايقاشقا ماھىر بىر جۈپ ئۆتكۈر كۆزى بولىدۇ . ئۇلار پۇرسەت ئەتراپىغا يېتىپ كېلەر ـ كەلمەيلا ئۇنى تۇتۇۋېلىپ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېلىپ بارىدىغان دولدۇلغا ئايلاندۇرىدۇ . بۇ گەپ بىل گېيتىس بىلەن ئېلىن ئىككىيلەنگە ئىنتايىن ماس كېلىدۇ . 36 يىل ئىلگىرى ئۇلار تارىختىكى كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان بىر يىپيېڭى سەھىپە ئاچقان .

1968 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ، ئامېرىكا يېڭى مېكسىكا شتاتى ئالبۇكۋېركى شەھرىدە ئىدۋار روبىرتىس ئىسىملىك بىرەيلەن «مىكرو سايمانلار ۋە ئاپتوماتىك ئۆلچەش سىستېمىسى شىركىتى» (قىسقارتىلىپ MITS دېيىلىدۇ ) نامىدىكى بىر شىركەتنى قۇرىدۇ . MITS ئەسلىدە ئۇستەل كومپيۇتېرى ياساشنى مەقسەت قىلىپ قۇرۇلغان بولۇپ ، كىم بىلسۇن توپلاشتۇرۇلغان توك يولىنىڭ كەشپىيات ھوقۇقىغا ئىگە تېكساس شتاتلىق سايمان ـ قوراللار شىركىتى ئۆزىنىڭ زور ئەسلى كۈچىگە تايىنىپ 1974 ـ يىلى كومپيۇتېر بازىرىغا چوڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قوزغاپ ، MITS شىركىتىنى ئىنتايىن ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدى . روبىرتىس تېزلا ئىنتېل 8008 لىك ئۆزىكىنىڭ زور يوشۇرۇن كۈچىنى بايقىدى ـ دە ، ئىنتېل 8008 بىلەن يەنە بىر 256 بايتلىق ساقلىغۇچنى بىرىكتۈرۈپ مىكرو تىپلىق كومپيۇتېر دېتالىنى ھاسىل قىلدى ۋە كومپيۇتېر تاختىسى سەپلىگىلى بولىدىغان ، «0» ، «1» كىرىش ئېغىزلىرى ئارقىلىق توك مەنبەسىنى كونترول قىلغىلى بولىدىغان ، بىرنەچچە كىچىك لامپا كىرىش ـ چىقىشنى كۆرسىتىپ تۇرىدىغان دۇنيا تارىخىدىكى تۇنجى مىكرو كومپيۇتېر «ئوۋتى» (پادىچى يىگىت ) نى ياساپ چىقتى . «ئوۋتى» نىڭ مەيدانغا چىقىشى بىل گېيتىس تەسەۋۋۇر قىلالمىغان نەرسىنى تۇرمۇشتىكى راست نەرسىگە ئايلاندۇردى .

گېيتىس ۋە ئېلىن بۇنى بىلگەندىن كېيىن ھاياجاندىن تۇرالماي قالدى ۋە ئىككىيلەن «ئوۋتى» كومپيۇتېرى ئۈچۈن ئاساس تىلى BASIC لايىھىلەپ بېرىشنى ، يەنى «پادىچى يىگىت» كە «توقۇمىچى قىز» جۈپلەشنى قارار قىلىشتى . بۇ دەل ئۇلارنىڭ كومپيۇتېرنى ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق سودىنى راۋاجلاندۇرۇش خىيالى ئىدى .

روبىرتىس «ئوۋتى» نى «ماشىنا توپلانما تىلى» دىن پايدىلىنىپ تۈزۈلگەن سىستېما بىلەن ئىشلەپ چىققان بولۇپ ، بۇ تىلنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى ئىنتايىن يۇقىرى بولغاچقا ، نۇرغۇن

ئادەم ئۇنى ئىشلىتىشتىن قاچاتتى . شۇڭا بۇ تىپتىكى كومپيۇتېر-
نىڭ ئىشلىتىلىشىمۇ زور چەكلىمىگە ئۇچراپ تۇراتتى . BASIC
چۈشىنىش ، ئىگىلەش ئوڭاي تىل بولۇپ ، ئۇ ناھايىتى تېزلا
«ئوۋتى» نىڭ بازىرىنى چىقىرالايتتى .
نەچچە كۈندىن كېيىن گېيتس بىلەن ئېلىن «قاتناش ساناـ
لىق مەلۇمات شىركىتى» نامىدا روبېرتسقا تېلېفون بېرىپ ئىنـ
تايىن ئاسان بولغان BASIC تىلى ئارقىلىق «ئوۋتى» نى تۈزۈپ
چىققىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى . روبېرتس ئىنتايىن خۇشاللىـ
نىپ 5791 - يىلى 2 - ئايغىچە تاپشۇرۇشنى ئېيتتى . ھەممىگە
ئايان ئىدى ، ئەگەر قۇلايراق سىستېما تىلى بولمىسا «ئوۋتى»
كېرەكسىز ئەخلەتكە ئايلىناتتى . باھاسىنىڭ مەيلى قانچىلىك ئەرـ
زان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ( «ئوۋتى» نىڭ شۇ چاغدىكى سېتىـ
لىش باھاسى 397 دوللار ئىدى ) ھېچكىممۇ ئۇنى لازىم قىلمايتتى .
گېيتس ، ئېلىنلار «ئوۋتى» ئۈچۈن BASIC تىل سىستېـ
مىسى ئىشلەش پىلانىغا كىرىشىش ئۈچۈن ئىككىيلەن مىكرو
كومپيۇتېر ئىزدەپ بوستوننى قېزىۋەتتى ، ئەمما تاپالمىدى . گېيـ
تىس ياغقا چۈشكەن بۈرگىدەك تىتىلدايتتى .
شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، ئېلىن «ئاممىۋى ئېلېكترون»
ژۇرنىلىنى ۋاراقلاۋېتىپ تۇيۇقسىز 8008 تىپلىق مىكرو بىر
تەرەپ قىلغۇچىنىڭ ئىشلىتىش قوللانمىسى چۈشەندۈرۈلگەن بىر
پارچە ماقالىنى كۆرۈپ قالىدۇ ۋە خۇشاللىقىدىن قىن - قىنىغا
پاتماي قالىدۇ . ئۇ دەرھال قاتناش سانلىق مەلۇمات شىركىتىنى
قۇرغاندا ئىشلەتكەن بىر كونا ئۇسۇلنى يادىغا ئالىدۇ . چوڭ
تىپتىكى ماشىنىنى ھەقىقىي بىر تەرەپ قىلغۇچ ئورنىدا ئىشلىـ
تىپ ، چوڭ تىپتىكى ماشىنىدا مىكرو بىر تەرەپ قىلغۇچقا ماس
كېلىدىغان يۇمشاق دېتالنى ئېچىش .
گېيتس ، ئېلىنلار تېزلا ئورتاق پىكىرگە ، يەنى دەرھال
ھەرىكەتلىنىپ PDP—10 تىپلىك كىچىك تىپتىكى كومپيۇتېردا



8008 تىپلىق تەقدىلىي مىكرو بىر تەرەپ قىلغۇچ لايىھىلەپ ،
مۇشۇ شارائىتتا BASIC تىلىنى لايىھىلەپ چىقىش قارارىغا كېلىـ
دۇ . PDP—10 تىپلىق كىچىك تىپتىكى كومپيۇتېر خارۋارد
ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كومپيۇتېر تەجرىبىخانىسىدا بار ئىدى . دەل
مۇشۇ ۋاقىتتا ، روبېرتس يەنە تېلېفون قىلىپ ئۇلارنى سۈيلىدى
ۋە ئۈچ ھەپتىدىن كېيىن لايىھىلەنگەن BASIC تىلىنى ئالبۇكـ
ۋېركىغا ئېلىپ بېرىپ ، «ئوۋتى» دا مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش
لازىملىقىنى ئۇقتۇردى . بۇ شۈبھىسىزكى ، گېيتس ، ئېلىن
ئۈچۈن غايەت زور بېسىم ئىدى .
كېيىنكى ئۈچ ھەپتە جەريانىدا ، ئىككىيلەن بىرەر كېچىمۇ
خاتىرجەم ئۇخلاپ باقمىدى . كېچە - كۈندۈز تەجرىبىخانىدا ئىشـ
لىدى . ھېرىپ - چارچىسا كومپيۇتېر ئالدىدا ئازراقلا كۆزىنى
پەللەپ يەنە ئىشنى داۋاملاشتۇراتتى . ھەتتا ئۇخلاپ قېلىپ كومپـ
يۇتېرغا ئۇسۇۋالىدىغان ئىشلارمۇ بولۇپ قالاتتى . ئېلىن : «گېيـ
تىستا چۈشىدىمۇ سىستېما تۈزەلەيدىغان ئىقتىدار بارمىكىن دەيـ
مەن» دېگەنىدى .
ئوۋتى كومپيۇتېرنىڭ ئىچكى ساقلىغۇچى ئارانلا تۆت كىلوـ
بايت بولۇپ ، BASIC تىلىنىڭ سىستېما ئۇزۇنلۇقىنى چەكلەپ
تۇراتتى . گېيتس مېڭىسىنىڭ قېتىقىنى چىقىرىپ ئولتۇرۇپ
ئەسلى سىستېمىنى بىر - بىرلەپ پىرسلاپ چىقىشى كېرەك
ئىدى . بۇ ئىش سۇرئىتىنى تېخىمۇ چەكلەپ تۇراتتى . 1975 -
يىلى 2 - ئاينىڭ ئاخىرقى ئون كۈنى ، دېمەككى سىستېمىنى
تاپشۇرىدىغان ۋاقىت كەپقالغانىدى . ئېلىن ئايروپىلان بىلەن ئالـ
بوكۋېركىغا ماڭىدىغان كۈنىنىڭ ئالدىنقى كېچىسىمۇ ئىش تېخى
تۈگىمىدى . كېچە سائەت بىردە گېيتس ئېلىننى ئۇخلىغىلى
بۇيرۇپ ئۆزى قالدى . . . ئەتىسى ئۇ BASIC تىلىنىڭ كۆچۈرۈلـ
گەن نۇسخىسىنى ئېلىنغا تۇتقۇزۇپ ئۆزىمۇ ئىشەنچ قىلالمىغان
ھالدا : «بولامدۇ - بولمامدۇ خۇداغا ئامانەت ، بار» دېدى .

ئېلىن گېيتسنىڭ تالانتىغا ئىشىنەتتى . لېكىن ئايروپىلان ئالبۇكۇېركىغا قونۇشقا يېرىم سائەت قالغاندا ، ئېلىن تۇيۇقسىز قاچىلاش سىستېمىسىنىڭ كەم قالغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى ۋە دەرھال بىرنەچچە ۋاراق تاشلاندۇق قەغەز تېپىپ كېلىپ سىستېما يېزىشقا كىرىشتى . ئايروپىلان قونغاندا ، ئۇ ئاران ـ ئاران يېزىپ پۈتتۈرۈۋالدى . سىناق ئاخىر مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ ، قاتتىق دېتالنىڭ تەلىپىنى قانائەتلەندۈردى . بىل گېيتسنىڭ BASIC تىلى كېيىنچە مۇتەخەسسىسلەر تەرىپىدىن «تۆت كىلوبايت BASIC » دەپ ئاتالدى ۋە ئىنتايىن زور ئالقىشقا ئېرىشتى .

كېيىن بىل گېيتس ئۆزىمۇ BASIC قا نىسبەتەن ئىزچىل ئىنتايىن زوقمەنلىك بىلەن قاراپ كەلدى . 1989 ـ يىلى ئاللىقاچان كاتتا شۆھرەتكە ئېرىشكەن گېيتس BASIC تىلى دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ 25 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن «بايت» ژۇرنىلىدا ئۆزىنىڭ BASIC نىڭ ئەسەبىي چوقۇنغۇچىسى ئىكەنلىكىنى ، BASIC دەرىخىنىڭ مەڭگۈ ياش تۇرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ھەرقانداق ئادەمگە جەڭ ئېلان قىلىدىغانلىقىنى ، يەنى ھەرقانداق بىر سىستېما تۈزگۈچى ھەرقانداق بىر مەسىلىنى ھەل قىلىشتا مەيلى قانداق قورال ئىشلەتمىسۇن ، ئۇ جەزمەن BASIC نى ئىشلىتىش ئارقىلىقلا ھەممىسىنى يېڭەلەيدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى . مىكروسوفتتا يەنە مۇنداق بىر قىزىق گەپ كەڭ تارقالغان . مەلۇم ۋەزىپە دەل ۋاقتىدا ئورۇنلانماي قالغان ۋاقىتتا ، خادىملار ۋەزىپىنى بىل گېيتسقا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ . بىل گېيتس باشقىلار شۇنچە ئۇزاق ۋاقىتتا شۇنچە باش قاتۇرۇپمۇ ھەل قىلالمىغان قىيىن ئىشنىمۇ BASIC تا ھەپتىدىلا ۋايىغا يەتكۈزۈپ تاماملىيالايدۇ . . .



# يېڭىلىق يارىتىش بىر خىل مۆجىزە

بىر ئىنژېنېر ، بىر فىزىك ، يەنە بىر رەسسام ئەقىل سىناش مۇسابىقىسى ئېلىپ بېرىپتۇ . مۇسابىقە مەزمۇنى بىر ئېگىز بىنانىڭ ئېگىزلىكىنى بارومېتىرغا تايىنىپ تېپىش ئىكەن .

مەيلى قانداق ئۇسۇل قوللىنىشىدىن قەتئىينەزەر ، پەقەت مەقسەتكە يەتسىلا بولىدىكەن . ئەمما يېڭىلىق يارىتىش ، ئىجادچانلىقى ئەڭ كۈچلۈكى غەلىبە قىلغان ھېسابلىنىدىكەن .

ئىنژېنېر خۇشاللىقتا قىن ـ قىنىغا پاتماي قاپتۇ . چۈنكى ئۇ ھامان ئىنژېنېردە . ئۇ ئالدى بىلەن بىنانىڭ تۈۋىدىكى ھاۋانىڭ بېسىمىنى ، ئاندىن بىنانىڭ چوققىسىدىكى ھاۋانىڭ بېسىمىنى تېپىپ ، يەنە ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقىنى تېپىپتۇ . ئاندىن ھەر 12 مېتىر ئۆرلىگەندە بارومېتىرنىڭ سىماب تۈۋرۈكىنىڭ بىر شىكالا يۇقىرى ئۆرلەيدىغانلىقىنى ئۆلچەم قىلىپ تۇرۇپ ، فورمۇلا تۈزۈپ تېزلا بىنانىڭ ئېگىزلىكىنى ئۆلچەپ چىقىپتۇ . ئۇ بۇنى ئەڭ توغرا ، دەپ قارايدىكەن .

فىزىك ئالدىرىماي بىنانىڭ ئۈستىگە چىقىپتۇ ۋە سائىتىگە قاراپ تۇرۇپ بارومېتىرنى پەسكە قارىتىپ قويۇۋېتىپتۇ ھەمدە بارومېتىرنىڭ يەر يۈزىگە چۈشۈشكە كېتىدىغان ۋاقىت $t$ نى ئەڭ توغرا ھالدا خاتىرىلىۋېلىپ ، ئەركىن چۈشكەن جىسىمنىڭ ئېگىزلىكىنى تېپىش فورمۇلىسى $h=\frac{1}{2}gt^2$ قا ئاساسەن بىنانىڭ ئېگىزلىكىنى تېپىپ چىقىپتۇ . ئۇمۇ بۇ ئۇسۇلنى يامان ئەمەس بولدى ، دەپ قارايدىكەن ھەم بۇنىڭدىن ناھايىتى مەمنۇن ئىكەن .

نۆۋەت رەسسامغا كەپتۇ . ئۇ تازا قىينىلىپتۇ . ئۇنىڭدا فىزىكتەك ئىلىممۇ ، ئىنژېنېردەك تەجرىبىمۇ ، بۇنىڭغا دائىر بىرەر ئىلىممۇ يوق ئىكەن . قارىغۇ تار يەردە قىستىلىپتۇ . ئەمما ئۇ ئۆزىنى ناھايىتى تەمكىن تۇتقان ھالدا ئويلىنىشقا باشلاپتۇ . بىنا ئۆلچەشكە دائىر بىلىم بولمىغان بىلەن تەپەككۇر ، تەسەۋۋۇر ئۇنىڭدا كەم ئەمەس ئىدى . رەسسام تۈز يول بولمىغان ئىكەن ، چىغىر يولدا مېڭىپ بولسىمۇ مەنزىلگە يېتىشنى ئويلاپتۇ ، ئويلاپتۇ ، ئويلاپتۇ ۋە توساتتىنلا ئىختىيارسىز كۈلۈپ كېتىپتۇ .

ئۇ بارومېتىرنى بىناغا قارايدىغان كۆزەتچىگە سوۋغا قىپتۇ ۋە بۇنىڭ بەدىلىگە بىنانىڭ چېرتيوژىنى ئامباردىن تاپتۇرۇپ كۆرۈۋالدىغانغا كېلىشىپتۇ . شۇنداق قىلىپ ئۇ بىنانىڭ ھەقىقىي ئېگىزلىكى توغرىلىق ئەڭ ئېنىق ، ئەڭ توغرا سانلىق مەلۇماتقا ئېرىشىپتۇ .

ئۇچەيلەننىڭ قايسىسىنىڭ يېڭىلىق يارىتىش روھى ئەڭ كۈچلۈك ؟ بەلكىم بەزىلەر رەسسامنى تازا بىر كاززاپ ، ئاقنانچى بىر نېمىكەن ، ئۇنىڭدا تالانت ، قابىلىيەت نېمە ئىش قىلسۇن ؟ دېيىشى مۇمكىن . ئەجەبا ، ھېچقانداق چىقىش تاپالماي قالغان ئەھۋالدا يول تېپىش ئىنتايىن قىممەتلىك كەشپىيات ئەمەسمۇ ؟

ئىنژېنېرنىڭ تەپەككۇرى ئادەتتىكىلا ئىش . ئۇ ئىلمىي پرىنسىپقا ، ھېسابلاش فورمۇلىلىرىغا ، ئۆلچىگەن سانلىق مەلۇماتلىرىغا تايىنىپ تۇرۇپ بىنانىڭ ئېگىزلىكىنى تاپتى . يەنى ئىلمىي ئۇسۇلغا تاياندى ، لېكىن بۇ كەسپىي ئۇسۇل . قېلىپلاشقان تەپەككۇر ، يېڭىلىق يوق . چۈنكى بۇلار ئۇ ئۆزى ئىجاد قىلغان ئۇسۇل ، فورمۇلىلار ئەمەس . ئەگەر ئۇ كەسپىي خادىم ياكى بۇلارنى بىلمەيدىغان ئادەم بولۇپ قالسا ، بۇ مەسىلىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالامدۇ ؟ ئاددىيسى سىز قىلالامسىز ؟

فىزىك بارومېتىرنى بىر ئېغىر جىسىم ئورنىدا پايدىلاندى . شكالىلاردىن پايدىلانمىدى . ئۇنىڭ ئۇسۇلى ئىنژېنېرنىڭكىدىن



ئاز تولا پەرق قىلىدۇ . ئۇنىڭدا ئاز ـ تولا ئىجادچانلىق ئېلېمېنتلىرى بار . لېكىن ئۇمۇ ئېغىر ھالدا قېلىپلاشقان تەپەككۇرغا ، ئۆز كەسپىي بىلىمى ۋە كەسپىي فورمۇلىلارغا تايىنىۋالدى . ئۇنىڭ ئۇسۇلىمۇ كەسپىي قېلىپلاشقان ئۇسۇل ، يەنى ئادەتتىكى بىر خىزمەتچىنىڭ خىزمەت ئۇسۇلىدىن قىلچە ئۆزگىچىلىكى ، ئىجادچانلىقى يوق .

رەسسام بولسا ئىجادىي تەپەككۇرغا قالتىس باي . ئۇ ئىلمىي بىلىم ، قائىدە ـ پرىنسىپلاردىن خەۋەرسىز . ئادەتتىكىلا ئادەم ، ئادەتلەنگەن تەپەككۇر ئۇنىڭغا ياردەم بېرەلمەيدۇ . ئۇ بۇ قىيىنچىلىقنى ئەكسىچە دۆم كۆمتۈرىۋېدى ، قالتىس ئۈنۈم بەردى . بارومېتىرنىڭ ئىلمىي قىممىتى كارغا كەلمىگەندە ، ئۇ بارومېتىرنىڭ ماددىي قىممىتىدىن پايدىلىنالىدى ـ دە ، يول تېپىپ ئۆز نىشانىغا يەتتى . بۇمۇ بىر كەشپىيات .

ماددىي نەرسىلەر بىلەن ئىشنى ئاسانلاشتۇرۇشنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ ، قىلالايدۇ . ئەمما كۆپىنچە ئادەم بۇنى بازاردا ، بولۇپمۇ قەدىمىي بازارلاردا قىلالايدۇ . لېكىن بۇنداق ئالاھىدە شارائىتتا كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ ئويلايدىغان ، قىلىدىغىنى ، ئۆلچەش ، ھېسابلاش دېگەندەك ئىلمىي ئىشلار ، ئۇلارنىڭ خىيالىغا «سودا» دېگەن نەرسە كىرىپمۇ چىقمايدۇ . رەسسام ئۆزىنىڭ ئۆزگىچە تەپەككۇرى ، خاسلىقى بىلەن ئەڭ ئاز كۈچ ئىشلىتىپ ، ئىككى خادىم تەرلەپ ـ پىشىپمۇ تاپالمىغان ئەڭ توغرا نەتىجىگە ئېرىشتى . شۇڭا دەيمىز ، رەسسامنىڭ ئىجادچانلىقى ئەڭ كۈچلۈك ، ئۇنىڭ تەپەككۇرى بىزنىڭ يېڭىلىق يارىتىش خىيالىمىزغا ئىلھام بېرىدۇ .

بەزىلەر : «مەن ئادەتتىكىلا ئادەمنىڭ بالىسى ، مەنمۇ يېڭىلىق يارىتالارمەنمۇ ؟» دەپ سورىشى مۇمكىن . بۇ دەل يېڭىلىق يارىتىشقا بولغان ئىشەنچىنىڭ كەملىكىنىڭ بەلگىسى . ئاكتىپ ئۆزگە ئىشىنىش پوزىتسىيىسى ئارقىلىقلا ئۆزىدىكى يوشۇرۇن

ئىقتىدارنى قوزغاپ ئىجادچانلىققا ئېرىشىش مۇمكىن . ئىجادچانلىق ئۇ ئىنتايىن قىممەتلىك ، شۇنداقلا ئادەتتىكى ئىش . ئادەتتىكى تەپەككۇر ئىقتىدارنى يوقاتمىغان ھەر قانداق ئادەم يېڭىلىق يارىتالايدۇ . مۇنداقچە ئېيتقاندا ، كىشىلىك جەمئىيەتتىكى ھەر بىر ئادەم ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىپ تۇرىدۇ .

بىر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى خەتنى خاتا يېزىپ قويغانلىقتىن ، ئوقۇتقۇچىسى ئۇنى تېكىستنى 30 قېتىم كۆچۈرۈشكە بۇيرۇپتۇ . ئۇ ئۈچ قەلەمنى بىر قىلىپ باغلاپ يېزىپ ، ئىش سۈرئىتىنى ئۈچ ھەسسە ئاشۇرۇپتۇ . ئەجەبا بۇ يېڭىلىق ئەمەسما ؟



## تەسەۋۋۇر كۈچىڭىزنى قاناتلاندۇرۇڭ

مەلۇم بىر لۆڭگە زاۋۇتى مەھسۇلات ئۆزگەرتىش ئېلىپ بارماقچى ئىكەن . لېكىن سۈپەت ، رەڭ ، نەقىشلەردىن بۆلەك زادى قانداق ئۆزگەرتىش ئېلىپ بارسا ، تېخىمۇ ياخشى بولىدىغانلىقىنى ھەر قانچە قىلىپمۇ ئويلاپ تاپالماپتۇ . شۇ چاغدا بىرەيلەن سۈپەتنى ياخشىلاشتىن باشقا ، ئىستېمالچىلارنى ئۆزىگە تېخىمۇ جەلپ قىلالايدىغان ھەم قىزىقارلىق ھەم مەنىلىك بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرالىسا ، باشقا رىقابەتچىلەردىن ئۈستۈن ئورۇنغا ئۆتەلەيدىغانلىقى توغرىلىق تەكلىپ بېرىپتۇ .

ئۇلار ئۇيان ئويلاپ ، بۇيان ئويلاپ ئاخىرى ئالاھىدە بىر خىل بوياق تېپىپتۇ - دە ، رەڭ ئۆزگىرىشچان لۆڭگىلەرنى بازارغا ساپتۇ . بۇ لۆڭگىلەر قۇرۇق چاغدا جۇباجىنىڭ كېلىنچەكنى يۈدكەن رەسىمى كۆرۈنسە ، ھۆل چاغدا جۇباجىنىڭ سۇن ۋۇكۇڭنى يۈدكەن ھالىتىگە ؛ يەنە بىرى ، قۇرۇق چاغدا جىياباۋيۈي بىلەن شۆباۋچەينىڭ توي قىلغان كۆرۈنۈشىنى كۆرسەتسە ، نەم چاغدا جىيا باۋيۈي بىلەن لىن دەييۈنىڭ قول تۇتۇشۇپ تۇرغان ھالىتىگە ؛ يەنە بىرى ، قۇرۇق چاغدا بىر ئوقۇغۇچىنىڭ زېھىن قويۇپ ئۆگىنىش قىلىۋاتقان ھالىتىنى كۆرسەتسە ، نەم چاغدا دوكتورلۇق تەقىيىسى كىيىۋالغان ئوقۇغۇچىغا ئۆزگىرىدىكەن… بۇ ئۆزگىرىشچان لۆڭگىلەر بازارغا سېلىنغاندىن كېيىن راستتىنلا بازار تېپىپ كېتىپتۇ .

تەسەۋۋۇر كۈچىنى نېمىشقا كۈچ دەيمىز ؟ چۈنكى ، تەسەۋۋۇر دەل مەۋجۇت كۈچ ، ئىنتايىن جانلىق ، قارشى تۇرۇش مۇم-

كىن بولمايدىغان كۈچتۇر . يوشۇرۇن ئاڭنى بىز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ ، قولىمىز بىلەن تۇتالمايمىز . ئۇ خۇسۇسىي يوشۇرۇن ئاڭ ۋە كوللېكتىپ يوشۇرۇن ئاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . خۇسۇ-سىي يوشۇرۇن ئاڭ ھەممىمىزگە تونۇشلۇق ، ئۇنداقتا كوللېكتىپ يوشۇرۇن ئاڭ دېگەن نېمە ؟

ئۇ دەل قۇدرەتلىك ، كەڭ ئاممىۋى ئەقىلنى كۆرسىتىدۇ . بىز تەسەۋۋۇر قىلىۋاتقان چاغدا ، قەلبىمىزدە پەيدا بولغان تۇيغۇ مۇرەككەپ چەكسىز تاشقى ئۈنۈم ھاسىل قىلىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق خىيال ، تەسەۋۋۇرلىرىمىز رېئاللىققا ئايلىنىدۇ . بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا ، تەسەۋۋۇر نوقۇل سۇبيېكتىپ نەرسە ، تۇتقىلى بولماي-دىغان خام ـ خىيال ياكى ئالۋان ئەمەس .

ئۆزىڭىزدە مەلۇم تەخىرسىزلىكنى ھېس قىلغان چېغىڭىزدا ئەتراپىڭىزدا سىزنى قانائەتلەندۈرەلەيدىغان نەرسىلەرنىڭ بار ـ يوقلۇقىغا دىققەت قىلىشقا باشلايسىز ، تەسەۋۋۇرىڭىزنى ئىشقا سېلىپ مۇمكىنچىلىكلەرنى بايقاشقا مەجبۇر بولىسىز ھەمدە ئاشۇ تەسەۋۋۇر كۈچىڭىزنىڭ ياردىمىدە ئۆز نىشانىڭىز ، غايىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا پايدىلىق يول ، ئۇسۇل ، چارىلەرنى تېپىپ چىقىش ئۈچۈن ھەرىكەتلىنىسىز . ھەقىقەتەنمۇ تۇرمۇشىمىزدا تە-سەۋۋۇر كۈچىنىڭ ئوينايدىغان رولى بىز ئويلىغاندىن نەچچە ھەس-سە ئارتۇق بولىدۇ .

بىزنىڭ مۇشكۇل ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداش ـ ئورۇندىيالماس-لىقىمىز يالغۇز بىزنىڭ ئىرادىمىزگىلا ئەمەس ، تەسەۋۋۇر كۈچى-مىزگىمۇ باغلىق . ئىجادچان تەسەۋۋۇر يالغۇز شائىرلار ، پەيلا-سوپلار ياكى كەشپىياتچىلارغا تالىق نەرسە ئەمەس . ئۇ ھەر بىرى-مىز ئۈچۈن جانەدەك لازىم . شۇنداق دېيەلەيمىزكى ، ئويلىيالى-غان ، تەسەۋۋۇر قىلالىغان ئادەم ئاندىن ئۇنى ئورۇنلىيالايدۇ . تەسەۋۋۇر سىزدە ئاكتىپ تەپەككۇر شەكىللەندۈرۈپ ، بارلىق كۈ-چىڭىزنى مەركەزلەشتۈرۈپ ، ئۆز نىشانىڭىزنى تاماملىشىڭىزغا



ياردەم بېرىدۇ .

مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار كۆپ ئەمەس . كۆپ قىسىم ئا-دەملەر مۇشۇنى دەپلا ئۆزلىرىنى ھامان مەغلۇبىيەتچى ئورۇنغا قويۇۋالىدۇ ـ دە ، ئۆز غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس دەپ چۈشكۈن ئورۇنغا ئۆتۈۋالىدۇ . ئەمما ئۇنتۇماسلىق كېرەككى ، ئېرىشىشنى خالىسىلا ھەممىلا ئادەم مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدۇ . غەلىبە قازىنىشقا بولغان ئىشەنچ ۋە تەسەۋۋۇرنى تاشلىۋەتكەن كىشىلەرنى پۇرسەتمۇ يوقلاپ قويمايدۇ .

مۇۋەپپەقىيەت قازانماقچى بولسىڭىز ، ئالدى بىلەن شۇنى ئويلاڭ ، تەسەۋۋۇر قىلىڭ . بەزىلەر : «تۇرمۇش خىيالغا تايىنىپلا خالىغانچە ئېرىشكىلى بولىدىغان نەرسە ئەمەس» دەپ قارايدۇ . تامامەن ئۇنداق بولماسلىقىمۇ مۇمكىن . كىم تەسەۋۋۇر كۈچى ، ئارزۇ ـ ئىستەكنى ھېچنىمىگە ئەرزىمەيدۇ ، سىزنى مۇۋەپپەقى-يەتكە يېتەكلىيەلمەيدۇ دەيدۇ .

# ئەك قۇدرەتلىك كۈچ

تاغدا بىر نامرات ئوتۇنچى ياشايدىكەن . ئۇ مىڭبىر جاپادا ئاران بىر ئۆي ياساپ ئۇھ دەپتۇ .

بىر كۈنى ، ئۇ تاغدىن كېسىپ كەلگەن ئوتۇنلىرىنى شەھەرگە ئەكىرىپ لازىمەتلىك نەرسىلەرگە ئالماشتۇرۇپ ، گۇگۇم چۈشكەندە ئاران دېگۈدەك ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ . ئەمما ئۇنىڭ كۆرگىنى ئۇ كۆرۈشكە تەقەززا بولغان ئۆي ئەمەس ، لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئۆي بوپتۇ . قۇلۇم - قوشنىلاردىن تارتىپ ، چوڭ - كىچىك ھەممىسى ئوتنى ئۆچۈرۈشكە قانچە كۈچىگەن بولسا ، ئوت ئولۇغ ، شامال كۈچلۈك بولغاچقا ، ئۆچۈرەلمەي ، ئۆينىڭ لاۋۇلداپ كۆيۈشىگە قاراپ تۇرۇشتىن باشقىنى قىلالماپتۇ .

ئوت ئۆچۈپتۇ . ئوتۇنچى قولىغا بىر كالتەكنى ئېلىۋېلىپ كۆيۈپ چۈچۈلىغا ئايلانغان قالدۇقلارنى ئۇيان - بۇيان چۆرۈپ بىر نەرسىلەرنى مالتىلاشقا باشلاپتۇ . قوشنىلار ئۇنىڭ نېمە قىلىدىۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي ئىچ ئاغرىتىشىپ قاراپ قاپتۇ .

— تاپتىم !— دەپتۇ بىر چاغدا ئوتۇنچى ھاياجان بىلەن ۋارقىراپ . قوشنىلار ئۇنىڭ تىقىپ قويغان بىرەر قىممەتلىك نەرسىسى ياكى ئالتۇن - كۈمۈشلىرى بولسا كېرەك دەپ ئالدىرا يۈگۈرۈپ كېلىپ قارىسا ، ئوتۇنچىنىڭ قولىدا دەستىسى كۆيۈپ چۈچۈلىغا ئايلانغان بىر پالتا تۇرغۇدەك . ئوتۇنچى قولىدىكى كالتەكنى پالتىغا دەستە قىلىپ تىقىپ تۇرۇپ ئىشەنچ بىلەن :

— مۇشۇ پالتا بولىدىكەن ، تېخىمۇ مۇستەھكەم ئۆيدىن يەنە بىرنى ياسىۋالالايمەن ،— دەپتۇ .



تالاي ئادەم تەقدىرىنىڭ كاجلىقىدىن زارلاشقا ئامراق . ئەمما ئۇلار ئۆز تېنىدىكى كۈچنى ئىشلەتمىگىنىدىن ھەرگىز زارلاپ باقمايدۇ . ئەمەلىيەتتە ، ئىنساننىڭ تېنىدىكى ئەقىل ۋە كۈچ ئۇنى يېپيېڭى تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈشكە تامامەن قابىل . ئىنساندىكى ئاشۇ كۈچ ئىشلىتىلسە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان مۆجىزە يارىتىدۇ . ئىشلەتمىسە ، ئىنساننىڭ ئۆزى مۇشكۇلاتنىڭ ئايرىلماس ھەمشېرىكىگە ئايلىنىدۇ .

سىز ئۆزىڭىزدىكى ئاشۇ بىپايان كۈچ - قۇدرەتنى ھېس قىلغان ۋە ئۇنى ئىشلىتىشكە باشلىغان چېغىڭىزدا پۈتكۈل تۇرمۇشىڭىزنىڭ ئۆزىڭىز ئارزۇ قىلغاندەك شادلىق ، مەنە ، مۇۋەپپەقىيەتكە لىپمۇلىق تولغانلىقىنى بايقايسىز . ئەندىشىنى ئىشەنچكە ، ئۈمىدكە ئايلاندۇرۇش ھەقىقەتەنمۇ تەڭداشسىز كۈچ چىللايدۇ . ئىشىنىڭ ، ئىشەنمەڭ سىزدە ئاجايىپ زور كۈچ - قۇدرەت بار .

مەغلۇبىيەتسىز مۇۋەپپەقىيەت يوق . مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشتىكى ئەڭ مۇھىم ھالقا ئۆزىدىكى يوشۇرۇن كۈچنى تېپىش ، ئىشلىتىشتە .

# گېنېرال بىلەن ئات ھەققىدە ھېكايە

قەدىمكى رىمنىڭ پادىشاھى خادرانىنىڭ قول ئاستىدا ئۆسۈش
تەمەسسىدىلا يۈرىدىغان بىر گېنېرال بار ئىكەن . ئۇ كۆپ ساقلاپ-
تۇ ، ئەمما پادىشاھنىڭ ئۆستۈرۈش توغرىلىق ھېچ پەرمانى يوق .
ئۇ ئاخىر تاقەت قىلالماي پادىشاھنىڭ ئۆزىگىلا ئېغىز ئېچىپتۇ :
— مېنى ئۆستۈرۈپ تېخىمۇ مۇھىم ئورۇنغا قويسىلا تەق-
سىر ، مەن ئۇن قېتىملىق مۇھىم جەڭلەرگە قاتناشقان ، تەجرى-
بەممۇ مول .
پادىشاھ تالانتلىقلارنى بايقاشقا ئىنتايىن ماھىر بولۇپ ، بۇ
گېنېرالنىڭ ھال - ئەھۋالىنىڭ تايىنلىق ئىكەنلىكىنىمۇ ئوبدان
بىلىدىكەن . شۇڭا ، ئۇ يۈز - خاتىرە قىلىپ ئولتۇرمايلا شۇنداق
دېيىشكە مەجبۇر بوپتۇ :
— ھۆرمەتلىك گېنېرال ، خاپا بولماي ئاتخانىدىكى ئاتلارغا
قاراپ بېقىڭ . ئۇلارنىڭ ئالدى ئەڭ كەم دېگەندىمۇ ئىككى قېتىم
جەڭگە قاتناشقاندۇ . لېكىن ئۇلار ھېلىھەم ئات تۇرمامدۇ ؟
بىل گېيتىس تەجرىبە ۋە مالىيە كۈچىنىڭ مۇھىملىقىنى
تەن ئالسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ تالانتنى ئۆلچەيدىغان بىردىنبىر
تارازا ئەمەسلىكىنى قۇۋۋەتلەيدۇ . تەجرىبە ئۇزاق مۇددەتلىك تەك-
رار خىزمەتنىڭ نەتىجىسى . گەرچە ئۇ مەلۇم ساھەدىكى مۇتەخەس-
سىسلىشىش ، پىششىنى كۆرسەتسىمۇ ، ئەمما چاتاق يېرى بۇ خىل
تەكرارلىق كىشىنىڭ تەپەككۇرىنى ، تەسەۋۋۇرى ، ئىجادچانلىقى-
نى زور دەرىجىدە بوغۇپ قويىدۇ .
بىل گېيتىسنىڭ دېيىشىچە ، مىكروسوفت خىزمەتچىلىرى-



نىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 30 ئىكەن . پۈتۈن خىزمەتچىلەرنىڭ تەڭ-
دىن تولىسى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپلا ئۇدۇل مۇشۇ يەرگە
كەلگەنلەر ئىكەن . مىكروسوفتنىڭ تۈرگە مەسئۇل دىرېكتورلى-
رىمۇ «مىكروسوفت ئۇسلۇبى» غا ئاسانلا قېتىلالايدىغان ، مەند-
سىز تەكرار ئىشنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمىغان بۇ خىل جۇشقۇن
ياشلارنى ئىشلىتىشنى بەكرەك خالايدىكەن .
مىكروسوفت دەسلەپكى مەزگىللەردە يۈز - تۇرانە ئىمتىھان
ئېلىپ قوبۇل قىلىش شەكلىنى قوللانغان . يەنى بىل گېيتىس ،
ئېلىن ، چارلىزلار ئۆزى ھەر بىر قوبۇل قىلىنغۇچىدىن سىناق
ئېلىپ چىققان . مىكروسوفت ھازىرمۇ ئامېرىكىدىكى 50 نەچچە
داڭلىق ئالىي مەكتەپكە ، شۇنداقلا بىر قىسىم يەرلىك مەكتەپلەر-
گە ، چەت ئەللەرگە خىزمەتچى قوبۇل قىلىشقا ئادەم ئەۋەتىپ
تۇرىدۇ . ئۇلارنىڭ قارىشىچە ، مەكتەپتىكى ياشلارنىڭ ئىگىلىگە-
نى ، بىلىدىغىنى ، تەجرىبە ياكى ئىقتىساد بولماستىن ،
تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق ۋە ئىجادىي كۈچ ئىكەن .

# بايقساك توپىمۇ ئالتۇن

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ئامېرىكىلىق لاكى ئىسىملىك بىر
ياش ناھايىتى جاپالىق ئىزدىنىش ئارقىلىق ئىنتايىن ھەم بولغان
بىر پاراخوت ياسايدۇ . ۋە ئۇنى سۇ ئاستى پاراخوتى قىلماقچى
بولىدۇ . لېكىن ئۇ ئىككى ئىشتا قىينىلىدۇ : بىرى ، تاشقى
بېسىم كۈچى ئىشلەتمەي تۇرۇپ قانداق قىلىپ پاراخوتنى سۇ
تەكتىگە ئۆزلىكىدىن چۆكىدىغان قىلىش ، يەنە بىرى ، قانداق
قىلىپ پاراخوتنىڭ سۇ ئاستىدىكى تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاش . ئۇ
ھەر قانچە قىلىپمۇ بۇنى ھەل قىلىشنىڭ توغرا ئۇسۇلىنى تاپالماپتۇ .
بىر كۈنى ، ئۇ دوستلىرى بىلەن دېڭىز بويىغا ئوينىغىلى
بېرىپتۇ . ئۇلار قانغۇچە يەپ ـ ئىچىپ تاماشا قىلىپتۇ ۋە قۇرۇق-
دالغان ھاراق بوتۇلكىلىرىنى سۇغا ئېتىشىپتۇ . سۇغا تاشلانغان
بوتۇلكىلار بۇلۇق ـ بۇلۇق ئاۋاز چىقىرىشىپ بىر ـ بىرلەپ
چۆكۈپ كېتىشىپتۇ . لېكىن بىر بوتۇلكا چۆكمەي سۇ يۈزىدە
لەيلەپ تۇرۇپ قاپتۇ . لاكى قىزىقىپ دەرھال دېڭىزغا سەكرەپ
ھېلىقى بوتۇلكىنى سۈزۈپ ئەكەپتۇ ۋە بوتۇلكىدا ئىچىپ يېرىم-
لاشقان ھاراقنىڭ قېپقالغانلىقىنى بايقاپتۇ . لاكى قىزغىن تاماشا
قىلىۋاتقان دوستلىرىنىمۇ ئۇنتۇپ ، ئۇچقاندەك ئۆيىگە قايتىپتۇ .
«يېرىمى چۆكۈپ يېرىمى لەيلەپ قالغان ھاراق پرىنسىپى»
لاكىغا يېڭى تەپەككۇر يىپ ئۇچى بېرىپتۇ ـ دە ، ئاخىر مۇۋەپپەق-
قىيەتلىك ھالدا ھەم چۆكۈپ ھەم لەيلىيەلەيدىغان پاراخوتنى ياساپ
چىقىپتۇ .
ئۇدۇل ئىشىكتىن كىرەلمىسە يان ئىشىكتىن كىرىسىمۇ ھې-



ساب . لاكى ھەر قانچە قىلىپ ئويلاپ تاپالمىغان جاۋابنى ئويۇن
ئىچىدىن تاپتى . ھەقىقەتەنمۇ بايقىساڭ توپىمۇ ئالتۇن . مەلۇم
ساھەدىكى كىچىككىنە بىر بۆسۈشمۇ پۈتكۈل جەمئىيەتكە يېپيېڭى
قىياپەت بېغىشلىيالايدۇ . مەسىلە ئاشۇ بۆسۈش ئېغىزىنى ۋاقتىدا
بايقاش ۋە ئۇنى ئۆز ساھەسى بىلەن باغلاشتا . 80 ـ يىللارنىڭ
بېشىدا گېيتىس سىئاتىل كومپيۇتېر شىركىتىنىڭ QDOS
سىستېمىسىنى ئەرزان باھادا سېتىۋالدى ۋە ئۇنىڭغا ئىش قوشۇش
ئارقىلىق ئۆزىنىڭ DOS-MS مەشغۇلات سىستېمىسىنى ياساپ
چىقتى . شۇ چاغدا ئۇ QDOS نى مىكروسوفتقا باشلاپ كىرەلمە-
گەن بولسا IBM شىركىتى بېكىتكەن ۋاقىت ئىچىدە ۋەزىپىنى
ئورۇنلىيالمىغان ، مىكروسوفتمۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا قەد كۆ-
تۈرۈپ چىقالمىغان بولاتتى . تېخنىكىغا تايىنىپ مەشغۇلات سىس-
تېمىسى بازىرىنى يالغۇز ئىگىلەش مىكروسوفت مەشغۇلات سىس-
تېمىلىرىنىڭ قەددىنى بىراقلا كۆتۈردى .
پۇرسەت ھەممىگە باراۋەر . تەگرى ئاتا قىلغان پۇرسەتنى
چىڭ تۇتۇپ ، ئۆز ئەمەلىي كۈچى بىلەن تېخىمۇ پايدىلىق بوشلۇق
يارىتالىغانلارلا مۇۋەپپەقىيەتنىڭ پارلاق مەنزىلىگە قەدەم بېسىپ
كەلدى . مىكروسوفت IBM شىركىتىگە مەشغۇلات سىستېمىسى
ئىشلەپ بېرىشتىن باشقا ، ئالما كومپيۇتېر شىركىتى بىلەن ھەم-
كارلىشىپ GUI رەسىم يۈمشاق دېتال سىستېمىسىنى ئورتاق
ئېچىشقا ھەمدە «مەكىنتوش» ئۈچۈن ئىلغار بولغان رەسىم مۇ-
ھىتىدا ئىشلىتىدىغان يۇمشاق دېتال ياساپ بېرىش توختىمى تۈز-
گەن . بۇ توختاملار مىكروسوفتنىڭ ئەڭ ئىلغار يۇمشاق دېتال
باھادىرى بولۇش ئۈچۈن ئاساس سالغانىدى . ئالما شىركىتى بى-
لەن بولغان توختام IBM شىركىتى بىلەن تۈزگەن توختامغا
ئوخشىماي قالغاندا مىكروسوفت ئاللىقاچان زور ئىقتىسادىي ئەمە-
لىي كۈچكە ئىگە شىركەتكە ئايلانغانىدى . ئۇ ئۆز ئېھتىياجىغا
ئاساسەن ئالما شىركىتى بىلەن بولغان توختامنىڭ كەڭلىكى ۋە

چوڭقۇرلۇقىنى خالىغانچە بەلگىلەپ چىقتى .

ئالما شىركىتى بىلەن بولغان توختام مىكروسوفتنىڭ «كۆپ تەرەپلىك پىلانى» دىكى بىر ھالقا بولۇپ «كۆپ تەرەپلىك پىلان» نىڭ ئىجرا قىلىنىشى شىركەتنىڭ زورىيىشىدىكى ھالقىلىق قەدەم ئىدى . بىل گېيتىس «كۆپ تەرەپلىك پىلان» نى تەجرىبىسىگە تايىنىپ ئاممىنىڭ رايىنى سىنايدىغان ، ئۇلارنى كۆزنەك بىلەن ھەمدە ئېلېكترونلۇق جەدۋەل تەرتىپىنىڭ ھەر قايسى رايونلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ، شىركەتنىڭ ھەر قايسى قىسىملار ئوتتۇرىسىدىكى ھېسابات ۋە يىغىندى مۇناسىۋەتلىرىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىدىغان ، قايتا ئاپتوماتىك ھېسابلاپ كۆرسىتىشكە ياردەم بېرىدۇ ، دەپ قارايتتى .

1982 - يىلى 1 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئىككى تەرەپ توختامنامە ئىمزالىدى . شۇنىڭ بىلەن مىكروسوفت بىلەن ئالما رەسمىي ھالدا قوللاشتى . بىل گېيتىس ئاخىرى ئۆز ئارزۇ قىلغان مەقسەتكە ئېرىشتى .

90 - يىللاردا كومپيۇتېر تورىنىڭ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىشى مىكروسوفتقا ئىنتايىن ئېغىر خىرىس ئېلىپ كەلدى . ئۈزلۈكسىز كۆپىيىۋاتقان ئىنتېرنېت بازىرىدا مىكروسوفت قول قوۋۇشتۇرۇپ قاراپ تۇرالمايتتى . بىل گېيتىس دەرھال ئاكتىپ ئىنكاس قايتۇرۇپ تور ساھەسىدىكى يېتەكچى ئورۇنغا ئۆتىدىغانلىقىنى جاكارلىدى . بەزىلەر بىل گېيتىس ۋە مىكروسوفت ھەققىدە شۇنداق دېيىشىدۇ . مىكروسوفتنىڭ ھازىر قىلماقچى بولۇۋاتقىنى باشقىلارنىڭ گەدىنىگە دەسسەپ، تېخىمۇ يۇقىرى ئۆرلەش ھەمدە مىكرو كومپيۇتېر يۇمشاق دېتاللىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى قايتىدىن قولغا كىرگۈزۈش ، شۇنداقلا ئۆز كۈچى دائىرىسىدە تېخىمۇ كېڭىيىپ تور ساھەسىنى ئىگىلەش . مانا بۇ مىكروسوفت ، بەلكىم ئۆگىنىشكە ماھىر ، باشقىلارنىڭ ئىجادىيىتىدىن پايدىلىنىشنى بىلىدىغان بىل گېيتىس تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەت يارىتالايدۇ .



# يوشۇرۇن قابىلىيىتىڭىزنى ئۇرغۇتۇڭ

ئىنتايىن ئېغىر قول ھارۋىسىنى سۆرەپ كەلگەن بىر دېھقان ناھايىتى ئېگىز بىر تاغ تۈۋىگە كەپتۇ - دە ، ئۆزىنى تاشلاپ ئولتۇرۇپ قاپتۇ . ئۇنىڭ بۇ ئېگىز تاغقا ھارۋىسىنى سۆرەپ چىقىشقا كۆزى يەتمەپتۇ . شۇ چاغدا ناھايىتى قىزغىن بىر ئادەم كەپتۇ - دە ، «قوپۇڭ ، مەن سىزگە ياردەملىشەي» دەپتۇ . ھېلىقى دېھقان ياردەمگە ئېرىشكەنگە خۇشاللىقىدىن چىشىنى چىشلەپ يۇقىرى ئۆرلەشكە باشلاپتۇ . «ھە ! ھە ! ، كۈچەڭ !» دەپ مېڭىپتۇ ھېلىقى ئادەم ئۇنىڭغا مەدەت بېرىپ . ئۇزاققا بارمايلا ئۇلار تاغ ئۈستىگە چىقىپ بوپتۇ . دېھقان ئىنتايىن قىزغىنلىق بىلەن ئۇ ئادەمگە رەھمەت ئېيتىپتۇ . ھېلىقى ئادەم بولسا : «بولدى قويۇڭ ، نېمىگە رەھمەت دەيسىز ؟ بىلىم قايرىلىپ كەتكىلى ئىككى كۈن بولغان . سىزگە كۈچەڭ دەپ بېرەلىدىم شۇ !» دەپتۇ .

مانا بۇ يوشۇرۇن ئىقتىدار . يوشۇرۇن ئىقتىدار كىشىلەردە بار بولغان ئەمما ئۆزى تونۇپ يەتمىگەن ، قېزىپ چىقارمىغان ئىچكى ئىقتىدار ۋە قابىلىيەتنى كۆرسىتىدۇ . ئۇ ھەممە ئادەمدە يوشۇرۇنۇپ ياتىدۇ . ئۇنى قېزىپ چىقىرىش بىزگە باغلىق .

ئىلمىي تەتقىقاتلارنىڭ ئىسپاتلىشىچە ، ئىنسانلاردىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم ئىقتىدار ئىشلىتىلمەي ، بايقالماي بېسىلغان ھالەتتە تۇرىدۇ . ئاشۇ بېسىلغان يوشۇرۇن ئىقتىدارنىڭ ئىشلىتىلىش دەرىجىسىنىڭ ئوخشىماسلىقى ئۇلۇغ ئادەم ۋە ئادەتتىكى ئادەملەرنى تۇغىدۇ . مۇنداقچە ئېيتقاندا ، ئۇلۇغ ئادەملەر ئۆزىگە ، ئۆز ئىقتىدارىغا ، يوشۇرۇن ئىقتىدارىغا يۈكسەك دەرىجىدە ئىشە-

نىدىغان ، ئۆزىنى ، ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى ئىپادىلەشكە قالتىس ماھىرلاردىن سانىلىدۇ . ئادەتتىكى ئادەملەر بولسا ئۆز ئىقتىدارى ، يوشۇرۇن ئىقتىدارىغا ئىشەنمەيدۇ ، تاقەتسىز ، قورقۇنچاق ، ئۇلۇغۋار پىلانلارنى تۈزۈشكىمۇ ، ئۇنىڭ ئۈچۈن جان تىكىپ كۈرەش قىلىشقىمۇ پېتىنالمايدۇ ، ئۆزىنى ئۆزى بوغۇپ قويۇپ ، ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئېرىنچەكلىك قىلىدۇ . شۇڭا دەيمىزكى ، ئادەتتىكى ئادەملەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، يوشۇرۇن ئىقتىدار بار - يوقلۇق ، چوڭ - كىچىكلىك مەسىلىسى ئەمەس ، بەلكى ئۇنى قانداق قىلىپ ئۇنۇملۈك ئېچىش ۋە قوزغىتىش مەسىلىسى خالاس .



## سىز 88 ياشقا كىرمىگەنسىز ؟

ئۇ چاتقاللىق ئىچىگە چۆكتى - دە ، ئويلىنىشقا باشلىدى . ئۇ ئۆزى ساقلاۋاتقان كىچىك قىزچاقنىڭ چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككى - ئۈچلەردە سىرتقا ئوينىغىلى چىقىدىغانلىقىنى بىلەتتى . ئۇ تويۇقسىزلا ئۆزىدىن ناھايىتى يىرگىنىپ كەتتى .

گەرچە ئۇنىڭ كۆڭلىرى ناھايىتى مەنىسىز ، زېرىكىشلىك ئۆتۈۋاتقان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ ئەزەلدىن تۇتقۇن قىلىشتەك مۇنداق زەھەرخەندە خىيالنى ئويلاپ باقمىغانىدى . ئۇ ئاشۇ چاتقاللىقتا مۆكۈنۈپ يېتىپ ناھايىتىمۇ سەبىي ، ساددا ، سېرىق چاچ قويۇۋالغان ئىككى ياشلىق بىر قىزنىڭ ئۆز قاپقىنىغا دەسسىشىنى ساقلاۋاتاتتى . بۇ ناھايىتىمۇ ئۇزاققا سوزۇلغان كۈتۈش بولدى . ئۇ مۇشۇ ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ ، ئۆز كۆڭلىرىنى بىر - بىرلەپ ئەسلەپ چىقتى .

ئۇلار ئىندىئانا شتاتىدا تۇرۇشلۇق دېھقانلار ئىدى . ئۇ بەش ياش چېغىدىلا دادىسى ئۇ ئالەمگە كەتتى .

ئۇ 14 يېشىدا گىرىنسۋۇد باشلانغۇچ مەكتىپىدىن قېچىپ چىقىپ ، سەرگەردانلىق ھاياتىنى باشلىدى . دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا ، تىرامۋايلاردا ئىشلىدى . 16 يېشىدا يېشىنى يالغان مەلۇم قىلىپ ، ھەربىي سەپكە قاتناشتى . بىر يىلدىن كېيىن ھەربىي سەپتىن قايتىپ ، ئالاباما شتاتىغا بېرىپ موزدوزلۇق دۇكىنى ئاچتى . ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇمۇ تاقىلىپ قالدى . كېيىن ئۇ جەنۇب تۆمۈر يول شىركىتىدە پويىزغا ئوت قالىغۇچى بولدى . ئۇ بۇ خىزمىتىدىن ئىنتايىن مەمنۇن بولۇپ ، ئاخىر ئۆز ئۆرنى

تاپقاندەك ھېس قىلدى .

18 يېشىغا كىرگەن يىلى توي قىلدى . ئەمما ئۆيلەنگەن يەردىن ئايالىنىڭ ھامىلدار ئىكەنلىكىنى بىلگەن كۈنى ئىشتىن بوشىتىلدى . ئارقىدىنلا ئۇ ئالدىراش خىزمەت ئىزدەپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، ئايالى ئۆيدىكى بارلىق مال - مۈلۈكنى سېتىپ ، ئانىسىنىڭ ئۆيىگە قېچىپ كەتتى . ئۇ نەچچە قېتىم يەنە يېڭىۋاشتىن باشلىدى ، يەنە مەغلۇپ بولدى . مەغلۇپ بولغىنى ئۈچۈنلا بەل قويۇپ بەرمىدى . بەلكى تېخىمۇ تىرىشتى . ھەتتا تۆمۈر يولدا خىزمەت قىلىۋاتقان ۋاقتىدا ئىشتىن سىرت قانۇنىمۇ ئۆگىنىپ باقتى . سۇغۇرتا چېكى ساتتى ، چاق ساتتى .

كېيىنچە كېمە ھەيدەپ باقتى . ماي قاچىلاش پونكىتى ئېچىپ باقتى . ھەممىسى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى . ئەمدى ئۇ فىرجىنايا شتاتىنىڭ رۇئاننۇك شەھەر ئەتراپىدىكى ئوتلاقتا بىر قېتىملىق تۇتقۇن قىلىش ھەرىكىتىنى پىلانلاپ ياتاتتى . ئۇ قىزچاقنىڭ ئادىتىنى كۆزەتكەن . چۈشتىن كېيىن قانداق چاغدا ئويۇنغىلى چىقىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ .

لېكىن قىزچاق پۈتۈن كۈنبويى سىرتقا چىقىپمۇ قويمىدى . ئۇ ئاشۇ مەغلۇبىيەتلىرىگە يەنىلا خاتىمە بېرەلمىدى .

كېيىن ئۇ بىر رېستوراندا ئاشپەز ، قاچا يۇغۇچى بولۇپ ئىشلىدى . ئەپسۇس ئۇ رېستوران يېڭىدىن ياسالغان يولغا توغرا كېلىپ چېقىپ تاشلاندى . ئۇنىڭ پېنسىيىگە چىقىدىغان چاغلىرىمۇ كەپقالغان ئىدى . بەخت قۇشى نېمىلا بولمىسۇن ، ئىشقىلىپ بىر قۇش نامەلۇم بىر يەردە قانات قېقىپ تۇرغاندەكلا ھېس قىلاتتى . ئۇ سەۋرچانلىق بىلەن شۇنى ساقلايتتى . شۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشاتتى .

راستىنى دېگەندە ئۇ ئۆز قىزىنى تۇتقۇن قىلىش ئارقىلىق ئايالىنى قېشىغا ئەپكېتىشنى بەكرەك ئويلايتتى . ئۇ تۇتقۇن قىلمىدى ، ئەمما ئايالى ۋە بالىسى ئۇنىڭ قېشىغا قايتىپ كەلدى .



ۋاقىت شۇ قەدەر تېز ئۆتتى . ئۇ ھېچنېمىگە ئېرىشەي تۇرۇپلا ئۆمرى ئاخىرلىشاي دەپ قالدى . پوچتالىيون ئۇنىڭغا تۇنجى سۇغۇرتا تالونىنى تۇتقۇزغانغا قەدەر ئۇ ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغانىدى . شۇ كۈنى ئۇ غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ كەتتى .

ھۆكۈمەت ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلدى . ئۇلار توپ تېپىش نۆۋىتى كەلگەندە كىرگۈزەلمىدىڭىز ، بولدى ئەمدى تەپمەڭ . ۋاز كېچىڭ . ئارام ئالىدىغان ۋاقتىڭىز بوپقالدى ، دېدى ۋە ئۇنىڭغا پېنسىيە ياردەم پۇلى بېرىپ «قېرىدىڭىز» دېيىشتى . ئۇ ئەسەبىيلەرچە «ھىم» دەپ قويدى . ئۇنىڭ راستىنلا ئاچچىقى كەلگەن ئىدى . ئۇ ئاشۇ 105 دوللارنى ئالدى - دە ، يېڭىدىن ئىش باشلىدى .

بۈگۈن ئۇ كاتتا مۇۋەپپەقىيەت قازاندى . يەنى 88 يېشىدا ئاخىر بارلىق مەغلۇبىيىتىنى بۆسۈپ تاشلىدى . ئۇ خوللەند • سەندىس . ئۇنىڭ تۇنجى قېتىملىق ئىجتىمائىي سۇغۇرتا پۇلىنى ئىشلىتىپ باشلىغان ئىشى بولسا — كېنتاكى يەرلىك توخۇ كاۋاپچىلىقى .

بۇ دەل ئامېرىكىلىق پائول • ئۇلاند تەرىپىدىن يېزىلغان كېنتاكىنىڭ بەرپاچىسى خوللەند • سەندىسنىڭ سەرگۈزەشتىسى .

ئۇ بىزگە بۈگۈن سىزنىڭ غالىب - غالىب ئەمەسلىكىڭىز مۇھىم ئەمەس ، بەلكى ئۈچ يىلدىن كېيىن يەنى سىزنىڭ غالىب بولۇش - بولالماسلىقىڭىزنىڭ بەكرەك مۇھىملىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ . تىرىشسىڭىزلا مەيلى قانچە ياش ، قانداق شارائىتتا بولماڭ ، جەزمەن غەلىبە قازىنالايسىز . سىز تېخى 88 ياشقا كىرمىگەنسىز ؟

# ئۆزىڭىزنى يېڭىڭ ، دۈشمەندىن غالىب كېلىڭ

بىر كۈنى ، داڭلىق پسىخولوگ ۋىلسۇن ساياھەتتىن ناھايىتى كەچ قايتىپ كەپتۇ . كوچىدا بىرمۇ ئادەم يوق ، ھەممە ياق جىمجىت ئىكەن . ئۇ مېڭىۋېتىپ تويۇقسىزلا كەينىدە شەپكىنى چۆكۈرۈپ كىيىۋالغان بىرسىنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى سېزىپ قاپتۇ - دە ، يانچۇقىدىكى 2000 دوللارنى ئەنسىزلىك بىلەن سىيلاپ قويۇپتۇ . ئۇ ئاستا ماڭسۇن ياكى ئىتتىك ماڭسۇن بۇ «قۇيرۇق» قالماي ئەگىشىپ مېڭىپتۇ . قانداق قىلىش كېرەك ؟

نېمىلا بولمىسۇن ۋىلسۇن پسىخولوگدە ، ئۇ ئۆزىنى تۇختىتىۋېلىپ ، ئارقىسىغا بۇرۇلغىنىچە ھېلىقى ئادەمگە قاراپ مېڭىپتۇ - دە ، يېقىن كېلىپ ئايانچلىق ئاۋازدا : «ئەپەندىم ، بىر نەچچە موچەن بولسا بېرىپ تۇرسىڭىز بوپتىكەن . ئاچلىقتىن بېشىم قېيىپ كەتتى» دەپتۇ . ھېلىقى ئادەم ۋىلسوننىڭ بېشىدىن ئايىغىغىچە بىر قۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن «ئاناڭنى ، نەس باسقۇر ، يانچۇقىدىن بىرەر يۈز دوللار چىقار دېسەم» دېگىنىچە ئازراق پارچە پۇل تاشلاپ بېرىپ ، تېزلا نەلەرگىدۇر غايىب بوپتۇ .

بۇرادەر ، ھەقىچان ۋاھ ، نېمانچە قالتىس دەپ كېتەرسىز . ھەقىقەتەنمۇ ، ئەقىلسىزلەر كەلگۈلۈككە ئەلھەكمۇللىللا دەپلا باش ئېگىپ تۇرىدۇ . نەزىرىنى ئۆزگەرتىشكە ماھىر ، ئۆزىدىن غالىب كېلەلەيدىغان ئاقىللارلا پېشكەللىكتىن نىجادلىق تاپالايدۇ . سىزنىڭ قاندىقىدىن بولغىڭىز بار ؟

ئوڭۇشسىز شارائىتتا تۇرغان بىر ئادەم ئەڭ ئالدى بىلەن



روھىي زەربىگە ئۇچرايدۇ . پسىخولوگ ۋىلسون ئۆز ۋە ياۋدىن ئىبارەت ئىككى كۈچ تىركىشىپ قالغان شارائىتتا ئالدىرىماستىن ، روھىي جەھەتتىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ، مەۋجۇت شارائىتقا نىسبەتەن پىكىر يۈرگۈزدى - دە ، چىقىش يولى تېپىپ چىقتى . غەلىبە قازىنىشتا بۇ خىل روھىي مۇۋازىنەتنى ساقلاش ئىنتايىن مۇھىم ئامىل . ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا ، ئۆزىنى تونۇيالىغان ، ئۆزىدىن غالىب كېلەلەيدىغانلار ھامان ئۆزىگە ئىشىنىدىغان ، پسىخىكىسى تۇراقلىق ھالەتنى ساقلىيالايدىغان كىشىلەردۇر . پسىخىك كۈچنى چىڭىتىش ئۆزىنى يېڭىشنىڭ مۇھىم شەرتىدۇر . ئۆزىنى يېڭەلىگەن ، ئۆزىدىكى روھىي داۋالغۇش ، پسىخىك قورقۇنچاقلىقنى تۈگىتەلىگەن ئادەملا ھەر قانداق تاشقى كۈچ ، بېسىمغا جەڭ ئېلان قىلالايدۇ ، رەقىبىنى يېڭەلەيدۇ .

بىر ئادەم دۇچ كېلىدىغان دۈشمەن ھامان ئىككى خىل بولىدۇ . بىرى ، سىرتقى دۈشمەن ، يەنى مۇھىت ياكى رەقىبى . يەنە بىرى ، ئۆزى . يەنى ئۆزىنىڭ شەخسىي ئادىتى ، قورقۇنچاق پسىخىكىسى . ھەر ئىككى دۈشمەندىن غالىب كېلىش ئۈچۈن ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆزىنى يېڭىش ئالدىنقى شەرت . ئۆزىنى يېڭەلىگەن ، ئۆز قورقۇنچاقلىقى ، روھىي غالىبىيەتچىلىكىدىن غالىب كېلەلىگەن ئادەم ، تاشقى دۈشمەننى گەپ يوق تىز پۈكتۈرىدۇ .

# تەمكىنلىك ۋە جاسارەت

بىر پەيلاسوپ مۇنداق دېگەن : «بىر ئالمىنىڭ ئىچىدىن قانچە دانە ئۇرۇق چىقىدىغانلىقىنى ھەممىلا ئادەم بىلەلەيدۇ ، ئەمما بىر ئۇرۇقتىن قانچە دانە ئالما يېتىشىپ چىقىدىغىنىنى بىر خۇدالا بىلىدۇ » .

1864 - يىلى 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ، ستوكھولىم شەھەر ئەتراپىدىن تويۇقسىزلا قۇلاقنى يارغۇدەك دەھشەتلىك پارتلاش ئاۋازى ئاڭلاندى . ئاسمان - پەلەك كۆتۈرۈلگەن ئىس - ئوت يالقۇنى ئىچىدە بىر زاۋۇت بىر نەچچە مىنۇت ئىچىدىلا خارابىلىككە ئايلىنىپ قالدى . قورقۇپ كەتكەن كىشىلەر نەق مەيدانغا كېلىپ ئوت گۈرۈلدەپ كۆيۈۋاتقان زاۋۇت خارابىسى يېنىدا چىرايىدا قانمۇ قالمىغان ، پۈتۈن بەدىنى لاغىلداپ تىترەپ تۇرغان 30 ياشلاردىكى بىر ياشنى كۆرۈشتى .

ئاشۇ بالا - قازادىن ئامان - ئېسەن ساقلىنىپ قالغان بۇ ياش دەل كېيىنكى كۈنلەردە پۈتۈن دۇنياغا تونۇلغان داڭلىق زات ئالفىرد • نوبېلدۇر .

نوبېل ئۆزى مىڭبىر بالالىقتا قۇرۇپ چىققان گېلىتسىرىن پارتلاتقۇچ دورا ئايرىش تەجرىبە زاۋۇتىنىڭ كۈلگە ئايلانغىنىغا جىمجىت قاراپ تۇرۇشتىن باشقىنى قىلالمىدى . كىشىلەر خارابىلىك ئىچىدىن بەش جەسەتنى تېپىپ چىقتى . ئۇلارنىڭ تۆتى ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن ياردەمچىلىرى ، بىرى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئىنىسى ئىدى . كۆيۈپ قارىغۇسىز بولۇپ كەتكەن جەسەتلەر كىشىنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرۈۋەتتى . نوبېلنىڭ ئانىسى كىچىك



ئوغلىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاپ ، ئىچ ئاغرىقىدا ساراڭ بولاي دەپلا قالدى . ياشىنىپ قالغان دادىسى بۇ تويۇقسىز زەربىدىن مېڭىسىگە قان چۈشۈپ يېرىم پالەچ بولۇپ قالدى . ئەمما ، نوبېل بۇ زەربىلەر ئالدىدا ئۆز نىشانىدىن ھەرگىزمۇ تەۋرەپ قالمىدى .

پارتلاش ۋەقەسىدىن كېيىن ساقچى ئىدارىسى نەق مەيداننى قامال قىلىپ ، زاۋۇتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى مەنئى قىلدى . كىشىلەر بۇنداق خەتەرلىك تەجرىبە ئۈچۈن ئۇنىڭغا يەر ، ئۆي ئىجارە بېرىشتىنمۇ قېچىشقا باشلىدى . لېكىن ، ھېچقانداق نەرسە نوبېلنىڭ ئۆز ئىشىغا بولغان تەمكىن جاسارىتىنى سۇندۇرالمايتتى . بىر نەچچە كۈندىن كېيىن كىشىلەر شەھەردىن ئانچە يىراق بولمىغان مارالۇن كۆلىدە غايەت زور بىر چاتما كېمىنىڭ پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى بايقاشتى . كېمىگە باشقا نەرسە ئەمەس ، ھەر خىل ئەسۋاب - سايمانلار قاچىلانغان بولۇپ ، بىر ياش ھەممىنى ئۇنتۇغان ھالدا بېرىلىپ تەجرىبە ئېلىپ بېرىۋاتاتتى . كىشىلەر قورقۇپ يېقىنلىششقىمۇ پېتىنالمايدىغان تەجرىبىخانىدا نوبېل ئۆز غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماس روھ ، قەتئىي جاسارەت ، تۇراقلىق كەيپىيات بىلەن تىرىشىپ كۈرەش قىلىۋاتاتتى . غەلىبە تىرىشچانلارغا مەنسۇپ . نوبېل ئاخىر پىستاننى كەشىپ قىلدى . پىستاننىڭ كەشىپ قىلىنىشى پارتلىتىش ساھەسىدىكى زور بۆسۈش بولۇپ ، ياۋروپا دۆلەتلىرىدىكى سانائەتلىشىش قەدىمىنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ ، كان ئېچىش ، تۆمۈر يول ياساش ، تونىل ، قانال قېزىش . . . قاتارلىق ساھەلەرگە پارتلاتقۇچى دورىلار جىددىي لازىم بولۇۋاتاتتى . كىشىلەر نوبېلغا يېقىنلىششقا باشلىدى . ئۇ تەجرىبىخانىنى كېمىدىن ، ستوكھولىمغا يېقىن جايدىكى ۋىنىرۋىتقا يۆتكەن ، گېلىتسېرىن ئايرىش زاۋۇتىنى رەسمىي قۇرۇپ چىقتى . ئارقىدىنلا گېرمانىيىنىڭ ھامبۇرگ شەھىرىدە پارتلىتىش شىركىتىدىن بىرنى قۇردى . ئۇ ياسىغان پارتلاتقۇچ بۇيۇملارنىڭمۇ بازىرى چىقىپ ، بايلىقى شىددەت بىلەن

ئاۋۇشقا باشلىدى .

نوبېل دەسلەپكى قەدەمدە غەلىبە قىلغان بولسىمۇ ، ئەمما ئۇ ئاپەت بىلەن قول تۇتۇشۇپ كېتىۋاتاتتى . كىشىنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان خەۋەرلەر ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىپ تۇراتتى . كونا ئالتۇنلۇقتا ، پارتلاتقۇچ دورا توشۇيدىغان پويىزدىكى بويۇملار تەۋرىنىش سەۋەبىدىن پارتلاپ كېتىپ ، پويىز بىر تۇتام كۈلگە ئايلاندى ؛ گېرمانىيىدىكى بىر داڭلىق زاۋۇت چەككىلەنگەن گېلىتسىرىننى يۆتكەش جەريانىدا سوقۇلۇپ كېتىش سەۋەبىدىن پارتلاپ كۈلى كۆككە سورۇلدى . يېقىن ئەتراپتىكى ئاھالىلەرمۇ ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىدى ؛ پانامادىكى چەككىلەنگەن گېلىتسىرىن قاچىلاپ ماڭغان بىر پاراخوت دېڭىزدا پارتلاپ كېتىپ ، پۈتۈن پاراخوت ۋە پاراخوتتىكى ئادەملەر ئۆلۈپ ، كۆيۈپ تۈگىدى .

ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بېرىۋاتقان بۇ بەختسىزلىكلەر نوبېلنى خەقنىڭ نەزىرىدىكى ئاپەت مەنبەسىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى . ئۇ دۇنيادىكى سانسىز كىشىلەرنىڭ لەنەت ـ قارغىشىغا ئۇچرىدى . ھەممە ئادەم ئۆزلىرىمۇ مەلۇم مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك بولغان بالا ـ قازا ، كېلىشمەسلىكنى نوبېلنىڭ يەلكىسىگە ئىتتىرىپ قويۇۋاتاتتى . ئۇ يەنە بىر قېتىم كىشىلەر تەرىپىدىن تاشلانغانىدى . بالا ـ قازا ۋە قىيىنچىلىققا يولۇققاندا تەمكىن ، تۇراقلىق روھىي ھالىتىنى ۋە ئەسلىدىكى قىزغىن جاسارىتىنى ھەرگىز يوقاتماي كەلگەن نوبېل ئۆز نىشانى ، غايىسىدىن چېكىنمىدى . ئۇ ئاللىقاچان ھايات بىلەن ماماتنىڭ ھەر ئىككىسىنى بىردىن قولىغا ئېلىۋېلىپ ، ئاندىن بۇ يولغا قەدەم باسقانىدى .

قايتماس ئىرادە ۋە ئاسانلىقچە تەۋرەپ قالمايدىغان تۇراقلىق كەيپىيات ئۇنىڭ بارلىق يوشۇرۇن قابىلىيىتىنى قوزغىتىپ ، پارتلاتقۇچ دورىنى بويسۇندۇرۇشىغا تۈرتكە بەردى . نوبېل ئاخىرى ئاجايىپ زور مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ساھىبىغا ئايلاندى . پۈتۈن ئۆمرىدە قولىغا كەلتۈرگەن پاتېنتى 355 كە يەتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ



غايەت زور مال ـ مۈلۈك بايلىقى بىلەن خەلقئارا ئىلىم ساھەسى تەرىپىدىن بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان ئەڭ كاتتا مۇكاپات — نوبېل مۇكاپاتىنى تىكلەپ بەردى .

نوبېلنىڭ مۇۋەپپەقىيەت تەجرىبىسى بىزگە تەمكىن ، تۇراقلىق كەيپىياتنىڭ مەقسەتكە يېتىش ۋە ئۆز ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان ئامىل ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىدۇ . تەمكىنلىك تىرىشچانلىق بىلەن بىرلەشسە ، قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان كۈچكە ئايلىنىدۇ .

نوبېلنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى يەنە بىزگە ، ئوڭۇشسىزلىقنى دەپ يېرىم يولدا ۋاز كەچمەي تىرىشىش كېرەكلىكىنى دەپ بېرىدۇ . بېلى چىڭلار غەلىبە مېۋىسىنى تېتىغۇچىلاردۇر .

بىل گېيتىس مۇۋەپپەقىيەت كۈچكە ئەمەس ، سەۋرچان كۆرەش ئىرادىسىگە باغلىق ، دەپ قارايدۇ . جەمئىيەت رىقابىتى ماھىيەتتە بەرداشلىق بېرىش رىقابىتىدۇر . تەمكىن ، ئىرادىلىك ، چىدامچانلار ئاخىرىغىچە كۈلەلەيدۇ . تاشپاقا بىلەن توشقاننىڭ ھېكايىسىدە مۇسابىقىنىڭ ئاخىرقى غەلىبىسى كالامپاي ، سۆرەلمە ، ئەمما بوشاشماس تاشپاقىغا مەنسۇپ بولدى . توشقان كۆرەڭلىكىدىن تەمكىن كەيپىياتىنى يوقىتىپ قويدى ـ دە ، ئۇتتۇردى .

يېرىم يولدا ھېرىپ قالىدىغان بېلى بوشلار ئۈچۈن مۇۋەپپەقىيەت مەڭگۈ چۈش پېتى تۇرىۋېرىدۇ .

## تېخىمۇ چوڭقۇرراق ئىزدىنىپ بېقىڭ

ئوقۇش تارىخى تۆۋەن ، كەسپىي سەۋىيىسى ئانچە يۇقىرى
بولمىغان بىر ئامېرىكىلىق بىر نېفىت شىركىتىدە ئىشلەيدىكەن .
ئۇ نېفىت قۇدۇقىنىڭ قاپقىقى ياخشى تۇتاشتۇرۇلدىمۇ - يوق ،
شۇنى تەكشۈرۈپ بەرسىلا بولىدىكەن . نېفىت قۇدۇقى سۇ يۈزى-
نىڭ ئۈستىدە بولغاچقا ، يەتكۈزۈش سۇيۇقلۇقى ئۈستىدىكى قاپ-
قاقنىڭ ئايلىنىشىغا ماس ھالدا سىلىقلاش مېيى نورمال تېمىتىل-
غان بولسا بولاتتى . ئۇ ھەر كۈنى مۇشۇ مەنىسىز ، زېرىكىشلىك
خىزمەتنى قىلىشقا مەجبۇر ئىدى .

ئۇ خىزمەت ئالماشتۇرۇشنى ئويلايتتى . ئەمما تېخنىكا سە-
ۋىيىسى يۇقىرى بولمىغاچقا ، مۇشۇ ئىشنى كۆڭۈل قويۇپ قىلىش-
تىن باشقا ئامالىمۇ يوق ئىدى . ئۇ ماي قاپقىقى تولۇق بىر قېتىم
ئايلىنىپ بولغۇچە 39 تېمىم سىلىقلاش سۇيۇقلۇقى تامىدىغانلىقى-
نى بايقايدۇ . ئۇ تويۇقسىزلا سىلىقلاش مېيىنى تېخىمۇ ئاز ئىش-
لىتىشكە بولامدۇ - يوق ، دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئويلىنىپ
قالدى ۋە قايتا - قايتا ئىزدىنىش ئارقىلىق 37 قېتىم تېمىتىشنى
ئەمەلگە ئاشۇردى . ئەمما نېفىت ئېقىپ كېتىش ھادىسىسى كۆرۈ-
لۈپ قالغاچقا ، قايتا - سىناش ئارقىلىق 38 قېتىم تېمىتىشنى
ئەمەلگە ئاشۇردى . گەرچە ئۇ ئاران بىر تامچە سىلىقلاش مېيى
بولسىمۇ ، شىركەتنىڭ مۇشۇ سەۋەبلىك ئاشۇرغان يىللىق ساپ
پايدىسى 500 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ زور بۆسۈش
ھاسىل قىلدى . بۇ دەل كېيىنچە ئامېرىكا نېفىت ساھەسىدە كاتتا
شۆھرەت قازانغان نېفىت خوجىسى جون • روكفېللېر .



دىققەت نەزىرىمىزنى مەركەزلەشتۈرۈپ ، چوڭقۇر ئىزدەنگەن-
دىلا ، ئاددىي ئىشلاردىمۇ زور ئۇنۇمگە ئېرىشىش مۇمكىن . بىر
تېمىم سۇيۇقلۇق روكفېللېرنىڭ پۈتۈن ھاياتىنى ئۆزگەرتىپ ئۇنى
مۇۋەپپەقىيەتكە باشلىدى . ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ ھالقىلىق
يېرى كىچىككىنە ئىشنىمۇ ئۆتكۈزۈۋەتمەستىن چوڭقۇر ئىزدە-
نىپ ، بۆسۈش يارىتالىغانلىقىدا . ئىشلارنى كىچىك ، ئاددىي دەپ
كۆزگە ئىلماي تاشلىۋېتىشكە بولمايدۇ . روكفېللېردەك ئۈمىد-
سىزلەنمەي ، بېرىلىپ ئىزدىنىش ئارقىلىقمۇ ، كىچىك ئىشلاردىن
زور نەتىجە قازىنىش مۇمكىن . چوڭ ئىشلارغا قورقۇپ چېقىلال-
ماي ، كىچىك ئىشلارنى ياراتماي ، لاغايلاپ يۈرۈش كىشىنى تېخى-
مۇ چۈشكۈن ، لايغەزەل قىلىۋېتىدۇ . بەزىلەر تىرىشچانلىقنى
مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئانىسى ، ئىلھامنى مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئاتىسى ،
ئىككىسىنىڭ بىرلىشىشىدىن تالانتلىقلار تۇغۇلىدۇ ، دەيدۇ . پۈ-
تۈن دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈش تىرىشچانلىقنىڭ كەم بولسا
بولمايدىغان ھەمراھى . ئۇ ئۇچۇرلارنى قوبۇل قىلىش ۋە پىششىق-
لاپ ئىشلەشنىڭ ئەڭ پىسخىك بىئولوگىيىلىك ھالىتىدۇر . فراز-
سىيىلىك ئالىم كىيۈرى : «مەن يۇقىرى دەرىجىدىكى بېرىلىپ
ئىشلەش ھالىتىمگە ئۆتكەندە بارلىق تاشقى ئامىللارنىڭ دەخلىسى-
نى چىقىرىپ تاشلىيالايمەن» دېگەن . ئادەم پۈتۈن دىققىتىنى
يىغالايدىكەن ، ئۇنىڭ بارلىق مېڭە پائالىيىتى قىزغىن ، جۇشقۇن
ھالەتتە تۇرىدۇ . ئۇنىڭغا كاشىلا قىلىدىغان بارلىق ئامىللار ھېچ-
نىمىگە ئەرزىمەيدۇ . ئەگەر مەركەزلەشكەن تەپەككۇر بولمايدى-
كەن ، ئىلھامنىڭ تۇغۇلىشىمۇ يوق گەپ بولۇپ قالىدۇ .

قانداق قىلغاندا ئادەم باش- ئاخىرى يوق قۇرۇق خىياللار-
دىن قۇتۇلۇپ ، پۈتۈن دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈش ئادىتىنى يې-
تىلدۈرەلەيدۇ ؟

بىرىنچى ، باشقىلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ يەمچۈكى بولۇپ
كەتمەڭ .

باشقىلارنىڭ مەلۇم ساھەدىكى مەلۇم مۇۋەپپەقىيىتىنى كۆ-
رۈپلا ، ئۆز نىشانىڭىز ، ئۆز ئىرادىڭىزدىن تەۋرەپ كەتمەڭ . قەت-
ئىيلىك بىلەن ئۆز مۇۋەپپەقىيىتىڭىز ئۈچۈنلا كۈرەش قىلىڭ .

ئىككىنچى ، ئاسانلا ئېغىپ كەتمەڭ .

ھەممە ئادەم مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى ئويلايدۇ . بۇ چۈشە-
نىشلىك ئىش . ئەمما مۇۋەپپەقىيەتكە ھەددىدىن زىيادە تەشنالىقمۇ
ئەكس ئۈنۈم بېرىشى مۇمكىن . ھەر قانداق ئىشنىڭ ئۆز تەرەققى-
يات قانۇنىيەت يولى بولىدۇ . مۇۋەپپەقىيەتمۇ شۇ . ئەنگلىيە ياز-
غۇچىسى جون • كىرىسنىڭ 743 پارچە ئەسىرى قايتۇرۇلغان .
ئەمما ئۇ ئىشەنچ ۋە ئىرادىسىدىن قەتئىي تەۋرەنمەي ، يېزىقچىلىق-
نى قەتئىي داۋاملاشتۇرغان ۋە پۈتۈن ئۆمرىدە 560 پارچە كىتاب
نەشر قىلدۇرۇپ ، زور غەلىبە قازانغان . مۇۋەپپەقىيەت مانا مۇ-
شۇنداق تەۋرەنمەس جاھىللارنىڭ ئېرىشىدىغان تارتۇقى .

ئۈچىنچى ، جاپادىن قورقماڭ .

بەزىلەر ئېينىشتېيىننىڭ فىزىكا ساھەسىدىكى كۆرۈنەرلىك
تۆھپىسىگە ھەۋەس قىلىدۇ . ئەمما ئۇ ئىشلەتكەن قەغەزلەرنىڭ
قانچىلىق جىقلىقىنى كۆرىدىغانلار ئىنتايىن ئاز . NBA
چولپانلىرىغا مەستانىلەر ساماندەك . ئەمما ئۇلارنىڭ قانچىلىك
جاپالىق مەشىق قىلىدىغانلىقىنى ئويلايدىغانلار يوقنىڭ ئورنىدا .
باشقىلارنىڭ نەتىجىسىگە ھەۋەسلا قىلىپ ئۆتۈپ كەتمەڭ . جاپادىن
قورقماي تىرىشسىڭىزلا سىزمۇ ئالەمشۇمۇل ئىشلارنى تەۋرىتەلەي-
سىز .



## ئەڭ مۇھىم ئىشىڭىز قايسى؟

بىر كۈنى ۋاقىت باشقۇرغۇچى مۇتەخەسسىس بىر سودا ئى-
نىستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىغا دەرس ئۆتۈپتۇ . «بىز بىر كى-
چىك سىناق ئىشلەپ باقايلى» دەپتۇ مۇتەخەسسىس قولىغا ئېگى-
زى كەڭرەك بىر بوتۇلكىنى ئېلىپ ، ئاندىن ئۇنىڭ ئىچىگە چوڭ-
راق شېغىل پارچىلىرىنى تاشلاشقا باشلاپتۇ ۋە لىق تولغۇزۇپ
ئوقۇغۇچىلاردىن سوراپتۇ : «بوتۇلكا توشتىمۇ ؟» . ھەممە ئوقۇ-
غۇچى بىردەك : «توشتى» دەپ ۋارقىرىشىپتۇ . «راستمۇ ؟» دەپ-
تۇ مۇتەخەسسىس ۋە تېخىمۇ ئۇششاق دانچە شېغىللارنى تاشلاشقا
باشلاپتۇ . ئۇششاق شېغىللار چوڭ شېغىل پارچىلىرىنىڭ ئارىسى-
دىن دومىلاپ چۈشۈشكە باشلاپتۇ . «ئەمدى بوتۇلكا تولدىمۇ ؟»
دەپتۇ مۇتەخەسسىس دانچە شېغىللارنى ماڭدۇرۇش مۇمكىن بول-
مىغاندىن كېيىن . «تېخى تولمىدىغۇ دەيمەن» دەپتۇ بىر ئوقۇغۇ-
چى ئىشىنىڭ تېگىگە يېتىپ . «ناھايىتى ياخشى» دېگىنىچە مۇتە-
خەسسىس بوتۇلكىغا قۇم تۆكۈشكە باشلاپتۇ . شېغىللارنىڭ ئارى-
سىدىكى كىچىككىنە تۆشۈكچىلەردىن ئۇششاق قۇملار ئېقىپ
چۈشكىلى تۇرۇپتۇ . مۇتەخەسسىس قۇمنى تۆكۈپ بولۇپ ئوقۇغۇ-
چىلاردىن يەنە بىر قېتىم سوراپتۇ : «بوتۇلكا تولدىمۇ ؟» . «ياق»
دەپتۇ ھەممە ئوقۇغۇچى بىردەك . مۇتەخەسسىس ئاندىن بىر چەي-
نەك سۇ ئەكىلىپ بوتۇلكىدىن تېشىپ كەتكىچە قۇيۇپتۇ . ئاندىن
ئوقۇغۇچىلاردىن سوراپتۇ : «بۇ مىسال نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ ؟» بىر
ئوقۇغۇچى ئورنىدىن تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ : «مەيلى سىزنىڭ
ۋاقىت ئورۇنلاشتۇرۇشىڭىز قانچىلىك زىچ بولسۇن ، تېخىمۇ
كۆچىسىڭىزلا تېخىمۇ جىق ئىشلارنى قىلالايسىز» . مۇتەخەسسىس

دەپتۇ : «بۇ مەسىلىنىڭ شەرەتلەيدىغان ھېكمىتى ئىنتايىن چوڭقۇر . دىققەت قىلىڭ ، ئەگەر سىز چوڭ تاش ـ شېغىل پارچىلىرىنى ئالدى بىلەن تاشلىمىسىڭىز ، كېيىن ئۇلارنى تاشلىيالماي قالىسىز . ئۇنداقتا ، ھاياتتىكى ‹چوڭ تاش پارچىلىرى› قايسىلار ؟ سىزنىڭ ئېتىقادىڭىز ، ئىرادىڭىز ، بىلىمىڭىز . . . ھاياتتىكى مانا مۇشۇ ئالدى بىلەن بىر تەرەپ قىلىشقا تېگىشلىك چوڭ ئىشلارنى ئەستىن چىقىرىپ قويماڭ . بولمىسا مەڭگۈ تايىنى يوق ئىشلار بىلەن قېرىپ كېتىسىز» .

ئىش بېجىرىشتە ھەممىگە بىراقلا ئېسىلىۋالماي ، ئەڭ ماھىيەتلىك مەسىلىلەرنى تاللاپ چىقىپ ، شۇنى چىڭ تۇتۇپ بېجىرىش مۇۋەپپەقىيەتنى ئاسانلاشتۇرىدۇ . بىر دۆۋە ئىش ـ مەسىلىگە يولۇققاندا ، ئەڭ مۇھىمىنى تاللاپ چىقىڭ ـ دە ، بارلىق كۈچىڭىزنى شۇنىڭغا قارىتىڭ . ھەممىگە قاتىرىسىغا بىر قوردىن ئېسىلىپ چىقىش تۇرمۇشنى كىرىزىسقا پاتۇرۇۋېتىدۇ .

ھاياتلىق نىشانىڭىزغا ئاساسەن ، قىلىدىغان ئىشلىرىڭىزنى يېزىپ چىقىڭ ـ دە ، ئۆز نىشانىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا پايدىلىق ئىشلارنى ئالدى بىلەن بېجىرىلىدىغان قاتارغا قويۇڭ . بۇ سىزدە ئىنتايىن ياخشى ئادەت يېتىلدۈرۈپ ، زېھنىڭىز ۋە كۈچىڭىزنى زور دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈشكە پايدىلىق .

ئەگەر ئۆزىڭىزنىڭ ھاياتلىق نىشانىڭىز ھەققىدە تاللاش ئېلىپ بارماقچى بولسىڭىز ، تۆۋەندىكى بەش نۇقتا بويىچە ئۆزىڭىزگە سوئال قويۇپ بېقىڭ .

1 . سىز كىم ؟

2 . سىز قايسى ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقماقچى ؟

3 . سىز نېمە قىلالايسىز ؟

4 . مۇھىت سىزنىڭ نېمە قىلىشىڭىزغا پايدىلىق ؟

5 . كەسىپ ۋە تۇرمۇش پىلانىڭىز قانداق ؟

بۇ بەش مەسىلىنىڭ جاۋابى سىزگە ئۆز كەسپىڭىز ، ھاياتلىق نىشانىڭىزنىڭ بېكىتىلىشى ھەققىدە قىممەتلىك يىپ ئۇچى بېرى-



دۇ . ئەگەر سىزنىڭمۇ ياشاش نىشانىڭىز ئېنىق ئىزدىگۈچىلەردىن بولغىڭىز بولسا ، ھازىرلا بىر ۋاراق قەغەزنى ئېلىپ يېزىپ كۆرۈڭ .

سەمىمىيلىك بىلەن جاۋاب بېرىڭ : سىز كىم ؟ قانداق ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئويىڭىز بار ؟ بالىلىقتا نېمە ئىش قىلغۇڭىز بار ئىدى ؟ بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن نېمە ئىش قىلدىڭىز ؟ ئاخىرى زادى قانداق ئىش قىلىپ ، قانداق ئادەم بولماقچىسىز ؟ قولىڭىزدىن نېمە ئىش كېلىدۇ ؟ ئۇ سىزنىڭ ئۇلۇغۋار نىشانىڭىز بىلەن ماسلىققا ئىگىمۇ ـ ئەمەس ؟ مۇھىت سىزنىڭ قانداق ئىش قىلىشىڭىزغا پايدىلىق ؟ سىزنىڭ غايىڭىز ، كۆرەش نىشانىڭىز سىز ياشاۋاتقان رېئاللىققا ، مۇھىت ـ شارائىتقا ماس كېلەمدۇ ؟ مۇھىت ئۇنى قوللاپ ، ئىمكانىيەت بېرەلەمدۇ ؟ قىلىۋاتقان كەسپىڭىزدىكى كونكرېت پىلانىڭىز قانداق ؟ ھاياتلىق نىشانىڭىزچۇ ؟

مۇشۇ بىر قاتار سوئاللار ئارقىلىق بىر ئادەمنىڭ ئۆمۈرلۈك ياشاش نىشانىنى بېكىتىپ چىقىش مۇمكىن . بىز شۇ ئاساستا تېخىمۇ كونكرېتلاشقان پىلان ـ مەقسەتلەرنى تۈزۈپ چىقالايمىز .

ئون يىل ئىچىدە قانداق نەتىجىنى قولغا كەلتۈرمەكچىسىز ؟ بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدىنقى بىر يىلدا ، بىر يىلنىڭ ھەر ئېيىدا قانداق ئىشلارنى قىلىپ ، قانداق نەتىجىنى قولغا كەلتۈرسىڭىز ئاندىن كېيىنكى ئون يىللىق پىلان ئۈچۈن ئاساس سېلىنىدۇ ؟ بۇنىڭ ئۈچۈن سىزگە تېخىمۇ كونكرېتلاشقان ئايلىق ، ھەپتىلىك ، كۈندىلىك پىلان لازىم بولىدۇ . مانا مۇشۇنداق قەدەممۇ قەدەم كونكرېت ، ئېنىق ۋە زەنجىرسىمان تۇتاش پىلان سىزنىڭ ھەر بىر كۈنىڭىز ، مىنۇت ، سېكۇنتىڭىزنىمۇ سوتلاپ تۇرۇشىڭىزغا پايدىلىق . سىز شۇ ئاساستا جەزمەن قىلىشىڭىز كېرەك بولغان چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى ئايرىپ چىقالايسىز ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشىسىز . بۈگۈن ئارقىلىق ئەتىگە ئۇل سالىسىز . قارىغۇلارچە ھەرىكەتتىن ساقىت بولغان مۇنداق ئىزچىللىققا ئىگە ياشاش لايىھىسى سىزنى جەزمەن غەلىبىگە ئېلىپ چىقالايدۇ .

# پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇشقا ماھىر بولۇڭ

سىيرتىمىنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلىشىغا ئەگىشىپ، تۇگمە بازىرىدىكى رىقابەت تېخىمۇ كەسكىنلىشىشكە باشلىدى. ئىجتىمائىي تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى ۋە توقۇلما بۇيۇملارنىڭ تۇرلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ كىشىلەرنىڭ تۇگمە، سىيرتما قاتارلىق بۇيۇملارغا، بولۇپمۇ شۇ تۇردىكى يېڭى بۇيۇملارغا بولغان ئېھتىياجى تېخىمۇ كېڭىيىشكە باشلىدى. بۇ ساھەدىكى تېخنىكلارمۇ يېڭى مەھسۇلات يارىتىش ئۇستىدىكى تەتقىقات ۋە ئىزدىنىشنى باشلىۋەتتى.

بىر كۈنى، لى ئەپەندى دوستلىرى بىلەن تاغقا چىقىپتۇ. ئۇلار شۇنچە كۆڭۈللۈك ئويناپتۇ. ئەمما كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغىنى ئىشتانلارنىڭ پۇچاقلىرىغا پۇتۇنلەي بۇدۇشقاق يامىشىۋېلىپ ئۇنى ئاجرىتىپ بولالماي ئىنتايىن جىلە بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇلار ئاجرىتىۋېتىپ بىر نەچچە قەدەم مېڭىشىغىلا بۇدۇشقاقلا يەنە يامىشىۋالىدىكەن. ئاخىرى ئۇلار تۇزۇكمۇ ئوينىيالماي قايتىشقا مەجبۇر بولۇپتۇ. لى ئەپەندى ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن پۇچقىقىغا تېخىچە چاپلىشىپ تۇرغان بۇدۇشقاقنى بايقاپتۇ ـ دە، لۇپا ئەينەك بىلەن ئۇنى كۆزىتىپ بېقىپتۇ. ئۇ ھەيرانلىق ئىچىدە شۇنى بايقاپتۇكى، بۇدۇشقاقنىڭ ئىنچىكە ئۇرۇقچىلىرى ئىلمەك شەكىلدە بولۇپ، ئۇچرىغانلا نەرسىگە چاپلىشىۋالىدىكەن. لى ئەپەندى بۇنىڭدىن ئىنتايىن زور ئىلھام ئاپتۇ ـ دە، كۆپ قېتىم سىناق ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئاخىر مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا



چاپلاشقاق ئىزمىنى ياساپ چىقىپتۇ. بۇنى بازارغا سالغاندىن كېيىن، خېرىدارلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپتۇ ۋە كۈچلۈك رىقابەت ئىچىدە ئۇزۇپ چىقىپ، نۇرغۇن ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىپتۇ.

پۇرسەت ھەقىقەتەنمۇ ئۆلەرمەنگە جان كىرگۈزىدىغان غايەت زور قۇدرەتكە ئىگە.

ئامېرىكىنىڭ داڭلىق گەي پۇل خەلقئارا مەسلىھەت بېرىش مەركىزى بىر تۈركۈم مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلارنى 20 يىل ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارغا قارىتا تەكشۈرۈش دوكلاتىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئامىللىرىنىڭ ئىچىدە پۇرسەت تۇتۇش ماھىرلىقى بىرىنچى ئورۇندا تۇرغان.

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پۇرسەت تۇتۇش ئىقتىدارى بىر ئادەمنىڭ غەلىبە قازىنىشىدىكى ئاچقۇچلۇق، ھەل قىلغۇچ ئامىل. پۇرسەت تالانتنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتۈرىدىغان يەنە بىر تالانت. ئۇ غەلىبىنىڭ كاتالىزاتورى.

پۇرسەتنى چوڭ پۇرسەت، يەنى دەۋر پۇرسىتى، تارىخىي خاراكتېرلىك پۇرسەت، جەمئىيەت ئېھتىياجى، جەمئىيەت تەرەققىياتى پۇرسىتى ۋە كىچىك پۇرسەت، يەنى تويۇقسىز بايقاش، دوستلارنىڭ ياردىمى، تويۇقسىز ئۇچرىغان يېڭى ئېھتىياج ياكى مۇكاپات قاتارلىقلارغا ئايرىش مۇمكىن. مۇۋەپپەقىيەت قازىناي دېگەن ئادەم جەزمەن كۈچلۈك پۇرسەتنى بايقاش ئېڭىغا ئىگە بولۇش كېرەك. يەنى ئۆزى سەرپ قىلغان ۋاقىت ۋە زېھنىي كۈچكە قارىتا ئېنىق ھېسابلاش ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى ئۈنۈمگە ئايلاندۇرۇشقا ماھىر بولۇش كېرەك. بىر قېتىملىق پۇرسەتنىڭ ئۆتۈپ كېتىشى بەزىلەرنى بىر ئۆمۈر سەرسان ـ سەرگەردان

قىلمىغۇبتىشى ، گەرچە ئۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتا تاشقى كۈچ بولىسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ تەسىرىنى ھەرگىز تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ . پۇرسەت ئۆزى كەلمەيدۇ . مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى ئويلايدىغانلار جەزمەن پۇرسەت يارىتالايدىغان ، پۇرسەتنى تۇتالايدىغان ۋە ئۇنىڭدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنالايدىغانلاردىن بولۇشى كېرەك .



## مۇۋەپپەقىيەت ئىجادىي تەپەككۇرغا موھتاج

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان دۆلەتلەر ئامېرىكىنىڭ نيۇيوركتا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى قۇرۇشنى قارار قىلدى . لېكىن خىزمەت بىناسىنى قەيەرگە قۇرۇش مەسىلىسى ھەممىنىڭ بېشىنى قاتۇردى . نيۇيوركتەك يەر باھاسى ئىنتايىن قىممەت شەھەردىن مۇۋاپىق يەر سېتىۋېلىش بىر گەپ ئىدى . يەنە كېلىپ ، ئۇرۇش ئەمدى ئاخىرلاشقان بولغاچقا ، ھەممە دۆلەت مەبلەغ كىرىزىسىگە دۇچار بولۇۋاتقان ئىدى . ئۇلاردىن مەبلەغ تەلەپ قىلىشمۇ قىيىن ئىدى .

بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش توغرىلىق چارە ئىزدەۋاتقان بىر چاغدا ، ئامېرىكىنىڭ داڭلىق روكفېللېر مالىيە گۇرۇھى ئىنتايىن زور مەبلەغ سېلىپ بىر پارچە چوڭ زېمىن سېتىۋالدى ۋە ئۇنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا ھەدىيە قىلدى . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يەرلەرنىمۇ سېتىۋالدى .

بۇ خەۋەر تارقىلىشى بىلەن ، ھەممە ساھە - گۇرۇھلار روكفېللېر گۇرۇھىنى بولۇشىچە مەسخىرە قىلىشتى . ئەمما روكفېللېر گۇرۇھى پەرۋامۇ قىلىپ قويماي ، ئۆز يولىدا مېڭىۋەردى .

بىر نەچچە يىلدىن كېيىن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خىزمەت بىناسى سېلىنىدى ۋە تەشكىلاتنىڭ ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ ، بۇ يەر پۈتكۈل دۇنيانىڭ دىققەت مەركىزىدىكى زېمىنغا ئايلاندى . ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يەرلەرنىڭ باھاسىمۇ شىددەت بىلەن ئۆرلەشكە باشلىدى . روكفېللېر مالىيە گۇرۇھى سې-

تىۋالغان يەرنىڭ باھاسىمۇ تىك سىزىق بويىچە ئۆرلەپ ئەسلىدى-
كىسىنىڭ نەچچە مىڭ ھەسسىسىگە يەتتى .
بىر چاغلاردا روكفېللېر مالىيە گۇرۇھىغا مەسخىرە بىلەن
باققانلار قايىللىق بىلەن باش لىڭشىتىشقا مەجبۇر بولدى .
روكفېللېرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى تەلەيىنىڭ ئەمەس ، ئىجادىي
تەپەككۇرنىڭ نەتىجىسى . روكفېللېر ئۇرۇشتىن كېيىنكى دۇنيا-
نىڭ ئاساسىي ئېقىمىنىڭ تىنچلىق ۋە تەرەققىيات بولىدىغانلىقىنى
ناھايىتى ئېنىق بىلەتتى . بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ قۇ-
رۇلۇشى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ سۆھبەت ۋە كېڭىشىش مۇنبىرى-
نىڭ ئېچىلىشى بولۇپ ، ئۇ جەزمەنكى پۈتكۈل دۇنيانىڭ ھىمايە
قىلىشى ، قوللىشىغا ئېرىشەتتى . يەنە كېلىپ بىرلەشكەن دۆلەت-
لەر تەشكىلاتى ياۋروپا - ئامېرىكا قىتئەسى دۆلەتلىرىنىڭ يېتەك-
چىلىكىدە قۇرۇلغان بولۇپ ، چەكسىز ھاياتىي كۈچكە ، تەرەققى-
يات ئىستىقبالىغا ئىگە ئىدى . ئۇ قۇرۇلغان زېمىنمۇ شەكسىز
ھالدا دۇنيانىڭ دىققەت مەركىزىگە ، ھەر قايسى دۆلەت باشلىقلى-
رىنىڭ پائالىيەت سەھنىسىگە ئايلىناتتى . بۇ بىر پارچە يەرنى
ھەدىيە قىلىش روكفېللېر مالىيە گۇرۇھىنىڭ ئىناۋىتى ، ئىشلى-
رىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن پايدىلىق ئىدىكى ، ھەرگىز زىيىنى
يوق ئىدى .
روكفېللېر بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ نوپۇزى ۋە
خىزمەت فۇنكسىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ ، بىرلەشكەن دۆ-
لەتلەر تەشكىلاتى باش مەھكىمىسى تۇرۇشلۇق ئورۇننىڭ دۇنيا-
نىڭ نەزىرى تىكىلىدىغان جايغا ، سىياسىي ، ئىقتىساد ، مەدەنىيەت
گۇرۇھلىرى ۋە تەشكىلاتلىرى بار كۈچى بىلەن جۇغلىنىشقا ئىنى-
تىلىدىغان ئالتۇن مەركەزگە ئايلىنىدىغانلىقىنى ، ئۆزى سېتىۋال-
غان يەرلەرنىڭ باھاسىنىڭمۇ شىددەت بىلەن ئۆرلەيدىغانلىقىنى
ئويلاپ يېتەلىگەنىدى . يەنى ئۆزىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىغا توغ-



را ، ئىجادىي تەپەككۇر بىلەن قارىيالىغانىدى . شۇڭا ، يەر ھەدىيە
قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يەرلەرنىمۇ قوشۇپ
سېتىۋالغانىدى . بۇ مىسال بىزگە ئىجادىي ئالدىن كۆرۈش ، پەرەز
قىلىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتا ئىنتايىن زور قىممەت يارىتا-
لايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ .

# پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋەتمەك

بىل گېيتس مۇنداق ئىككى ياشنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەيـ
دۇ . ئۇنىڭ بىرى ، بىر سودا سارىيىدا تۆت يىل خىزمەت قىلغان
بولۇپ ، بۇ سودا سارىيىنى ئۆزىگە زادىلا ماس كەلمەيدۇ ، كېتىـ
شىم كېرەك دەپ ئويلايدىكەن . ئۇ بۇ يەردىن كېتىشكە تەييار
بولۇپ تۇرغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، ئۇ بىرەيلەن بىلەن پاراڭلىـ
شىپ تۇرسا بىر خېرىدار كېلىپ ، پۇكەيدىكى شەپكىلەرنى كۆـ
رۈپ بېقىشنى ئېيتىپتۇ . لېكىن ئۇ پەرۋامۇ قىلماي قويماي سۆزـ
لەش بىلەنلا بولۇپ كېتىپتۇ . خېرىدار ئۇنىڭ سۆزىنىڭ تۈگىشىـ
نى ساقلاپتۇ ۋە «بۇ شەپكە ساتىدىغان پۇكەيمۇ ـ يا ؟» دەپ
سوراپتۇ . ھېلىقى ياش : «بېرىپ باشقۇرغۇچىدىن سوراپ بېقىڭ ،
شۇ ئېيتىپ بېرىدۇ» دەپتۇ . كۆرۈش تەس ئەمەسكى ، ئۇ ئىنتاـ
يىن كەم تېپىلىدىغان پۇرسەتنىڭ ئىچىدە تۇرۇۋاتسىمۇ بۇ پۇرسەتـ
نى پەرۋاسىزلىق بىلەن ئۆتكۈزۈۋەتكەن . ھەر بىر خېرىدار ئۇنىڭ
ئۈچۈن جەزمەنكى بىر پۇرسەت ئىدى .

يەنە بىر ياشمۇ ئوخشاشلا پىركازچىك ئىكەن . يامغۇرلۇق
چۈشتىن كېيىن بىر موماي دۇكانغا كىرىپ كەپتۇ . ئۇنىڭ بىرەر
نەرسە سېتىۋېلىش غەرىزىنىڭ يوقلۇقىنى قاراپلا بىلگىلى بولىدىـ
كەن . باشقا پىركازچىكلار ئۇنىڭغا پەرۋامۇ قىلماي قويماپتۇ .
ئەمما ھېلىقى ياش قىزغىنلىق بىلەن ئۇنىڭدىن ياردەم كېرەك
ياكى ئەمەسلىكىنى سوراپتۇ . موماي تۈزلۈك بىلەن يامغۇردىن
پاناھلىنىش ئۈچۈنلا كىرگەنلىكىنى ، بىرەر نەرسە سېتىۋېلىش
ئويىنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتىپتۇ . ئۇ مومايغا ھېچنىمە سېتىۋالمىـ



سىمۇ قارشى ئېلىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن
ئۇچۇق ـ يورۇق بىر نەچچە ئېغىز پاراڭلىشىپتۇ . موماي قايتىدىـ
غان چېغىدا ئىشىك ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىقىپ ئۇنىڭ كۈنلۈكىنى
ئېچىپ بېرىپتۇ . موماي ئۇنىڭغا بىر ئىسىم كارتوچكىسىنى تۇتـ
قۇزۇپ قويۇپتۇ ـ دە ، كېتىپ قاپتۇ .

كېيىنچە ھېلىقى ياش بۇ ئىشنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتىپتۇ .
ئەمما بىر كۈنى خوجايىن ئۇنى ئىشخانىسىغا چاقىرتىپتۇ ۋە ھېلىـ
قى مومايدىن كەلگەن بىر پارچە خەتنى كۆرسىتىپ ، بىر چوڭ
سودا توغرىلىق سكودلاندىيىگە بېرىپ توختاملىشىشنى ئېيتىپتۇ .
موماي خېتىدە ئالاھىدە ئۇنى تىلغان ئالغان ۋە كېلىشنى تاپىلىغان
ئىكەن . ئەسلى ئۇ ئامېرىكا پولات ـ تۆمۈر شاھى
ئاندىرو • كارنىگنىڭ ئانىسى ئىكەن . بىر قېتىملىق قىزغىن
مۇئامىلە ۋە ھۆرمەت ئۇنىڭغا كەم تېپىلىدىغان پۇرسەت ئاتا قىلـ
غان ئىدى .

بىز بۈگۈن پۇرسەتكە تولغان بىر دەۋردە ياشاۋاتىمىز . ھەر
بىر پۇرسەت كاتتا بايلىق . ئۇ بىزنىڭ تۇتۇشىمىزنى كۈتۈپ تۇردـ
دۇ . بىز ئەستايىدىللىق بىلەن ئاشۇ پۇرسەتلەرنى بايقىيالىساق
ۋە پايدىلىنالىساق مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلەيمىز .

بىل گېيتس مۇنداق دەيدۇ : «بۇرادەرلەر ، مەن سىلەرنى
ئاشۇ كىچىككىنە پۇرسەتكىمۇ سەل قارىمىسا ئىكەن دەيمەن . ئۇ
سىلەرگە ئويلاپ باقمىغان مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ئالغاچ كەلگەن .
بەزىلەر پۇرسەتكە قاراپ ئولتۇرۇش ، لاتارىيە بېلىتىگە تەلمۈرۈپ
ئولتۇرغانغا ئوخشايدۇ دەيدۇ . لاتارىيە تەلەي مەسىلىسى . سىزنىڭ
ئىرادىڭىز بىلەن مۇناسىۋەتسىز . ئەمما ئاشۇ كىچىككىنە پۇرسەتـ
مۇ تامامەن ئۆز تىرىشچانلىقىڭىز بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ» .

دىكارد كېسەل ۋاقتىدا تورۇسقا قاراپ يېتىپ ئۆمۈچۈكنىڭ
تور توقۇشىنى ئىنچىكە كۆزىتىش ئارقىلىق يېڭى ماتېماتىكىلىق
ئۇسۇل — ئانالىتىك گېئومېترىيىنى ئىجاد قىلىدۇ . گالىلېي

ئىزغىرىن شامالدا تەۋرەۋاتقان لامپىنىڭ تەۋرەش قانۇنىيىتىنى كۆزىتىش ئارقىلىق ، سائەتنى كەشىپ قىلدى . بۇلار قانداقتۇر تاساددىپىي سەۋەب بىلەن ئەمەس ، بەلكى ئۇلارنىڭ كىچىككىنە ئىش بەرگەن ئىلھام ، پۇرسەتنىڭ تەسىرىدە بۇشاشماي ئىزدىنىشى ئارقىلىق يارىتىلغان .

لامپىنىڭ تەۋرىنىشى ، ئۈمۈچۈكنىڭ تور توقۇشى دېگەنلەرنى ئىنسانىيەت نەچچە يىلىك يىللاردىن بېرى كۆرۈپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ ، ئاشۇ ئۇلۇغ بايقاشلار نېمە ئۈچۈن باشقىلارغا نېسىپ بولمىدى ؟ سەۋەبىنى كۆڭۈل قويماسلىق دېيىشىمىز مۇمكىن . ئەمما ئۇ تېخىمۇ چوڭقۇرلىغاندا بىلىمنىڭ پۇختا بولماسلىقى ، ئىلمىي تەپەككۇرنىڭ يېتەرسىزلىكى ، ئۆز كەسپىگە كۆڭۈل بۆلۈشنىڭ يېتەرسىزلىكى قاتارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك . بۇ ئامىللار بولسا ئىنتايىن زور دەرىجىدە پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش بىلەن باغلىنىشلىق . «ئامەت ئىلاھى ھەممە ئادەمنى يوقلاپ چىقىش ، ئۇنى تۇتۇشقا تەييارلىقى يوقلارنىڭ ئىشىكىدىن كىرىپ دېرىزىسىدىن چىقىپ كېتەرمىش » .

بېل گېيتىس مۇنداق بىر لەتىپىنى سۆزلەپ بەرگەن ئىدى .

بۇرۇن ئىنتايىن ئىخلاسمەن بىر خرىستىئان مۇرىتى بار بولۇپ ، ئۇ ھەر كۈنى تەقۋادارلىق بىلەن تىلاۋەت قىلىدىكەن . بىر قېتىم تويۇقسىزلا يامغۇر يېغىپ ھەممە يەر كەلكۈننىڭ ئاستىدا قاپتۇ . كىشىلەر شۇنىڭ بىلەن بەس ـ بەستە قېچىشقا باشلاپتۇ . ئەمما ھېلىقى مۇرىت بولسا ، مەن دېگەن پەرۋەردىگارنىڭ ئىخلاسمەن بەندىسى ، پەرۋەردىگار چوقۇم مېنى قۇتقۇزۇپ قالىدۇ ، دەپ ئويلاپ قاچماي تۇرۇۋېرىپتۇ . ئۇ بىر ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە چىقىۋالغان ئىكەن . قۇتقۇزۇش ئەترىتىدىكىلەر ئۇنى قۇتقۇزغىلى كەلگەندە ، ئۇ خۇدانىڭ كېلىپ قۇتقۇزۇشىنى ساقلاپ چىققىلى ئۇنىماپتۇ ـ دە ، تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپتۇ . ئۇ ئالەمدە ئۇنىڭ روھى تەڭرى بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ . ۋە ئۇ تەڭرىدىن : «مەن



ساڭا شۇنچە سادىق تۇرسام ، نېمىشقا مېنى كېلىپ قۇتقۇزمايسەن ؟ » دەپ سوراپتۇ .

— مەن سېنى قۇتقۇزۇشقا قۇتقۇزۇش كېمىسى ئەۋەتتىم . لېكىن سەن چىقىشنى خالىمىدىڭ ، سەن يەنە كىمدىن ئاغرىندسەن ؟— دەپتۇ .

شۇنداق ، ياندىكى پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ يەنە كىملەردىن ئاغرىنىپ يۈرگۈلۈك . ھەر قانچە كىچىك پۇرسەت بولسىمۇ ، ئۇ بىزنىڭ ھاياتىمىز ، تەقدىرىمىزگە زىچ مۇناسىۋەتلىك . چاتاق يېرى نۇرغۇن ئادەم پۇرسەتنىڭ مۇھىملىقىنى ئۇنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىنى ئۆزگەرتەلەيدىغانلىقىنى تونۇپ يېتەلمەيدۇ . شۇڭا ، پۇرسەت كەلگەندىمۇ ئۇنى بايقىيالمايدۇ . ئۇنى ئىشلىتەلمەيدۇ . يەنە شۇ خارلىقتىن قۇتۇلالماي بىر ئۆمۈر ۋايساپ ئۆتىدۇ .

# دەۋرنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىڭ

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ پارتلىشى ئامېرىكىدىكى نۇرغۇن كارخانىلارنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. بىر كىيىم تىكىش ماشىنىسى زاۋۇتىمۇ سودىسى ئىنتايىن قاتمال ھالەتكە چۈشۈپ قاپتۇ. خوجايىنىنىڭ دادىسى دەرھال تۈر ئۆزگەرتىشنى قارار قىلىپتۇ ـ دە، زاۋۇتتا مېيىپلار ھارۋىسى ياساشقا باشلاپتۇ. دادىسىنىڭ قىلۋاتقىنىنى چۈشەنمىسىمۇ خوجايىن دادىسىنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپتۇ. ئۇرۇش بارغانسېرى ئەۋجىگە چىقىپ، تۈركۈملىگەن مېيىپ ئەسكەرلەر سەپتىن چېكىنىشكە ۋە مېيىپلار ھارۋىسىغا ھاجىتى چۈشۈشكە باشلاپتۇ. ئۇرۇشنىڭ بىگۇناھ قۇربانلىرى بولۇپ كەتكەن ئادەتتىكى پۇقرالارمۇ، چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ تىرىكچىلىك يولىنى تېپىپتۇ. شۇنداق قىلىپ سودىسى كاساتلاشقان بۇ زاۋۇت بىردىنلا قەد كۆتۈرۈشكە باشلاپتۇ.
ئۇرۇشنىڭ ئاخىرلىشىشىغا ئەگىشىپ دادىسى ئوغلىنى ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنى كېڭەيتىشكە قارشى تۇرۇپ: «يېتەر، ئۇرۇش تۈگىدى، سېنىڭچە شۇنچە كۆپ ئادەم مېيىپلار ھارۋىسى ئىشلىتەرمۇ، كىشىلەر ئۇرۇشتىن زېرىكتى. ئەمدى ھەممىسى تىنچ، خاتىرجەم، بەختلىك تۇرمۇشقا تەشنا. بەختلىك تۇرمۇشنىڭ شەرتى نېمە؟» دەپتۇ. ئوغلى دادىسىنىڭ گېپىنىڭ تېگىگە يېتىپتۇ ـ ۋە ساغلام بەدەن ئۈچۈن مەبلەغ سېلىش نىيىتىگە كېلىپ، بەدەن چېنىقتۇرۇش سايمانلىرى ياساش تۈرىنى يولغا قويۇپتۇ ھەم كاتتا بايغا ئايلىنىپتۇ.
بىل گېيتىس مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلاردا دەۋرنىڭ تەلىپىگە



ماسلىشىشتىن بۆلەك ھېچقانداق مەخپىيەت يوق دەيدۇ. تىرىشچانلىق دەۋرگە ماسلاشقاندىلا قالتىس ئۈنۈم يارىتالايدۇ.
«دەۋر ئېھتىياجىغا ماسلىشىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى يەنە تەكىتلەشنىڭ ھاجىتى يوق، دەيدۇ بىل گېيتىس. ئۇ سىزنىڭ دۇنياغا بولغان پوزىتسىيىڭىزنى ئۆزگەرتىپ تاشلايدۇ». يۇقىرىقى مىسالدىكى ھېلىقى بوۋاي دۇنيا يۈزلىنىشىنى ئۆز كارخانىسىنىڭ تەقدىرىگە باغلاپ چىقالىدى ـ دە، قالتىس مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى. ھەقىقەتەنمۇ بايقىغۇچىلار ئۈچۈن زېمىندىكى ھەر بىر ئۆزگىرىش ھەممىمىزنىڭ تەقدىرىگە، تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك ئىشقا ئايلىنىدۇ. ئۇ يەر شارى خاراكتېرلىك ئاپەت بولغان ئۇرۇشتىن، ئۇرۇشتىن كېيىنكى كىشىلەرنىڭ ياشاش ئېھتىياجىدىن، تۇرمۇش يۈزلىنىشلىرىدىن ماھىرلىق بىلەن خۇلاسە چىقىرىپ ئۆلۈكلەردىن مېيىپلارغا، مېيىپلاردىن مېيىپلار ھارۋىسىغا، مېيىپلار ھارۋىسىدىن ساغلاملىققا، ساغلاملىقتىن چېنىقىش بۇيۇملىرىغا، چېنىقىش بۇيۇملىرىدىن كارخانىنىڭ كېلەچىكىگە ھالقىپ تەپەككۇر يۈرگۈزەلىدى. دەۋرگە ماس كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش يۈزلىنىشىگە ئۇيغۇن بۇ خىل ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىيات ئۇنىڭغا يېپيېڭى ئىستىقبال چىلىلدى.

# باشقىلارنىڭ ئالدىدا مېڭىڭ

سودا رىقابىتىدە ۋاقىت ئۇنۇم ، ھايات دېمەكتۇر .

زامانىۋى مەھسۇلات خاراكتېرىگە ئىگە يۇمشاق دېتال بولسا ۋاقىت خاراكتېرى ئىنتايىن كۈچلۈك مەھسۇلات . باشقىلاردىن كېيىن قالدىمۇ ، مەغلۇبىيەت خەتىرىگە ئۇچرىشى تۇرغانلا گەپ . بۇ نۇقتىنى ئىنتايىن ياخشى چۈشەنگەن بىل گېيتس شىركىتىنىڭ چوڭ - چوڭ ئىشلىرىدا تۇرلۇك ئاماللارنى قوللىنىپ ، باشقىلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىش ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ كەلگەن .

1882 - يىلى يېڭىدىن قۇرۇلغان قار لەيلىسى شىركىتى ئاپتوماتىك جەدۋەل بىر تەرەپ قىلىش يۇمشاق دېتالى «قار لەيلىسى 1 ، 2 ، 3» نى بازارغا سالدى . بۇ كۈچلۈك خىرىس ئالدىدا ، بىل گېيتس 1983 - يىلى 9 - ئايدا ، مىكروسوفتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك پىلانلىغۇچىلىرى ۋە يۇمشاق دېتال مۇتەخەسسىسلىرىنى سىئاتولدىكى خۇيشى مېھمانسارىيىغا چاقىرىپ ئەكىلىپ ئۈچ كۈنلۈك مەخپىي «ئەقىل بورىنى» يىغىنى ئاچىدۇ . يىغىننىڭ مەقسىتى بىرلا ، يەنى تېز ئارىدا دۇنيادىكى ئەڭ تېز ئېلېكترونلۇق جەدۋەل بىر تەرەپ قىلىش يۇمشاق دېتالىنى بازارغا چىقىرىش ئىدى .

ياش كراۋند ئاكتىپلىق بىلەن بۇ يۇمشاق دېتالنى ياساشقا يېتەكچىلىك قىلىدىغان بولدى . ئەزەلدىنلا قابىلىيەتكە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن مىكروسوفت بۇ تالانتلىق ياشقا پۇرسەت بەردى . ئۇلار يىغىندا «قار لەيلىسى 1 ، 2 ، 3» بىلەن مىكروسوفتنىڭ



«كۆپ تەرەپلىك پىلانى» نى ئەستايىدىل سېلىشتۇرۇش ۋە ئانالىز قىلىش ئارقىلىق ، ياسالماقچى بولغان ئېلېكترونلۇق جەدۋەل بىر تەرەپ قىلىش يۇمشاق دېتالنىڭ قۇرۇلما ، خاسلىقلىرىنى بېكىتىپ چىقتى . گېيتس ئۆزىنىڭ بۇ دېتالغا بولغان قەتئىي پوزىتسىيىسىنى بىلدۈرۈپ ئۇنىڭغا «ھالقىش» (Excel) دەپ نام بەردى .

مىكروسوفتقا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، بىل گېيتسنىڭ «ھالقىش» نى رېئاللاشتۇرۇش ئۈچۈن ئالالدى بىلەن ئۆزىدىن ھالقىش كېرەك ئىدى . ئەمما ئىش يەنە ئويلىمىغان يەردىن چىقتى .

1984 - يىلى يېڭى يىلنىڭ تۈنجى كۈنى ، كومپيۇتېر تارىخىدىكى ھالقىش پەيدا قىلغان ، ئىشلەتكۈچىلەر بەت يۈزى كۆزنىكى ئېچىلغان تۇنجى كومپيۇتېر — «مەكىنتا» ئالما شىركىتى تەرىپىدىن بازارغا چىقىرىلدى . ئۇنىڭ مەيدانغا كېلىشى IBMPC خۇسۇسىي كومپيۇتېرى ئۈچۈن كۈچلۈك خىرىستىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى .

شۇ كۈنى ، كراۋند سىستېما لايىھىلىگۈچىلەر بىلەن ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئىشلەپ «ھالقىش» نىڭ دەسلەپكى سىخېمىسىنى تۇرغۇزۇۋاتاتتى . گېيتس ئۇشتۇمتۇتلا IBMPC كومپيۇتېرى ئۈچۈن ئىشلەۋاتقان «ھالقىش» تىن ۋاز كېچىپ ، ئالما شىركىتىنىڭ «مەكىنتا» سى ئۈچۈن ئوخشاش تۈردىكى يۇمشاق دېتال ئېچىشنى باشلايدىغانلىقىنى رەسمىي ئېلان قىلدى .

— بىل ،— كراۋند گېيتسنىڭ ئىشخانىسىغا ئېتىلىپ كىرگىنىچە ۋارقىرىۋەتتى ،— سەن زادى نېمە قىلماقچى؟ بىزنىڭ كېچە - كۈندۈز ئىشلىشىمىز زادى نېمە ئۈچۈن؟ قار لەيلىسى بىزنى IBM خۇسۇسىي كومپيۇتېرىدا مەغلۇپ قىلغان . مىكروسوفتمۇ ئاشۇ يەردە يوقاتقان ھەممە نەرسىسىنى قايتۇرۇۋېلىشى كېرەك ھەم قايتۇرۇپ ئەكېلەلەيدۇ .

بىل گېيتس سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈردى :

— مەكىنتا ھازىر ئىشلەتكۈچىلەر بەت يۈزى تەمىنلىگەن
ئەڭ ياخشى كومپيۇتېرغا ئايلاندى ، ئۇ كومپيۇتېرنىڭ كېلىچەكـ-
گە ۋەكىللىك قىلالايدۇ . يەنە كېلىپ 512 كىلوبايتلىق ئىچكى
ساقلىغۇچ «ھالقىش» نىڭ ئىقتىدارىنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك جارى
قىلدۇرالايدۇ . بۇنى IBM خۇسۇسىي كومپيۇتېرى بىلەن سېلىش-
تۇرۇش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس . بىزنىڭ مەكىنتاغا ھۇجۇم قىلىد-
شىمىزمۇ دەل كېلىچەكىمىز ئۈچۈن . . .

كىراۋند غەزەپتىن گېيتسنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىنى ئاڭلىد-
ماي : «بولدى . مەن بۇنى قوبۇل قىلالمايمەن» دېگىنىچە ، دەر-
ھال بىر پارچە ئىستىپانامە يېزىپ گېيتسقا تاشلاپ بېرىپ ،
گېيتسنىڭ شۇنچە تۇتقىنىغا قارىماي چىقىپ كەتتى .

لېكىن يۈكسەك كەسپىي ئەخلاققا ئىگە كىراۋند پۈتۈن كۈچى
بىلەن ئىشنى تاماملىغاندىن كېيىن ، يېزىپ تاماملانغان سىستې-
مىنى مەكىنتا كومپيۇتېرىغا كۆچۈرۈپ ، «ھالقىش» نىڭ مەشغۇ-
لات چۈشەندۈرۈش پلاستىنكىسىدىن بىر نەچچىنى ئىشلىدى ۋە
ئىستىپانامە بېرىپ توققۇز ئايدىن كېيىن ئارقىسىغا قاراپمۇ قوي-
ماي مىكروسوفتنىڭ دەرۋازىسىدىن چىقىپ كەتتى .

كىراۋند مىكروسوفتتىن ئايرىلىپ سىئاتولدىن خىزمەت تا-
پالمىغاندىن كېيى ، كالىفورنىيىگە ماڭدى . ئەمما پويىزدا يانچۇق-
چىغا يولۇقۇپ قاقسەنەم بولۇپ قېلىپ ، ئامالسىز مىكروسوفتقا
قايتىپ كەلدى . كىراۋند مىكروسوفتنىڭ دەرۋازىسىدا پەيدا بولۇ-
شى ھامان ، بىل گېيتس يېنىك تىنىپ : «خۇداغا شۈكرى ، ئۇ
ئاخىر قايتىپ كەلدى» دېدى . كىراۋند قايتىپ كېلىپ «ھالقىش»
نىڭ كەم قالغان قىسىملىرىنى تولۇقلىدى ھەمدە ئۇنىڭغا ئىنتايىن
ئەمەلىي ئىشلىتىشچانلىقى كۈچلۈك — تەقلىدىي كۆرسىتىش
ئىقتىدارى قوشۇپ چىقتى .

قار لەيلىسى شىركىتىمۇ «قار لەيلىسى 1 ، 2 ، 3» نىڭ
ئەۋزەللىكلىرىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇش ئاساسىدا ئالاقە ، جەد-



ۋەل ، رەسىم ، يېزىق بىر گەۋدىلەشكەن يېزىق بىر تەرەپ قىلىش
ئىقتىدارى قوشۇلغان «سادا» يۇمشاق دېتالىنى بازارغا سالدى ۋە
يېزىق بىر تەرەپ قىلىش قامۇسى دەپ ئاتالدى . گېيتسنى تېخى-
مۇ ئەندىشىگە سالغىنى قار لەيلىسى شىركىتى «مەكىنتا» ئۈچۈن
«خۇش كېنەز» نامىدا يۇمشاق دېتال ئىشلەيدىغانلىقىنى جاكارلى-
دى . مىكروسوفت «ھالقىش» تەتقىقات قەدىمىنى تېزلىتىپ
«خۇش كېنەز» دىن راستتىنلا ھالقىشقا بەل باغلىدى .

1985 - يىلى 5 - ئاينىڭ بىر كۈنى ، گېيتس ئاتايىن
نيۇيوركقا كېلىپ ، نيۇيورك مەركىزىي باغچىغا يېقىنلا يەردىكى
بىر مېھمانخانىدا «ھالقىش» نىڭ ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى-
نى تەنتەنىلىك ئاچتى . ئەمما نەس باسقاندەك ، ئالدىن كۆرسى-
تىش باسقۇچىدا «ھالقىش» نىڭ كۆرسەتمە سىستېمىسى بۇيرۇققا
كۆنمەي ئۇنى ئىنتايىن ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى . ئۇ
مەشغۇلاتچى خادىمغا دەرھال كۆرسىتىش پروگراممىسىنى ئۆچۈ-
رۈۋېتىشكە بۇيرۇق چۈشۈردى .

رەسمىي مەشغۇلات ئىقتىدارىنى كۆرسىتىش ھەر ھالدا ئو-
ڭۇشلۇق بولۇپ ، ئالما شىركىتىدىن جوبس ئۆزى كېلىپ قول-
لايدىغانلىقىنى بىلدۈردى . شۇنىڭدىن باشلاپ «ھالقىش» ئالما
شىركىتىنىڭ مەكىنتا كومپيۇتېرلىرىغا ئومۇمىيۈزلۈك ھالقىپ
كىردى . ھەممە بۇ ھەمكارلىقنى «ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز»
قويغاندەك بولدى دېيىشتى .

قار لەيلىسى شىركىتىنىڭ «خۇش كېنەزى» «ھالقىش»
تىن بەش ھەپتە كېچىكتى - دە ، ئۇنىڭ مەغلۇبىيەتلىك تەقدىرىنى
بەلگىلەپ قويدى . 1987 - يىلىغا كەلگەندە بازار دوكلاتى «ھال-
قىش» نىڭ 89% كە قارشى 6% لىك مۇتلەق ئۈستۈنلۈك بىلەن
«خۇش كېنەز» دىن راستتىنلا ھالقىپ چۈشكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى .

بۇ قېتىملىق غەلىبە گېيتسنىڭ غالىبلىق بىلەن باشقىلار-
نىڭ ئالدىدا مېڭىش ئىشەنچىسىنى تېخىمۇ چىڭىتتى .

## ۋاقىتنىڭ قىممىتىگە سەل قارىماڭ

ھېچكىمنىڭ پېشانىسىگە تۇغۇلىشىدىنلا غالىبلاردىن بولۇش پۈتۈلمىگەن . ئۇ كىشىلەرنىڭ تىرىشچانلىقىغا باغلىق . بىل گېيتىس كىچىك چاغلىرىدىن باشلاپلا ۋاقىتنى قەدىرلەشكە ، تەپەككۇر قىلىشقا ئامراق ئىدى . بۇ ئادەت ئۇنىڭ كېيىنكى مۇۋەپپەقىيىتىگە زور ئاساس سالدى .

ئۇنىڭ ئانىسى قابىل تەشكىلاتچى بولۇپ ، بىل گېيتىس ئانىسىنىڭ بۇ خاراكتېرىگە ۋارىسلىق قىلغانىدى . ئۇ مەيلى نېمىلا ئىش قىلمىسۇن ، ھېچقانداق ۋاقىتنى ئىسراپ قىلماسلىققا تىرىشاتتى ۋە : «ئىرادىگە ۋاقىت قوشۇلسا ، بايلىق دېگەن شۇ» دەيتتى . ئۇ مۇنداق بىر ھېكايىنى سۆزلەشكە ئامراق :

فرانكىلىن گېزىتخانىسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى بىر دۇكانغا كىرگەن بىرەيلەن ئالاھىزەل بىرەر سائەتلەرگىچە ئىككىلىنىپ تۇرۇپ ئاخىر ئېغىز ئېچىپتۇ :

— بۇ كىتاب قانچە پۇل ؟

— بىر دوللار ،— دەپتۇ پىركازچىك .

— بىر دوللار ؟ تېخىمۇ ئەرزان بېرەلمەسسىزمۇ ؟

— شۇ ، بىر دوللار !

باشقا ھېچقانداق سادا بولمىغاندىن كېيىن ھېلىقى ئادەم يەنە بىرئاز دودۇقلاپ :

— فرانكىلىن ئەپەندى بارمىدۇ ؟— دەپتۇ .

— بار ، گېزىتخانىدا ئالدىراش . . .

— ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشسەم بولاتتى .



ئۇ فرانكىلىن ئەپەندى بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىنى ئېيتىپ چىڭ تۇرۇۋالغاچقا ، پىركازچىك ئاخىر ئۇنى چاقىرىپ چىقىشقا مەجبۇر بولۇپتۇ .

— فرانكىلىن ئەپەندى ،— دەپتۇ ھېلىقى ئادەم ،— سىزچە بۇ كىتابقا ئەڭ تۆۋەن بولغاندا قانچە پۇل بەرسەم بولار ؟

— بىر دوللار 25 سېنت ،— فرانكىلىن تۇزۇت قىلمايلا دەپتۇ .

— نېمە ؟ بايىلا پىركازچىكىڭىز بىر دوللار دېگەنتىغۇ ؟

— توغرا ،— دەپتۇ فرانكىلىن ئەپەندى ،— لېكىن مەن سىزنىڭ مۇشۇ بىر دوللارلىق كىتابنىڭ باھاسىنى سورىشىڭىزنى دەپ خىزمىتىمنى تاشلاپ چىقىشقا مەجبۇر بولدۇم - دە .

ھېلىقى ئادەم ھەيران قاپتۇ ، ۋە كۆڭلىدە «بوپتىلا ، ئەمدى كېتەي» دەپ ئويلاپ ، يەنە سوراپتۇ :

— سىزنىڭچە ئەڭ تۆۋەن بولغاندا قانچە پۇل بەرسەم بولىدۇ ؟

— بىر دوللار 50 سېنت .

— بىر دوللار 50 سېنت ؟ بايىلا بىر دوللار 25 سېنت دېمىگەنمىتىڭىز ؟

—توغرا ،— دەپتۇ فرانكىلىن ئەپەندى سوغۇقلا ، — ھازىرقى ئەڭ تۆۋەن باھا بىر دوللار 50 سېنت .

ھېلىقى ئادەم ئاستىلا پۇلنى پوكەيگە قويۇپ كىتابنى ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ . بۇ داڭلىق فىزىك ۋە سىياسىئون ھېلىقى ئادەمگە ئۇنتۇلغۇسىز دەرستىن بىرنى ئۆتۈپتۇ :

غالىبلار ئۈچۈن ۋاقىت پۇل دېمەكتۇر !

مۇۋەپپەقىيەتشۇناس ناپالىئون خىل : «ۋاقىتتىن پايدىلىنىش ئىنتايىن مۇھىم ، بىر كۈنلۈك ۋاقىت ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇلمىسا ، ھەممە قۇپقۇرۇق كۆپۈككە ئايلىنىپ نەتىجىسىز ئاخىرلىشىدۇ» دەپ كۆرسىتىدۇ . ھەقىقەتەنمۇ ، مۇۋەپپەقىيەت بىلەن

مەغلۇبىيەتنىڭ چېگرىسى ۋاقىتنى قانداق تەقسىملەش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشتا. كىشىلەر بىر نەچچە مىنۇت، بىر نەچچە سائەت ۋاقىتنى ئۇنچە كۆزگە ئىلىپ كەتمەيدۇ. بىنجامىن • فرانكىلىن مۇنداق دەيدۇ: «هاياتنى سۆيەمسىز؟ ئۇنداقتا ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىپ بىكارغا ئۆتكۈزۈۋەتمەڭ. ۋاقىت هاياتنى تەشكىل قىلىدىغان ئامىل. هەرگىز ئۇنتۇماڭ، ۋاقىت پۇل، بايلىق دېمەكتۇر. بىر كۈندە ئون شىللىڭ تاپالايدىغان ئادەم يېرىم كۈن ئويناپ، يېرىم كۈن خىيال سۈرۈپ ياتسا، ئۇ ئۆزىنى ئارانلا ئالتە پېنس يوقاتتىم، دەپ ئويلاپ قالىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ يوقاتقىنى ئالتە پېنسلا ئەمەس… پۇل پۇلنى تاپىدۇ. پۇلنىڭ نەۋرە - چەۋرىلىرىمۇ بولىدۇ. كىم بوغاز كالىنى بوغۇزلايدۇ؟ بەش شىللىڭنى كۆككە سورۇش ئۇ ئەكىلىدىغان 50 شىللىڭ، 500 شىللىڭ، هەتتا بىرەر دۆۋە ئالتۇن تاغنىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇغانغا باراۋەر».

فرانكىلىنىنىڭ مۇنۇ داڭلىق سۆزىنى تەهلىل قىلىپ كۆرسىڭىز ئەرزىيدۇ: «مۇۋەپپەقىيەت قازىناي دېسىڭىز ۋاقىتقا هەرگىز سەل قارىماڭ».

جەنۇبىي ئامېرىكىلىق بىر قارا مېهمان① شىۋىتسارىيىنىڭ تۇرمۇش پاراۋانلىقىغا ئىنتايىن هەۋەس قىلىدىكەن. شۇڭا، ئۇ يېڭى تۇغۇلغان بالىسىنى شىۋىتسارىيە نوپۇسىغا ئۆتكۈزۈشنى ئويلاپ قاپتۇ ۋە توردىن پايدىلىنىپ، شىۋىتسارىيىنىڭ نوپۇس تور سىستېمىسىغا سوقۇنۇپ كىرىپ، نوپۇس تىزىملاش كارتىسىدىكى تەلەپ - ئۆلچەملەر بويىچە بالىسى ئۈچۈن جەدۋەل تولدۇرۇپ تىزىملىتىپتۇ. بايلىقى دېگەن كاتەكچىگە خالىغانچە 36 مىڭ فرانك دەپ كىرگۈزۈپ قويۇپتۇ.

هەممە ئىش شۇ قەدەر ئوڭۇشلۇق بوپتۇكى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئاخىرى شىۋىتسارىيىلىك بالىسى بولغانلىقىدىن مەمنۇن بوپتۇ.

① قارا مېهمان — توردا بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچى.



ئەمما كىم بىلسۇن، ئۈچ كۈندىن كېيىنلا ئۇنىڭ بۇ ئىشى ئاشكارىلىنىپ قاپتۇ. كىشىنى تېخىمۇ هەيران قالدۇرىدىغىنى، بۇ ئىشنى بايقاپ قالغىنى نوپۇس باشقۇرغۇچى خادىملار ئەمەس، بىر ئاددىي ئائىلە ئايالى ئىكەن. ئۇ ئايال ئۆزىنىڭ يېڭى تۇغۇلغان بالىسىنى تىزىملىتار ۋاقىتتا، تويۇقسىزلا ئۆز بالىسىدىن بۇرۇنلا تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ بايلىق كۆرسەتكۈچ كاتىكىگە 36 مىڭ فرانك دەپ يېزىقلىق تۇرغانلىقىنى بايقاپ هەيران قاپتۇ. چۈنكى شىۋىتسارىيىلىكلەر بىردەك بۇ كاتەكچىگە «ۋاقىت» دەپ يازىدىكەن. ئۇلارچە ئەمدىلا تۇغۇلغان بىر بوۋاقنىڭ ۋاقىتتىن بۆلەك هېچقانداق بايلىقى يوق ئىكەن.

شۇنداق قىلىپ، بۇ قارا مېهمان قىممەت ئۇقۇمى تۈپەيلى ئاشكارىلىنىپ قاپتۇ.

شىۋىتسارىيىلىكلەرنىڭ بايلىق قارىشىنىڭ هەقىقەتەنمۇ ۋەزنى بار. هاياتقا يېڭى كۆز ئاچقان بىر ئادەمنىڭ ئەڭ چوڭ بايلىقى نېمە؟ هايات. ئەمما هايات دەل ۋاقىت بىلەن ئۆلچىنىدۇ. ۋاقىتنى قەدىرلەش هاياتنى قەدىرلەشنىڭ كونكرېت ئىپادىسىدۇر.

## دەۋرنىڭ ئالدىدا مېڭىش

20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تېلېكامېرا جۇڭگوغا ئەمدى كىرگەن چاغلاردا، لى ئەپەندى بىر دانە تېلېكامېرا سېتىۋېلىپ سۈرەتكە ئېلىش ئورنىدىن بىرنى ئېچىپتۇ. ئەمما ئىش ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك بولماي، پايدا تېپىش تۈگۈل، جېنىنى ئاران بېقىپتۇ. سۈرەتكە ئېلىش باھاسى قىممەت بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ قوبۇل قىلىشى، بۇ كەسىپنىڭ تېز ئومۇملىشىشى تەس ئىكەن. ئەمما كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇنىڭ بازىرىنىڭ چىقىشىغا گەپ كەتمەيتتى.

ئۇ سودىسىنى ئاقتۇرالماي بېشى قېتىپ تۇرغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىرەيلەن ئۇنىڭغا ئازراق چىقىمغا چىداپ ھەم دەۋرنىڭ ئالدىدا مېڭىش ھەم كېلىچەكنى كۆزلەش تەكلىپىنى بېرىپتۇ. ئۇ شۇ بويىچە، باللار باغچىلىرىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ باللارنىڭ ئويۇنلىرىنى، ئۆگىنىش پائالىيەتلىرىنى سىنئالغۇغا ئېلىپ «باللار شادلىقى» دېگەن نامدا مەخسۇس فىلىم ئىشلەپ ساقلاپ قويۇپ مېڭىپتۇ. يىللار ئۆتۈپتۇ. بىر چاغدىكى ئاشۇ باللار بالاغەتكە يېتىپ ئىش ئاتقۇرالىغۇدەك بولغاندا، قايتۇرۇپ ئەكىلىش مۇمكىن بولمايدىغان ئاشۇ غۇبارسىز باللىقىغا بولغان ئوتتەك قىزىقىش بىلەن بۇ مەخسۇس فىلىملەرنى يۇقىرى باھادا سېتىۋېلىشقا باشلاپتۇ. ھەتتا چەت ئەللەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان مۇھاجىرلارمۇ ئاتايىن سۈرۈشتۈرۈپ كېلىپ يۇقىرى باھا بىلەن ئېلىپ كېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ لى ئەپەندى بۇ ئىشنى



ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ سودا بوشىغان چاغلاردا فىلىم ئىشلەپتۇ. سودا ياخشى چاغلاردا فىلىم سېتىپتۇ ـ دە، نۇرغۇن بايلىققا ئېرىشىپتۇ.

بىل گېيتس ئىش باشلىغان چاغلاردا ئۇنىڭ 8086 تىپلىق ئۆزىكى ئادەتتىكىدىن خېلىلا ھالقىغان، خۇددى يېڭى تەقلىدىي سىستېمىنىڭ مۇۋاپىق نامزاتىغا ئوخشاپ قالغان ئىدى. ئەمما ئۇلار 1978 ـ يىلى كۈزگىچىمۇ ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈش قوللانمىسىنى ئىشلەپ چىقمىغانىدى. رېيس ۋە ئوۋلېرلار ئاخىرى ئىنتېلنىڭ ئىنژېنېرلىرى يېزىپ چىققان چۈشەندۈرۈشكە ئاساسەن ئۆز مەھسۇلاتلىرىنىڭ نەشر چۈشەندۈرۈشىنى يېزىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ چاغدا ئىنتېلدىكىلەر تېخىچە بۇ ئۆزەكنى لايىھىلەۋاتاتتى. ئەمما بۇ خىل ئۆزەكنىڭ يۇمشاق دېتالى ئاللىقاچان قاتتىق دېتالنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىپ بولغانىدى.

قارىماققا، بۇنداق قىلىش ھاجەتسىزدەك كۆرۈنىدۇ. ئەمما شۇ مەزگىلدە مىكروسوفتنىڭ ئىنتايىن قايناق ـ تاشقىنلىق قىزغىن كەيپىياتى شەكىللەنگەن، ھەممە خىزمەتچى ئۆزىنى ئىشقا جان دەپ ئۇرۇۋاتقانىدى. بىل گېيتس ئۇلارنىڭ كەينىدە بار ئاۋازى بىلەن «تېز، تېز بولۇڭلار» دەپ ۋارقىراپ ئالدىرىتىۋاتاتتى.

مىكروسوفت ئەمەلىيەتتە ئىنتايىن چوڭ قارامىلىق قىلىۋاتاتتى. بۇرۇنقى تۈر مەغلۇبىيەتلەرنىڭ ھەممىسى ماشىنىلارنىڭ زاۋۇتتىن چىقىشىنى ساقلاپ تۇرۇش سەۋەبلىك بولۇۋاتاتتى. يەنى كىم ئەڭ ياخشى، ئەڭ تېز ھالدا قاتتىق دېتال سەپلىمە يۇمشاق دېتاللىرىنى بازارغا سالالىسا، شۇ ئۇتقان ھېسابلىناتتى. مىكروسوفت بۇ قېتىم ئەڭ تېز سۈرئەتتە يۈگرۈمەكچى بولۇۋاتاتتى. ئەمما يېڭى تىپتىكى ماشىنا ئىشلەپچىقىرىلمىسا، مىكروسوفتنىڭ تىرىشچانلىقى يوققا ھېساب ئىدى. يېڭى ماشىنا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشلەپچىقىرىلدىمۇ، مىكروسوفتنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى ھېچكىم تالىشىپ تارتىۋالالمايتتى.

ھەقىقەتەنمۇ بۇ قېتىم مىكروسوفت يېتەرلىك نەپ، ئىنتايىن كۆپ بايلىق، ئۇستۇنلۇككە ئېرىشتى.

ئاكبۇكۇېركىدىكى بارلىق خىزمەت تاماملانغاندىن كېيىن مىكروسوفت ئىستراتېگىيىلىك بۇرۇلۇش ئېلىپ بارماقچى ئىدى. ئالبۇكۇېركىدىكى كۈن - تۈنلەرنى مەڭگۈ ئەستە ساقلاپ تۇرۇش ئۈچۈن مىكروسوفت باھادىرلىرى 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى كوللېكتىپ رەسىمگە چۈشۈپ، مىكروسوفتنىڭ غەلىبىسىنى خاتىرىلىدى. بۇ ئايدا ئۇلار يىللىق مىليون نۇسخىلىق سېتىلىش ۋەزىپىسىنى تاماملىغان، ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا بىر مىليون 350 مىڭ يۈەن تاپقانىدى. ئۇلار مۇشۇ نەتىجىسى بىلەن ئاتلانتىك ئوكياننىڭ ئەڭ گۈزەل مەنزىرىلىك جايلىرىغا يۈرۈش قىلىپ ماڭماقچى ئىدى.

يولدا، بىل گېيتس كىرىمنى جىلغىسىدىكى كومپيۇتېر زاۋۇتلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى ھەمدە يۇقىرى سۈرئەت سەۋەبلىك بىر كۈندە بىر ساقچى تەرىپىدىن ئۈچ قېتىم جەرىمانىگە ئۇچرىدى. ئۇنىڭ سۈرئىتى مىكروسوفتنىڭ سۈرئىتى ئىدى. ساقچى بۇ خىل سۈرئەتنىڭ مەنىسىنىمۇ، شوپۇرنىڭ ھەقىقىي خىيالىنىمۇ چۈشەنمەيتتى. ئۇ پەقەت جەرىمانە تالونىنىڭ نوپۇزىنىلا تونۇيتتى.

دەرىجىدىن تاشقىرى يۇقىرى سۈرئەت ھەممىسىنىڭ كۆزىنى ئالچەكمەن قىلىۋاتقان زامانىۋى دەۋردە، سۈرئەتنىڭ رىتىمىغا يېتىشەلىگەنلەرلا غەلىبە ئىگىسىگە ئايلىنالايدۇ. بىل گېيتسنىڭ مۇۋەپپەقىيەت يولى بۇ نۇقتىنى ناھايىتى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بىل گېيتس دەيدۇ: ۋاقىتنى باشقۇرۇش تەنھا خۇشلۇق ئەمەس، بەلكى كوللېكتىپ خۇشلۇق مۇسابىقىسى. ۋاقىت بىلەن مۇسابىقىگە چۈشەلىگەنلەر غەلىبە قازىنالايدۇ. مۇسابىقىگە قاتنىشالمىغانلار ھامان مەغلۇبىيەتچىلەردۇر.



## بۇگۈنگىلا ئىشىنىڭ

ئىنسان «ئۈچ» كە يۈزلەندى،
تۈنۈگۈن، بۈگۈن، ئەتە.
ئۆتتى، كەتتى تۈنۈگۈن،
ھۆددە قىلار كىم قېنى؟
ئالۋان سىياق ئەتىگە.
بۈگۈن ساڭا تەئەللۇق،
بۈگۈن ھېساب ھەممىگە.
قوي ئۆتمۈشنى ئەسلىمە،
قوي ئەتىنى رەنجىمە.
بۈگۈن ھېساب، بۈگۈن بار،
بۈگۈن لازىم تەڭرىگە.

ئالبېرت • ئېينىشتېين: «ئەتىنى ئويلاپ كەتمەيمەن، ئۇ ھامىنى ناھايىتى تېزلا كېلىپ قالىدۇ» دېگەن. بۈگۈننىڭ ئىشىنى كۆڭۈلدىكىدەك ياخشى قىلىش دەل ئەتە ئۈچۈن سېلىنغان پۇختا ئاساستۇر.

جورج • ماكدونالدمۇ: «ئەتىنىڭ ئىشلىرىنى بۈگۈننىڭ كارى - بارىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىۋېلىش ئادەمگە ئېغىر بېسىم پەيدا قىلىپ قويىدۇ» دېگەنىدى.

ھېنرى • خاسسىن • لاڭفېللوۋ بىر شېئىردا مۇنداق يازغانىدى:

ئىشەنمە ئەتىگە گۈزەل بولسىمۇ ،
قايغۇرما ئۆتمۈشكە ئۇ هامان كېپەن .
ۋىجدانىغا ، خۇداغا يۈزلەن مۇلايىم ،
بۈگۈنلا ھەممىدىن ئەلادۇر هامان .

بۈگۈن دېگەن بۇ ۋاقىت ئۇقۇمى ئىچىدە بىزنىڭ قىلىدىغىنىمىز ئەتىنىڭ غۇۋا خام - خىياللىرى ئەمەس ، نەق يانبېلىمىزدىكى ئېنىق ئىشلار . بىز ئاشۇ ئىشلارنى پۇختا بېجىرىش ئارقىلىق ئەتىگە قەدەم باسىمىز . ئەتىگە بۈگۈن ئېرىشىش ، ئەتىنى بۈگۈن ئېنىق پەرەز قىلىپ يېتىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس . توغرا ، بىزگە غايە ، خىيال ، تەسەۋۋۇر كېرەك . لېكىن تۇرمۇش نوقۇل ئەتە ھەققىدىكى خىيالغىلا تولۇپ ، بۈگۈننىڭ نەق ئىشلىرى تاشلىنىپ قالسا ، ئەتىمۇ شەك - شۈبھىسىزكى خام - خىيالغا ئايلىنىپ قالىدۇ .

گود مۇنداق دېگەنىدى : «بۈگۈننى ، هازىرنى چىڭ تۇتۇڭ ، ھەر بىر دەقىقىگە بولغان مەسئۇلىيەت بىباھا قىممەت يارىتالايدۇ» .

كاللىڭىزدا شۇنداق بىر ئۇقۇملا بولسۇن : «بۈگۈننى تاللاڭ ، بۈگۈننى چىڭ تۇتۇڭ ، مۇۋەپپەقىيەتكە شۇندىلا قەدەم باسالايسىز . بۈگۈننى قۇرۇق ، مەنىسىز ئۆتكۈزسىڭىز ئۇ ھەرگىز كەلمەيدۇ» .



# ھەر ۋاقىت قايناق روھىي ھالەتنى ساقلاڭ

«مۇستەقىللىق خىتابنامىسى» ئامېرىكىدا ئىنتايىن زور بۇرۇلۇش ياسىغان تارىخىي خاراكتېرلىك ھۆججەت . ئۇنىڭ ئورنى فېدېراتسىيە ئاساسىي قانۇنىدىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ . ئۇ ھېلىھەم ئامېرىكىنىڭ بىباھا بايلىقلىرى قاتارىدا ۋاشىنگتوندىكى دۆلەتلىك ئارخىپ مۇزېيىدا ساقلانماقتا .

ئەمما ، بۇ مۇنداق كاتتا خىتابنامىنىڭ ئىككى يېرىدە كەمچىلىك بارلىقىنى كىممۇ ئويلىغان دەيسىز ؟

ئەسلىدە خىتابنامە يېزىلىپ تاماملانغاندىن كېيىن كۆپچىلىك شۇ چاغدىلا ، ئۇنىڭدا ئىككى ھەرپنىڭ چۈشۈپ قالغانلىقىنى بايقاشقان . ھېچكىممۇ ئۇنى قايتا كۆچۈرۈشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان . بەلكى خەت ئارىسىغا تولۇقلاش بەلگىسى چىقىرىپلا ئۈستىگە يېزىپ قويغان . ئۈستىگە ئامېرىكىنىڭ نوپۇزلۇق ئەربابلىرىدىن 56 سى ئىمزا قويۇپ ماقۇللىغان .

«مۇستەقىللىق خىتابنامىسى» دەك ھەجمى ئۇنچىۋالا چوڭ بولمىغان بىر باياناتنى قايتا يېزىپ ، كۆچۈرۈپ چىقىش ئۇنچىۋالا تەس گەپ ئەمەس . لېكىن ئۇنى تەلتۆكۈس ، مۇكەممەل ، نەپىس كۆچۈرۈپ چىقىش نېمىگە ، قانچىلىك تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن ؟ ئۇ ۋاقىت ئىسراپ قىلىپ ئولتۇرۇشقا ئەرزىمىدۇ ؟

56 نەپەر داڭلىق زات ئۇنىڭغا دەرھاللا ئىمزا قويغان ۋە خىتابنامىنىڭ مەزمۇنىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى باشلىۋەتكەن . ھەقىقەتەنمۇ دۇنيادا كەم - كۈتىسىز ، نەپىس يېزىلغان ھۆججەت ، خىتابنامىلار ساماندەك . ئەمما دۆلەت

گۆھىرى ، بايلىقىغا ئايلىنالىغىنى قانچىلىك ؟

كۆمۈرنى قالاپ توك چىقىرىلىدۇ . ئەمما بىر تونىنا كۆمۈرنىڭ 99% ى كۆيۈش ، ماشىنىلارنىڭ ئايلىنىش ، توكنىڭ يەتكۈزۈلۈش جەريانىدا خوراپ تۈگەپ ، لامپىنى يورۇتۇشقا ئاران 1% ى بارىدۇ . بۇ ئىنتايىن زور خوراش كىشىنى چۆچۈتىدۇ . بۇمۇ يېقىنقى زامان ئالىملىرى جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك ئىنتايىن زور مەسىلىلەرنىڭ بىرى .

ئەمدىلا جەمئىيەتكە قەدەم قويغان بىر ياش دەماللىققا ئۆزىدە ئىنتايىن زور يوشۇرۇن ئىقتىدار بار ، دەپ قارايدۇ ھەمدە ئۆزىدىكى بۇ غايەت زور زاپاس ئىقتىدارنى ئىشلىتىپ ئۆز كەسپىدە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان نەتىجىلەرنى يارىتالايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ . ئۆزىدىكى بار ئىقتىدارلارنى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى ئىلگىرى سۈرگۈچى ئامىللارغا ئايلاندۇرالايدىغانلىقىغا تەمەننا قويۇپ ، ھەرىيەر - ھەرجايدا بولۇشچە يەپ - ئىچىپ ، ئويناپ ، كۆڭۈل ئېچىپ ، ئۆز ھاياتىغا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ . تالانتىغا ئىشىنىپ ، خىزمەتكىمۇ ئۇنچىۋالا كۆڭۈل قويمايدۇ . . . نەتىجىدە بۇ خىل مەسئۇلىيەتسىز كۆرەڭلىككە قوشۇلغان ناچار تۇرمۇش ئادىتى ئاستا - ئاستا ئۇنىڭدىكى زاپاس ئېنېرگىيە ، قابىلىيەتلەرنى بىلدۈرمەي خورىتىپ تاشلايدۇ ۋە بىر كۈنلەردە ھەيرانلىق بىلەن ئۆزلىرىدىن : «قېنى مەندىكى تالانت ، ئىقتىدار ؟ مەن ئۇنىڭ بىلەن نېمە ئىشلارنى قىلدىم .» دەپ غەزەپلىك سوئاللارنى سوراشقا مەجبۇر بولىدۇ .

ئۇلار ھەيرانلىق ئىلكىدە ئۆزلىرىدىكى زاپاس ئىقتىدار ، ئېنېرگىيىلەرنىڭ ھېچقانداق نۇر ، يورۇقلۇق چىقىرالمايلا خوراپ تۈگىگەنلىكىنى بايقاپ يېتىدۇ . ھەقىقەتەنمۇ ئۇلار مۇۋەپپەقىيىتىگە تۈرتكە بولالايدىغان كۈچ كۆمۈردىكى خورىغان ئېنېرگىيىگە ئوخشاشلا ، يېرىم يولدا سورۇلۇپ تۈگىگەنىدى .

بىر ياش جاپا تارتىپ يىغقان پۇل - بايلىقىنى بىر كېچىدىلا



سورۇپ تۈگەتسە ، ئۇ يالغۇز پۇلنىلا ئەمەس ، ئەڭ مۇھىمى ئۆزىنىڭ زېھنىي - كۈچىنى خاراب قىلغان بولىدۇ . پۇل بىلەن زېمىن ، كۈچنى سېلىشتۇرۇپ بېقىڭە ، قايسى بەكرەك قىممەتلىكرەككىن ؟ ھەممىمىزگە ئايان ، پۇلنى تولۇقلىۋېلىشنىڭ چارىسى كۆپ . ئەمما ۋەيران قىلىنغان زېھنىي كۈچنى قايتۇرۇپ ئەكىلىۋېلىش مۇمكىن ئەمەس . زېھنىڭىزنى ، كۈچىڭىزنى قەدىرلەڭ . ئازراقلا زېھنىڭىزنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى ، تېخىمۇ ئېغىر بولغان خاراكتېر بۇزغۇنچىلىقىغا سۆرەيدۇ - دە ، تۈيدۇرماستىنلا ھاياتىڭىزدىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسىلەرنى كۆمۈپ تاشلايدۇ .

قىشتا ئېرىق - ئۆستەڭلەردە سۇ كۆپىيىپ پاتماي قالىدۇ . دېھقانلار بۇنداق چاغدا ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى رېمونت قىلىپ ئامبارلارغا سۇ قاچىلايدۇ - دە ، يازدىكى قۇرغاقچىلىقنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ . تۇرمۇشمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدۇ . ياشلىقتا ئەقىل ، زېھىن ، كۈچ ۋۇجۇدىمىزغا پاتماي كۆۋەجەپ چىڭقىلىپ تۇرىدۇ . ئۇنى تېزگىنلەپ ، كونترول قىلىپ تۇرىدىغان توسمىلىرىمىز پۇختا بولسا ، بىز ئۇنى خىزمەت - ئىشلىرىمىزنىڭ تۈرتكىسىگە ئايلاندۇرۇپ ھەم بۇ ئىسراپچىلىقتىن ساقلىنالايمىز ھەم ئۇنۇمگە ئېرىشەلەيمىز .

پايدىلىنىشنى بىلىدىغانلار ئۈچۈن ۋاقىت شۇنچە قىممەتلىك ، شۇنچە بىباھا . قەدرىنى بىلمەيدىغانلارغا ۋاقىت ، كۈنلەر مەنىسىز ، زېرىكىشلىك . . .

ئامېرىكىلىق داڭلىق باشقۇرۇش ئىلمى پېشىۋاسى دۇراك مۇنداق دەيدۇ : «ۋاقىتنى باشقۇرالمىغان ئادەم باشقا ھېچنىمىنى باشقۇرالمايدۇ ، ۋاقىت دۇنيادىكى ئەڭ كەم ئۇچرايدىغان بايلىق . تېزگىنلەشنى كۈچەيتىڭ ، بولمىسا ، ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايسىز » .

ئىشلارنىڭ مۇھىملىرىنى ئايرىش - ئايرىيالماسلىق ۋاقىتتىن پايدىلىنىشتىكى مۇھىم ھالقا . كۆپىنچىمىز كۈندىلىك ئىش-

لارنى بىر تەرەپ قىلغان ۋاقتىمىزدا ، مەلۇم ئىشنى قىلغاندىن
كېيىن ئېرىشىدىغان - يوقىتىدىغانلىرىمىز ھەققىدە باش قاتۇرۇپ
باقمايمىز . نېمە ئىش قىلساقلا ، ۋاقىت ئۆتسىلا بولىدىغاندەك
ھېس قىلىپ قالىمىز . ئىشلارنى ۋەزىپە ، مەسئۇلىيەت تەرتىپى
بويىچە تىزىپ قويۇپ بېجىرىدىغانلىرىمىز يوقنىڭ ئورنىدا . بۇ-
نىڭدىن ساقلىناي دېسىڭىز ، ھەر كۈنلۈك كونكرېت ئىش -
پىلانىڭىزغا تۆۋەندىكى ئۈچ سوئال بويىچە يۈزلىنىپ بېقىڭ :
1 . مەن نېمە ئىش قىلىشىم كېرەك ؟ قايسىنى قىلمىساممۇ
بولىدۇ ؟ قايسىنى ئۆز قولۇم بىلەن قىلمىسام زادى بولمايدۇ ؟
2 . قايسى ئىشنىڭ ماڭا پايدىسى ئەڭ كۆپ ؟
3 . مېنى ئەڭ رازى قىلىدىغان ئىش زادى قايسى ! . . .
ئەڭ مەنپەئەتلىك ، سىزگە ، تۇرمۇشىڭىزغا نىسبەتەن پايدى-
سى ئەڭ زور ئىش پۈتۈن زېھنىڭىز ، ۋاقتىڭىزنى مەركەزلەشتۈ-
رۈشىڭىزگە ئەرزىيدۇ . ئۆز غايىڭىزگە ئۇيغۇن ، سىزنى ئەڭ
مەمنۇن قىلىدىغان ئىشلارنى ئالدى بىلەن قىلىش ھاياتىڭىزنى
زوق ، مەنىگە ئورايدۇ .
ھاياتلىق ئېنېرگىيىڭىزنى ، زېھنىي كۈچىڭىزنى خورىتىدى-
غان بارلىق ئامىللارنى چىقىرىپ تاشلاڭ . ئۇنىڭ خورىغىنىنى
بايقىغان ھامان دەرھال تولۇقلاڭ . كاللىڭىزدىكى بارلىق غەم -
غۇسسىلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلاڭ . ئۆتمۈشنىڭ پۈتلىكاشاڭ ، مەغ-
لۇبىيەتلىرى يولىڭىزنى ئوراپ تۇرۇۋالمىسۇن . ھەر قاچان ئوي-
لاپ تۇرۇڭ : «مەن قىلىۋاتقان ئىش مېنىڭ كەسپىم ، ئىقتىدا-
رىمغا نىسبەتەن قانچىلىك پايدىلىق ؟ ئۇرغۇپ تۇرغان ھاياتىي
كۈچكە ئېرىشەلەمدىم - يوق ؟ » . . .
باش كۆتۈرۈپ چىقاي ، مۇۋەپپەقىيەت قازىناي دەيدىكەنسىز ،
زېھنىڭىز ، ئەقلىڭىزنى خورىتىدىغان بارلىق پاسسىپ ئامىللاردىن
قۇتۇلۇپ چىقىڭ ، ھەر قاچان ئۇرغۇپ تۇرغان قىزغىنلىق ، زېھ-
نىڭىز ۋە ھاياتىي كۈچىڭىزنى ساقلاڭ .



## كاللىڭىز ھەر قاچان سەگەك تۇرسۇن

2 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ، چېرچىل 60 ياشتىن
ئېشىپ كەتكەن بولسىمۇ ، ھەر كۈنى 16 سائەت خىزمەت قىلات-
تى . ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەن كارىۋاتتىن قوپماي يېتىپ سائەت
11 گىچە دوكلات ئاڭلايتتى . ئاغزاكى بۇيرۇق چۈشۈرەتتى . تېلې-
فون ئۇراتتى ، ھەتتا كارىۋاتتا يېتىپ تۇرۇپ يىغىن ئاچاتتى .
چۈشلۈك تاماقنى يەپ بولۇپلا بىر سائەت ئۇخلايتتى . كەچقۇرۇن-
لۇقى سائەت سەككىزدە يېيىلىدىغان تاماقتىن بۇرۇن يەنە ئىككى
سائەت ئۇخلىۋالاتتى . بۇ خىل توختاۋسىز ئېنېرگىيە تولۇقلاش
ئارقىلىق ئۇ يېرىم كېچىگىچە خىزمەت قىلىۋېرەتتى .
جون • روكفىللىرمۇ ئۆز ھاياتىدا كىشىنىڭ مەستلىكىنى
قوزغايدىغان ئىككى رېكورتنى ياراتقان . بىرى ، ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ
كاتتا بايغان ئايلانغان . يەنە بىرى ، 98 ياشقىچە ئۆمۈر كۆرگەن .
گەرچە ئۇنىڭ ئۆيىدىكىلەرمۇ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش چېمپىيونلى-
رىدىن بولسىمۇ ، ئەمما تېخىمۇ مۇھىم سەۋەب ، ئۇ ھەر كۈنى
چۈشتە ئىشخانىسىدا يېرىم سائەت ئۇخلىۋالاتتى ۋە شۇ ئارقىلىق
چۈشتىن كېيىنكى خىزمەتلىرىگە ئېنېرگىيە تولۇقلىۋالاتتى .
ئۇخلاۋاتقان چېغىدا زۇڭتۇڭدىن تېلېفون كەلسىمۇ قوبۇل قىل-
مايتتى .
«بىز نېمىشقا چارچايمىز ؟ » ناملىق بىر كىتابتا ، دانىل
مۇنداق دەيدۇ : «دەم ئېلىش ھېچقانداق ئىش قىلماسلىق دېگەن
گەپ ئەمەس ، بەلكى ئېنېرگىيە تولۇقلاش دېمەكتۇر » . قىسقىغى-
نە دەم ئېلىش ئارقىلىق زور كۈچ ھاسىل قىلىپ چارچاشنىڭ

ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ . كالتەك توپ ماھىرى كېيىن • ماك ھەر قېتىملىق مۇسابىقە باشلىنىشتىن بۇرۇن ئازراق بولسىمۇ ئۇخلىۋالالمىسا ، بەشىنچى مەيداندىلا ھېرىپ ماڭغۇچىلىكى قالمايدىكەن . بەش مىنۇت بولسىمۇ ئۇخلىۋالسا ، ئازراقمۇ چارچاش ھېس قىلماي مۇسابىقىنى تاماملىيالايدىكەن .

ئالىملار ئىنسان مېڭىسىنىڭ خىزمەت ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن – قىسقىلىقى خىزمەت ئۈنۈمىگە ياكى ھېرىپ – چارچاشقا تەسىر كۆرسەتمەيدىغانلىقىنى بايقىغان . ئۇلارنى ھەيران قالدۇرغىنى شۇكى ، ھەرىكەت ھالىتىدىكى مېڭە ھۈجەيرىلىرى ، قان دانىچىلىرىدا ھېچقانداق چارچاش ئىزنالىرى بايقالمىغان ، بەلكى ئىشلەۋاتقان ئادەمنىڭ قان – تومۇرلىرى چىقارغان قاننىڭ «ھاردۇق توكسىن» لىرىغا لىق تولغانلىقىنى بايقىغان .

ئەگەر مېڭىنىلا نەزەرگە ئالىدىغان بولساق ، ئۇ سەككىز ياكى ئون ئىككى سائەت ئىشلىگەندىن كېيىنمۇ خىزمەت ، سۈرئەت ئۈنۈمى باشلانغان چاغدىكى بىلەن ئوخشاش جۇشقۇن ھالەتتە تۇرىدۇ . مېڭە ھەرگىز چارچىمايدۇ ، ئۇنداقتا چارچايدىغىنى نېمە ؟

پسىخىك دوختۇرلار بىز ھېس قىلىدىغان چارچاشنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى روھىي ، ھېسسىي چارچاشتىن كېلىپ چىقىدۇ ، دەپ قارايدۇ . ئەنگلىيىلىك داڭلىق پسىخىك ئانالىزچى دىيۇ ئۆزىنىڭ «ھوقۇق پسىخولوگىيىسى» ناملىق ئەسىرىدە : «بىز دەيدىغان چارچاش روھىي جەھەتتىكى چارچاشتۇر ، جىسمانىي جەھەتتىكى چارچاش ئىنتايىن ئاز بولىدۇ» دەپ يازىدۇ .

يەنە بىر ئامېرىكىلىق پسىخىك ئانالىزچى دوكتور بلايىر ئىنتايىن ئىنچىكە چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ : «ئىشلەۋاتقان بىر ئادەم ساغلاملا بولىدىغان بولسا ، يۈز پىرسەنت روھىي جەھەتتىن ھارىدۇ» . ئىچى پۇشۇش ، زېرىكىش . . . قاتارلىق بىر تۈركۈم پسىخىك ئامىللار ئوڭايلا جىددىيلىشىش ، ئەندىشە ، غەم – غۇسسە



قاتارلىق كىشىنى چارچىتىدىغان ئامىللارنى پەيدا قىلىدۇ .

ئىشلەۋاتقان چېغىمىزدا بىزدە نېمىشقا ھاجەتسىز جىددىيلىشىش پەيدا بولىدۇ ؟ ھېسرىن مۇنداق دەيدۇ : «كۆپىنچە ئادەم قىيىنراق خىزمەتكە دۇچ كەلسە ، تېخىمۇ زور كۈچەش ، بېسىم ھېسسىياتىدا بولمىسا ، ياخشى نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ ، دەپ قارايدۇ ھەمدە قاپىقىنى تۈرۈپ ، يەڭلىرىنى شىمايلاپ ، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ كېلىپ ، مەسىلىنى ھەل قىلماقچى بولىدۇ ، ئەمما روھىي جەھەتتىكى بۇ خىل زورۇقۇشنىڭ ھېچقانداق پايدىسى ، ئەھمىيىتى يوق .»

ئۇنداقتا ، بۇنداق روھىي چارچاشقا يولۇققاندا قانداق قىلىش كېرەك ؟ ئۆزىڭىزنى قويۇۋېتىڭ ، بەلكىم تۆۋەندىكى تەكلىپلەرنىڭ سىزگە ئاز – تولا پايدىسى بولۇپ قالار .

1 . ئۆزىڭىزنى خۇددى ئەسكى لاتىدەك بوش ، ئەركىن تۇتۇشنى ئۆگىنىۋېلىڭ . كۈن نۇرىدا قاقلىنىپ يېتىپ ئۇخلاپ قالغان ھۇرۇن مۈشۈكنى كۆرگەنمىدىڭىز ؟ ئۆزىڭىزنى ئاشۇنداق ئەركىن ، بوش قويۇۋېتىشنى مەشىق قىلىپ بېقىڭ . ئاز – تولا ئۆزىڭىزنى بوشىتىش ۋاقتى كەلگەندە پولاتتەك چىڭىشقا پايدىلىق .

2 . خىزمەتنى ئازادە ھالەتتە بېجىرىڭ ، بەدىنىڭىز ، مۇسكۇللارنىڭ چىڭىپ ، قاپاقلارنىڭ تۈرۈلۈشى روھىي جەھەتتىكى ھارغىنلىق ، چارچاشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ .

3 . ھەر كۈنى ئۆزىڭىزدىن بىرنەچچە رەت سوراپ تۇرۇڭ : «خىزمىتىڭىزنى ئەمەلىيەتتىكىدىنمۇ ئېغىر ھېس قىلىۋالدىڭىزمۇ قانداق ؟ بەك كۈچەپ كەتتىڭىزمۇ – قانداق ؟ بۇ سىزنىڭ ئازادە خىزمەت ھالىتىڭىزنى ساقلىشىڭىزغا پايدىلىق . دوكتور دېيىۋ خارى فىنىك مۇنداق دېگەن : «پسىخولوگىيىنى چۈشىنىدىغانلار چارچاشنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنىڭ ئادەتلىنىشتىن بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ» .

4 . ھەر كۈنى كەچتە ئۆزىڭىزدىن سوراپ تۇرۇڭ : قانچىلىك چارچىدىڭىز ؟ ھېرىشتىكى سەۋەبىڭىز ئىش بېجىرىش ئۇسۇلىڭىز بىلەن باغلىقمۇ - ئەمەس ؟ ئۆز نەتىجىڭىزنى ھېسابلاپ كۆرۈڭ .

دانىل چېسىرىن : «مېنىڭ قارايدىغىنىم قانچىلىك ئىش قىلىپ چارچىغانلىقىم ئەمەس ، قانچىلىك چارچىمىغانلىقىم . مەن ئىنتايىن چارچاش ھېس قىلغان كۈنلىرىم خىزمەت مىقدارى ياكى ئۇنۇم جەھەتتىن بولسۇن يېتەرلىك ئىش قىلالماپتىمەن ، دەپ بىلىمەن . ئەگەر ھەربىر تىجارەتچى بۇ نۇقتىنى ھېس قىلىپ يېتەلىسە ، مەغلۇبىيەت سەۋەبىدىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش نىسبىتى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىگەن بولاتتى . شۇنداقلا روھىي كېسەللەر دوختۇرخانىسىغا قاترايدىغان ، روھىي جەھەتتىن بەربات بولغانلارنىڭ سانىمۇ ئازلىغان بولاتتى» دەيدۇ .



# تەپەككۇرنىڭ قۇدرىتى

يېقىن ئاغىنىلەردىن ھېسابلىنىدىغان بىر ئىنژېنېر ۋە بىر لوگىكىشۇناس مىسىردىكى داڭلىق ئەلئېھرامنى كۆرۈشكە ساياھەتكە بېرىپتۇ ، بىر كۈنى ساياھەت قىلىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن لوگىكىشۇناس ئادىتى بويىچە كۆرگەنلىرىدىن خاتىرە يېزىشقا باشلاپتۇ ، ئىنژېنېر بولسا كوچا ئايلىنىپ يۈرۈپ ، بىر مومايغا ئۇچراپ قاپتۇ .

— مۈشۈك ئېلىۋېلىڭلار ، — دەپ ۋارقىراپ يۈرگۈدەك ئۇ موماي . ئىنژېنېر قارىسا ، ئىنتايىن ئېغىر ، قاپقارا قۇيما مۈشۈك ئىكەن . موماي ئۇنىڭ ئاتا مىراس تەۋەررۈك ئىكەنلىكىنى ، بالىسى ئاغرىپ يېتىپ قالغاچقا ، ئامالسىز سېتىپ بالىسىنى داۋالاتماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ ، 500 دوللار باھا قويۇپتۇ . ئىنژېنېر ئۇيان چۆرۈپ - بۇيان چۆرۈپ مۈشۈكنىڭ بەدىنىنى تۆمۈر بولسا كېرەك دەپ ئويلاپتۇ . ئەمما بۇ قارا قۇيما مۈشۈكنىڭ كۆزى مەرۋايىتتىن ئىكەن .

— ئىككى كۆزىنىلا ئالاي ، 300 دوللارغا بېرىڭ ، — دەپتۇ ئىنژېنېر .

موماي ئويلاپ كۆرۈپ ماقۇل بوپتۇ . ئىنژېنېر خۇشاللىقىدىن گۇلقەقەلىرى ئېچىلغان ھالدا مېھمانخانىغا قايتىپ كېلىپ ، بولغان ئىشنى لوگىكىشۇناس ئاغىنىسىگە ئېيتىپ بېرىپتۇ .

— ھېلىقى موماي ھازىرمۇ شۇ يەردە قالدىمۇ ؟ — دەپتۇ لوگىكىشۇناس ئالدىراپ سوراپ .

— ئەخمەق موماي ئەمدى ئاشۇ تۆمۈر مۈشۈكنى ساتىمەن

دەپ ئولتۇرىدۇ .

لوگىكىشۇناس دەرھال موماي تۇرغان يەرگە بېرىپ ، 200 دوللار بېرىپ مۇشۇكنى ئېلىپ كەپتۇ .

— ئەخمەق ،— دەپ مازاق قىلىپ كۈلۈپتۇ ئىنژېنېر ، — 200 دوللارغا بۇ تۆمۈر - تەسەكنى ئالدىڭما ؟

لوگىكىشۇناس گەپ قىلماي ئولتۇرۇپ بەكە بىلەن مۇشۇكنىڭ تىرناق تەرىپىنى قىرىپ بېقىپتۇ ۋە خۇشاللىقتىن سەكرەپ كېتىپتۇ .

— ئۆيلىغىنىمدەك بولدى ، بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئالتۇن مۇشۇك ئىكەن .

ئەسلىدە بۇ ئالتۇن مۇشۇكنى قۇيغانلار باشقىلارنىڭ بىلىپ قېلىپ ، سوغۇق كۆزنىڭ چۈشۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ، ئۇنىڭ بەدىنىنى قارا سىرلاپ قويغان ئىكەن . ئىنژېنېر بۇنى كۆرۈپ ئىنتايىن پۇشايمان قىپتۇ ، ئەمدى لوگىكىشۇناس ئۇنى مەسخىرە قىلىشقا باشلاپتۇ .

— سەندە شۇنچە بىلىم بار ، ئەمما ھەقىقەتەنمۇ تەپەككۇر سەنئىتى ، ئانالىز كۈچى كەمچىل ئىكەن . ئويلاپ باقمىدىڭمۇ ؟ بىر قۇيما مۇشۇكنىڭ كۆزى مەرۋايىتتىن بولغان يەردە ، بەدىنى تۆمۈردىن بولارمۇ ؟

پاراسەت دېگەن نېمە ؟

پاراسەت بىرخىل ئانالىتىك ھۆكۈم ، ئىجادىي ئىقتىدار ، سەزگۈر ئەقىل ، جانلىق ئىنكاس ، ھاياتىي كۈچكە تولغان ئاكتىپ مېڭە پائالىيىتىنى كۆرسىتىدۇ . بىلىم ئىگىلىكى دەۋرى دەل ئەقىل - پاراسەتنىڭ قىممىتى ئاشىدىغان دەۋردۇر .

بىر ئادەمدە پۇل ، ئورۇن ، مەرتىۋە بولمىسا ، ئۇنچىۋالا قورقۇپ كېتىشىنىڭ ھاجىتى يوق . تەپەككۇر ، ئەقىل - پاراسەتنىڭ كەمچىلىكى ئەڭ قورقۇنچلۇق .

ئۇنداقتا قانداق قىلىپ ئەقىل - پاراسەتلىك ئاقىل دانالار-



دىن بولۇش مۇمكىن ؟ بەلكىم بەزىلەر بۇنى تەقدىرگە ، تۇغما قابىلىيەتلەرگە تاقاپ تۇرۇۋېلىشى مۇمكىن . ئەمما پاراسەت ، ئەقىل ھەممىدە بار نەرسە ، ئۇ قانداقتۇر سىرلىق نەرسە ئەمەس ، تەپەككۇر ئورگانلىرىنى ئاكتىپ ھەرىكەت ھالىتىگە ئۆتكۈزەلىسىلا ، ئەقىل - پاراسەت تۈگىمەس بۇلاقتا ئوخشاش ئۇخچۇپ چىقىۋېرىدۇ .

ئىنتايىن مۇكەممەل بىر يېزا بار ئىكەن ، كىشىلەر نەچچە كىلومېتىر يول بېسىپ سۇ ئەكىلىپ ئىچىشكە مەجبۇر ئىكەن . قورساق توقلاش ، قانغۇدەك سۇ ئىچىشمۇ بىر قىيىن ئىش ئىكەن .

قىيىنچىلىق دېمەك سودا پۇرسىتى دېمەكتۇر .

كاللىسى ئۆتكۈر A دەرھال كاللىسىنى ئىشلىتىپ ، ئىدىشتا سۇ توشۇپ پۇل تېپىشقا كىرىشىپتۇ . ھەر ئىدىش سۇ ئىككى موچەن ئىكەن . جاپا تارتىسىمۇ ، ئەمما سودىسى يامان ئەمەس بوپتۇ . ئەمما B نىڭ بۇنىڭغا كۆزى قىزىرىپتۇ - دە ، ئىككى ئوغلىنى ئەگەشتۈرۈپ چىقىپ ، بۇ سودىنى يالغۇز ئىگىلىمەكچى بوپتۇ . A تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا 20 دانە ئىدىش تەييارلىتىپتۇ ۋە بىكار ئەمگەك كۈچىدىن 20 نى ياللاپ ، ئۆزى يېزا بازىرىدا ئولتۇرۇپ سۇ سېتىشقا كىرىشىپتۇ . بۇنداقتا كۈچىنىمۇ تېجەپ قالغىلى ھەم كۆپ پۇل تاپقىلى بولىدىكەن . ئەمما مەلۇم مەزگىل ئۆتۈپلا بىر چاغلاردا بىكار لاغايلاپ يۈرگەن ياللانما كۈچلەر بۇ ئىشنىڭ ئەلمى - تەلىمىنى بىلگەندىن كېيىن بۆلۈنۈپ چىقىپ ، مۇستەقىل بۇ ئىشقا كىرىشىپتۇ ، رىقابەت تېخىمۇ كەسكىنلىشىپ كېتىپتۇ .

ئاقىللار ماڭغانسېرى تېخىمۇ يول تېپىشقا ماھىرلىشىپ كېتىدۇ . A ھارۋىدا توشۇيدىغان يوغان ساندۇق تەييارلىتىپ ، ئىككى دانە ئۆكۈز قوشۇپ ، سۇ توشۇپ تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىش ئارقىلىق سۈرئەت ۋە ئۈنۈمنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپتۇ . كە-

شىلەر «سودىنى كۆلەملەشتۈرۈش» نىڭ ئەۋزەللىكىنى كۆرۈپ
يېتىپ، بەس - بەستە بۇ ئىشقىمۇ چات كىرىشىپتۇ. يول -
كوچىلارنى ئات، كالا، ئېشەك هارۋىلىرى قاپلاپ كېتىپتۇ. ئەمما
ئۇلار تويۇقسىزلا سۇلىرىنى خەقلەرنىڭ ئالماس بولۇپ قالغىنىنى
بايقىشىپتۇ، ئەسلىدە A هەممە ئائىلىلەرگە سۇ تۇرۇبىسى يانقۇ-
زۇپ، بۇ بازارنى تەلتۆكۈس مونوپول قىلىپ بولغانىكەن. ئۇ
ئۆيدە ئولتۇرۇپلا ئىنتايىن ئەرزان باهادا سۇ سېتىپ هەم سۇ
ئىچىشنى قولايلاشتۇرۇپ، ئامىمىنىڭ ماختىشىغىمۇ سازاۋەر بوپتۇ
هەم كۆپ پۇل تېپىپتۇ.

بۇرادەر، جەمئىيەت مانا مۇشۇنداق كاللا ئىشلىتىشكە، ما-
هىرلار هامان جاهاننىڭ ئالدىدا ماڭىدۇ. ئاقىللار قاتناشقان كەس-
كىن رىقابەت ئارقىلىق جەمئىيەتمۇ تېز تەرەققىي قىلىدۇ.

بىز هەربىر ئوقۇرمەننىڭ ئەڭ يۇقىرى چەكتە يوشۇرۇن
ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئەقىل - پاراسىتىنى ئىشقا سې-
لىش ئارقىلىق، ئۈزلۈكسىز مۇۋەپپەقىيەت يارىتىشقا تىلەكداش-
مىز.



# ئىدىيە هاياتنى يارىتىدۇ

ئانىسى قىمارۋاز، دادىسى، هاراقكەش بىر جۈپ قوشكېزەك
بالا بار ئىكەن. ئاكىسى دادىسى، ئانىسىغا ئوخشاشلا هاراق ئى-
چىپ، قىمار ئويناپ جېدەل چىقىرىپلا يۈرىدىكەن. شۇنداق قى-
لىپ ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ تەڭدىن تولىسى تۈرمىلەردە ئۆتۈپتۇ،
ئىنىسى بولسا ئۆز ئىشى بىلەنلا بولىدىغان تىرىشچان بالا ئىكەن.
ئۇ كېيىنچە بىر چوڭ كارخانىنىڭ خوجايىنىغا ئايلىنىپتۇ، مۇخ-
بىرلار بۇ بىر جۈپ قوشكېزەكنى ئايرىم - ئايرىم زىيارەت
قىپتۇ.

— سىز نېمە دەپ بۇ هالغا چۈشۈپ قالدىڭىز؟

— هەممىسىگە ئائىلەم سەۋەبلىك، — دەپتۇ ئاكىسى مۇخ-
بىرلارنىڭ سوئالىغا زارلاپ - قاقشاپ جاۋاب بېرىپ، —
هەممىسىگە دادام - ئانام سەۋەبلىك.

— سىزنى بۈگۈنكىدەك ئۇتۇققا ئېرىشتۈرگەن نەرسە زادى
نېمە؟

— هەممىسىگە ئائىلەم سەۋەبلىك، — دەپتۇ ئىنىسىمۇ مۇخ-
بىرلارنى هاڭ - تاڭ قالدۇرۇپ، — هەممىسىگە دادام، ئانام
سەۋەبلىك!

تەپەككۇر ۋە غايىنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبلىك ئوخشاش
بىر ئاتا - ئانىدىن تۇغۇلغان، ئوخشاش ئائىلىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن
ئىككىيلەننىڭ تەقدىرى ئوخشاش بولمىدى. مەۋجۇت رېئاللىققا
قارىتا نارازىلىق ياكى چۈشكۈن شۇكۇرچانلىق ئادەمنىڭ كېيىنكى
تەقدىرىگە ئىنتايىن زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەقسەت - نىشان-

سىز ئادەمنىڭ مېڭىسى ، تەپەككۇرى گاللىشىپ كېتىدۇ . ئۆزلۇكسىز مېڭە ئىشلىتىش ، ئويلىنىش ئادەتكە ئايلانسا ، ئادەم ئاكتىپ تەپەككۇر ھالىتىگە ئۆتىدۇ ـ دە ، ئۆزىگە بولغان تەلەپ ۋە تۇرمۇشنى ئۆزگەرتىشكە بولغان قىزغىنلىق تېخىمۇ كۈچىيىدۇ .

مېڭىنىڭ ئۆتكۈرلىكى تۇغما ئەمەس ، ئىجادىي تەپەككۇر جانلىق مېڭە ئىشلىتىشلا كەڭ بىلىمگە ، مول تەجرىبىگە ، ئۆتكۈر تەپەككۇرغا ئېرىشىش مۇمكىن . بۇلار جەددى ـ جەمەتىڭىزدىن قالمايدۇ ، مۇئەللىم ئۆگىتىپ قويالمايدۇ ، بەلكى تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدىكى تەكرار سىناق ۋە تەپەككۇردىن كېلىدۇ . ئەگەر تۇغما تالانتنى نەزەرگە ئالغاندىمۇ ئۇ ئەمەس ، كېيىنكى تەربىيىلىنىش ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ . بولۇپمۇ تەشكىللىك تەربىيىلىنىش تەپەككۇرنى پىشۇرىدۇ ، ھاياتنى مۇكەممەللەشتۇرىدۇ . دېمەككى ، ئىدىيە كۆزقاراش ھاياتنى يارىتىدۇ .

مۇنداق بىر ئەپسانە بار ، بۇرۇنقى زاماندا توپىنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرالايدىغان بىر سېھىرگەر ئۆتكەن ئىكەن . بىر كۈنى ئۇ ئاممىنىڭ ئالدىدا ماھارەت كۆرسىتىپ يوغان بىر تاشنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇپ قويۇپتۇ . بىر يىگىت ئۇنىڭ ماھارىتىگە ناھايىتى ھەۋەس قىلىپ قاپتۇ ، ھېلىقى سېھىرگەر ئۇنىڭ قىزىقىپ قالغانلىقىنى بايقاپ : «ھە ! بۇ ئالتۇننى ساڭا بېرەي» دەپتۇ . لېكىن ئۇ يىگىت بېشىنى چايقاپ :

— ياق ، ماڭا ئالتۇن لازىم ئەمەس ، لازىمى سىزنىڭ قولىڭىز ، — دەپتۇ . سېھىرگەر بۇنى ئاڭلاپ ، بېشىنى چايقاپ قويۇپ كېتىپ قاپتۇ . ئەتراپتىكىلەر يىگىتنى مازاق قىلىپ :

— ئاچكۆز يىگىت ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىدىڭمۇ ؟ — دېيىشىپتۇ . يىگىت ئۇلارغا پەرۋامۇ قىلىپ قويماي ، سېھىرگەرنى قوغلاپ يېتىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا شاگىرتلىققا كىرىپ ئۇستازىدىنمۇ قالتىس ماھارەتلەرنى ئۆگىنىپتۇ .

ئالتۇن ھەقىقەتەنمۇ جەلپكار نەرسە ، ئەمما يىگىت ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىك ماھارەتكە كۆز تىككەن . بۇ ئاچكۆزلۇك ئەمەس ، بەلكى ئىجادىي كاللا ، ئەلا تاللاش ، يىراقنى كۆرەر ، كەلگۈسىگە زور ئىشەنچ باغلانغان ئىدىيە ، جەزمەنكى مۇئەييەنلەشتۇرۇشكە ئەرزىيدۇ . تار رامكىلارنى بۇزۇپ چىقالىغان ، كىشىلەرنىڭ مەسخىرىسىدىن قورقۇپ قالمايدىغان ، ئۆز نىشانىدىن تەۋرەپ كەتمەيدىغان ئىدىيىلا گۈزەل ھايات يارىتالايدۇ .

# ماھىر پىلانچى بولۇڭ

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇرۇن جېك سېتىش دىرېكتورى، ئايالى روللان بولسا كىيىم - كېچەك مودېلى ئىكەن. ئۇرۇش پارتلاپ جېك ئۇرۇش جەريانىدا يارىلىنىپ ھاۋا ئارمىيە دوختۇرخانىسىدا يېتىپ قاپتۇ. ئۇ دوختۇرخانىدا خۇرۇم پارچىلىرىدىن ئۇنى - بۇنى ياساپ، ۋاقتىنى ئۆتكۈزىدىكەن.

ئۇرۇش ئاخىرلىشىپ جېك يۇرتىغا قايتىپ، نورمال تۇرمۇشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپتۇ. بىر كۈنى ئايالىنىڭ دوستى ئۇلارنىڭكىگە مېھمان بولۇپ كەپتۇ ۋە گەپ ئارىلىقىدا بىر يېڭى سومكىنى چىقىرىپ:

— مۇشۇ بىر نەرسە 80 دوللارنىڭ بېشىغا چىقتى دېسە،

— دەپتۇ. جېك ئۇنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ قاراپ بېقىپ:

— قىممەت بولۇپ قاپتۇ، مەن بۇ سومكىنى 15 دوللار بىلەن تىكىپ چىقالايمەن، — دەپتۇ. ئىككىنچى كۈنى ئۇ ئۆزىنىڭ پۇ ئاتمىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن بىر يۇرۇش سايمان ۋە ئازراق خۇرۇم تېپىپ كىرىپ، ئۇنى - بۇنى قىلىپ يۈرۈپ بىردەمدىلا ناھايىتى نەپىس قول سومكىسىدىن بىرنى تىكىپ چىقىپتۇ. روللانمۇ ئۇنى ناھايىتى ياقتۇرۇپ قاپتۇ.

جېك توساتتىنلا نېمىشقا مەنمۇ مۇشۇ ئىشنى قىلىپ باقمايمەن، دەپ ئويلىنىپ قاپتۇ. ئۇنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىمۇ يامان ئەمەس، سېتىش تەجرىبىسىگە ئىگە ئىكەن. روللاننىڭ سودا ساھەسىدە تونۇيدىغان ئادەملىرىمۇ ناھايىتى كۆپ، شۇنىڭ بىلەن ئەر - خوتۇن ئىككىسى مەسلىھەتلىشىپ، ناھايىتى تېزلا بىر



ئىگىلىك تىكلەش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپتۇ.

دەسلەپتە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۈچ ئېغىزلىق ئۆيىدە ئىش باشلاپتۇ، روللان لايىھىلەپتۇ، جېك ياساپتۇ. ئىككىيلەن بىر مىنۇتمۇ دەم ئالماي، جان تىكىپ ئىشلەشكە كىرىشىپتۇ. ئەمما ئۇلار تېخى ئەڭ مۇھىم بىر نەرسىنى، يەنى مال زاكاس قىلىش مەسىلىسىنى ھەل قىلمىسا بولمايتتى، مالنىڭ سېتىش يوللىرىنى قولغا كەلتۈرمىسە، بارلىق تىرىشچانلىقى يوققا چىقاتتى.

جېك ئەۋرىشكە مالنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ، نيۇيوركتىكى سودا دۇكانلىرىنى بىرمۇبىر ئارىلاپ چىقىپتۇ. ئەمما ئۇنىڭ ياش، نوپۇزىنىڭ يوق بولۇشى ئۇنى ھە دېسىلا رەت قىلىشقا ئۇچرىتىپتۇ. ئەمما ئۇ توختاپ قالماپتۇ ۋە ئاخىرى نيۇيوركتىكى داڭلىق سودا سارىيى «سوكس» نىڭ مال تەمىنلىگۈچىسى سارى بىلەن تېپىشىپ قاپتۇ. ئۇلار جېك ئېلىپ كەلگەن ئەۋرىشكە ماللارنى كۆرۈپلا قانچىلىك بولسا شۇنچىلىك سېتىۋالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن جېكنىڭ كىچىككىنە ئۆيى كېچە - كۈندۈز يورۇپ تۇرىدىغان بوپتۇ. ئەر - خوتۇن ئىككىسى زاكاس مالنى تەييارلاش بىلەن كېچە - كۈندۈز ئارام ئالماي ئىشلەپتۇ. پول پارچە - پۇرات خۇرۇچ پارچىلىرىغا لىپمۇلىق تولىدىكەن، بالىلىرى ئاشۇ پاتپاراقچىلىق ئىچىدە ئوينايدىكەن...

ئىككى - ئۈچ ئايدىن كېيىن ئۇلارنىڭ زاكاس ماللىرى تېخىمۇ كۆپىيىپتۇ، جېك بىر ماشىنا توختىتىش ئۆيىنىڭ ئۈستىدىكى ئۆينى ئېلىپ، خىزمەت ئورنىنى شۇ يەرگە يۆتكەپتۇ. روللان بالىلار ئۈچۈن قۇم خالتىسى شەكىللىك يەنە بىر سومكا لايىھىلەپتۇ ھەمدە بۇ لايىھىنى پۈتۈن مەملىكەتكە تارقىتىلىدىغان نەزەر (LOOK) ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە ئەۋەتىپ بېرىپتۇ، مۇھەررىرلەر روللاننىڭ بۇ لايىھىسىگە ئىنتايىن قىزىقىپ قاپتۇ ۋە مەخسۇس ماقالە يېزىپ، ئۇلارنىڭ بۇ ساھەدىكى تىرىشچانلىقلى-

-رىنى تونۇشتۇرۇپتۇ .

بۇ ماقالىنىڭ تەسىرى بىلەن ئۇلار بىر كېچىدىلا پۈتۈن مەملىكەتكە تونۇلۇپتۇ ۋە قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا بىر مىليون دانە سومكا سېتىپتۇ . كېيىنچە نيۇيورك ، لوس ئانژېلېسلاردا زاۋۇتى ، 140 نەپەر ئىشچىسى بار ، مەھسۇلاتلىرى بازىرى ئىتتىك چوڭ كارخانىغا ئايلىنىپتۇ . ئۇلار مىليونېرغا ئايلانغان شۇ يىلى ئاران 30 ياشقا كىرگەنىدى .

بىز يۇقىرىقى مىسالدىن مۇۋاپىق پىلانلاشنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى مۇھىم رولىنى كۆرۈۋالايمىز . نېمە ئىش قىلمايلى ، ئالدىن پىلانلاش ، مۆلچەرلەشكە سەل قارىمايلى .

بىر ماھىر پىلانلىغۇچى بولۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكى تەرەپلەرنى ئويلىشىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ .

1 . ئاكتىپلىق . كۈچلۈك ئىنتىلىش ۋە قايناق ھەۋەس ئادەمنىڭ پائال ئالغا بېسىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ .

2 . كۆزىتىش ئىقتىدارى . سەگەك ، تۇيغۇن بولۇڭ ، كىشىلەر بايقاپ يەتمىگەن نۇقتىلارغقا نەزىرىڭىزنى ئاغدۇرۇڭ .

3 . گۇمانخورلۇق . ئىشلارغا يۈزەكى قارىماڭ ، يۈرەكلىك سوئال قويۇشقا ، گۇمان ، سوئال نەزىرى بىلەن قاراشقا ماھىر بولۇڭ .

4 . مۇستەقىللىق . ئازراق تايىنىۋېلىڭ ، دادىل ، ئۆزىڭىزگە تايىنىڭ .

5 . ئىجادىيلىق . باشقىلار ئويلاپ باقمىغان نۇقتىلاردىن چىقىپ ئادەتلەنگەن رامكىلارنى بۇزۇپ بېقىڭ ، يېڭىدىن يارىتىڭ .

6 . جانلىق ئۆزگىرىشچان بولۇش . تەپەككۇرىڭىز جانلىق ، ئۆزگىرىشچان بولسۇن . بىر نەيزىگە ئون قالقىنىڭىز تەييار تۇرسۇن ، ھەرخىل نۇقتىدىن چىقىپ ، تەشەببۇس ، تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ ئالاھىدە ئۇتۇققا ئېرىشىڭ .

7 . ئىشەنچ . ئۆزىڭىز قىلىۋاتقان ئىشنىڭ قىممىتىگە قەتئىي



ئىشىنىڭ ، ئۆزىڭىز كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكۈچە ئۆز يولىڭىزدا تەۋرەنمەي مېڭىڭ .

8 . قەتئىيلىك . ھەرقانداق بىر ئىشنىڭ تاماملىنىشى قەتئىي بوشاشماس ئىرادە ، غەيرەتكە موھتاج . پىلاننى سوقۇپ قويۇپ ، ناخشىنى دۆڭ تۇۋلاپ ، بەڭ تارتىپ يېتىش مەغلۇبىيەتتىن باشقىنى چىللىمايدۇ . قەتئىي چىدامچان بولۇڭ .

9 . ھەممىنى قوبۇل قىلىش . باشقىلارنىڭ تەكلىپىدىن ، ئىجادىي تەرەپلىرىدىن پايدىلىنىپ ، ئۆرنەك قىلىپ ، ئۆز كاللىڭىزدا تېخىمۇ پىشۇرۇپ ، تېخىمۇ يېڭى خىيال ، پىلانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشقا ماھىر بولۇڭ .

10 . پۇختىلىق . بىرەر ئىشنى پىلانلىغان ۋاقىتتا ھەممە تەرەپلەرنى نەزەرگە ئېلىڭ ، ئىجادىي پىكىر كۈچلۈك لوگىكىلىق ئانالىزغا موھتاج . ھەممىگە باب نۇقتىئىينەزەرلا ئىلھام ئۇچقۇنلىرىنى چاقنىتىپ ، ھەقىقىي بايلىققا ئايلىنالايدۇ .

11 . تەسەۋۋۇر كۈچى . ئىدىيە قارىشىڭىزدا پەيدا بولغان قاراش ، ئوبراز ، تەسەۋۋۇر ، خام - خىيال . . . ھەممىسىنىڭلا ئورنى ، رولى ، قىممىتى بار . تەسەۋۋۇر كۈچى مول ئادەملەر ئىجادىيەتنىڭ چۈمپەردىسىنى قايرىيالايدۇ . . .

# كەيپىياتنى ئەقىل بىلەن تىزگىنلەڭ

1809 - يىلى 1 - ئايدا ناپالېئون ئىسپانىيىدىكى ئۇرۇش مەيدانىدىن تېزلا ئايرىلىپ پارىژغا قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ جاسۇسلىرى تاشقى ئىشلار ۋەزىرى تارىلاننىڭ سۇيىقەست پىلانلاۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلغانىدى، ئۇ پارىژغا يېتىپ كېلىپلا مىنىستىرلار يىغىنىنى چاقىرىپ، قايناپ ۋارقىراپ تارىلانغا دارىتمىلاپ ھۇجۇم قىلىدۇ. تارىلان جىمجىت ئىدى. بۇنى كۆرۈپ ناپالېئون تېخىمۇ چىچاڭشىپ، ئۆزىنى يوقىتىپ قويىدى - دە، تارىلاننىڭ ئالدىغا سەكرەپ بېرىپ: «بەزىلەر مېنى ئۆلتۈرمەكچى تېخى!» دېدى. تارىلان ناپالېئونغا ئەپسۇسلانغاندەك قاراپ قويۇشتىن باشقا مىتمۇ قىلىپ قويمىدى، ناپالېئون تارىلانغا ۋارقىراشقا باشلىدى:

— مەن ساڭا ھەددى - ھېسابسىز بايلىق بەردىم، سېنىڭ قايتۇرغىنىڭ زىيانكەشلىك. بەك رەزىلكەنسەن، بىر دۆۋە ئىت پوقى، نىجاسەت!

ناپالېئون ئۆرۈلگىنىچە چىقىپ كەتتى، باشقا مىنىستىرلار ناپالېئوننىڭ ئەزەلدىن مۇنداق ئاچچىقلانغىنىنى كۆرۈپ باقمىغاچقىمۇ چىرايلىرىدا قان قالمىغانىدى. تارىلان بىر چاغدا ھېچقانداق ئىش بولمىغاندەك بىخارام ئورنىدىن تۇرۇپ، ھەرقايسى مىنىستىرلارغا قاراپ قويۇپ دېدى:

— ھەممىلىرى كۆرۈشتىلەر، ھەقىقەتەنمۇ ئەپسۇسلىنارلىق. مۇشۇنداق ئۇلۇغ ئادەملەرمۇ ئەدەپ دېگەننى بىلمىسە - ھە!

ناپالېئون بىلەن تارىلاننىڭ بىر - بىرىنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان



پوزىتسىيە - خاراكتېرى خەقلەر ئارىسىغا تارقىلىپ، ناپالېئوننىڭ نوپۇزى نەچچە ھەسسە تۆۋەنلەپ كېتىپتۇ.

ئۇلۇغ خانلارنىڭ بېسىم ئاستىدا ئاسانلا تەمكىنلىكنى يوقىتىپ قويۇشى ئۇنىڭ سەلتەنەتىنىڭ ئاجىزلىشىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. تارىلان شۇ ئىشتىن كېيىنلا مۇنداق جاكارلايدۇ: «بۇ ئاخىرلىشىشنىڭ باشلىنىشى».

ناپالېئوننىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ، كونتروللۇقىنى يوقاتقۇزۇش تارىلاننىڭ مەقسىتى ئىدى، ناپالېئوننىڭ ئاسانلا چىچاڭشىپ كېتىدىغانلىقىمۇ ھەممىگە ئايانىدى. شۇ سەۋەبلىك ئۇ رەھبەرلىك ئورنىغا نىسبەتەن ئەكس تەسىر پەيدا قىلىپ، قوللاشتىن ئايرىلىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ سۇيىقەست پىلانىغا بولغان مۇنداق تەنتەكلەر ھۇجۇمىمۇ ئۇنىڭ پىشمىغان، سۇيۇق ھوقۇق قارىشىنى دەلىللەپ بېرىدۇ، خالاس.

ئەمەلىيەتتە بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ناپالېئون ئاچچىقلىنىشتىن باشقا نۇرغۇن چارىلەر ئارقىلىق بۇ ئىشنى لايىقىدا بېسىقتۇرالايتتى. ئۇلار نېمىشقا سۇيىقەست پىلانلايدۇ؟ ئۆزىدىكى كەمچىللىك قايسى؟ بۇلارنى تىنچ - تىڭشاپ باقسا، ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەشكە پايدىلىق ئۇنۇمگە ئېرىشىشى تەبىئىي ئىدى ياكى بولمىسا سۇيىقەست پىلانلىغانلارنى پاك - پاكىز يوقىتىپ تاشلىسا، تۈرمىگە تاشلىسا، توخۇنى ئۆلتۈرۈپ مايمۇنغا ئىبرەت قىلىش يولى بىلەن ئۆلتۈرۈپ تاشلىسىمۇ بولاتتى. ئەمما ئۇنىڭ تەنتەكلەرچە ھۇجۇمى تېخىمۇ زور نارازىلىقتىن بۆلەك يەنە نېمە ئەكەلدى؟

ئاچچىقلىنىش ئارقىلىق باشقىلارنى ساداقەتكە يېتەكلەشمۇ، قورقۇتقىلىمۇ بولمايدۇ، بەلكى ئاچچىقلانغۇچى ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئاشكارىلاپ قويۇپ، ئوڭايلا تېخىمۇ بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. بىر ئادەمنىڭ ئاجىزلىقى ئاچچىقلانغاندا، مانا مەن دەپ

ئاشكارىلىنىپ قالىدۇ ، تەمكىنلىك ، سوغۇققان كەيپىيات ئىستىراتېگىيىسىگە ، ئىشنى ئوڭشاشقا پايدىلىق .

ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدە ، ئىنتايىن ھالقىلىق جەڭ مەزگىلىدە ساۋساۋ ئۆزىنىڭ بىرقانچە سەركەردىسىنىڭ دۈشمەن بىلەن تىل بىرىكتۈرۋالغانلىقىنى سېزىپتۇ . باشقىلار ئۇلارنىڭ دەرھال كاللىسىنى ئېلىش تەكلىپىنى بېرىپتۇ ، ئەمما ساۋساۋ ئۇلارنى ھېچنېمە قىلماپتۇ ، ئۇ جەڭنىڭ ئىنتايىن ھالقىلىق باسقۇچىدا قەدەم قويغىنىنى ، سەركەردىلەرنىڭ كاللىسىنى ئېلىشنىڭ قوشۇننىڭ كەيپىياتىغا تەسىر كۆرسىتىپ ، ئۆزىگە پايدىسىز بولۇشنى پەيدا قىلىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلەتتىكەن . ناپالېئونغا سېلىشتۇرغاندا ئۇ تەمكىنلىكنىڭ مۇھىملىقىنى بەكرەك تونۇپ يەتكەنىكەن .

ئاسان ئاچچىقلىنىدىغان كىشىلەرگە مۇئامىلە قىلىشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇل كارى بولماسلىق . كەيپىياتى بۇزۇلغان ئادەملەرگە قارىمۇقارشى ھالدا سوغۇق قان ، تەمكىن بولۇش سىزنى رىقابەتتىكى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈرىدۇ . باشقىلارنى تىزگىنلەشنىڭ ياخشى چارىسى ئۇلارنى چۈشىنىش .

غەزەپ ـ ئاچچىق يامراپ بولغاندا ، قىلىدىغان ئىش بېسىش ، تىزگىنلەش ئەمەس ، بەلكى يەنە بىر نۇقتىدىن چىقىپ ئاچچىقلىنىش ئېلىپ كېلىدىغان يامان ئاقىۋەتلەرنى ئويلاش ، بۇ سىزنى ئاسانلا پەسكويغا چۈشۈرىدۇ .

ئېھتىياتچان ئادەملەردە ئۆزىنى تىزگىنلەش ئىقتىدارى يۇقىرى بولىدۇ . بۇ ئىقتىدار كىشىلەردىكى ھەقىقىي پەزىلەتنى ئېچىپ بېرىدۇ . كۆكسى ـ قارنى كەڭ ئادەملەر ئاسان ئاچچىقلانمايدۇ ، ئاچچىق ھۆكۈم ، تەپەككۇرنى كېسىدۇ . ئەقلىڭىز بىلەن سوغۇققانلىقنى ساقلاڭ ، ئۇ سىزنى مۈشكۈل ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرالايدۇ .



## كەسپىڭىزنى سۆيۈڭ

1965 ـ يىلى بىر باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 4 ـ يىللىق ئوقۇغۇچىسى سىئاتول جىنلىڭ مەكتىپىنىڭ كۇتۇپخانىسىغا كېلىپ خاتا قويۇلغان كىتابلارنى رەتلەشكە ياردەملىشىدۇ . بىرىنچى كۈنى ئۇ خاتا قويۇلغان كىتابتىن ئۈچنى ، ئەتىسى تېخىمۇ كۆپ تاپىدۇ . ئىككى ھەپتە ئۆتۈپ ئۇنىڭ ئۆيىدىكىلىرى ئۆي كۆچمەكچى بولىدۇ ، ئەمما ئۇ ئاتا ـ ئانىسىغا : «مەن كەتسەم ، بىرمۇنچە كىتابلار مېنىڭ رەتلىشىمنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ » دەپ قويۇپ ئۆز ئىشىغا ماڭىدۇ . كېيىن ئۆي كۆچكەنلىك سەۋەبىدىن ئۇ كېلەلمەيدۇ . ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە پەيدا بولۇپ قالىدۇ .

— ئۇ تەرەپتىكى مەكتەپلەردە كىتاب رەتلەيدىغان ئىشلارنى ئوقۇغۇچىلارغا قىلدۇرمايدىكەن ، ئاپام ماشىنىلىق ئەكىلىپ قويدى ،— دەپتۇ ئۇ باشقۇرغۇچى خادىمغا .

— داداڭ ، ئاناڭنىڭ سېنى ئاپىرىپ ـ ئەكىلىشكە ۋاقتى چىقمىسا قانداق قىلىسەن ؟

— ئۆزۈم بېرىپ ـ كېلىمەندە ؟

ئۆزى بىۋاسىتە مۇناسىۋەتسىز بولسىمۇ ، قىلىۋاتقان ئىش ، كەسپىگە شۇنچىلىك ھۆرمەت ، سۆيۈنۈش بىلەن قارايدىغان بۇ ئوقۇغۇچى دەل كېيىنكى ئۇچۇر دەۋرىنىڭ گىگانت باھادىرى بىل گېيتىس ئىدى .

ستىرىت ۋالىس داڭلىق ئىسكىرىپكا ياسىغۇچى . ئۇ بىر ئىسكىرىپكا ياساش ئۈچۈن خېلىلا ئۇزاق ۋاقىت سەرپ قىلىدۇ ، ئۇنى ئالدىراتقىنىڭىزمۇ بىكار ، ئۇ ئۆز ئويى بويىچە ئالدىرىماي

ئىش قىلىدۇ . شۇڭا ، ئۇ ياسىغان ئىسكىرىپكىلار هازىر كەم
ئۇچرايدىغان ئەتىۋارلىق بۇيۇملار قاتارىدا ئىنتايىن يۇقىرى قىم-
مەت ۋە شۆھرەت يارىتالىدى . دۇنيادىكى هەرقانداق قىممەتلىك
نەرسە پۈتۈن زېھىن - كۈچ بىلەن جاپالىق ئىزدىنىش ئارقىلىق
روياپقا چىققان .
مەيلى قەيەردە بولمىسۇن ئۆز خىزمىتىنى كەم - كۈتىسىز
بېجىرىدىغان هەرقانداق ئادەم ئالقىشقا ئېرىشىدۇ . ئۆز ئىشىغا
پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كۆڭۈل قويالايدىغان ئادەم ، مەيلى قانداق
ئىش قىلمىسۇن ئۇتۇق قازىنالايدۇ .
تۆۋەندىكى هېكايىگە قۇلاق سىلىڭ :
ئارنولد ۋە براۋان ئىسىملىك ياش قۇرامى تەڭ ئىككىيلەن
ئوخشاش بىر ۋاقىتتا بىر دۇكانغا ئىشلەشكە كىرىپتۇ ، ئەمما بىر
مەزگىلدىن كېيىن ئارتولدنىڭ ئىش هەققى بارغانسېرى يۇقىرى-
لاپ كېتىپتۇ . ئەمما براۋاننىڭ يەنە شۇ پېتى ئىكەن . براۋان
بۇنىڭدىن ئىنتايىن ئادالەتسىزلىك هېس قىپتۇ - دە ، ئاخىرى
چىدىماي خوجايىنغا دادلاپتۇ . خوجايىن باشقا چۈشەندۈرۈش بەر-
مەيلا ئۇنىڭغا دەپتۇ :
— براۋان ئەپەندى ، سىز هازىرلا بازارغا بېرىپ ، سانقىلى
ئەكىرگەن نېمە - نېمىلەر بار ئىكەن قاراپ بېقىپ كېلىڭ .
20 مىنۇتتىن كېيىن ئۇ قايتىپ كېلىپ ، بىر دېھقاننىڭ
سانقىلى ياڭيۇ ئەكىرگەنلىكىنى دوكلات قىلىپ قايتىپ كەپتۇ .
— قانچىلىككەن ؟
براۋان شەپكىسىنى قامالىغىنىچە يۈگۈرۈپ بازارغا كېتىپ
بىر چاغدا قايتىپ كېلىپ ، جەمئىي 40 تاغار ياڭيۇ ئىكەنلىكىنى
ئېيتىپ كىرىپتۇ .
— باھاسى قانداقكەن ؟
براۋان ئەپەندى يەنە بىر قېتىم باھاسىنى سورىغىلى بازارغا
مېڭىپتۇ .



— ئولتۇرۇڭ ،— دەپتو خوجايىن ، — بىر ئېغىزمۇ گەپ
قىلماي . بۇ يەردە ئولتۇرۇپ ، ئارنولدنىڭ نېمە قىلىدىغانلىقىغا
قاراپ تۇرۇڭ .
ئارنولد 20 مىنۇتتىن كېيىن قايتىپ كېلىپ ، بىر دېھقاند-
نىڭ سانقىلى 40 تاغار ياڭيۇ ئەكىرگەنلىكىنى ، باھاسىنى ، ياڭ-
يۇنىڭ سۈپىتىنىڭ يامان ئەمەسلىكىنى هەم خوجايىنىڭ كۆرۈپ
بېقىشى ئۈچۈن بىر تال ئالغاچ كەلگەنلىكىنى دوكلات قىپتۇ
هەمدە ئۇ دېھقاننىڭ بىر سائەتلەردىن كېيىن يەنە بىرنەچچە يەشىك
شوخلا ئەكىرىدىغانلىقىنى ، باھاسىنىڭمۇ مۇۋاپىقلىقىنى ، تۆنۈ-
گۈن دۇكاندىكى شوخىلارنىڭ سېتىلىشىنىڭ ئىنتايىن تېز بول-
غانلىقىنى ، ئامباردىمۇ قالمىغانلىقىنى ، بۇ شوخىلاردىن كىر-
گۈزسە تازا مۇۋاپىق بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ، ئەۋرىشكە ئۈچۈن
ئالغاچ كەلگەن بىر تال شوخىنى كۆرسىتىپتۇ هەمدە هېلىقى
دېھقاننى باشلاپ كەلگەنلىكىنى ، ئەگەر مۇۋاپىق دەپ قارىسا ،
خوجايىننىڭ دېھقان بىلەن يۈز - تۇرانە سودىلىشىپ باقسا بولىد-
غانلىقىنىمۇ قوشۇمچە قىپتۇ .
خوجايىن براۋانغا قاراپ :
— ئەمدىغۇ ئىككىڭلارنىڭ ئىش هەققى پەرقىنىڭ سەۋەبىنى
چۈشەنگەنسىز ؟— دەپتۇ .
ئوخشاش بىر ئىش بېجىرىش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشىماسلىقى شۇ
كىشىنىڭ بۇ ساهەسىكى مەغلۇبىيەت - مۇۋەپپەقىيىتىنى بەلگى-
لەيدۇ . هەقىقەتەنمۇ ئىشلىمەس كاللىسىنىڭ جاپاسىنى پۇت تار-
تىدۇ ، باشقىلارنىڭ سىزگە بولغان مۇئامىلىسى سىزنىڭ قىلغان
ئىشىڭىزنىڭ ئىنكاسى . خۇددى ئەينەكتەكلا سىز قانداق ئىش
قىلسىڭىز ئېرىشىدىغان مۇئامىلە ، جاۋابىڭىزمۇ شۇنداق بولىدۇ .
ئۇلۇغلۇق ، بۈيۈكلۈك سىزنىڭ ئورنىڭىز ، مەنسىپىڭىز ،
بايلىقىڭىز تەرىپىدىن ئەمەس ، بەلكى سىزنىڭ تىرىشچانلىقىڭىز ،
سەممىيىتىڭىز ، گۈزەل ئەخلاقىڭىز تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ .

ئۆز قىممىتىڭىزنى قانچىلىك ئىپادىلىسىڭىز شۇنچىلىك ھۆرمەت، ئىززەتكە ئېرىشەلەيسىز.

بىل گېيتىس ياشلارغا مۇنداق بىر گەپنى تەۋسىيە قىلىدۇ: ئىشنى چوڭ - كىچىك دېمەستىن پۈتۈن كۈچىڭىز بىلەن كەم - كۈتىسىز قىلىپ ئورۇنداڭ، بىر ئادەمدە كەسىپ، خىزمەت ئۈچۈن بېرىلىپ تەر ئاققۇزىدىغان مۇشۇنداق ياخشى ئادەت يېتىلىدىكەن، جەزمەنكى ئۇنىڭ تۇرمۇشى شادلىققا، ئىشلىرى ئۇتۇققا تولىدۇ.



# نەزىرىڭىز ئۆتكۈر بولسۇن

چۈەنچۇ دەۋرىدە، لۇ دۆلىتىدە شى فامىلىلىك ئاكا - ئۇكا ئۆتكەنىكەن. بىرى ئەلەمدە، يەنە بىرى ئىلىمدە يېتىشكەن ماھىرلاردىن ئىكەن. ھەر ئىككىسى ياخشىراق ئىستىقبال ئىزدەپ مېڭىپتۇ، ئىلىمدا ماھىرى چى بەگلىكىگە بېرىپ، ئەدەپ - ئەركان، ھەرىكەت بىلەن دۆلەتنى تۈزەپ، ئەلنى گۈللەندۈرۈش توغرىلىق بەگ - ۋەزىرلەرنى قايىل قىپتۇ ۋە كامالەتكە يەتكەن ئىلمى بىلەن شۆھرەت قازىنىپ، شاھزادىلەرنىڭ ئۇستازلىقىغا تەيىنلىنىپتۇ. ئەمەلدە ماھىرى چۇ بەگلىكىگە بېرىپ، ھەربىي كۈچنى زورايتىپ، دۆلەتنى مۇستەھكەملەپ، زېمىننى كېڭەيتىش توغرىلىق چۇ مەنسەپدارلىرىنى قايىل قىلىپ، سەركەردىلىككە تەيىنلىنىپتۇ.

ئۇلارنىڭ قوشنىسى بولغان مېڭ فامىلىلىك ئىككى ئوغۇلمۇ ئۇلارنى دوراپ ياخشىراق كۈنگە ئېرىشىش مەقسىتىدە يولغا چىقىپتۇ. ئۇلارنىڭمۇ ئوخشاشلا بىرى ئەلەمدە، يەنە بىرى ئىلىمدە كامالەتكە يەتكەنلەردىن ئىكەن. ئىلىمدە ماھىرى چىن بەگلىكىگە بېرىپ، چىن خانىغا ھە دېسىلا تەرىقەت، ئەدەپ - ئەركاندىنلا ۋەز ئېيتىپ، خاننىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويۇپتۇ. ئۇ چىن بەگلىكى ئەمدى گۈللىنىۋاتىدۇ، ھەرقايسى بەگلىكلەر تىركىشىۋاتقان مۇشۇنداق چاغدا بىزگە كېرىكى ھەربىي كۈچ، قوشۇن جەڭگىۋارلىقى، يالغۇز ئەدەپ - ئەركاننىلا سۆزلەش بىزنى ھالاكەتكە سۆرەيدۇ دەپتۇ ۋە ئۇنى بىرمۇنچە جازالاپ قوغلاپ چىقىرىپتۇ. ئەلەمدە ماھىرى ۋېي بەگلىكىگە بېرىپ، لەشكەرلەرنى مەشىقلەن-

دۇرۇپ ، دۆلەتنى كۈچلەندۈرۈش ھەققىدە تىنماي ۋەز سۆزلەشكە باشلاپتۇ . ۋېي بەگلىكى ئاجىز بولۇپ ، چوڭ دۆلەتلەرگە بېقىنىش ئارقىلىقلا بەگلىكىنى ساقلاپ تۇرۇۋاتقانىكەن . ئەسكىرىي كۈچنى كۆپەيتىش ئاسانلا باشقا دۆلەتلەرنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ ئۇنى دۈشمەنلىك قىلىپ قويىدىكەن . بۇ ئېنىقكى خانىدانلىقنىڭ تەختى - بەختىنى ئاسانلا يوق قىلاتتى . شۇڭا ، ۋېي خانى ئۇنىڭ ئىككى پاچىقىنى كېسىپ تاشلاپ ، لۇ دۆلىتىگە ئەۋەتىپ بېرىپتۇ .

مانا بۇ كۆرۈش ، بايقاش كۈچىنىڭ نابابلىقىدىن كېلىپ چىققان ئاقىۋەت ، تۇپراقنى ، كېلىماتنى سۈرۈشتۈرمەيلا قالايمىقان ئۇرۇق سالغان بىلەن مول - ھوسۇل ئالغىلى بولمايدۇ . ئالدىنقى ۋە كېيىنكى ئىككى ئائىلىدىن چىققان ئوغۇللارنىڭ تەقدىرىنىڭ بىر - بىرىدىن پەرقلىق بولۇشى دەل ئۇلارنىڭ كۆزدىتىش ئىقتىدارى ، ئېھتىياجغا قارىتا تاللاش ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك . تەپەككۇر ئوبيېكتىنىڭ جايلاشقان بوشلۇقى ، مۇھىتى ، مەۋجۇت ھالىتى ۋە ئېھتىياجىنى نەزەرگە ئېلىش نۇتۇق قازىنىشتا ئىنتايىن مۇھىم .

بىر سودىگەر «پەرۋاسىز ئىت» دەپ ۋىۋىسكا ئېسىپ ، بىر ئاشخانا ئېچىپتۇ . ئەمما سودىسى ئانچە ياخشى بولۇپ كەتمەپتۇ ، ئۇ ئاخىرى يوشۇرۇنچە سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ ، كىشىلەرنىڭ تاماقنىڭ سۈپىتى ، مۇلازىمەت سەۋىيىسىدىن ناھايىتى رازىلىقىنى ، ئەمما ئاشخانىنىڭ ۋىۋىسكىسىدىكى ئىسمىنى ئۇنچە ياقتۇرۇپ كەتمىگەنلىكىنى بىلىپتۇ - دە ، ئۇنى «شادلىق چوققىسى» دەپ ئۆزگەرتىپتۇ . سودىسىمۇ شۇنىڭ بىلەن ناھايىتى تېزلا يۈرۈشۈپ كېتىپتۇ .

دېمەككى ، ھەرقانداق ئىش قىلغان چېغىمىزدا ، مۇھىت ، كىشىلەرگە بەدئىي ئېھتىياجلىق ، كېرەكلىك جايلارغا نەزىرىمىزنى ئاغدۇرۇپ ، تەپەككۇر يوللىرىمىزنى تەڭشەپ ، ئىشلىرىمىزنى يۈرۈشتۈرۈشنى ئۆگىنىۋېلىك .



## ئارقىدا قېلىش نومۇس

1980 - يىلى 7 - ئاينىڭ بىر كۈنى ، بىل گېيتس مىكروسوفت بىلەن «كۆك رەڭلىك گىگانت شەخس» IBM شىركىتى بىلەن ھەمكارلىشىش پۈرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ ، بۇ گىگانت شەخسنىڭ يەلكىسىگە مىنگىشىپ ، دۇنيانىڭ بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىغىچە يېتىپ باردى . مىكروسوفتنىڭ دەسلەپكى مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ IBM نىڭ مۈرىسىگە دەسسەپ يارىتىلغانلىقىغا ھەممەيلەن شەكسىز ئىشىنەتتى . لېكىن تەرەققىي تاپقان مىكروسوفت شۇنىمۇ بىلەتتىكى ، بۇ گىگانت شەخسنىڭ مۈرىسىگىلا دەسسەپ تۇرۇۋېرىش ، ھەمىشە پايدا ئەكىلىۋەرمەيتتى . مىكروسوفتنىڭ كۆپ تەرەپلىك پىلانى IBM نىڭ چەكلىمىسى سەۋەبلىك كەينىدە قالغانىدى .

كۆپ تەرەپلىك پىلان ئەينى ۋاقىتتىكى ۋىيىسار ھېسابچىسى بىلەن بەيگىگە چۈشكەن يۇمشاق دېتالنى كۆرسىتەتتى . ۋىيىسار ھېسابچىسى ۋىيىسار يۇمشاق دېتال شىركىتى ئەڭ دەسلەپ بازارغا سالغان ئېلېكترونلۇق جەدۋەل بىر تەرەپ قىلىدىغان يۇمشاق دېتالى بولۇپ ، 1980 - يىلى ئالما ئىككى تىپلىق مىكرو كومپيۇتېردا قوللىنىلىپ ، سودا ساھەسىدىكى زاتلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن . بازار ئىگىلەش نىسبىتىمۇ زور بولغان ئىدى .

گېيتس يۇمشاق دېتال ئېچىش ساھەسىدە باشقىلارنىڭ كەينىدە قېلىشنى خالىمايتتى . شۇڭا ، ئۇ مىكروسوفتنىڭ سىستېما لايىھىلىگۈچىسى سىمونىنى يېتەكچى قىلىپ «ۋىيىسار ھېسابچى» دىن ھالقىپ چۈشىدىغان ئېلېكترونلۇق جەدۋەل بىر تەرەپ قىلىد-

دىغان يۇمشاق دېتالنى ئېچىشقا بەل باغلىدى ھەمدە ئۇنىڭغا كۆپ تەرەپلىك پىلان دەپ نام بەردى. كۆپ تەرەپلىك پىلان «ۋىيسار ھېسابچىسى» نىڭ بارلىق ئىقتىدارىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشتىن باشقا ئۇنىڭدىنمۇ ئىلغار ۋە قوللىنىشچان ئىككى دانە رەڭلىك تىزىملىكنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. شۇڭا، مىكروسوفت بارلىق ئىقتىدار ۋە ئەڭ زور كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، كۆپ تەرەپلىك پىلاننى لايىھىلەشكە چۈشتى. ئەمما IBM بىلەن بولغان توختام ئۇنى زور دەرىجىدە چەكلەپ تۇراتتى. IBM ئەينى ۋاقىتتا 64KM لىق ئىچكى ساقلىغۇچلۇق كومپيۇتېرنى بازارغا سېلىۋاتقاچقا، ئۇنىڭغا ماس بولغان يۇمشاق دېتالمۇ توختاملاشقان شىركەت مىكروسوفت ئىشلەپچىقارغان كۆپ تەرەپلىمە پىلان بولاتتى ھەمدە ئىچكى ساقلىغۇچلۇق سەۋەبلىك مىكروسوفتنىڭ بۇ يۇمشاق دېتالىنىڭ ئىقتىدارىنى زور دەرىجىدە چەكلەپ قوياتتى. دېگەندەك ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا كۆپ تەرەپلىك پىلان «قار لەيلىسى 1، 2، 3» تەرىپىدىن كەينىدە قالدۇرۇلدى ـ دە، مىكروسوفت تېخنىكا ئەۋزەللىكىنى يوقاتتى.

قار لەيلىسى يۇمشاق دېتال شىركىتى مىكروسوفتتىن كېيىنلا قۇرۇلغان شىركەت، گېيتسىمۇ ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىشىنى خالىمايتتى. گېيتسنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرگىنى «قار لەيلىسى 1، 2، 3» يۇمشاق دېتالى IBM ئىشلەپچىقارغان تېخىمۇ كۈچلۈك مىكرو كومپيۇتېرغا ئىشلىتىلمەكچى ئىدى.

قار لەيلىسى ھەقىقەتەنمۇ گىگانت شەخسنىڭ قۇلىقىغا قىستۇرۇلغان گۈل بولماقچى ئىدى، بىرىنچى يىل ئىچىدە «قار لەيلىسى 1، 2، 3» نىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى ئىزچىل ئېشىپ باردى. IBM مۇ ئۇنى IBMPC كومپيۇتېرى ئۈستىدە ئىشلىتىلىدىغان ئېلېكترونلۇق جەدۋەل بىر تەرەپ قىلىدىغان يۇمشاق دېتالى قىلىپ بېكىتكەنىدى. 1984 ـ يىلى قار لەيلىسى شىركىتى



بىردىنلا ئامېرىكا بويىچە ئەڭ چوڭ يۇمشاق دېتال شىركىتىگە ئايلاندى، تىجارەت سوممىسى 175 مىليون دوللارغا يېتىپ، مىكروسوفتنىڭ 125 مىليون دوللارلىق سوممىسىدىن ئېشىپ كەتتى. 1986 ـ يىلىغا كەلگەندە، «قار لەيلىسى 1، 2، 3» نىڭ سېتىلىش مىقدارى 750 مىڭ نۇسخىغا يېتىپ، «كۆپ تەرەپلىك پىلان» نىڭ 275 مىڭلىق سېتىلىش مىقدارىدىن ئۈچ ھەسسە ئېشىپ كەتتى. 1987 ـ يىلىغا كەلگەندە، «كۆپ تەرەپلىك پىلان» نىڭ ئامېرىكا بازىرىنى ئىگىلەش نىسبىتى «قار لەيلىسى» تەرىپىدىن ئارانلا ئالتە پىرسەنتكە چۈشۈرۈپ قويۇلدى ھەمدە «ۋىيسار ھېسابلىغۇچى» نى بازارغا چىقارغان ۋىيسار شىركىتى 1985 ـ يىلى «قار لەيلىسى» تەرىپىدىن ۋەيران بولۇشقا قىستاپ قويۇلدى.

— بىز جەزمەنكى خاتا يولدا مېڭىپ سالدۇق، — دېدى «كۆپ تەرەپلىك پىلان» نىڭ كونكرېت لايىھىلىگۈچىسى سىمون ئازابلانغان ھالدا.

«قار لەيلىسى 1، 2، 3» نىڭ ئامېرىكا بازىرىدىكى مۇتلەق ئۈستۈنلۈكى ۋە زور كۈچى ئاستىدا بىل گېيتس شىمالىي ئامېرىكا بازىرىدىن چېكىنىپ چىقىپ، ياۋروپادىن نىجاتلىق ئىزدەشكە چۈشتى. 1983 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى مىكروسوفتنىڭ ياۋروپادىكى تارماق شىركىتى رەسمىي تىجارەت باشلىدى، 9 ـ ئايدا «كۆپ تەرەپلىك پىلان» نىڭ فرانسۇزچە نۇسخىسىنى، ئارقىدىن نېمىسچە، ئىتالىيىچە نۇسخىسىنى بازارغا سالدى. بۇ تىللاردىكى «كۆپ تەرەپلىك پىلان» 64 كىلو بايىتلىق ئىچكى ساقلىغۇچ بىلەن چەكلىنىپ قالماستىن، «قار لەيلىسى 1، 2، 3» كە ئوخشاشلا كۈچلۈك ئىقتىدارغا ئىگە ئىدى. 1986 ـ يىلى «قار لەيلىسى 1، 2، 3» ياۋروپا بازىرىغا كىرگەندە، «كۆپ تەرەپلىك پىلان» نىڭ فرانسىيە بازىرىنى ئىگىلەش نىسبىتى 90% كە، گېرمانىيىدە 60% كە يەتكەنىدى.

ئەمما ياۋروپا بازىرىغا قەدەم بېسىش ئامېرىكىدىكى ، ئۆز دۆلىتىدىكى مەغلۇبىيەتنىڭ ئاچچىقىنى يوق قىلالمىدى . ئامېرىكا بازىرى ھامان كارخانىنىڭ يىلتىزى ئىدى ، ئۇ ئاشۇ يېقىلغان يېرىدىن قوپمىسا بولمايتتى . گېيتىس نەچچە يۈز خىزمەتچىنىڭ ئىچىدىن بىر قىسىم تايانچ كۈچلەرنى تاللاپ چىقتى ـ دە ، «قار لەيلىسى» گە قارىتا بىۋاستە ھۇجۇم تەشكىللەپ ، قولدىن كەتكەن بازار ئۈستۈنلۈكىنى قايتۇرۇۋالماقچى بولدى .

گېيتىسچە ، ئارقىدا قېلىش نومۇس ئىدى ، ئەمما نومۇستىن جاسارەتمۇ چىقاتتى . بىرنەچچە يىل تىرىشىش ئارقىلىق ، مىكروسوفت سىغىم ، ھېسابلاش ، مەشغۇلات ، ئىقتىدار جەھەتتىن «قار لەيلىسى 1 ، 2 ، 3» تىنمۇ ئەلالاشقان «ھالقىش» (Exel) نى بازارغا چىقاردى . 1985 ـ يىلى بازارغا سېلىنىش بىلەنلا ياخشى باھاغا ئېرىشىپ ، ئوبدان بازار تاپتى . ئەمما «قار لەيلىسى» شىركىتىمۇ «قار لەيلىسى 1 ، 2 ، 3» كە قارىتا ئۈزلۈكسىز تولۇقلاش ، يېڭىلاش ئارقىلىق بازار ئۈستۈنلۈكىنى ساقلاشقا تىرىشىپ كەلدى . مىكروسوفت «قار لەيلىسى» گە مايىل بارلىق خېرىدارلارنى ئۆزىگە قارىتىش ئۈچۈن ، 1988 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ، 1980 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىگىچە «ھالقىش» سېتىۋالغان بارلىق خېرىدارلارنىڭ مەھسۇلاتىنى خالىغانچە قايتۇرۇۋالسا بولىۋېرىدىغانلىقىنى ، پۇلى تولۇق قايتۇرۇپ بېرىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى . بۇ سېتىش ئىستراتېگىيىسى راستىنلا ئۈنۈملۈك رول ئويناپ ، شۇ يىلى 7 ~ 9 ـ ئايلاردا «ھالقىش» نىڭ سېتىلىش مىقدارى 63% كە ئۆرلىدى . «قار لەيلىسى» 13% كە چۈشتى . 1990 ـ يىلى «ھالقىش» ، «قار لەيلىسى» نى بازار ئۈستۈنلۈكىدە ئۈزۈل ـ كېسىل مەغلۇپ قىلدى .

«قار لەيلىسى» بىلەن ئېلېكترونلۇق جەدۋەل بىر تەرەپ قىلىش يۇمشاق دېتال جېڭى ئېلىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، يېزىق بىر تەرەپ قىلىش يۇمشاق دېتالى جەھەتتىمۇ مىكروسوفت



«سۆز يۇلتۇزى» بىلەن بىر مەيدان كەسكىن جەڭ ئېلىپ باردى . «سۆز يۇلتۇزى» مىكرو شىركىتىنىڭ قۇرغۇچىسى ، روبىستون 1979 ـ يىلى بازارغا چىقارغان ، 1982 ـ يىل سېتىلىش مىقدارى مىليوندىن ھالقىغان ، ئامېرىكىدا ئەڭ بۇرۇن ئىشلىتىلىشكە باشلىغان يېزىق بىر تەرەپ قىلىش يۇمشاق دېتالى ئىدى .

گەرچە «سۆز يۇلتۇزى» يېزىق بىر تەرەپ قىلىش يۇمشاق دېتاللىرى ساھەسىدە يول ئاچقۇچى ئاۋانگارت بولسىمۇ ، ئەمما مەشغۇلات قىلىش بىر قەدەر تەس ، ئۆچۈرۈش ، ساقلاشتا نەچچە كۇنۇپكا بېسىش ئارقىلىق مەشغۇلات ئەمەلگە ئاشىدىغان ، ئاۋارىچىلىقى كۆپ ئىدى .

بىل گېيتىس «سۆز يۇلتۇزى» نىڭ ئاجىزلىقىرىنى تولۇقلاش ئاساسىدا ، تېخىمۇ ئىلغار بولغان يېزىق بىر تەرەپ قىلىش يۇمشاق دېتالى «مىكروسوفت يازغۇچى Micro soft Word» نى بازارغا سالدى . «مىكروسوفت يازغۇچى» ، «سۆز يۇلتۇزى» غا سېلىشتۇرغاندا ، خەت نۇسخىسى ، تەگ سىزىق ، قوشۇمچە ئىزاھات ، يانتۇ خەت ، ئۆچۈرۈلگەن خەتنى ۋاقىتىنچە كېرەكسىز ئەخلەتلىكتە ساقلاپ تۇرۇپ ، يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈش . . . قاتارلىق ئىقتىدارلار جەھەتتىن كۆپ ئىلغار ئىدى ھەم لازېر نۇرلۇق خەت باسقۇچىدا ھەرخىل كۆركەم خەت نۇسخىلىرىنى بېسىپ چىقارغىلىمۇ بولاتتى .

يېڭى ئىقتىدارلاردىن باشقا ، مىكروسوفتنىڭ يەنە بىر ئاقىلانە كوزىرى بولسا «مىكروسوفت يازغۇچى» غا «سۆز يۇلتۇزى» نىڭ خەت نۇسخىلىرىنى قوللاش ئىقتىدارى قوشۇلغان بولۇپ ، ئىلگىرى «سۆز يۇلتۇزى» ئىشلەتكەن خېرىدارلار ئۆز ھۆججەتلىرىنى «مىكروسوفت يازغۇچى» دىمۇ بىمالال پايدىلىنالايتتى . بۇ بىراقلا «سۆز يۇلتۇزى» نىڭ خېرىدارلىرىنى «مىكروسوفت يازغۇچى» غا تارتىپ ئېلىپ كىردى .

ئەمما ، يېزىق بىر تەرەپ قىلىش يۇمشاق دېتاللىرى ساھە-

سىدە رىقابەتلىشىدىغانلار مىكروسوفتلا ئەمەس ئىدى ، نۇرغۇن شىركەتلەر «ئالما يازغۇچىسى» ، «Pfs يازغۇچىسى» ، «سەرخىل سۆزى» . . . قاتارلىق يۇمشاق دېتاللارنى مىكروسوفتتىن بۇرۇن بازارغا چىقىرىپ ئۈلگۈرگەنىدى . 1985 ـ يىلى ئىشلەتكۈچىلەر «مىكروسوفت يازغۇچىسى» غا ياخشى باھا بەردى ، ئەمما مەشغۇلات قىلىش تەس دەپ قارىدى . بىل گېيتىس بۇ تەنقىدلەرنى قوبۇل قىلىپ ، «مىكروسوفت يازغۇچىسى» غا مۇھىم تۈزىتىش ، تولۇقلاشلارنى ئېلىپ باردى . 1990 ـ يىلىغا بارغاندا ، كەسكىن رىقابەت ئىچىدە ، «مىكروسوفت يازغۇچىسى» سېتىلىش مىقدارى جەھەتتە 1 ـ ئورۇنغا ئۆتتى .

شۇنداق قىلىپ ، 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىكى قاينام ـ تاشقىنلىق خۇسۇسىي كومپيۇتېر بازىرىدا مىكروسوفت بىل گېيتىسنىڭ «ئارقىدا قېلىش نومۇس» دەيدىغان سودا مىزانىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ، مەشغۇلات سىستېمىلىرى ، ئېلېكترونلۇق جەدۋەل بىر تەرەپ قىلىش ، يېزىق بىر تەرەپ قىلىشتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ يۇمشاق دېتال بازىرىنىڭ يېتەكچىلىك ئورنىنى قولغا كەلتۈرۈپ ، يۇمشاق دېتال شىركەتلىرى يېتىشەلمەس ئورۇنغا ئۆتتى . 1990 ـ يىلى مىكروسوفتنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى 5200 ئادەم ، سېتىلىش سوممىسى بىر مىليارد دوللار بولغان بولسا ، بەش يىل ئۆتۈپ ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنىڭ سانى 18 مىڭ ، سېتىلىش سوممىسى 20 مىليارد دوللارغا يەتتى .

كەلگۈسىگە يۈزلىنىڭ ، ۋاقىتتىن ئۈتىسىز . بىل گېيتىس كېلەچەكنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرماي ، «ئارقىدا قېلىش نومۇس» دېگەن ئۇقۇمنى كېلەچەكتىكى غايىسىنى رېئاللىققا يېتەكچى قىلدى ، بۇ تىرىشچانلىقلار ئۇنىڭ كەلگۈسىدىن ھالقىغان مۇۋەپپەقىيەت دەستۇرى بولۇپ قالدى .



## تەۋەككۈل قىلىش ، قارارلىق قىلماق

بىر ئوتۇنچى تاغدا بىر پەيلاسوپقا ئۇچراپ قېلىپ ، ئۇنىڭدىن :

— تەۋەككۈلچىلىك دېگەن نېمە ؟ قارارلىقچۇ ؟— دەپ سوراپتۇ .

پەيلاسوپ بىردەم ئويلىنىۋېلىپ ، ئورمانلىقتىكى بىر ئۆڭكۈرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ :

— ئۆڭكۈردە بىر سېۋەت ئۈنچە ـ مەرۋايىت بار دەيلى ، سەن ئۇلارغا ئېرىشمەكچى . ئەگەردە بۇ ئۆڭكۈر بۆرە ئۇۋىسى بولۇپ قالسا ، سېنىڭ قىلغىنىڭ تەۋەككۈلچىلىك بولىدۇ ، ئەگە ئۇ يولۋاس ئۇۋىسى بولۇپ قالسا ، قارارلىققا ياتىدۇ .

ئوتۇنچى گاڭگىرىغاندەك قاراپ قاپتۇ ، پەيلاسوپ ئۇلاپلا مۇنداق دەپتۇ :

— ئەگەر ئۆڭكۈردىكىسى بىر سېۋەت ئۈنچە ـ مەرۋايىت ئەمەس ، بىر سېۋەت شاخ ـ شۇمبا بولسا ، ئۇ يەر ئىت ئۇۋىسى بولغان تەقدىردىمۇ ، سېنىڭ كىرمەكچى بولۇشۇڭ قارارلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس ، ئەلۋەتتە .

بۇ ھېكايىدىن كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى ، تەۋەككۈلچىلىك مەلۇم خەتەرنى يېڭىش ئارقىلىق مەلۇم قىممەتكە ئىگە نەرسىگە ئېرىشكىلى بولىدىغان ھەرىكەتنى كۆرسىتىدۇ . قارارلىق بولسا ، خەتەر ئارقىلىقمۇ ئېرىشكىلى بولمايدىغان ، ئېرىشكەندىمۇ ئەرزىمەس نەرسىگە ئېرىشىش ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ .

ھەربىر مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچى بىر تەۋەككۈلچى ، ئۇلار ئۆز نىشانىغا يېتىش ئۈچۈن ئۆزلىرىنى خەتەرگە ئۇرۇشتىن قور-

قوۋپ قالمايدۇ . ئۇلار خەۋپ ـ خەتەرسىز ئۇتۇقنىڭ مەۋجۇت
ئەمەسلىكىنى ئوبدان بىلىشىدۇ ، ئۇلار ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى ۋە
ئۆزلىرىنىڭ ئەسلى كۈچىنى ئوبدان ئانالىز قىلىپ ، تەۋەككۇلچى-
لىك ئارقىلىق ئۆزى ئېرىشىدىغان نەرسىنىڭ مۇھىملىق دەرىجى-
سىنى ، تىرىشىش ئارقىلىق ئېرىشىشكە كۆزى يېتىدىغان ـ يەت-
مەيدىغانلىقىنى مۆلچەرلەپ بولۇپ ئاندىن ھەرىكەتلىنىدۇ . قول
سالىدۇ ، ئۇلار ھەرگىزمۇ قارىغۇلارچە ئۆزىنى قۇربان قىلىپ
بەرگۈچىلەر ئەمەس .

بىل گېيتىس بىر ئاغىنىسىگە مۇنداق بىر ھېكايىنى سۆز-
لەپ بەرگەن :

شىر ئىنتايىن ئېغىر كېسەل بولۇپ ، ئىگراپ يېتىپ قاپتۇ .
يېقىن ئەتراپتىكى نۇرغۇن ھايۋاناتلار بۇنى ئاڭلاپ ، ئۆڭكۈرگە
كىرىپ ئوۋ ئىزدەپ بېقىپتۇ . تۈلكە ئۆڭكۈرنىڭ ئالدىغا كېلىپ ،
شىرنىڭ ئىڭرىغان ئاۋازىنىڭ بارغانسېرى كۈچىيىپ كەتكەنلىكى-
نى ئاڭلاپ ، بەكلا قورقۇپ كېتىپتۇ . ئۇ شىرنى ئۆلىدىغان ئوخ-
شايدۇ دەپ قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ ، ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزىدىكى ئىز-
لارنى بىرمۇبىر كۆزىتىپ چىقىپ توختاپ قاپتۇ .

ئۆڭكۈردىكى شىر تاقەت قىلالماي ئاخىرى سوراپتۇ :

— تۈلكىجان ، ئەجەپ كىرمەي توختاپ قالدىڭا ؟ !

— قاراپ باقسام كىرگەنلا ئىز بار ، چىققان ئىز يوق . شىر
ئاكا ، ئەھۋال شۇ تۇرسا قانداقمۇ كىرەلەي ؟— دەپتۇ تۈلكە .

جەمئىيەتتىكى رىقابەتتىمۇ مانا مۇشۇنداق سەگەك ، تۇيغۇق
بولالىسىڭىز ، تۇمشۇقىڭىزغا يېمەيسىز .

ئاسانلىقچە قارام قىلماڭ ، ھەرقانداق ئىشنى باشلاش ئو-
ڭاي ، ئاخىرىنى يوغۇرۇۋېلىش تەس . ئۆز كۈچىڭىز ۋە ئەمەلىي
قىيىنچىلىقنى مۆلچەرلىمەيلا شىلتىڭ ئېتىش سىزنى ئوڭايلا پات-
قاققا پاتۇرۇپ قويىدۇ ، تەۋەككۇلچى بولۇڭ . ئەمما ئاپەت ، ئو-
ڭۇشسىزلىق ، بالا ـ قازانى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ ئۇنىڭغا ئۆزىڭىزنى
قارىغۇلارچە ئۇرۇپ ، بۇرنىڭىزنى قانىتىپ ، روھىي زەربىگە ئۇچ-
راپ يۈرىدىغان ئەخمەق قارامىلاردىن بولۇپ قالماڭ .



## رەقىبىڭىزنى ياردەملەشتۈرۈڭ

ياۋروپادا ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق ۋاستىكبول لەۋھە
تالىشىش مۇسابىقىسىدە بۇلغارىيە كوماندىسى بىلەن چېخ كوماندى-
سى ئۆزئارا ئۇچراشتى . مۇسابىقە ئاخىرلىشىشقا سەككىز سې-
كۇنت قالغاندا ، بۇلغارىيە كوماندىسى ئىككى توپ ئۈستۈنلۈك ۋە
توپ باشلاش ھوقۇق ھالىتىدە ئىدى . ئايلانما مۇسابىقە تۈزۈمىدىن
ئېلىپ ئېيتقاندا ، بۇلغارىيە كوماندىسى بەش نومۇر ئۈستۈنلۈك
بىلەن يېڭەلىسە ، ئاندىن گۇرۇپپىدىن غالىب كوماندا سۈپىتىدە
چىقالايتتى . ئەمما سەككىز سېكۇنت ئىچىدە توپ باشلاپ ئۈچ
نومۇرلۇق سىزىقنىڭ سىرتىدىن توپ تاشلاش ھۆددە قىلغىلى
بولىدىغان ئىشمۇ ئەمەس ئىدى .

مەيدان جىددىيلىككە پاتقانىدى ، دەل شۇ ۋاقىتتا يەنى مۇسا-
بىقە ئاخىرلىشىشقا سەككىز سېكۇنتلا قالغاندا ، بۇلغارىيە كوما-
ندىسىنىڭ يېتەكچىسى ۋاقىتلىق توختاش تەلەپ قىلىپ ھەممىنى
كۆلدۈرۈۋەتتى . چېخ كوماندىسىنىڭ يېتەكچىسى ماھىرلارنى تو-
سۇشنى كۈچەيتىش ، ئۈچ نومۇرلۇق سىزىق سىرتىدىن توپ ئې-
تىشنى قامال قىلىش ، ئامالىنىڭ بارىچە ۋاقىتنى سۇرۇش ، ئىككى
نومۇرلۇق توپ بولسا ، قويۇۋېتىش توغرىلىق ماھىرلىرىنىڭ قۇ-
لىقىنى بولۇشىچە تولغاپ چىقتى . ئۇلار بۇلغارىيە كوماندىسىنىمۇ
گۇرۇپپىدىن چىقارماسلىقنىڭ قارىنىنى ئېسىۋاتاتتى .

مۇسابىقە باشلىنىپ ، بۇلغارىيە كوماندىسىنىڭ ئەزالىرى
سالماق قەدەملەر بىلەن ئالدىغا تاشلاندى ، چېخ كوماندىسىنىڭ
ئەزالىرى بولسا تەلتۆكۈس قارشى مەيدانغا ئۆتۈپ بولغانىدى .

بىرنەچچە سېكۇنتتىن كېيىن توپ ئېلىپ ماڭغان كىشى توساتتىن
ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپلا چىخ كوماندىسىنىڭ مەيدانىغا قاراپ يۈگۈ-
رۈشكە باشلىدى ۋە ھەممىنى ھەيران قالدۇرۇپ ، ئاپىرىپ توپنى
قارشى تەرەپ كوماندىغا سولاپ بەردى . ۋاقىت توشتى ، مەيداننى
قىقاس - سۈرەن قاپلىدى . بۇلغارىيە كوماندىسىنىڭ توپ مەساند-
لىرى «مۇناپىق» دەپ بولۇشچە قارغىغىلى تۇردى .
رېپىر : «ھەر ئىككى تەرەپ تەڭلەشتى ، دەم ئالغاندىن كې-
يىن ئۇزارتىلما مۇسابىقە ئېلىپ بېرىلىدۇ» دەپ جاكارلىدى ،
شۇندىلا توساتتىن ھەممە بۇ ھەيران قالارلىق «توپ سوۋغا قى-
لىش» نىڭ تېگىگە يېتىپ ، ھاڭ - تاڭ قېلىشتى . ھەقىقەتەنمۇ
بۇلغارىيە كوماندىسى «ئىككى نومۇر» ھەدىيە قىلىپ نومۇر ساند-
نى تەڭلەشتۈرۈش ئارقىلىق ، ئازادە رىقابەتلىشىشتىن ئىبارەت
ئالتۇن پۇرسەتكە ئېرىشكەنىدى . ئۇلار ئاخىر ئالتە نومۇرلۇق
ئۈستۈنلۈك بىلەن ئۆز گۇرۇپپىسىدىن غەلىبىلىك ھالقىپ چىق-
تى .

بۇلغارىيە كوماندىسىنىڭ يېتەكچىسى ھەقىقەتەنمۇ كىشىنىڭ
ئەقلىگە كەلمىگۈدەك دەرىجىدىكى ماھىرلىق بىلەن ئۆز كوماند-
سىنى مۇۋەپپەقىيەتكە يېتەكلىيەلىدى . ھەقىقەتەنمۇ يول بىر ئە-
مەس ، غەلىبە ئاسان يول تاپقانلارغا ئەمەس ، ئەڭ ئاخىرقى مەن-
زىلگە يېتىپ بارالىغانلارغا مەنسۇپ ، بۇ جەرياندا سەن يالغۇز
دوستلىرىڭنىڭلا ئەمەس ، رەقىبلىرىڭنىڭ ئىلھام - ياردىمىگىمۇ
ئېرىشىپ قالىسەن .

20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدىن كېيىن كومپيۇتېرنىڭ
تورلىشىشى دۇنياۋى قىزىق تېمىغا ئايلىنىپ كەتتى . نۇرغۇن
شىركەتلەر 90 - يىللاردىكى قىممەت ئۆسۈش پۇرسىتىنى چىڭ
تۇتاي دەيدىكەن ، پۇرسەت ۋە ئىنتېرنىتتىن پايدىلانمىسا زادى
بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى . ئەمما ئالما شىركىتىنىڭ بۇ
نۇقتىنى ھېس قىلىشى ۋە بۇنىڭغا قارىتا ئىنكاسى ئاستا بولۇپ



قېلىپ ، بازار ئىگىلەش نىسبىتى ئىزچىل تۆۋەنلەش ، مالىيە
كىرىم - چىقىممۇ يامانلىشىشقا باشلىدى . 1995 - 1996 -
يىللىرى ئۇدا تارتقان زىيىنى نەچچە يۈز مىليون دوللارغا يېتىپ
قالدى . ئۇلار شىركەتنى بۇ قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىش
ئۈچۈن نۇرغۇن تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ باقتى . 1996 -
يىلى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ چىقىمىنى تۆۋەنلىتىش ئارقى-
لىق ، مالىيە كرىزىسىنىڭ ئالدىنى ئالماقچى بولدى . شىركەتنىڭ
مۇھىم رەھبەرلىرىنى ئالماشتۇرۇپ باقتى ، ھەتتا ئالما شىركىتى-
نىڭ كەسپكە مەسئۇل باش دىرېكتورى جوسنى ۋەزىپىسىدىن
ئالماشتۇرۇپ شىركەتنىڭ خىزمەت كەيپىياتىنى ياخشىلىماقچىمۇ
بولدى . ئەمما مەيلى نېمىلا قىلسۇن ، سودا يەنىلا ياخشى يۈرۈش-
مىدى . ئالما ئىمپېرىيىسى ھەقىقەتەنمۇ بوران - چاپقۇن ئىچىدە
قالدى .

ئالما شىركىتى ھەر يان قاتراپ چىقىش يولى ئىزدەۋاتقاندا ،
مىكروسوفت شىركىتى ئۇنىڭغا ياردەم قولىنى سۇنۇپ 15 مىليون
دوللار ياردەم مەبلىغى بېرىشنى قارار قىلدى . گېيتىس ھامان
تۆگىنىڭ ئۆلۈكىنىڭ ئېشەكنىڭكىدىن چوڭ بولىدىغىنىنى بىلەت-
تى . ئالمىنىڭ بىر زامان پارلاق دەۋر سۈرگەن كومپيۇتېر خو-
جىلىقى ئىكەنلىكىنى ، ئۇنىڭ ھازىر قىيىنچىلىقتا قالسىمۇ ، ھا-
مان سەل چاغلىغىلى بولمايدىغان يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە ئىكەنلى-
كىنى ئوبدان بىلەتتى . يەنە كېلىپ ، مىكروسوفتنىڭ قەددىنى
كۆتۈرگەن «كۆزنەكلەر» سىستېمىسىمۇ ، ماھىيەتتە ئالما شىر-
كىتىنىڭ «قەنت» ىنىڭ سايىسىدە ئاندىن ماغدۇرغا تولغانىدى .

يەنە بىر جەھەتتىن بىل گېيتىس قانۇنني ھالىنىمۇ نەزەرگە
ئالمىسا بولمايتتى ، ئامېرىكا «مونوپولىيىگە قارشى تۇرۇش قانۇ-
نى» دا مەلۇم بىر كارخانىنىڭ بازار ئىگىلەش نىسبىتى بەلگىلىك
ئۆلچەمدىن ئېشىپ كېتىپ ، مەھسۇلاتلار تەڭپۇڭ رىقابىتىنى يو-
قاتسا ، مونوپول جەھەتتىن تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىدىغانلىقى بەل-

گىلەنگەندى . ئەگەر ئالما شىركىتى ئۇزۇل - كېسىل غۇلاپ چۈشىدىغان بولسا ، مىكروسوفت شىركىتىنىڭ مەشغۇلات سىستېمىلىرى يۇمشاق دېتاللىرىنىڭ بازار ئىگىلەش نىسبىتى 92% كە چىقىپ قالاتتى - دە ، مىكروسوفت ئامېرىكا ئەدلىيە تارماقلىرىنىڭ ۋە فېدېراتسىيە سودا كومىتېتىنىڭ «مونوپولىيىگە قارشى تۇرۇش قانۇنى» نىڭ مەزمۇنلىرى بويىچە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا دۇچار بولاتتى . بۇ چاغدا تارتىدىغان زىيىنى ئالما شىركىتى ئارقىلىق تاپىدىغان پايدىسىدىنمۇ كۆپ بولۇپ كېتەتتى ، ھەتتا كومپيۇتېرنىڭ مەستانلىرىمۇ مىكروسوفتنىڭ رىقابەتچى رەقىبلىرىنىڭ مەيدانىغا ئۆتۈپ كېتىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى . ئالما شىركىتىنى يۆلىسە ، ئىككىسى ئىگىلەيدىغان بازار نىسبىتى ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتمەيتتى ھەم ھەر ئىككىسى يەنىلا ئۆز پايدىسىغا قالاتتى . مىكروسوفتنىڭ ئەسلى كۈچى زور بولغاچقا ، ئالما شىركىتىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىشىدىن ئەندىشە قىلىشىمۇ بولاتتى . بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، ئالما شىركىتىنى قۇتقۇزۇۋېلىش مىكروسوفتقا پايدىلىق ئىدى .

بازارنى جەڭگە ، جەڭگاھقا سېلىشتۇرىدۇ ، گېيتسنىڭ كۆڭلىمۇ ماھىيەتتە جەڭچىنىڭ كۆڭلى . ئەمما بۇگۈنكى ئۆزگىرىشچان يۇقىرى تېخنىكا ساھەسىدە ئالدىنقى سەپنى تالىشىدىغانلاردا ئۇزلۇكسىز يېڭىلىق يارىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆز رەقىبىڭدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ ، ئۇنى يۇقىرى ئۆرلەشتىكى شوتىغا ئايلاندۇرالايدىغان پاراسەت بولمىسىمۇ بولمايدۇ . مىكروسوفتنىڭ ياردىمى «ئالما» نى سېتىۋېلىش غەرەزلىك ئەمما ، ئالما شىركىتى گەرچە ۋاقىتلىق مۇشكۇل ئەھۋالدا قالغان بولسىمۇ ، ئەمما ئۇلارنى ئىنتىقام ئېلىش ئىرادىسى يوق دېگىلى بولمايدۇ . ئۇمۇ ئۆزىنى كېڭەيتىش ، كۈچلەندۈرۈشنى ھامان نىيەت - مەقسەت قىلىدۇ . بىل گېيتسنىڭ بۇ قېتىمقى پىلانى سېتىۋېلىش ئەمەس ، ئەمما سېتىۋېلىشتىنمۇ ئۈنچە پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ .



## مەغلۇبىيەت مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئېھتىياجى

قىلىمەن دېگەن ئىشنى جان كەتسىمۇ جەزمەن قىلىش كېرەك . ئۇتۇق قازىنىشتا ئىقتىدارلا ئەمەس مۇھىمى ئىشەنچ بەكرەك لازىم . ئىقتىدار گەرچە ئۇتۇق قازىنىشتا كەم بولسا بولمايدىغان شەرتلەرنىڭ بىرى بولسىمۇ ، لېكىن بىردىنبىر شەرت ئەمەس ، بەلكى ئاشۇ ئىقتىدارنى قوزغىتالايدىغان ، ئىش بېجىرىشنىڭ بارلىق ھالقىلىرىغا ئۆتۈشتۈرۈپ سىڭدۈرەلەيدىغان ، باشتىن - ئاخىر ساقلىيالايدىغان ئىشەنچ ، بەرداشلىق بېرىش كۈچى كەم بولسا بولمايدىغان شەرتلەردىندۇر .

ناپالېئون ئىنقىلاب ۋاقتىدا كىچىك ئەترەتنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن چاغلىرىدا فرانسىيىنىڭ ھەربىي ئىشلار تېخنىكىسى ، سىياسىي ، ئەمەلىي كۈچى قاتارلىقلارنى پىششىق ئىگىلەپ ، جانلىق دېپلوماتىيە سىياسىتى قوللىنىش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، تېزلا كۆزگە كۆرۈنگەن ، فرانسىيىنىڭ مۇستەقىللىقىگە تۆھپە قوشۇپ ، ھەممىنىڭ نەزىرى چۈشكەن قەھرىمانغا ئايلانغان . قەھرىماندىن پادىشاھقىچە بولغان جەرياندا ، ئۇ فرانسىيىنى ياۋروپانىڭ ئاكتىپ ھەمكارلاشقۇچىسىغا ئايلاندۇردى .

قارىماققا ئۇ ھاياتىي مۇۋەپپەقىيەت - نەتىجىگە بولغان جاھانئەركىسىدەك كۆرۈنىدۇ . ئەمەلىيەتتە ، سانسىز مەغلۇبىيەت ، ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىسىمۇ ، جاسارەت ۋە ئىشەنچ بىلەن بوشاشماي ، كۈرەش قىلىش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ھەۋەسى كەلگۈدەك نەتىجە ، مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشەلىگەن .

پۇتۇن ياۋروپانى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن ناپالئون مۇنداق
بىر مەشھۇر سۆزنى قىلغان : «شۆھرەت بىلەن شەرمەندىلىكنىڭ
ئارىسى بىر غېرىچ ، زور مەغلۇبىيەتتىن كېيىن لالمىلارچە قۇي-
رۇقىنى قىسىپ قېچىش سېپى ئۆزىدىن شەرمەندىلىك . ئەمما ئاز
ئۆتمەي تۆكۈلگەن يۈزنى قايتۇرۇۋېلىش غالىبلىق شۆھرىتى .»
ئېملا بولمىسۇن ، غەلىبە ۋە مەغلۇبىيەت بىر سىزىقتىكى
ئىككى نۇقتا . ئېدىسون : «مەغلۇبىيەت مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئانى-
سى» دېگەنىدى ، بىر ئادەمدە تەۋرەنمەس ئەقىدىلا بولىدىكەن ،
ئوڭۇشسىزلىق ئىچىدىنمۇ مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچلىرى-
نى تېپىپ چىقالايدۇ . چۈشكۈنلەر مۇۋەپپەقىيەتنىڭ مېۋىلىرىنى
ھەرگىز تېتىيالمايدۇ .
ئېدىسون مۇنداق دېگەنىدى : «لامپۇچكىنى ئىجاد قىلىش
ھاياتىمدىكى ئەڭ جاپالىق جەريان بولدى ، بۇ ھەقتە ناھايىتى
ئۇزاق ئويلاندىم . يەنە كېلىپ ، يورۇقلۇق چىقىرالامدۇ - چىقى-
رالامدۇ دەپ تەجرىبە قىلمىغان ماددا — مىتال قالمىدى» .
شۇڭىمۇ بەزى چاقچاقچى دوستلىرى : «ئۇ ھامان مەغلۇپ بولىدى-
غان ئىشلارنى قىلىدۇ ، شۇڭا بۇرنى قاندىن ئاجرىمايدۇ» دېگەنى-
دى .
مەغلۇبىيەت ، قىيىنچىلىقتىن قورققانلار مۇۋەپپەقىيەت قا-
زىنالمايدۇ ، مەغلۇبىيەت تەجرىبىلىرى كۆپ بولغانلارنىڭ مۇۋەپ-
پەقىيەت قازىنىش نىسبىتىمۇ ئۆرلەپ بارىدۇ .
مەغلۇبىيەت مۇقەررەر مەۋجۇدلۇق ، گېيتىس مەغلۇبىيەت
مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ ئېھتىياجى دەپ قارىغۇچىلاردىن . ئۇ بىر خا-
تىرىسىگە مۇنداق يېزىپ قويغان : «بىز مەغلۇبىيەتنى جەزمەن
قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك ، ئەسلا قوبۇل قىلىشقا بولمايدىغىنى
مەغلۇپ بولماسلىق ، ئەگەر بىر ئادەم ھېچقانداق خاتالاشمىسا ،
ئۇنداقتا ئۇلارنى تىرىشماپتۇ دېيىشلا مۇمكىن . مەغلۇبىيەت باشقا
مۇمكىنچىلىكلەرنى سىناشتىن دېرەك بېرىدۇ .»



مىكروسوفت مەغلۇبىيەتنى ھەرگىز نەزەردىن ساقىت قىل-
مايدۇ ، ئەمما يەڭگىلى بولمايدىغان قىيىنچىلىق ياكى زور خاتا-
لىق مەۋجۇت ئەمەس دەپ قارايدۇ . خاتالاشقانلار ئۆز خاتاسىدىن
ساۋاق ئېلىپ ، ئاگاھلىنىپ تۇرىدۇ . كېيىنچە ئەخمىقانىلىقتىن
ئامالنىڭ بارىچە ساقلىنىشقا تىرىشىدۇ ، ھەممىدىن مۇھىمى مەغ-
لۇبىيەتنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى سەۋەب ئۈستىدە ئىزدىنىشتۇر .
ئەگەر شىركەت مەغلۇبىيەتكە سۆرەيدىغان ئېھتىماللىقلارنى
نەزەرگە ئېلىپ ، ئۇنىڭدىن ساقلىنىش تەدبىرلىرى ئۈستىدە ئۇ-
نۇملۇك ئىزدەنمىگەن بولسا ، مىكروسوفتنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قا-
زىنىش نىسبىتى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتكەن بولاتتى . ئەگەر
ھەرقانداق بىر خىزمەتچى باشقۇرۇش بۆلۈمىگە خىزمەت دوكلاتى
سۇنسا ، جەزمەن تۇرگە مۇناسىۋەتلىك خەتەرلىك ئامىللار ۋە بۇ
خىل خەتەرنىڭ دەرىجىسى قاتارلىقلارنى بىرگە سۇنۇشى كېرەك .
ئۇتۇقلا سۆزلىنىپ ، جەزمەن دۇچ كېلىدىغان خەتەرلىك ئامىللار
ھەققىدە ھېچقانداق شەپە - بېشارەت بېرىلمىگەن دوكلاتقا مىكرو-
سوفتتا ھېچكىم قىزىقمايدۇ .
مەغلۇبىيەتكە سۆرەيدىغان ئامىللارغا قارىتا ئانالىز ئېلىپ
بېرىش ئىنتايىن مۇھىم ، مەغلۇبىيەت ئىچىدە ئوڭۇشسىزلىقلارنى
ئۈزلۈكسىز تەھلىل قىلىش ئارقىلىق نىجادلىق يولى تېپىشقا
تىرىشىش مىكروسوفتنىڭ غەلىبە دەستۇرى . بىل گېيتىس ھەتتا
«مىكروسوفتنىڭ ئەڭ چوڭ خاتالىقى» دېگەن تېمىدا ئەستىلىك
يېزىپمۇ كەلگەنىدى .

# چېكىنىش تېخىمۇ ئۇنۇملۇك ئىلگىرىلەش ئۇچۇندۇر

بىل گېيتس ياشلارغا مۇنداق دەيدۇ : «ئۇتۇق قازانغانلارنىڭ مەخپىيىتى ئۆز تاللىشىدا . خاتالىق بارمۇ – يوق ئۇزلۇكسىز تەكشۇرۇپ ، مۇۋاپىق تەڭشەش ۋە يېڭىدىن – يېڭى نىشان تۇرغۇزۇپ ئۇزلۇكسىز ئىلگىرىلەشتە .»

ئىنتايىن نامرات ئىككى ئوتۇنچى بار ئىكەن ، بىر كۇنى ئىككىسى تاغدا چوڭ ئىككى تاغار پاختا ئۇچرىتىپ قاپتۇ ، پاختا قىممەت بولغاچقا ، ئۆيىنىڭ ئاش – تۇزىنى خېلى مەزگىللەرگىچە ئوبدانلا قامدىيالايتتى ، ھەر ئىككىسى خۇشال بولۇپ ، بىردىن يۇدۇپ ئۆيلىرىگە قاراپ مېڭىشىپتۇ .

يولدا ئۇلارغا يەنە بىر نەچچە توپ ئېسىل گەزلىمە رەختلەر ئۇچراپ قاپتۇ ، بىرى يۇدۇپ كەلگەن پاختىنى تاشلىۋېتىپ ، بىر نەچچە توپ گەزلىمە رەختنى ئېلىپ مېڭىپتۇ . يەنە بىرى ھەرقانچە دېسىمۇ «ئەتىگەندىن بېرىقى ئەمگىكىمنى زايە قىلىپ ، پاختىنى تاشلىۋېتىمەنمۇ ؟» دەپ كاجلىق قىلىپ پاختىسىنى يۇدۇپ مېڭىۋېرىپتۇ .

يەنە بىردەم ماڭغاندىن كېيىن ، رەخت يۇدۇپ ماڭغىنى ئورمانلىقنىڭ سەل ئىچكىرىسىدىرەك بىر نەرسىنىڭ پارقىراپ تۇرغىنىنى بايقاپ ، رەختلەرنى تاشلىۋېتىپ ، ئورمانلىققا يۇگۇرگىنىچە كىرىپ كېتىپتۇ . قارىسا راستىنلا ئالتۇن . ئۇ ھەمراھىنى چاقىرىپ ، ئالتۇنلارنى تەڭ ئېلىپ مېڭىش توغرىلىق شۇنچە نەسىھەت قىلسىمۇ ، ئۇ «ئالتۇن يالغانمۇ تېخى» دەپ زادىلا ئۇنىماپتۇ .



شۇنداق قىلىپ ئۇلاردىن بىرى ئىككى تاۋاق كەلگۇدەك ئالتۇننى كۆتۇرۇپ ، يەنە بىرى بىر تاغار پاختىنى يۇدۇپ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ . ئەمما ئويلىمىغان يەردىن ئىنتايىن قاتتىق شارقىراپ يامغۇر يېغىپ كېتىپتۇ ، پاختا كۆتۇرۇۋالغىنى ھېرىپ ھالىدىن كېتىپتۇ . ئۇنىڭ ئۇستىگە پاختا يامغۇردا نەم تارتىپ كۆتۇرۇپ مېڭىش زادىلا مۇمكىن بولماپتۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇ پاختىنىمۇ تاشلىۋېتىپ ، ئۆزىنى ئاران كۆتۇرۇپ قايتىشقا مەجبۇر بوپتۇ .

ئۆز كەسپى ، نىشانىغا بولغان ئوتتەك قىزغىنلىق سەۋەبىدىن بەزىلەر ھېچنىمىگىمۇ پەرۋا قىلماستىن ، كۆزىنى يۇمۇپ مېڭىۋېرىدۇ . بۇ ھەم ياخشى ئىش ھەم ناچار ئىش ، يولنى خاتا ماڭغاندىكەن ، جەزمەن ئۆزگەرتىش ، يېڭىدىن نىشان تۇرغۇزۇش كېرەك . بولمىسا ئوتۇنچىدەك قۇرۇق قول قالىدىغان گەپ .

قەتئىيلىك ، چىدامچانلىق ياخشى خىسلەت ، ئەمما ئۆتكۇنچى چىڭ تۇرۇۋېلىش تېخىمۇ چوڭ ئىسراپچىلىققا سۆرىمەي قالمايدۇ . بىر ئادەمنىڭ نىشان تۇرغۇزۇش ۋە ئۇنىڭ ئۇچۇن تىرىشىشى ياخشى گەپ ، ئەمما نىشان ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس . خاتا ، نامۇۋاپىق بولۇپلا قالسا ، ئۇنىڭ ئۇچۇن جاھىللارچە تىرىكىشىش ئەھمىيەتسىز قۇربان بېرىش بىلەن بەدەللىنىدۇ .

نوبېل مۇكاپاتى ساھىبى جولىس پولىن مۇنداق دەيدۇ : «بىر يارامىلىق تەتقىقاتچى قايسى پىكىرلىرىدىن ۋاز كېچىپ ، قايسى پىكىرلىرىنى ساقلاپ قېلىشنى بىلىشى كېرەك ، بولمىسا ئەھمىيەتسىز تېمىلارغا نۇرغۇن ۋاقىتنى سەرپ قىلىۋېتىدۇ» . بەزى ئىشلاردا مەيلى‹سىز قانچىلىك تىرىشماڭ ، ھامان ئايىغى چىقماس خالتا كوچىغا كىرىپ قالغىنىڭىزنى بايقايسىز . بۇ خىل قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى ۋاز كېچىش ، يېڭى نىشان تۇرغۇزۇپ ئىلگىرىلەش .

هەرقانداق ئىش قىلماڭ تاللىشىڭىزنى ، تاللىشىڭىزنى دا-
ۋاملىق تەكشۈرۈپ ، تەڭشەپ تۇرۇشقا ، خاتا نۇقتىلاردىن ۋاز
كېچىپ ، ئەقىل بىلەن ئاقىلانە بۇرۇلۇش ياساشقا ئەھمىيەت بې-
رىپ تۇرۇڭ . تاللاشنىڭ توغرا - خاتا بولۇشى سىزنى يا گۆرگە
باشلايدۇ يا تۆرگە !



## ئەمەلىيەتچىل بۇلۇڭ

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 433 - يىلى كوخىلا ئارىلى بىلەن
كورىنىس ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كەسكىنلىشىپ ، ئۇرۇش پارتى-
لاش ھالىتىگە بېرىپلا قالدى . ھەر ئىككى تەرەپ شۇ نەرسىنى
ئېنىق بىلەتتى ، ئافىنانىڭ ياردىمىگە ئېرىشمەي تۇرۇپ بىر -
بىرىنى يېڭەلمەيتتى .
كوخىلا ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئافىناغا كەلگەندىكى پوزىتسى-
يىسى ناھايىتى ئېنىق بولدى . يەنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئەزەل-
دىن ئافىناغا ھەمدەمدە بولۇپ باقمىغانلىقىنى ، ھەتتا ئافىنانىڭ
دۈشمەنلىرى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ كەلگەنلىكىنى ئىقرار قى-
لىشتى ھەمدە كوخىلا ئارىلىنىڭ تىنچ ، ئەمىنلىكى ئۈچۈن ئافىنا
بىلەن ھەمكارلىششنى خالايدىغانلىقىنى ، ھەمكارلىقنىڭ ئاساسى
ئورتاق مەنپەئەتلىشش بولىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى . كوخىلانىڭ
ھەربىي كۈچى ئافىنادىن قالسىلا كۈچلۈك ئىدى . ئىككىسى بىر-
لەشمە ئافىنانىڭ رەقىبى بولغان سپارتاكنى مەغلۇپمۇ قىلالايتتى .
كورىنىسنىڭ ئەلچىلىرى ھە دېسىلا ئۆزلىرىنىڭ ئافىنا ئۇ-
چۈن قىلىپ بەرگەن ئىشلىرىدىن چۈشۈپ ، ئافىنانى ئۆزلىرىگە
ياردەملىشىپ ، كوخىلا ئارىلىنى ئېلىشىپ بېرىشكە قىستىدى
ھەمدە ئەگەر ياردەم بەرمىسە ، ئۆزلىرىنىڭ مەڭگۈلۈك رەقىبلەر-
دىن بولۇپ قالىدىغانلىقى توغرىلىق تەھدىت سېلىشقا باشلىدى .
ئاخىرى ئافىنا كوخىلا ئارىدىكىلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ ،
تىغ ئۇچىنى كورىنىسقا قاراتتى .
ئالىيجاناب ئافىنالىقلار قەدىمكى گرىتسىيىدىكى ئەڭ ئېسىل

ئەمەلىيەتچىل كىشىلەردۇر . ئۇلار ئۇچۇن جاھاندىكى ئەڭ نە-
پىس ، چىرايلىق ، شېرىن ـ شېكەر ئۆتۈنۈش ، يالۋۇرۇشلاردىن
ئەقىلگە مۇۋاپىق ، ھەقىقىي ، ئۇنۇملۇك دەلىل مىڭ ھەسسە ئەۋ-
زەل ئىدى .

كورنىسلىقلار ئۆزلىرى ئافىنالىقلارغا ياردەم بەرگەنلىكى
ئۇچۇنلا ، ئافىنالىقلارمۇ ئۆزلىرىگە كەلگەن مۇشكۇلاتنىڭ بىر
قىسمىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك دەپ قارايدۇ . باشقا دۆلەت-
لەرمۇ ئافىنا كورنىسنىڭ مېھىر ـ شەپقىتىنى ، دوستلۇقىنى
ئۇنتۇدى دېيىشى مۇمكىن . ئەمما ئافىنا بىر كۈچلۈك شەھەر
دۆلىتى ، ئۇ مەڭگۈلۈك ئىتتىپاق تۇرالايدۇ ، مانا بۇ ئەمەلىيەت !

ھەممەيلەن ھەتتا قەلەندەرمۇ ئۆزىنى ئەڭ قالتىس دەپ ئويـ-
لايدۇ ، ئەمەلىيەتكە يۈزلىنىش بەزى ھاللاردا ئازابلىق بولسىمۇ ،
ئەمما ئۇ ھامان رېئاللىق . غايىمۇ قول يەتمەس دەرىجىدە ئېگىز ،
غايىۋى قىلىۋېتىشكە بولمايدۇ . ھەربىر ئىشتا ئۆزىمىزنىڭ ئەمە-
لىي ئەھۋالىمىزنى دەڭسەپ بېقىپ ، ئەمەلىياتچانراق بولغىنىمىز
تۈزۈك .

بىر چۈجە ئاسماننىڭ قەرىدە پەرۋاز قىلىپ كېتىۋاتقان بىر
بۈركۈتنى كۆرۈپ ئىنتايىن زوقلىنىپتۇ ۋە ئانىسىدىن : «ئانا ،
بىزدىمۇ شۇنچە يوغان قانات بار تۇرۇقلۇق نېمىشقا بۈركۈتتەك
ئېگىز ئۇچالمايمىز ؟ » دەپ سوراپتۇ .

— ئەخمەقتە سەن ،— دەپتۇ مېكىيان ،— ئېگىز ئۇچقاننىڭ
نېمە پايدىسى ؟ دان ، قۇرت ئاسماندا ئەمەس يەردە تۇرسا ؟

ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ياشاش لوگىكىسى ۋە شۇ-
نىڭغا ماس مۇھىت ، شارائىتى بولىدۇ . بىز ئەمەلىيەتتىن ئايرى-
لىپ ياشىيالمايمىز ، ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان غايىۋى نىشان ـ
مەنزىللەرگىمۇ يېتەلمەيمىز . باشقىلار مۇۋەپپەقىيەت قازانغان
ئىش بىزگە ماس كەلمەسلىكىمۇ مۇمكىن ، شۇڭا ئەمەلىيەتچىل
بولايلى .



## تەنقىدنى كەمتەرلىك بىلەن قوبۇل قىلىڭ

بىر سوپۇن ساتقۇچى ئەمدىلا تىجارەتنى باشلىغان مەزگىلدە
ئىشلىرى ئانچە ئوڭۇشلۇق بولماي ، ئىشتىن قالغىلى تاسلا قاپتۇ .
ئۇ مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتى ، باھاسىدا ھېچقانداق مەسىلە يوقلۇقىغا
جەزم قىلغاندىن كېيىن مەسىلىنىڭ ئۆزىدە ئىكەنلىكىنى بېكى-
تىپ چىقىپتۇ . ئۇ ھەر قېتىم ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا ، يول
بويى نېمە ئىشتا كەتكۈزۈپ قويدۇم ، پوزىتسىيەم ياخشى بولمىدى-
مۇ ، قىزغىنلىقىم يېتەرلىك بولمىدىمۇ دېگەن مەسىلىلەرنى ئويـ-
لاپ ماڭىدىكەن . ھەتتا بەزىدە ئۆزىنى رەت قىلغان خوجايىنلارنىڭ
ئالدىغا بېرىپ : «سىز ماڭا قارىغاندا تەجرىبىلىك ، ئىشلىرىڭىزمۇ
ئۇتۇقلۇق ، بىلىدىغانلىرىڭىزمۇ كۆپ . مەن قايسى تەرەپلەردە
كەتكۈزۈپ قويدۇم ، كۆرسىتىپ بەرسىڭىز» دەپ تۆۋەنچىلىك
بىلەن ئۆتۈنىدىغان بوپتۇ .

شۇنداق قىلىپ ، ئۇ ئۇزۇن ئۆتمەيلا نۇرغۇن دوستقىمۇ قىمـ-
مەتلىك تەجرىبىگىمۇ ئىگە بوپتۇ ، ئىشلىرىمۇ يۈرۈشۈپتۇ . بۇ
دەل كېيىنكى كۈنلەردە ئەڭ چوڭ سوپۇن شىركىتىگە ئايلانغان
گاۋلوجى شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورلىقىغا سايلانغان لېتبىل
ئەپەندىدۇر .

بىل گېيتىس : بىر ئادەم بولۇپمۇ ياشلار تەنقىدنى جەزمەن
كەمتەرلىك بىلەن قوبۇل قىلىشى كېرەك ، دەپ قارايدۇ . ئەمما
ھەممىمىزنىڭ تەنقىدكە بولغان مۇئامىلىمىز ئوخشىمايدۇ ، بەزد-
مىز تەنقىدنى كۆرسەك ئۆزىمىزنى يوقىتىپ قويىدىغانلاردىن .

قانداق قىلغاندا تەنقىدگە قارىتا ئەڭ توغرا مۇئامىلە قىلغىلى بولىدۇ ؟

ئاقىللار تەنقىدنىڭ ئاكتىپ تەرەپلىرىنى كۆرۈپ يېتەلەيدۇ ۋە ئۇنى خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ، خاراكتېرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ، كەيپىيات پسىخىكىسىنى تەڭشەش ، تىزگىنلەشنىڭ ياخشى پۇرسىتىگە ئايلاندۇرالايدۇ . نادان ئادەملەر تەنقىدنى كۆرسە چىچاڭشىپ كېتىدۇ ، ئامېرىكىنىڭ داڭلىق شائىرى ۋېتمان : «ئەجىبا سىز ئېرىشكەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى سىزگە ھەۋەس قىلىدىغان ، سىزگە ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغان ، سىز بىر مەيداندا تۇرالايدىغانلاردىن كەلگەنمۇ ؟ سىزنى ئەيىبلەپ تەنقىدلىيەلەيدىغانلاردىن تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگەنمەلمەمسىز ؟» دېگەنىدى .

ئەگەر بىرى سىزنى بولۇشىچە تىللاپ ھاقارەتلىسە ، سىز ئاچچىقلىنامسىز ياكى تاقەت قىلامسىز ؟ لىنكولىنىنىڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيە مىنىستىرى ستانتىن لىنكولىننى «ئۆلگۈر ! ھاماقەت» دەپ تىللىغان . لىنكولىن خۇسۇسىي سىياسەتۋازلىق بىلەن بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئۇنى مەلۇم بىر ئەترەتكە ئالماشتۇرۇۋەتكەن . ستانتىن بۇ بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشنى رەت قىلىپ : «مۇشۇنداق بۇيرۇقنى چۈشۈرگەن لىنكولىن راستىنلا ئۆلگۈر ھاماقەت !» دەپ تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ تىللاپ كەتكەن . بىرەيلەن بۇ خەۋەرنى لىنكولىنغا يەتكۈزگەندە ئۇ جىمىپ : «ستانتىن ئۆلگۈر ھاماقەت دېگەن بولسا ، شۇنداق ئوخشايمەن . ئۇ مېنى ئىزچىل شۇنداق دەپ كەلدى ، قارىغاندا بىرەر ئىشتا كەتكۈزۈپ قويغان ئوخشايمەن» دېدى ۋە ستانتىننى چاقىرتىپ ئوچۇق پىكىرلەشكەندىن كېيىن بۇيرۇقنى بىكار قىلىۋەتتى . شۇنىڭدىن كېيىن لىنكولىن ھەر ئىشتا ئېھتىيات ، ماھىرلىق بىلەن ئەقىلگە مۇۋاپىق ھۆكۈم چىقىرىشقا ئادەتلەندى . تەنقىد ئۇنىڭغا مەدھىيە ، قەسىدىدىن ياخشىراق رول ئوينىدى .

بىز پايدىلىق تەنقىدلەرنى ماھىرلىق بىلەن قوبۇل قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز لازىم ، ئېيىنشتېيندەك ئۇلۇغ زاتلارمۇ مۇن-



داق دەيدۇ : «يۈزدە توقسان توققۇز پىرسەنت ۋاقىتلاردا مېنىڭ ھۆكۈمۈم خاتا چىقىپ قالىدۇ» . بىز ھەقىقەتەنمۇ كۆپرەك خاتالىشىمىز ، تەنقىد بىز ئۈچۈن دورا .

بىل گېيتىس مۇنداق دەيدۇ : «رەقىبلىرىمىزنىڭ پىكرى ئۆزىمىزنىڭكىدىن بەكرەك ياخشى چىقىپ قېلىشى مۇمكىن . لېكىن بىز ئۆزىمىزگە قارىتىلغان تەنقىدنى ئاڭلاپ بولغۇچە ، تەنقىد مەزمۇنىنىمۇ ئاڭقىرا ـ ئاڭقىرمايلا ئۆزىمىزنى ئاقلاشقا چۈشۈپ كېتىمىز . ئادەم ھېسسىياتلىق مەخلۇق ، ئۇ چىرايلىق ، سىلىق مەدھىيە سۆزلىرىنى ئاڭلاشقا خۇشتار . خۇشناز ھېسسىياتىمىز كەسكىن ئەقلىي ھۆكۈمگە ئۇچراپلا قالسا ، ئوتقا چۈشكەن مۇزدەك ئېرىپ پاراقلاپ كېتىدۇ» .

كەمتەرلىكنى ، ئەقىللىقلىقنى ، سەۋرچانلىقنى ئۆگىنىۋالايلى ، تەنقىدكە ئۇچرىغاندا : «ئەگەر ئاشۇ دېيىلگەن گەپلەر راستىنلا مېنىڭ كەمچىلىكلىرىم بولۇپ قالسىچۇ» دېگەننى ئويلاپ قويايلى .

تەنقىدكە ئۇچرىغاندا ، مۇۋەپپەقىيەتشۇناس كارنىگىنىڭ مۇنۇ چارىسىنى سىناپ كۆرسەك ئەرزىيدۇ : ئۆزىمىزنى تۇتۇۋېلىپ : «توختا ، مەن ئاتالمىش مۇكەممەللىكتىن قانچىلىك يىراق ؟ ئېيىنشتېيىن ئۆزىنى 99% خاتالىشىمەن دەپ ئىقرار قىلىۋاتقان يەردە ، مەن قانچىلىك خاتالىشىشىم مۇمكىن ؟ ئەگەر مۇشۇ تەنقىدلەر راست بولىدىغان بولسا ، ئۇنىڭغا رەھمەت ، ھەشقاللا ئېيىتىشىم كېرەك ھەمدە بۇ تەنقىدلەردىن مەنپەئەتلىنىشىم ، ئىبرەت ، ساۋاق ئېلىشىم كېرەك» دېگەنلەرنى ئويلاڭ . . .

ئەگەر باشقىلارنىڭ تەنقىدىدىن مەنپەئەتلىنەي دېسىڭىز ، تۆۋەندىكى جۈملىنى ئەستە تۇتۇۋېلىڭ .

«بىز ئۆزىمىز قىلغان ئەخمىقانە ئىشلارنى يېزىپ چىقىپ ، ئۆزىمىزنى تەنقىدلەپ باقايلى ، بىز ھەممىنى تەلتۆكۈس مۇكەممەل دەرىجىدە بىجىرىپ بولالمايمىز . باشقىلارنىڭ سەمىمىي ، پايدىلىق ، ئاكتىپ تەنقىدلىرىگە يول قويايلى» .

# خاتالاشسىڭىز تەن ئېلىڭ

بىل گېيتس مۇنداق دەيدۇ : نۇرغۇن ئادەم خاتالىق ئۆتكۈزسە ، ھەمىشە ئالاق - جالاق بولۇپ ، ئۇنى يوشۇرۇشنىڭ كويىدىلا بولىدۇ . ئەمەلىيەتتە ، خاتالىق ئۆتكۈزۈشمۇ ئوخشاشلا بىرخىل خىزمەت تەجرىبىسى . ئۇنى دادىللىق بىلەن تەن ئېلىپ ، ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشى كېرەك .

روزبېلېۋېتقا ئوخشاش ئۇلۇغ زاتلارمۇ ئەزەلدىن ئۆز خاتالىقىنى ئىقرار قىلىشتىن قورقۇپ باقمىغان ، ئۇ نيۇيورك ئېھتىيات قىسىم 18 - ئوتتۇرا ئەترىتىگە باشلىق بولۇپ تۇرغاندا ، بۇ خىل ئېسىل پەزىلىتىنى نامايان قىلغان .

ئۇنىڭ بىلەن بىر ئەترەتتە تۇرغان لېيتېنانت مۇنداق دەيدۇ : «روزبېلېۋېت ئەترەتنى مەشىققە سالغان ۋاقىتلاردا دائىم مەشىقنىڭ يېرىمىدىلا توختاشقا بۇيرۇق بېرەتتى . ئۇ بىر تەرەپتىن ۋارقىرىغاچ ، يەنە بىر تەرەپتىن يانچۇقىدىن مەشىق قوللانمىسىنى چىقىرىپ ، مۇناسىۋەتلىك بەتلەرنى ئەستايىدىل كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن بىزگە : ‹بايا خاتا دەپتىمەن ، ئەسلىدە مۇنداق ئىشكەن › دەپ چۈشەنچە بېرەتتى . ئۇنىڭدەك سەممىي ئادەملەر ھەقىقەتەن كۆپ ئەمەس ، ئۇ بەزىدە ئاق كۆڭۈللۈكى سەۋەبىدىنمۇ مەسخىرىگە قالاتتى . »

«نيۇيورك شەھىرىگە شەھەر باشلىقى بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە ئۇنىڭ مەسلىھەت بېرىشى ۋە تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا روياپقا چىققان بىر لايىھە ئالىي پالاتانىڭ تەستىقىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ تۇيۇقسىزلا ئۆز ھۆكۈمىنىڭ خاتالىقىنى بايقايدۇ ۋە



ئۆز خاتالىقىنى دادىللىق بىلەن ئىقرار قىلىدۇ .

— ناھايىتى خىجىلمەن ،— دەيدۇ ئۇ ئالىي پالاتا ئەزالىرىنىڭ ئالدىدا ئۆز خاتالىقىنى ئىقرار قىلىپ . «پۈتۈن كۈچۈم بىلەن بۇ لايىھىنى قوللىغان ۋاقتىمدا لايىھىگە ئۇنچە ئىرەنشىمەپتىمەن ھەم نيۇيورك خەلقىنىڭ ئارزۇسىنى دەپلا مۇشۇنداق قىپتىمەن . »

ئۇ دادىللىق بىلەن ئۆز خاتالىقىنى ئىقرار قىلغان ھەم ئۇنى تۈزىتىشكە تىرىشقان مۇنداق ئۇلۇغ ئادەملەرنىڭ خاتالىق ئالدىدىكى سەمىمىيلىكى كىشىنى ھەقىقەتەن قايىل قىلىدۇ .

چېكاگولۇق دوختۇر ماۋىرسۇن : «مەن خاتالىق ئۆتكۈزگەن بىر ئادەمنىڭ سەۋەب كۆرسىتىپ مەسئۇلىيەتتىن قېچىشىنى ئەمەس ، ئىككىنچى قېتىم خاتالىق ئۆتكۈزمەسلىكنى بەكرەك خالايمەن . سەۋەب كۆرسىتىش ئىنتايىن خەتەرلىك نەرسە ، ئۇ ئادەمنى يامان ئۆگىتىپ قويىدۇ . سەۋەب كۆرسىتىپ مەسئۇلىيەتتىن قاچمايدىغانلار خىزمەتنى ھامان پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشىپ ياخشى قىلىدۇ» دەيدۇ .

ئۆز خاتالىقىنى دادىللىق بىلەن تەن ئالالىغان ئادەمدە بىرخىل قانائەتلىنىش تۇيغۇسى بولىدۇ ، ئۇ يالغۇز يامان ئادەت ۋە ئۆزىنى ئاقلاش تۇيغۇسىدىنلا يوقىتىپ قالماستىن ، بەلكى ئاشۇ خاتالىق كەلتۈرۈپ چىقارغان يامان ئاقىۋەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقىمۇ پايدىلىق .

بىل گېيتس بىزگە ساراڭمۇ ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى ئاقلىيالايدۇ ، ئەمما ئۆز خاتالىقىنى ئىقرار قىلالىغان ئادەملەرلا باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشەلەيدىغان ئالىيجاناب تۇيغۇغا ئىگە ئادەملەردۇر . ئەگەر بىزنىڭ قىلىۋاتقىنىمىز توغرا بولسا ، باشقىلارنى قايىل قىلالىشىمىز ، قىلىۋاتقىنىمىز خاتا بولسا خاتالىقىمىزنى ئىقرار قىلالىشىمىز كېرەك ، دەيدۇ .

بىر قېتىم ناھايىتى ھاكاۋۇر باش مۇھەررىر ئەنگلىيە باش

ۋەزىرى ئىرنىسقا ناھايىتى پوچىلىق بىلەن بىر نەرسىلەرنى دەپ كېتىپتۇ، ئەينى ۋاقىتتا ئەمدىلا نام چىقىرىشقا باشلىغان بۇ ياش تاسادىپىي پۇرسەتتە گىرتسىن تەكەللۇپ بىلەن ئۇنىڭغا: «نەچچە كۈن ئاۋۋال مەن سىزنىڭ بىر پارچە خېتىڭىزنى تاپشۇرۇۋالغانغۇ دەيمەن» دەپتۇ.

— مەن يازغان دەمسىز؟ جەزمەنكى مەن يازمىغان. ھەقاچان مېنىڭ كاتىپىم يازغاندۇ؟ جەزملەشتۈرەلەيمەن مەن يازمىغان، — دەپتۇ قايتا ـ قايتا. گىرتسىن ئىپادە بىلدۈرمەي، ئۇنىڭغا باش لىڭشىتىپ قويۇپتۇ. زىياپەت يۇقىرى دولقۇنغا چىقىپ، گىرتسىن ئەپەندى ھەممەيلەننىڭ پاراڭ تېمىسىنىڭ مەركىزىگە، ھەممىلا مېھمان ئامال تېپىپ يېقىنلاشقۇسى كېلىدىغان شەخسكە ئايلىنىپ قاپتۇ. ئۇمۇ ھەممەيلەن بىلەن ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن پاراڭلىشىپتۇ. ئەمما ھېلىقى باش مۇھەررىر ھەرقانچە قىلىپمۇ پۈتۈن كېچىلىك جەريانىدا گىرتسىن ئەپەندى بىلەن بىرەر ئېغىزمۇ پاراڭلىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالماپتۇ.

ئامالنىڭ بارىچە ئۆز كەمچىلىكلىرىمىزنى ئىقرار قىلغانىنىڭ زىيىنى يوق، ئەخمەقلەرچە پو ئېتىش پايدا بەرمەيدۇ. خاتالىقنى ئىقرار قىلىش، باھانە ئىزدىمەسلىك ئارقىلىق باشقىلاردا ياخشى تەسىرات قالدۇرۇپ، باشقىلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ. سەمىمىي، ئىشەنچىلىك ئادەملەرنى ھەممىلا ئادەم ياخشى كۆرىدۇ، مەسئۇلىيەتسىز كۆز بويامچىلاردىن ھەممىلا ئادەم قاچىدۇ.

خاتالاشقان بولسىڭىز دەرھال سەمىمىيلىك بىلەن ئىقرار قىلىڭ، ئۇ سىزگە ئۆزىمىزنى ئاقلىغاندىن كۆپرەك مەنپەئەت ئېلىپ كېلىدۇ.



# ئارتۇقچىلىقىڭىزنى ئىشقا سېلىڭ

1929 ـ يىلى، چېرچىل دوستى ئامېرىكا ئاكسىيە ماگناتى بونارد باروك بىلەن ۋال كوچىسىدىكى ئاكسىيە بازىرىنى ئايلىنىدۇ. ئۇ يەردىكى ئىنتايىن ئالدىراش، قىزغىن كەيپىياتتىن ھاياجانلىنىپ كەتكەن چېرچىل پاي چېكى سودىسىنى ئاسان چاغلاپ، ئۆزىمۇ بۇ ئىشقا قول سېلىپ باقماقچى بولىدۇ. ئەمما ئويلىمىغان يەردىن بۇ «قېرى تۈلكە» نىڭ زور ئىشەنچ بىلەن سېتىۋالغان بىرىنچى پېيىنىڭ باھاسى شىددەت بىلەن تۆۋەنلەشكە باشلايدۇ. ئارقىدىنلا ئۇ ئۆزى خېلىلا چۈشىنىدىغان، ئاساسىمۇ ياخشى يەنە بىر كارخانىنىڭ پاي چېكىنى سېتىۋالىدۇ. ئەمما پاي بازىرى ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك بولۇپ چىقمايدۇ. شۇنداق قىلىپ، چېرچىل بىر كۈن ئويناپ ناھايىتى زور قەرزگە بوغۇلۇپ كېتىدۇ. ئۇ ئىنتايىن چۈشكۈنلىشىپ، قايتماقچى بولۇپ تۇرغاندا باروك ئۇنىڭغا يەنە بىر ھېسابات خاتىرىسى ئەكىلىپ بېرىدۇ ۋە كۈلۈپ كېتىدۇ. ئەسلىدە باروك ئۇلۇغ زاتلارنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ ئاكسىيە بازىرىدا ئۈنچىۋالا كارغا كېلىپ كەتمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئاكسىيە شەھەرچىسىنىڭ باشلىقى بىلەن ئالاقىلىشىپ، چېرچىل بىلەن تەڭلا ۋېنستون چېرچىل دېگەن نامدا يەنە بىر ھېسابات ئاچقان ۋە مەخسۇس ئادەم قويۇپ، ئۇنى پەۋقۇلئاددە زىياندىن قۇتقۇزۇپ قالماقچى بولغانىكەن. يەنە چېرچىل نېمە ئالسا يەنە بىر چېرچىل شۇنى سېتىپتۇ. چېرچىل نېمە ساتسا، يەنە بىر چېرچىل شۇنى ئېلىپتۇ ـ دە، بۇ «قېرى تۈلكە» نى قاپقاندىن ساقلاپ قاپتۇ.

ئېينىشتېيىن يېڭىدىن قۇرۇلماقچى بولغان ئىسرائىلىيە دۆلىتىنىڭ زۇڭتۇڭلۇقىغا تەكلىپ قىلىنغاندا، رەت قىلغانىدى. يەنە ئۆزىنىڭ ئوبيېكتىپ ماددىلار بىلەن ئالاقە قىلىپ كۆنگەن كاللىسىنىڭ سىياسىي، مەمۇرىي ئىشلارنى، خەلق تەقەززا بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئىشلارنى جايىدا بېجىرىشكە ماس كەلمەيدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەنىدى. داڭلىق يازغۇچى مارك تېۋىن سودا قىلىپ باققان، نەشرىيات شىركىتىمۇ قۇرۇپ باققان. ئەمما 300 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى قەرزگە پېتىپ قالغان، ئايالى ئۇلىيا ئۇنىڭدا سودا تالانتى ئەمەس، يېزىقچىلىق ئىقتىدارى بارلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئايالىنىڭ قايتا ـ قايتا مەدەت، روھىي جەھەتتىن ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا يېزىقچىلىق ھاياتىنى باشلىغان مارك تېۋىن مەغلۇبىيەتلىك تەقدىرىدىن قۇتۇلۇپ، ناھايىتى تېزلا ئەدەبىيات ساھەسىدە پارلاق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

ھەقىقەتەنمۇ، ھاياتنىڭ مەخپىيىتى دەل ئارتۇقچىلىقنى ئىشقا سېلىش ئۇنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرۇشتا. ھەربىر ئادەمدە مۇئەييەن تالانتنىڭ ئۇرۇقى بار، ئۆزىنىڭ تېگىشلىك ئورنىنى توغرا بايقاپ، ئۆزىدىكى تالانت ئىقتىدارىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇپ، يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى قېزىپ چىقىرالىغاندىلا، ئۆز ھاياتىنىڭ قىممىتىنى يېتەرلىك ئىپادىلەپ چىققىلى بولىدۇ. بولمىسا، گېيتىس ئېيتقاندەك: ئەخلەتلىككە تاشلانغان مەرۋايىتتەك خارلىنىپ ئۆتىدىغان گەپ.



## سەممىي، مېھرىبان بولۇڭ

فىلېمىڭ ئىسىملىك شوتلاندىيىلىك بىر دېھقان ئېتىزدا ئىشلەۋاتسا، يېقىنلا يەردىكى بىر سازلىقتا بىرىنىڭ تۇۋلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. فىلېمىڭ بېرىپ قارىسا، بىر ئوغۇل بالا سازلىققا چۈشۈپ كەتكەنىكەن. ئۇ بالىنى قۇتقۇزۇۋاپتۇ.

نەچچە كۈن ئۆتۈپ، ھېلىقى بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىر يېپيېڭى پەيتۇن بىلەن فىلېمىڭنىڭ ئۆيىگە كېلىپ بالىسىنى قۇتقۇزۇۋالغىنىغا كۆپتىن ـ كۆپ رەھمەت ئېيتىپتۇ ھەمدە بۇنىڭ ئۈچۈن كۆڭلىنى بىلدۈرمەكچى بوپتۇ.

— بالىنى قۇتقۇزۇۋالغىنىم ئۈچۈن سىلەردىن ھەق ئالامدىم؟— دەپ فىلېمىڭ زادىلا ئۇنىماپتۇ، شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئوغلى كىرىپ كەپتۇ. فىلېمىڭ ئۇنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى ناھايىتى پەخىرلىنىپ سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— مۇنداق قىلايلى،— دەپتۇ ھېلىقى مۆتىۋەر، — مەن بالىڭىزنى قېشىمغا ئاپىرىپ ياخشى ئوقۇتاي، جەزمەن سىز ئېختىمۇ پەخىرلەنگۈدەك ئادەم قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىشقا كاپالەت بېرىمەن.

دېھقان تۇرۇپ كېتىپ ماقۇل بوپتۇ. كېيىنچە سان مارىيا تېببىي ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرۈپ، دۇنياغا داڭلىق دوختۇرغا ئايلانغان ھەم پېنتسىللىننى ئىجاد قىلغان كېنەز فىلېمىڭ ئالېكساندىر دەل مۇشۇ دېھقاننىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇ 1944 ـ يىلى كېنەزلىك ئۇنۋانىغا، نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

كېيىنكى يىللاردا ھېلىقى مۆتىۋەرنىڭ سازلىققا چۈشۈپ

كەتكەن ئوغلى ئۆپكە ياللۇغىغا گىرىپتار بولغاندا، ئۇنى دەل پېنىتسىللىن قۇتۇلدۇردى. ھېلىقى مۆتىۋەر بولسا، يۇقىرى پارلامېنت ئەزاسى، كېنەز، ئەنگلىيە سىياسىئونى چېرچىل ئىدى.

نۇرغۇن ئادەم بىر ئۆمۈر ياشاپمۇ باشقىلارغا ياردەم بېرىشنىڭ ئۆزىگە ياردەم بېرىش بولىدىغانلىقىنى چۈشىنەلمەي ئۆتىدۇ. ئۇلار باشقىلارغا ياردەم بېرىش قانداقسىگە ئۆزۈمگە ياردەم بېرىش بولغۇدەك؟ دەپ سورىشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە، باشقىلارغا بېرىلگەن ياردەم ئۆزىڭىزگە سېلىنغان روھىي جەھەتتىكى مەبلەغدۇر. پۇرسىتى كەلگەندە ئۇ ئۆسۈمى بىلەن قايتىدۇ.

ئىنتايىن سوغۇق بىر ئاخشىمى، كىچىككىنە بىر مېھمانخانىنىڭ ئالدىدا ياشانغان بىر جۈپ ئەر - خوتۇن تۇرغان ئىدى، ئەمما ئۇ مېھمانخانىمۇ تولۇپ كەتكەنىدى.

— بۇ بىز ئىزدەپ كەلگەن 16 - مېھمانخانا، ھەممىسىلا تولۇپ كېتىپتۇ، ئەمدى قانداق قىلارمىز؟— دەپ غودۇڭشىپتۇ ئۇلار سوغۇقتا دىرىلدەپ تىترەپ تۇرۇپ.

مېھمانخانىنىڭ كۈتكۈچىسى سىرتىنىڭ زەھەردەك ئاچچىق سوغۇقىغا ۋە بۇ ياشىنىپ قالغان بوۋاي - مومايلارغا قاراپ قويۇپ:

— ئەگەر قىستاڭ كۆرمىسەڭلار، بۈگۈن كېچە مېنىڭ كارىۋىتىمدا قونۇپ قېلىڭلار، مەن يەردىلا يېتىۋېرىمەن،— دەپتۇ.

ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن ئىنتايىن خۇش بولۇپ كېتىپتۇ، ئەتىسى ئۇلار ياتاق پۇلىنى تۆلىمەكچى بولغانىكەن، ھېلىقى يىگىت قەتئىيلا رەت قىلىپ ئۇنىماپتۇ. ماڭار چېغىدا ئۇلار يىگىتكە چاقچاق قىلىپ:

— ئەسلى بەش يۇلتۇزلۇق مېھمانخانىلارغا باش دىرېكتور قىلسا يارايدىغان يىگىتكەنسىز،— دەپتۇ.

— ئۇنداقتىغۇ بەك ياخشى بولاتتى،— دەپتۇ يىگىتمۇ ئوچۇق - يورۇقلۇق بىلەن كۈلۈپ، — قېرىپ قالغان ئانامنى



ئوبدانلا باقالايتتىم.

ئويلىمىغان يەردىن ئىككى يىلدىن كېيىنكى بىر كۈنى يىگىت نيۇيوركتىن كەلگەن بىر پارچە خەتنى تاپشۇرۇۋاپتۇ. خەتتە ھېلىقى بىر جۈپ ئەر - خوتۇن بوۋاي - مومايلار ئۇنى نيۇيوركقا تەكلىپ قىلىپ، بېرىپ - كېلىش ئايروپىلان بېلىتىنىمۇ قوشۇپ ئەۋەتكەن ئىكەن.

يىگىت نيۇيوركقا كەلگەندىن كېيىن بوۋاي - مومايلار ئۇنى بەشىنچى كوچا بىلەن 35 - كوچا كېسىشكەن جايدىكى ھەشەمەتلىك بىر بىنانىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ:

— بۇ سىز ئۈچۈن سالدۇرغان بەش يۇلتۇزلۇق مېھمانساراي، ھازىر سىزنى رەسمىي باش دىرېكتورلۇققا تەكلىپ قىلىمىز،— دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئىككى يىل ئاۋۋالقى ئاددىيلا بىر ياردەم ياخشىلىق يىگىتنى كاتتا ئىمتىيازغا ئىگە قىپتۇ. بۇ داڭلىق ئوستورىيە مېھمانخانىسىنىڭ دىرېكتورى جورج بافىت ۋە ئۇنىڭ شاپائەتچىسى ئەر - خوتۇن ۋىلىياملار ئوتتۇرىسىدىكى راست ھېكايە.

مەشھۇر ئالىم ئېينىشتېيىننىڭ ئىككى قېتىملىق نىكاھى بىزگە ئوخشىمىغان ئىككى خىل سېلىشتۇرما يىپ ئۇچى بېرىدۇ. ئېينىشتېيىننىڭ بۇرۇنقى ئايالى مەرى ئېرىنىڭ ئەتىدىن كەچكىچە ئاتوم، زەررىچە، ماكان، زامان . . . لار بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، ئۆزىگە يېتەرلىك كۆيۈنمىگەنلىكىدىن قاقشاپ - زارلاپ ئاجرىشىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. كېيىنكى ئايالى ئېلسا ئېينىشتېيىننىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلگەچكە، ئۇنىڭ خىزمىتىگە ئارىلىشىۋالمىدى، بەلكى مۇلايىم، ئىللىق مۇئامىلىسى بىلەن ئۇنىڭ خاتىرجەم ئىشلىرىنى تاماملىشىغا ياخشى شارائىت يارىتىپ بەردى. ئېينىشتېيىنمۇ بۇنىڭدىن مەمنۇن بولۇپ، ۋاقىت چىقىرالىسىلا، ئېلساغا ھەمراھ بولۇپ، ئۇنتۇلغۇسىز شېرىن كۈنلەرنى بىرگە ئۆتكۈزدى. ئۇ بىر قېتىملىق مۇخبىرلارنى

كۆتۈۋېلىش يىغىنىدا مۇنداق دېگەنىدى : «ئېلىسا نىسپىيلىك نەزەرىيىسىنى چۈشەنمەيدۇ ، ئەمما نىسپىيلىك نەزەرىيىسىدە ئېلىسانىڭ بىر ئۆلۈش ھەسسىسى بار» .

بىز بۇلاردىن شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ يېتەلەيمىزكى ، سەممىيلىك ، مېھرى ـ شەپقەت ھامان يەردە قالمايدۇ . باشقىلارغا قىلىنغان مېھرىبانلىق ئۆزۈڭگە كۆيۈنۈش بىلەن باراۋەر .



## رەقىبىڭىز بىلەن شېرىكلىشىڭ

دېڭىز ئۇرۇشىدىن كېيىن ئامېرىكا ئارمىيىسى ئەسكەرلەرنىڭ «ياشاش ئىقتىدارى» نىڭ «ئۇرۇش قىلىش ئىقتىدارى» دىن يۇقىرى بولۇشىنىڭ مۇھىملىقىدىن ئىبارەت يېڭى ئۇقۇمنى ئوتتۇرىغا چىقاردى . بۇ مەزگىلدە «ئىبراھامچە» MIA2 تىپلىق تانكا ئامېرىكا قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىدە ئىشلىتىلىشكە قۇراشتۇرۇلۇشقا باشلىدى .

بۇ خىل تانكىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ۋاقىت سۈرئىتى 4500 كىلومېتىردىن ھالقىغان بولۇپ ، بىرلىك ۋەيران قىلىش كۈچى 13500 كىلوگراملىق ئېغىرلىقنى بۆسۈپ ئۆتۈپ ، ئامېرىكا قورال ـ ياراغ مۇتەخەسسىسلىرى تەرىپىدىن «مۇنداقلا كۈچ بىلەن بىر توپنى ئاي شارىغا چىقىرىۋېتەلەيدىغان» زور كۈچ سۈپىتىدە تەرىپلەندى . ئۇنىڭ مۇداپىئە قىېپى دۇنيادىكى ئەڭ پۇختا قاپ دەپ تەرىپلەندى . ئۇنداقتا ، بۇ خىل قوغدىنىش قېپى قانداق ياساپ چىقىلغان ؟

لېينات جورج بوتتون ئامېرىكا قۇرۇقلۇق ئارمىيە ساھەسىدىكى مۇنەۋۋەر قوغدىنىش قېپى ياساش مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ بىرى ئىدى . ئۇ MIA2 تىپلىق تانكا قېپى ياساش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن دەرھال يەنە بىر «رەقىب» يەنى ، تۇز خىمىيە ـ سانائىتى ئىنستىتۇتىنى تاماملىغان داڭلىق ۋەيران قىلىش كۈچى تەتقىقاتچىسى مارك شۇماسنى تېپىپ ، ئۆزىگە ھەمشىرىك قىلىۋالدى . ئىككىيلەن بىردىن تەتقىقات گۇرۇپپىسىغا يېتەكچىلىك قىلىپ ئىشنى باشلىۋەتتى . ئوخشىمايدىغىنى بوتتون-

ـنىڭ تەتقىقات گۇرۇپپىسى قوغدىنىش قېپى تەتقىق قىلىپ ياساش-
قا مەسئۇل ئىدى . مارك شۇماسنىڭ تەتقىقات گۇرۇپپىسى بوتتون
تەتقىق قىلىپ ياسىغان قوغدىنىش قېپىنى ۋەيران قىلىش ئۇسۇلى
ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ باراتتى .

تەتقىقات ئەمدى باشلانغاندا شۇماس ئاسانلا بوتتون ياساپ
چىققان قوغدىنىش قېپىنى كۇمپەيكۇم قىلىپ تاشلىغانىدى . ئەم-
ما ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ، بوتتون ماتېرىيال ۋە لايىھە-
لەرنى ئۇزلۇكسىز ئۆزگەرتىش ، يېڭىلاش ، تولۇقلاش ئارقىلىق
ئۇنىڭ قارشىلىق كۈچىنى ئاشۇرۇپ باردى . شۇماس ئاخىر پۈتۈن
كۈچى بىلەن تىرىشىپمۇ ، ھەتتا بىۋاسىتە يۇقىرى بېسىملىق پارت-
لاتقۇچ دورا ئارقىلىق پارتلىتىپمۇ بوتتون ياساپ چىققان قوغدى-
نىش قېپىنى ۋەيران قىلىپ تاشلىيالمىدى . شۇنداق قىلىپ
دۇنيادىكى ئەڭ پۇختا قوغدىنىش قېپىغا ئىگە تانكا «ۋەيران
قىلىش» ۋە «ۋەيران قىلىشقا قارشى» ئىككى رەقىب كۈچنىڭ
بىرلىكتە ئىزدىنىشى ئارقىلىق دۇنياغا كەلدى .

لېنىنات بوتتون كېيىنچە مۇنداق دەيدۇ : «مەسىلە تېپىپ
چىقىش ھەل قىلىش ئۈچۈندۇر . ئەمەلىيەتتە مەسىلە قورقۇنچلۇق
ئەمەس ، قورقۇنچلۇقى مەسىلىنىڭ ھەل قىلىش يولىنى بىلەل-
مەسلىك ، شۇماس بىلەن بىرلىشىشتىكى مەقسىتىم ئۇ دەل مەز-
دىكى نۇقسانلارنى تاپالايدىغان مۇتەخەسسىس .»

رەقىب ، دۈشمەنلەرنىڭ بولماسلىقى بىزنى ئاسانلا بىخەم قى-
لىپ قويىدۇ . رەقىبلىرىمىز بىزنى تېخىمۇ سەگەك ، تۈيغۇن ۋە
ھوشيار قىلدۇرۇۋېتىدۇ . شۇڭا ، ئاز ـ تولا رەقىبلەرنىڭ بولغى-
نىنىڭ زىيىنى يوق . دۈشمەنلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىنىلا دوستلى-
رىڭىزغا ئايلاندۇرۇۋالماڭ . ئەمما رەقىبلىرىڭىزدىن قانداق پايدى-
لىنىشنى بىلىۋېلىڭ ، پىچاقنى تۇتۇڭ ، ئەمما تىغنى تۇتماڭ . تىغ
ئادەمنى زەخىملەندۈرىدۇ ، ئاقىللارنىڭ رەقىبىدىن ئۆگىنىدىغان
نەرسىلىرى دوستلىرىدىن ئېرىشىدىغانلىرىدىن كۆپ بولىدۇ . يە-



نى رەقىبنىڭ نەپرەت تولغان كۆزلىرىدىن ئەينەككە ئېرىشەلەيدۇ .
ئۇ مەدھىيە ـ قەسىدە تولغان كۆزلەردىن كۆپ سەممىي بولىدۇ ،
سىزنىڭ كەچىلىكىڭىزنى دەپ بېرەلەيدۇ ـ دە ، تۈزىتىشىڭىزگە
بېشارەت بېرىدۇ . غەزەپ ـ نەپرەت سىزنى تېخىمۇ سەگەك ،
ئېھتىياتچان قىلىۋېتىدۇ .

يەنە بىر تەرەپتىن رەقىبىڭىز سەۋەبلىك سىز بار كۈچىڭىز ،
ھەممە ئىقتىدارىڭىزنى ئىشلىتىپ چىقىرىشقا مەجبۇر بولىسىز ۋە
شۇ ئارقىلىق بىخەتەر ھالدا ئۆز پىلانىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش
ئۈچۈن تېخىمۇ تىرىشالايسىز .

# باشقىلارنىڭ كەمچىلىكىدىن پايدىلىنىشقا ماھىر بولۇڭ

بىر ئىچىملىك شىركىتى ئەۋەتكەن بازار تەكشۈرۈش خادىم-
لىرى ھەرقايسى دۆلەتلەردىن شۇ دۆلەتلەرنىڭ داڭلىق ئىچىملىك
شىركەتلىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللىرىنى ئېلىپ كەپتۇ ۋە
ھەممىسى ئۆزلىرى ئېرىشكەن شىركەتلەرنىڭ ماتېرىياللاردىكى
ئارتۇقچىلىقلارنى، ئۆز مەھسۇلاتلىرىدىكى كەمچىلىكلەرنى ۋە
يولغا قويۇشقا تېگىشلىك يېڭى لايىھىلەرنى بەس - بەستە ئوتتۇرى-
غا قويۇشقا باشلاپتۇ . مۇدىرىيەت باشلىقى ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان
ئىشلىرىدىن زېرىكىپ تېرىكىپتۇ :

— يەنە شۇ ئارتۇقچىلىقتىن ئۆگىنىدىغان گەپمۇ ؟ باشقىلار-
نىڭ ياخشى تەرەپلىرى، ئارتۇقچىلىقىنى مەڭگۈ ئۆگىنىپ تۈگەت-
كىلى بولمايدۇ . بىز قۇلۇلىگە ئوخشاشلا خەلقنىڭ كەينىگە چاپلى-
شىپ يۈرۈۋېرەمدۇق ؟ باشقىلارنىڭ كەمچىلىكىنى تېپىپ چى-
قىپ، ئاشۇ يېتەرسىزلىكلەرنى تولۇقلاپ، ئۆز خاسلىقىمىزنى
تۇرغۇزايلى !

خىزمەتچىلەر ئىشنىڭ يېڭى يولىنى تېپىپ چىقىپتۇ، شۇ
يوسۇندا ئىشلەنگەن يېڭى مەھسۇلاتلارمۇ راستتىنلا قالتىس بازار
تېپىپتۇ .

مانا بۇ يېپيېڭى ئىدىيە، ئۆزگىچە تەپەككۇر دېيىش مۇم-
كىن . تۇرمۇشىمىزدىمۇ بۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئىشلار دائىم
كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ . مول - ھوسۇل ئېلىش ياخشى ئىش، ئەمما
مول - ھوسۇل كۆپەيمىسە، بۇمۇ دېھقانلارنىڭ بېشىنى ئاغرىتى-



دۇ . ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ھەممىگە ياقىدىغان ياخشى گەپ،
ئەمما بەزى مەسىلىلەرنى ياخشى ھەل قىلسا ئەكسىچە ئۈنۈم ئەكى-
لىشى مۇمكىن . يەنى ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەريانىدا، ئېكولو-
گىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشى، بۇلغىنىش، باي - نامرات-
لىق پەرقىنىڭ چوڭىيىشى، چىرىكلىشىش دېگەندەك ھادىسىلەر
مەلۇم رايونلارنىڭ جەمئىيەت تەڭپۇڭلۇقىغا تەھدىت سېلىپ تۇ-
رۇۋاتىدۇ . تەنقىدىي نەزەر بىلەن شەيئىلەرگە قارايدىغان بولساق،
بەزى ئىشلارنىڭ پاسسىپ ئۈنۈم، تەسىر ئەكىلىشىدىن ساقلى-
نىپ، زىياندىن ساقلانغىلى بولىدۇ . 20 يىل ئىلگىرى، كۆنلى-
رى ئەمدىلا ياخشىلىنىۋاتقان دېھقانلار بەس - بەستە قۇرۇش،
ئۆزگەرتىش بىلەنلا بولۇپ، يېزىلاردا باشقىچە جانلىنىش كەيپىيا-
تى بارلىققا كەلگەنىدى . ھەممىسى بۇ ئىشنى بولۇشىچە قوللىغان،
ماختىغان ئىدى . ئەمما شۇ چاغدا ئامېرىكا تەۋەلىكىدىكى جۇڭگو-
لۇق مۇھاجىرىدىن بىرى جۇڭگونىڭ نوپۇسى كۆپ، يېرى ئاز،
بايلىقى كەمچىل ئەھۋالىنى چىقىش قىلغاندا، تېرىلغۇ يەرلەرنى
ئىگىلەپ، قۇرۇلۇش قىلىشنىڭ ئىنتايىن خەتەرلىك ئىكەنلىكى
توغرىلىق ماقالە يازغان ۋە كاللىسى قىزىپ كەتكەن بىر قىسىم
ئادەملەرنى سەگىتىپ قويۇپ، ئىنتايىن ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكە-
نىدى .

# ماختاشتىن پايدىلىنىشنى بىلىڭ

ياپونىيە ماكۇ ھۆكۈمىتى دەۋرىدە ، گاتا چىڭ لاڭنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەيدىغان ئىيدا جۇخىڭۋاي ئىنتايىن قارام ۋە ئىستراتېگىيىگە باي سەركەردىلەرنىڭ بىرى ئىكەن . گاتا چىڭ لاڭ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىۋانلىرى ئېلىپ تاشلىنىپ ، ئائىلىسىدىكىلەر قىيىنچىلىقتا قاپتۇ ، ئىيدامۇ توكيودا يوشۇرۇنۇپ كۈن ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بوپتۇ . ئۇ بىر قېتىم باشقىلارغا مۇنداق دەپ بەرگەن .

«بىرىنچى قېتىم ئۇرۇشقا قاتناشقان ۋاقتىمدا نۇرغۇن دوستلىرىمنىڭ جەڭدە كاللىسىنىڭ كېسىلىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ ، قورققىنىمدىن ئەسكەرلىكتىن چېكىنىپ كەتكۈم كېلىپ كەتكەنىدى . بازىغا قايتقان ۋاقتىمدا گېنېرال گاتا چىڭ لاڭ بوگۈنكى ئىپادەمنى ماختاپ ماڭا ئىسمى ئۇيۇلغان قىلىچتىن بىرنى سوۋغا قىلدى . شۇنىڭ بىلەن ئەسكەرلىكتىن ۋاز كېچىش خىيالىم نەلەرگىدۇر غايىب بولدى . كېيىن ھەر قېتىم ئۇرۇشقا ماڭساملا ئەمدى چېكىنىمەن دەپ ئويلاپ يۈردۈم . ئەمما ھەر قېتىم بازىغا قايتقىنىمدا ، ماختاش ، مەدھىيىلەش ، تەقدىرلەشلەر ۋە ئەتراپىمدىكىلەرنىڭ ھەۋەس نەزىرى بىلەن قارىشىدىن نىيەتىمدىن يېنىپ قالاتتىم . شۇنداق قىلىپ ، مەن ئاستا ـ ئاستا پۈتۈن نىيەت ـ ئىقبالىم بىلەن چىڭ لاڭغا بويسۇنۇپ كەلدىم ، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئادەم ئىشلىتىشكە ئۇستا كىشى ئىدى .»

ئېيتقاندەك مۇشۇنداق داڭلىق باتۇرمۇ جەڭ ئالدىدا روھىي جەھەتتىن تەۋرىگەن ، قورققان ، ئەسكەرلىكتىن چېكىنىپ چە-



قىشنى ئويلىغان . ئەمما قىزىق يېرى شۇكى ، گاتا چىڭ لاڭنىڭ مۇكاپات ، ماختىشى بىلەنلا بارلىقىنى ئۇنىڭغا ئاتىۋەتكەن . بۇنىڭدىن ماختاشنىڭ قالتىس زور رول ئوينايدىغىنىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس . بىر ئادەم ماختالغان چاغدا ئۇنىڭدىكى جاسارەت ، غەيرەت ، ئۆزىنى بېغىشلاش تېخىمۇ كۈچىيىدۇ . جەزمەنكى ، باشقىلارنىڭ سىز بىلەن كارى بولمىسا ، روھىڭىز چۈشۈپ كېتىدۇ ، ماختالغان چاغدا ھەم خۇش بولىسىز ھەم ئۆزىڭىزگە ئىشەنچ تۇرغۇزۇلىدۇ . ماختاش خۇددى ئاپتاپقا ئوخشاش سىزنى راھەتلەندۈرىدۇ .

دارغا ئېسىش جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان بىر ياش دار تۈۋىگە يالاپ ئېلىپ مېڭىلغاندا ، ئەتراپتا قىستىلىشىپ تۇرغانلارنىڭ ئىچىدىكى بىر موماي : «ئىسىت ، قاراڭلار ئۇنىڭ ئالتۇندەك سېرىق چاچلىرى بەكلا قاملاشقان ئىكەن !» دەپتۇ ، بۇ دۇنيادىن مەڭگۈ خەيرلىشىش ئالدىدا تۇرغان بۇ ياش مومايىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ، ئۇنىڭغا چوڭقۇر ئېگىلىپ ، بىر تازىم قىلىۋەتكەندىن كېيىن تىترەڭگۈ ئاۋازدا شۇنداق دەپتۇ : «ھەممىلا ئادەم سىزدەك بولغان بولسا بەلكىم بۈگۈنكى كۈنگە قالمىغان بولار ئىدىم .»

تۇرمۇش ماختاشتىن ئايرىلالمايدۇ ، ماختاش بىزنىڭ كۆكسى ـ قارنىمىزنى كەڭ ، ئۈمىدلىك ، ئىشلىرىمىزنى ئۈتۈقلۇق قىلىدۇ . ھودۇقۇپ تۇرغان بىر ئادەم ئازراقلا ماختاشتىن ئۆزىگە ئىشەنچ تېپىۋېلىشى ، مەنىسىز تۇرمۇشىمۇ مەدھىيە ، ماختاش بىلەن ئۆزگىچە رەڭ ـ تۈسكە كىرىشى ، ئۆزىنى پەس كۆرىدىغانلار غەيرەت ، ئىشەنچ ، كۈچكە تولۇشى ، شۇ ئارقىلىق ئوڭۇشسىز ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ چىقىشقا ئازراق بولسىمۇ ئۈمىد تۇرغۇزۇشى مۇمكىن . بەزىلەر ماختاشنى ھاياتلىقتىكى «تۇرتكۈچ» دەيدۇ ، ئازراقلا ماختاپ قويۇش ، بەلكىم بىراۋنىڭ ئۆمۈرلۈك ھاياتىنىمۇ ئۆزگەرتىپ تاشلىشى مۇمكىن .

ئەلۋەتتە ، باشقىلارنى ماختىسا بولاتتى دەپ ساقلاپ ئولتۇرغىلى بولمايدۇ . ماختاشقا ئېرىشىش ئۈچۈن باشقىلارنى ماختاشنى ئۆگىنىش كېرەك ، مەيلى باشقىلار ئازراقلا نەتىجىگە ئېرىشسۇن

ياكى ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچراپ چۈشكۈنلىشىپ كەتكەن چاغلار بولـ
سۇن سەمىمىي ماختاش ، ئىلھاملاندۇرۇشتىن ئاز ـ تولا بېرىپ
قويسىڭىز ، ئۇلار تېخىمۇ غەيرەت ، ئىشەنچكە تولۇشى مۇمكىن .
باشقىلارنى ماختاش ئۆزئارا چۈشىنىشنى مۇستەھكەملەيدۇ . تېخىـ
مۇ مۇھىمى ، باشقىلارنىڭ ماختىشى ئارقىلىق ئۆزىدىكى كەمچىـ
لىكلەرنى كۆرۈپ يېتىپ ، ئۇنى تولۇقلاش ئۈچۈن بىرخىل بېسىم
كۈچى ھېس قىلىپ يېتەلەيدۇ .
ھاياتتا مۇنداقلارمۇ يوق ئەمەس ، يەنى بەزىلەر مەدھىيە ،
ئالقىش ، ماختاش سادالىرى ئىچىدە ئۇزۇن تۇرۇپ مەغرۇرلىنىپ
ئۆزىنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ ، بەزىلەر ماختاش — مەدھىيىگە ئېرىشىـ
مەن دەپ ، باشقىلارنى ئالداش ئۈچۈنلا چاپىدۇ . ئەمما ئارقىسىدىـ
كى ئەيىبلەش ، قارغاشلارغا قۇلىقىنى يوپۇرۇۋالىدۇ . يەنە بەزىلەر
يۇقىرىغا ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن تۆۋەننىڭ كۆزىنى بوياپ ، مەدـ
ھىيە — ماختاشنىڭ كۇرسىنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ . ئۇنتۇماسلىق
كېرەككى ، مەدھىيە بىرخىل سەنئەت ، ئۇنىڭ گۈزەللىكى تەبىـ
ئىي ، سەمىمىيلىكىدە . ئۇ خۇددى تۇزغا ئوخشايدۇ ، مۇۋاپىق
بولسا ھاياتقا تەم كىرگۈزىدۇ . ئاز ـ كۆپ بولۇپ كەتسە ، ھاياتنى
بەتتاملاشتۇرۇۋېتىدۇ . مەدھىيە ئىناقلىقنى ئاساس قىلغان ھاياتـ
لىق بېزىكى . مۇۋاپىقلىقى بىلەن ئىستېتىك گۈزەللىك زوق پەيدا
قىلغۇچى بوياق . ۋاقتى ـ سائىتى كەلگەندە تەرتىپ ، ئىنتىزام ،
ئۆلچىمى بىلەن چېلىنىدىغان چاۋاك .
ھەرقانداق بىر سەنئەتمۇ ئۆز چېكىدە گۈزەل ، ياخشى . ماخـ
تاشمۇ شۇنداق ، سەمىمىي ، راستچىللىق بىلەن ئېلىپ بېرىلغان
مەدھىيە ـ ماختاشلار كىشىنى زوقلاندۇرىدۇ . باشقىلار بىزنىڭ
ماختىشىمىزدىن سەنئەتنى ، غەرەزنى كۆرۈپ يېتەلمىسە ، پەقەت
سەمىمىي قەلبىمىزنى ھېس قىلىپ يېتەلىسە ، ئاندىن قالتىس
ماختاش بولغان بولىدۇ . تۇرمۇشتىكى تەبىئىي ناخشىلارنىڭ ئاـ
ھاڭ ، ئاۋازىلا چىن ، ياڭراق بولىدۇ . ماختاشمۇ تۇرمۇشنىڭ ،
قەلبىنىڭ چىنلىقىدىن ياڭرىسۇن .



## بىلىملە ئالغا باسايلى

دۇنيادىكى ئۆسۈملۈكلەر ئىچىدە ئەڭ ئېگىز قىزىل شەمـ
شاد . ئۇنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 90 مېتىر ، يەنى 30 قەۋەتـ
لىك بىنانىڭ ئېگىزلىكىگە توغرا كېلىدۇ .
ئالىملار قىزىل شەمشادنى ئىزدىنىپ تەتقىق قىلىش ئارقىـ
لىق ، نۇرغۇن غەلىتە ئىشلارنى بايقىغان . بىر بولغاندا ، قانچە
ئېگىز ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى شۇنچە چوڭقۇر بولۇشى
كېرەك . ئەمما ، ئالىملارنى ھەيران قالدۇرغىنى ، قىزىل شەمـ
شادنىڭ يىلتىزى يەر پوستىدىن ئازراقلا كىرىپ توختاپ قالغان ،
چوڭقۇر ئەمەس ئىكەن .
نەزەرىيە جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، چوڭقۇر يىلتىز تارتـ
مىغان دەرەخ ئاجىز ، ئازراقلا شامالدىمۇ ئۆرۈلۈپ چۈشۈش ئېھـ
تىماللىقى چوڭ بولىدۇ . ئۇنداقتا قىزىل شەمشاد قانداق قىلىپ
شۇنچە ئېگىز ئۆسەلىدى ھەم بوران ـ چاپقۇنغا بەرداشلىق بېرەلىـ
دى ؟
تەتقىقاتلار قىزىل شەمشادنىڭ يەككە ئەمەس ، توپلىشىپ ،
ئىنتايىن چوڭ كۆلەم ھاسىل قىلىپ ، ئۆسىدىغىنىنى خۇلاسىلەپ
چىقتى . يالغۇز ئۆسىدىغان گىگانت شەمشاد يوق . كۆلەملەشكەن
زور شەمشاد تۈپلىرىنىڭ يىلتىزى تېيىز بولسىمۇ ، ئەمما بىر ـ
بىرىگە ئىنتايىن زىچ گىرەلىشىپ ، ھەرقانچە كۈچلۈك بوران ـ
چاپقۇنمۇ مىت قىلالماس دەرىجىدە ئۇيۇلتاشتەك چىڭ شەمشادلار
گەۋدىسى ھاسىل قىلىدىكەن .
قىزىل شەمشادنىڭ تېيىز يىلتىزى ئۇنىڭ ئېگىز ئۆسەلىشىـ

دىكى پايدىلىق قۇرالى بولۇشى مۇمكىن ، يەنى ئۇ چوڭقۇر چۆكمىگەن يىلتىزى ئارقىلىق ، يەر يۈزىدىكى ئۆزىنىڭ يېتىلىشىگە پايدىلىق تەركىبلەرنى تېز قوبۇل قىلىدۇ ھەمدە ئوزۇقلۇقنى يىلتىز تارتىشقا سەرپ قىلماستىن ، تېخىمۇ تېز ، تېخىمۇ پۇختا ئۈستىگە يېتىلىشكە ئىشلىتىلىدۇ .

تەڭرى زېمىندا بىزنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىمىزگە نۇرغۇن ئىبرەتلەرنى قالدۇرغان ، گەپ بىزنىڭ ئۇنى ئەقىل - پاراسىتىمىز بىلەن ھېس قىلالىشىمىز ، ئۆزىمىزگە يېتەكچى قىلىش - قىلالماسلىقىمىزدا .

قىزىل شەمشاد بىزگە ئىنتايىن ياخشى يۆنىلىش بەلگىلەپ بېرەلەيدۇ ، يەنى ئۆزىمىزگە كەڭ ئۆگىنىش ، يېتىلىش زېمىنى بولۇش لازىملىقىنى ، توپلاشمىساق ، تورلاشمىساق بولمايدىغانلىقىنى ، تېخىمۇ مول بىلىم - تەجرىبىلەرنى ئورتاق توپلاپ ۋە پايدىلىنىپ ، قارىغۇلارچە ، پارتىزانلارچە يالغۇز ھەرىكەت قىلماستىن ، بىرلىشىپ ئورتاق زورايتىشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ .

ئۆزىمىزگىلا تايىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولمايدۇ ، ھەرقانداق ئىشتا باشقىلارغا ھامان تايىنىدىغان گەپ . بىرلىك بولسا تېخىمۇ تېز ئۇتۇق قازانغىلى بولىدۇ . قىزىل شەمشاد كۆلەملەشكەن توپ ئاساسىدىلا ئاجىز يىلتىزى بىلەنمۇ پەلەككە بويسوزالايدۇ . بوران - چاپقۇنغا مىتمۇ قىلىپ قويمايدۇ ، باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشايلى ، كوللېكتىپ ئىلگىرىلەيلى . تەجرىبە ، بىلىم ، ساۋاقلاردىن ئورتاق بەھرىلىنىپ ، ئورتاق چىقىش يولى ئىزدەپ ، ئىشلىرىمىزنى تېخىمۇ يۈكسەلدۈرەيلى .

ئەگەر بۇ خىل ھەمكارلىق ئاساسىدا ياردەملىشىشنىڭ ئۈنۈمىنى بايقاپ يېتەلىسەك ، قول تۇتۇشالىساق ، بىز ناھايىتى تېزلا يىمىرىلمەس بىر توپ ئورمانغا ئايلىنالايمىز .

ھەممەيلەنگە مەلۇم بولغىنىدەك ، مىكروسوفت سان - ساناق-



سىز خىزمەتچىسىنى بايلىق ئىگىسىگە ئايلاندۇردى ، ئەمما كىشىنى تېخىمۇ قايىل قىلىدىغىنى شۇكى ، ئۇلار بېيىغاندىن كېيىنمۇ مىكروسوفتتىن قۇيرۇقنى ئۈزۈپلا پەش قېقىپ كەتمىدى . بەزىلەر (بولۇپمۇ ئىستىپا سورىغانلار ) ئۇلار سېپىدى ، شۇنداقلا مىكروسوفتنى مەبۇد قىلىۋالدى دېيىشىدۇ ھەمدە پۇل تېپىش ، بېيىش ، ئىستىپا سوراشتىكى لاياقەت دەپ قارىشىدۇ . ئەمما مۇتلەق كۆپ ساندىكى مىكروسوفت زەردارلىرى ئۇنداق دەپ قارىمىدى ، بەلكى ئۇلار مىكروسوفتتىكى ئارام يوق ئالدىراشچىلىق ئىچىدە ئۆز - ئۆزىنى بېغىشلاشتىن ئىبارەت قىممەتلىك روھنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتەلىدى . بۇ يەردە ھەپتىسىگە 60 سائەت ئىشلەش نورمال ئەھۋال . مۇھىم مەھسۇلاتلار بازارغا سېلىنىشنىڭ ئالدىنقى بىرنەچچە ھەپتىدە ھەتتا ئۇلارنىڭ ئىشلەيدىغان ۋاقتى 100 سائەتتىن ئېشىپ كېتىدۇ . يەنە كېلىپ مىكروسوفتمۇ يۇقىرى تەمىنات بىلەن ئەمەس ، پىخسىقلىقى بىلەن نام چىقارغان شىركەت . مىكروسوفتنىڭ سابىق باش دىرېكتورىنىڭ ئاشكارىلىشىچە ، مۇدىرىيەت باشلىقى بىل گېيتس شىركەت ئۈچۈن كاماندىروپكىغا ماڭسىمۇ خۇسۇسىي ماشىنىسى بىلەن ئايرودرومغا بارىدىكەن ، ئولتۇرىدىغىنىمۇ ئىككىنچى دەرىجىلىك بۆلمە ئىكەن .

ئۇنداقتا ، شۇنچە كۆپ زەردارلارنى جان تىكىپ خىزمەت قىلىشقا جەلپ قىلغان نەرسە زادى نېمە ؟ جاۋاب بىرلا ، يەنى ئۆزلۈكتىن تامامەن ھالقىغان كوللېكتىپ ئېڭى ، بۇ كوللېكتىپ ئاڭ مىكروسوفتتا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان . مىكروسوفتلىقلار مۇنداق قارايدۇ : ئۇلار ئۆزىگە ئەمەس ، ئالاھىدە بىر خىل توپقا — مىكروسوفتقا تەۋە . مىكروسوفت بۇ خىل كوللېكتىپ ، توپ مەدەنىيىتى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ :

بۇ خىل كارخانا مەدەنىيىتى ئالاھىدە بىر خىل كەيپىياتنى بارلىققا كەلتۈرگەن ، بۇ خىل كەيپىياتتا ئىجادىي تەپەككۇر ئۈز-

لۈكسىز ئۆرگۈپ چىقالايدۇ. ئىشچى - خىزمەتچىلەر يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى تەلتۆكۈس جارى قىلدۇرالايدۇ. مىكروسوفت شەكىللەندۈرگەن بۇ كەيپىيات شىركەتتىكى بارلىق بايلىق مەنبەلىرىدىن بەھرىمەن بولۇشتىن باشقا، ئۆزىنى ئەڭ زور دەرىجىدە نامايان قىلالايدىغان، ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرالايدىغان سەرخىل گۇرۇپپا ۋە ئورۇندىن بەھرىمەن بولۇش ھەممە ئادەمدە ئۆزگىچە خاس پىكىر، كۆزقاراش بولىدۇ. ئەمما بۇ خۇسۇسىي پىكىر، كۆزقاراشنى ئىپادىلەشتۇرىدىغىنى دەل مىكروسوفتتىن ئىبارەت بۇ توپ، بۇ كوللېكتىپ. مېنىڭ تۇتقان يولۇم ئىزچىل ئەڭ جانلىق، يېڭىلىق يارىتىش روھىغا ئىگە سەرخىل تالانتلىقلارنى تەكلىپ قىلىش ۋە ھوقۇق، مەجبۇرىيەت، بايلىقنى ئۇلارغا قوشلاپ تۇتقۇزۇپ، ئىشنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ تاماملىشىش!

كېلىڭلار، بىللە ئالغا باسايلى!



# ھېكمەتلىك ھېكايەتلەر

# بىرىنچى باب
# مېھرى شەپقەت ھەققىدە

## كىچىككىنە كۈن نۇرى

ئېلىسانىڭ ئۆيى تاغدا . قۇياش نۇرى جەنۇب تەرەپتىكى دېرىزىدىن چۈشۈپ ھەر كۈنى ئۆيىنى ئىللىق نۇرغا ئوراپ تۇرىدۇ . ئەمما ، ئېلىسانىڭ مومىسىنىڭ ھۇجرىسى شىمال تەرەپتە بولغاچقا ، كۈن نۇرى زادىلا چۈشمەيتتى .

— دادا ، مومامنىڭ ھۇجرىسىغا نېمىشقا كۈن نۇرى چۈشمەيدۇ ؟— دېدى بىر كۈنى ئېلىسا دادىسىغا ،— مېنىڭچە مومامۇ ئاپتاپقا ئامراق .

— ئەمما قۇياشنىڭ نۇرى ئۇ تەرەپكە ئۆتەلمەيدۇ — دە ، قىزىم .

— ئۇنداقتا ئۆيىنى چۆرىسەك بولمامدۇ ؟— دېدى قىز ساددىلارچە .

— ئۆيىنى قانداق چۆرىگىلى بولسۇن ؟

— ئەمىسە مومام قۇياشنىڭ ئىللىق نۇرىنى زادىلا كۆرەلمەيدىكەن — دە ؟

— ئامال يوق ، قىزىم . ياكى سەن كۈن نۇرىدىن ئازراق ئەكىرىپ بېرەمسەن ؟

قىز شۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىپ مومىسىغا كۈن نۇرى ئەكىرىپ بېرىشنىڭ خىيالىدا قالدى . بىر كۈنى ئەتىگىنى ئۇ گۈللۈكتە ئويناۋېتىپ ، تۇيۇقسىزلا يۇمشاق ، ئىللىق قۇياش نۇرلىرىنىڭ سارغۇچ چاچلىرىدا ، كىيىملىرىدە جۇلالاپ تۇرغىنىنى



كۆرۈپ قالدى . «كۈن نۇرىنى كىيىمىمگە ئوراپ مومامغا ئەكىرىپ بەرسەمچۇ ؟» . ئېلىسا تۇيۇقسىزلا شۇلارنى ئويلىدى — دە ، خۇشلۇقتىن سەكرەپ كەتتى .

— موما ، قارىڭە ، مەن سىزگە كۈن نۇرى باشلاپ ئەكەلدىم .

ئېلىسا قۇچاقلىۋالغان كىيىملىرىنى ئاچتى . ئەمما ئەمدى چاقناپ تۇرغان كۈن نۇرىنى كۆرەلمىدى .

— بالام ، — دېدى موماي ئىللىق كۈلۈمسىرەپ ، — ئاپتاپ كۆزۈڭدە تۇرمامدۇ ؟ چاچلىرىڭدا قۇياش چاقناپتۇ . سەنلا قېشىمدا بولساڭ ، ئاپتاپ دېگەن شۇ ئەمەسمۇ ! . . .

ئېلىسا نېمە ئۈچۈنلۈكىنى چۈشەنمىسىمۇ ، مومىسىنىڭ خۇش بولغىنىدىن يايراپ كەتتى .

شۇندىن كېيىن ، ھەر كۈنى ئەتىگىنى ئېلىسا گۈللۈكتە ئوينايتتى . ئاندىن كۆزلىرى ، چاچلىرىدىن تاراپ تۇرغان كۈن نۇرىنى ئېلىپ مومىسىنىڭ قېشىغا چاپاتتى .

**ھېكمەت :**

**ھېسداشلىق بارلىق ئەخلاقلار ئىچىدىكى ئەڭ گۈزەل . ئۇ خۇددى سوۋغاتقا ئوخشاش يۈرىكىمىزنى ئىللىق تەسىراتقا چۆمدۈرىدۇ .**

# كۆزئەينەكنى ئىچىك

ناھايىتى جىمجىت بىر چۈشتىن كېيىنكى مەزگىلدە ، لوندوندىكى ئۇزۇن يىل رېمونت قىلىنماي تاشلىنىپ قالغان بىر بىنا تۇيۇقسىزلا ئۆرۈلۈپ چۈشتى . ئەتراپتىكى ئاھالىلەر ناھايىتى تېزلىكتە يىغىلغان بولسىمۇ ، لېكىن قۇتقۇزۇش خادىملىرىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى ساقلاشتىن بۆلەك ھېچ ئىش قولىدىن كەلمەي قاراپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى . ھەتتا ، قاپ بېلىدىن ئۆرۈلۈپ چۈشكەن كېسەك ، تاشلارغا بېسىلىپ قېلىپ ، بېشىلا چىقىپ قالغان بىرەيلەنگىمۇ ئامال قىلىشالمىدى . ئۇنىڭدىن قان كۆپ چىقىپ كەتكەچكىمۇ ، نەپەس ئېلىشى قىيىنلىشىپ ، كۆزلىرىمۇ يۇمۇلۇپ كېتىۋاتاتتى .

دەل شۇ چاغدا بىر ئوغۇل بالا ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كەلدى ۋە پىچىرلىدى :

— كۆزئەينەكنى ئىچىك ! بەردەمرەك بولۇڭ ! مەن سىزگە گەپ قىلىپ بېرەي ، ھەرگىز كۆزئەينىڭىزنى يۇمۇلۇپ قالمىسۇن .

يۇمۇلغان كۆزلەر ئېچىلدى . ئۇنىڭدىن ۋەھىمە ۋە مىننەتدارلىق ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇراتتى .

ئوغۇل ئۇنىڭدىن شۇ قەدەر سادىلىق بىلەن قانچە ياشقا كىرگەنلىكىنى ، نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى سوراپ چىقتى . لېكىن ئېچىلغان كۆزلەر ئۇزاققا بەرداشلىق بېرەلمەي يەنە بىر قېتىم يۇمۇلۇپ قالدى . ئوغۇل يەنە توۋلىدى :

— كۆزئەينەكنى ئىچىك !

ئەمما ئۇ ئاڭلىمىغاندەك ھېچقانداق ئىنكاس قايتۇرالمىدى . كىشىلەر نەدىندۇر دوختۇر تېپىپ كەلدى ۋە ئوكسىگېن نەيچىسى



ئارقىلىق نەپەسلەندۈردى . كۆزلەر يەنە بىر رەت ئېچىلدى .

قۇتقۇزۇش خادىملىرى ئاخىرى يېتىپ كەلدى ۋە بېسىلىپ قالغان ئەرنى قۇتقۇزۇپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېتىشتى . ئەتراپتىكىلەر ئوغۇلدىن : «ئۇ سېنىڭ نېمەڭ ؟» دەپ سوراشتى بەس - بەستە .

— مەن ئۇنىڭ كىملىكىنى نېمە بىلەي ؟— دېدى ئوغۇل مۈرىسىنى قىسىپ . ئوغۇل بىلەن بېسىلىپ قالغۇچى ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق قانداشلىق مۇناسىۋىتى يوق . ئەمما ھاياتىنىڭ قىممەتلىكلىكىگە بولغان تونۇشتىن ئۆرلىگەن سەمىمىي ھېسداشلىق ئوغۇلنى ھېسداشلىق مېھرىگە چاقىرىپ چىللىغان ، خالاس .

**ھېكمەت :**

**ھېسداشلىق ئىنسانلىق ياخشى تىلەك ئەمەس ، ھاياتلىق نىجاتكارى .**

# چىشلەنگەن ساندۋىچ

بىر ئايال بەش - ئالتە ياشلار چامىسىدىكى ئوغلىنى ئېلىپ ئاشخانىغا كىرىپتۇ ۋە ساندۋىچتىن ئىككىنى بۇيرۇتۇپ قويۇپ، پوكەي ئالدىدىلا ساقلاپ تۇرۇپتۇ. بۇ چاغدا كىيىملىرى جۇل - جۇل، ئازراق دۇمچەك كەلگەن بىر ئادەم كىرىپ، يۇغۇشتۇرۇلمىغان ئۇستەللەردىكى ئاشقان - تاشقان نەرسىلەرنى مالتىلاپ يېگىلى تۇرۇپتۇ.

— ئانا، — دەپتۇ ئوغۇل پىچىرلاپ، — قارا، ئاۋۇ ئادەم باشقىلارنىڭ تامىقىنى يەۋالدى.

— قورسىقى ئاچ، پۇلى يوق، بالام، — دەپتۇ ئانىسى.

— ساندۋىچتىن بىرنى ئۇنىڭغا بېرەيلى ئەمىسە.

— ئۇ باشقىلاردىن ئاشقان تاماقنىلا يەيدۇ، بالام.

ئۇزاق ئۆتمەيلا كۈتكۈچى ئۇلار بۇيرۇتقان تاماقنى ئېلىپ چىقىپتۇ. ئوغۇل بولسا بىر ساندۋىچنى قولىغا ئېلىپ ئىتتىكلا بىرنى چىشلەپتۇ ئاندىن ھېلىقى ئادەمنىڭ ئالدىغا يۈگۈرگىنىچە بېرىپ، ساندۋىچنى قويۇپ دەپتۇ:

— بۇمۇ چىشلەنگەن، ئېشىپ قالغان!

ھېلىقى ئادەم ھاڭ - تاڭ قاپتۇ. ئېسىنى يىغىپ رەھمىتىنى بىلدۈرۈپ بولغىچە ئوغۇل بالا كېتىپ قالغانىدى.

**ھېكمەت:**

**ئالىيجاناب، مېھرى - شەپقەتلىك ئادەملەر باشقىلارغا كۆپ بېرىدۇ، باشقىلاردىن ئاز ئالىدۇ.**



# مەلھەم پلاستىر[1]

— نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن، ئاپا، — سۈزىن سورىدى.

— قوشنىمىز گرىن مومايغا تورت ياساۋاتىمەن.

— نېمىشقا؟ — ئەمدىلا يەتتە ياشقا كىرگەن قىز سۈزىن يەنە سورىدى.

— گرىن مومايىنىڭ قىزى ئۆلۈپ كېتىپ، يۈرىكى زېدە. ئازابتىن پۈتۈن جىسمى پارە - پارە بولۇپ كەتتى قىزىم. شۇڭا ھەممىمىز ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالمىساق بولمايدۇ.

— نېمىشقا؟

— ماڭا قارا، سۈزىن. بىر ئادەمنىڭ قەلبى جاراھەتلەنگەندە، ئۇ ھەتتا ئادەتتىكى ئىشلارنىمۇ جايىدا قىلالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. بىز ھەممىمىز بىر مەھەللىدىن، گرىن موماي بىزنىڭ قوشنىمىز، شۇڭا ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشىمىز كېرەك. ئۇنىڭ قىزى ئۆلۈپ كەتتى، بالام. ئەمدى ئۇ قىزى بىلەن گەپلىشىپ ئولتۇرالمايدۇ. قىزىنى قۇچاقلىيالمايدۇ ھەم بىرگە ئوينىيالمايدۇ. بەك ئازابلىق، قىزىم، سۈزىن، سەنمۇ خېلى ئەقىللىق، سەنمۇ گرىن موماينى خۇش قىلىدىغان بىرەر ئىشنى قىلىپ باقامسەن؟

سۈزىن ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن ئويلىنىشقا كىرىشتى. ئارىدىن نەچچە مىنۇت ئۆتەر - ئۆتمەيلا ئۇ گرىن مومايىنىڭ ئىشىكى تۈۋىدە پەيدا بولدى. گرىن موماي ئىشىكنى ئېچىپ سۈزىننى كۆرۈپ ھەيران بولدى. ئۇھازىرلا يىغلىۋېتىدىغاندەك قىلاتتى. قاپىقىمۇ ئىششىپ كەتكەنىدى.

---

① 创可贴 — مەلھەم پلاستىر دەپ تەرجىمە قىلىندى.

— نېمىدەپ كەلدىڭىز ، سۈزىن ؟— دېدى موماي .

— ئاپام سىزنى قىزى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن يۈرىكى يارا ، زېدە ، پارە ـ پارە بولۇپ كەتتى دەيدۇ . زېدە يەرگە بۇنى چاپلايدىغۇ ؟— ئۇ قولىدىكى بىر دانە مەلھەم پلاستىرنى چىقاردى ،

— بۇنى سىزنىڭ يۈرەك زېدىڭىزگە چاپلاڭ دەپ ئەكەلدىم . . .

موماينىڭ بوغۇزى غىققىدە بولۇپ ، كۆزلىرىدە لىپمۇلىق ياشلار لىغىلداپ قالدى . ئۇ تىزلانغىنىچە سۈزىننى مەھكەم قۇچاقلىۋالدى : «رەھمەت قىزىم ، بۇ راستتىنلا زېدىنى ساقايتىدۇ» دەيتتى ئۇ مىچىلداپ .

گىرىن موماي بىر دانە ئەينەك رامكا سېتىۋېلىپ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ كوللېكتىپ چۈشكەن رەسىمىنى ھەمدە سۈزىن ئەكىرگەن مەلھەم پلاستىرنىمۇ رامكىنىڭ ئىچىگە سېلىپ قويدى . موماي رەسىم رامكىسىغا قاراپ قىزلىرى بىلەن بىرگە ئۆتكەن خۇشال كۈنلىرىنى ئەسلەيتتى . مەلھەم پلاستىر ئۇنىڭ يۈرەك زېدىسىنى داۋالاپ ساقايتىشنىڭ سىمۋولى ئىدى .

**ھېكمەت :**

**كۆيۈنۈش قۇرۇغان شاخلاردىن بىر ئۇندۇرگۈچى باھار شامىلىدۇر .**



## پاسخا بايرىمى ۋە رەڭلىك تۇخۇم

جىم تۇغۇلۇشىدىنلا سەل ـ پەل دەلدۈش ھەم بەدەن شەكلى ئۆزگىرىپ كەتكەن بولۇپ ، ئىنكاسى ئاستا ، يەنە كېلىپ ئېغىر كېسەل ئاستا ـ ئاستا ئۇنىڭ يىلىكىنى شوراپ تۈگەتمەكتە ئىدى . ئەمما ئاتا ـ ئانىسى بار تىرىشچانلىقىنىڭ ھەممىسىنى كۆرسىتىشىپ ئۇنى نورمال تۇرمۇشتىن بەھرىمەن قىلدۇرۇشقا ئۇرۇناتتى . مەكتەپكىمۇ بەرگەنىدى .

باھار كەلدى . باللارنىڭ ھەممىسى پاسخا بايرىمى (ئۇيغۇرلاردىكى نورۇز ، خەنزۇلاردىكى باھار بايرىمىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ) بايرام ھەققىدە بەس ـ بەستە پىلان تۈزۈشكىلى تۇردى . رېس مۇئەللىم باللارنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن سولياۋ رەڭلىك تۇخۇم تارقىتىپ بەردى ھەمدە ئەتىگىچە يېڭى ھاياتلىقنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان مەلۇم بىر نەرسىنى رەڭلىك تۇخۇم ئىچىگە سېلىپ ئەكىلىشنى تاپىلىدى .

ئەتىسى ئەتىگىنى ، تاڭ ئېتىپ تورغاي چۇچۇلىماستا ، 19 نەپەر ئوقۇغۇچى روھلۇق ھالدا مەكتەپكە يېتىپ كېلىپ بولدى . ھەممە ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن رەڭلىك تۇخۇملارنى مۇنبەردىكى سېۋەتكە قويۇشتى . ماتېماتىكا دەرسىدىن كېيىن پاسخا بايرىمى تۇخۇملىرى ئېچىلماقچى ئىدى .

رېس مۇئەللىم بىرىنچى رەڭلىك تۇخۇم ئىچىدىن بىر تال گۈل ئالدى .

— ناھايىتى ياخشى ، گۈل ھەقىقەتەنمۇ يېڭى ھاياتلىققا تىمسال ،— دېدى ئۇ .

— چىرايلىق كېپىنەك ، ئۇ كىچىككىنە قۇرتچىدىن يوغىنىـ

غان . دېمەككى يېڭى ھاياتلىقنىڭ سىمۋولى ،— دېدى رېس مۇئەللىم ئىككىنچى رەڭلىك تۇخۇم ئىچىدىن چىرايلىق سۇلياۋ كېپىنەكتىن بىرنى ئېلىۋېتىپ . ئۇ ئارقىدىنلا ئۈچىنچىسىنى ئاچتىيۇ ، تۇرۇپلا قالدى . تۇخۇم قۇپقۇرۇق ئىدى . «جەزمەنكى جېمىنىڭ ،— دەپ ئويلىدى ئۇ ،— ئورۇنلاشتۇرغان تاپشۇرۇقنى چۈشىنەلمىگەن ئوخشايدۇ» .

جىمنى ئوڭايسىزلاندۇرماسلىق ئۈچۈن ، ئۇ قۇرۇق تۇخۇمنى ئاستاغىنە بىر تەرەپكە قويۇپ قويدى ۋە يەنە بىرىگە قول ئۇزاتتى .

— مۇئەللىم ،— تۇيۇقسىزلا جېمىنىڭ ئۈنلۈك تولغان ئاۋازى ئاڭلاندى ،— مېنىڭ تۇخۇمۇم توغرىلىق ھېچنەرسە دېگۈڭىز يوق ، شۇنداقمۇ ؟

— بىراق ،— دېدى مۇئەللىم ئامالسىز ،— سەن ئېلىپ كەلگەن بۇ تۇخۇم قۇپقۇرۇق تۇرسا !ھ

جېم مۇئەللىمنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ ، پەس ئاۋازدا دېدى :

— شۇنداق ، ئۇ قۇرۇق . لېكىن ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ قەبرىسىمۇ قۇپقۇرۇققۇ . ئەيسا كىرىستقا مىخلانغاندىن كېيىن جەسىدى دەپنە قىلىنىدى . ئەمما تەڭرى ئۇنىڭغا قايتا ھاياتلىق ، تىرىلىش ئاتا قىلدى . ئەجىبا ، ئەيسانىڭ قەبرىسىمۇ يېڭى ھاياتلىقنىڭ سىمۋولى ئەمەسمۇ ؟ !

ھەممە جىمىپ كەتتى . سىنىپ چىۋىن ئۈچىسىمۇ ئاڭلانغۇدەك تىمتاسلىققا پاتتى . ۋاقىت توختاپ قالغاندەك ئىدى . دەل شۇ چاغدا قوڭغۇراق چېلىنىپ ھەممە بىر - بىرلەپ دەرسخانىدىن چىقىپ كېتىشتى . ئېغىر جىمجىتلىققا پاتقان سىنىپ ئىچىدە يالغۇز قالغان رېس مۇئەللىم تۇيۇقسىزلا بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى . ئۇ ئاخىرى چۈشىنىپ يەتتى . جېم ھەرگىزمۇ دۆت ئەمەس ئىدى .

ئۈچ ئايدىن كېيىنلا ، جېمىنىڭ كېسىلى تۇيۇقسىز يەنە قوز-



غىلىپ ئۆلۈپ كەتتى . ئۇنىڭغا تەزىيە بىلدۈرۈش ئۈچۈن كەلگەنلەر ھەيرانلىق ئىلكىدە شۇنى بايقاشتى : ئۇنىڭ تاۋۇتى ئۈستىگە 19 دانە رەڭلىك تۇخۇم قويۇلغان ئىدى ، ئەمما ھەممىسىلا قۇپقۇرۇق ئىدى .

**ھېكمەت :**

**مېھرى - شەپقەت ھاياتىمىزغا مەنە قوشىدۇ .**

## بوتۇلكا تەرگۈچى بالا

تۈن كېچە، پويىز تاغ - ئېدىرلاردىن ئۈچقاندەك شۇڭغۇپ ئۆتمەكتە. ھەممە ئويقۇغا كەتكەن. ئەمما ياشقىنە بىر ئوغرى تىمىسقىلاپ يۈرۈپ باشقىلارنىڭ يانچۇقىغا قول تىقماقتا. تۇساتتىنلا پويىز ساقچىسى ئۇنى بايقاپ قالدى ۋە قوغلاشقا باشلىدى.

ھەممە جىمجىت. پەقەتلا بىر بالا تاشلاندۇق بوتۇلكىلارنى تېرىپ يۈرمەكتە...

ئوغرى پويىزدىن سەكرىمەكچى بولدى. ئەمما پويىز سۈرئىتى ئىنتايىن تېز بولۇپ، سەكرىسىلا كۆككۆم - تالقان بولۇشى ئېنىق. ئۇ ئارقىسىغا قارىدى. يانىدىكى ۋاگوندىلا بىر ساقچى قوغلاپ كەلمەكتە. ئۇنىڭغا باشقا يولمۇ يوق.

پويىز جىددىي تورمۇزلاندى. ئوغرى ئۆزىنى تەستە ئوڭشاپ دېرىزىگە چاققانلىق بىلەن ياماشتى. «ۋاي كۆزۈم». ئۇ يېرىم گەۋدىسىنى پويىز دېرىزىسىدىن سىرتقا ئېلىشىغا بىر بالىنىڭ چىرقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئوغۇل ئۆزىمۇ تۇيماي ئارقىسىغا بۇرۇلدى. ھېلىقى بوتۇلكا تەرگۈچى بالىنىڭ قولىدىكى بوتۇلكا جىددىي تورمۇزلانغاندا قەيەرلەرگىدۇر سوقۇلۇپ چېچىلغان ۋە بالىنىڭ يۈز - كۆزلىرىنى قانغا بويىغان، يارىلاندۇرغانىدى.

ئوغرى سەل - پەل ئارىسالدى بولدىيۇ، ئەمما تېزلا سەكرەپ يېنىپ كېلىپ، يۈز - كۆزلىرى قانغا بويالغان بالىنى كۆتۈرۈپ ساقچى تەرەپكە، ئۇنىڭمۇ كەينىدىكى داۋالاش بۆلۈمچىسى تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى.

بالا ۋاقتىدا قۇتقۇلدۇرۇۋېلىندى. ئوغرىمۇ ۋاقتىدا قولغا ئېلىندى.



— راستىڭنى ئېيت، — دېدى ساقچى ئوغرىغا، — ئەسلىدە تامامەن قېچىپ كېتەلەيتتىڭ، ئۇنى نېمىدەپ قۇتقۇلدۇرىسەن؟

— چۈنكى...

— دەۋەر.

— چۈنكى مەنمۇ كىچىك ۋاقتىمدا پويىزدا بوتۇلكا تېرىدىغان بالا ئىدىم، ھېچكىمنىڭ، ھېچكىمنىڭمۇ مەن بىلەن كارى يوق ئىدى...

ئوغرىنىڭ جاۋابى ساقچىنى ھەيران قالدۇردى. ئارقىدىنلا ساقچىنىڭ ئېيتقان مۇنۇ گەپلىرى ئوغرىنى تېخىمۇ ھاڭ - تاڭ قالدۇردى:

— بەختىڭ بار ئىكەن، سەن بالىنىلا ئەمەس، ئۆزۈڭنىمۇ قۇتقۇزدۇڭ. بىلەمسەن؟ سەن سەكرىمەكچى بولغان جاي باش - ئايىغى يوق پايانسىز سازلىق ئىدى.

**ھېكمەت:**

**گۈل سوۋغا قىلغۇچىنىڭ قولىدا گۈلنىڭ پۇرىقى قالىدۇ. خۇدا بىزگە مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرنىڭ يوقسۇل، ئىگە - چاقىسىزلارغا قىلغان خەير - ئېھسان، سەدىقىلار، ئەمەلىيەتتە ماڭا قىلىنغان بىلەن ئوخشاشتۇر. سىلەر شۇ سەۋەبلىك بەختكە مۇيەسسەر بولىسىلەر».**

## ۋېتىرنىڭ ئارزۇسى

— روژدېتسوۋ بوۋايدىن قانداق سوۋغاتقا ئېرىشىشنى بەكرەك خالايسىلەر؟

جۇلىيا مۇئەللىمنىڭ بۇ سوئالى بىلەن سىنىپنىڭ ئىچى پاتپاراق شاۋقۇن ـ سۇرەنگە لىق تولدى. پەقەت بىر ئوغۇل باللا بۇ مالىماتاڭ، غوۋغالارنى ئاڭلىمىغاندەك جىمجىت ئىدى. ئۇنىڭ ئىسمى ۋېتىر، ئائىلىسى نامرات، ئانىسى يوق، ئەمما ۋېتىر ھەر تەرەپتىن سىنىپتىكى ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغاندەك زېرەك بالا.

— ۋېتىر، سەنچۇ؟ سەن نېمىگە ئېرىشىشنى بەكرەك خالايسەن؟— جۇلىيا مۇئەللىم ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ مۇلايىم ئاۋازدا سورىدى. ۋېتىر ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ دېدى:

— مۇئەللىم، بىزنىڭ ئۆيىنىڭ تۇرخۇنى يوق تۇرسا، روژدېتسوۋ بوۋاي نەدىن كىرىدۇ؟— ئۇنىڭ ئاۋازى مۇڭدىن بوغۇلۇپ قالغانىدى. مۇئەللىم كۈلۈمسىرىگىنىچە روژدېتسوۋ بوۋاينىڭ ئامال تېپىپ كىرەلەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. ۋېتىرنىڭ كۆزى باشقىچە نۇرلىنىپ، يۈزىگە خۇشاللىق ئالامەتلىرى تېپىپ چىقتى ۋە تولىمۇ روھلۇق ئاۋازدا:

— ماڭا بىر جۈپ پاختىلىق پەلەي ۋە بىر جۈپ پاختىلىق پايپاق بولسىلا كۇپايە،— دېدى. بۇنى ئاڭلاپ سىنىپتىكى باللارنىڭ ھەممىسى پاراقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى. ۋېتىر ئۆزىمۇ كۈلۈپ كەتتى. ئەمما ئۇنىڭ كۈلكىسى شۇ قەدەر ساپ، ساددا كۈلكە ئىدى.

— نېمىشقا؟



جۇلىيا مۇئەللىم ۋېتىرنىڭ بۇ ساددا ئارزۇسىنىڭ تېگى ـ تەكتىنىڭ ئۇنچىۋالا بوش يەردىن چىقمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئۈلگۈردى.

— مۇئەللىم، سىزنىڭ قولىڭىز بەك توڭلايدۇ، سوغۇق. بىز كەينىڭىزدىن سىزنى «مۇز قول مۇئەللىم» دەپ ئاتايمىز. ئەگەر ئەشۇ پاختىلىق پەلەينى سىزگە بەرسە قولىڭىز ئىسسىق تۇرسا دەيمەن. مومايىنىڭ پۇتى ئۈششۈپ قالغان. پاختىلىق پايپاقنى ئۇنىڭغا بەرسەم، پۇتى ياخشىلىنىپ قالارمىكىن دەيمەن.

بايىلا مەسخىرىلىك پاراقلاپ كۈلگەنلەر جىمىپ كەتتى. قانداقتۇر بىر نەرسە ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى بوش چېكىپ ئۆتكەندەك بولدى. جۇلىيا مۇئەللىم پۈتۈن بەدىنىنىڭ ئوتتەك بىر سېزىمنىڭ ئىسكەنجىسىدە تىترەپ توختىغىنىنى، بۇرنىنىڭ قىمىلداپ كەتكەنلىكىنىلا ھېس قىلالىدى. ئۇ ۋېتىرنىڭ ئۆز قولىنى ئىسسىتىپ قويۇش ئويى بارلىقىنى، شۇنچە نامرات تۇرۇقلۇقمۇ، ئۆز ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ئەمەلگە ئاشىدىغان چاغلاردىمۇ يەنىلا شۇ قەدەر ئاددىي ئەمما مۇقەددەس ئوي ـ ئارمانلاردا بولىدىغىنىنى ئەسلا ئويلاپ باقمىغانىدى.

**ھېكمەت:**
**كۆيۈنۈش مېھرى ـ شەپقەت دەرىخىنىڭ بىر تال كۆركەم چېچىكى.**

# ئوڭ قول ۋە سول پۇت

دالى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئوقۇتقۇچى بولدى. تۇنجى سائەتلىك دەرستە ئۇ جىددىيلىشىپ، تامدىكى مەنزىرە رەسىملىرىگە بىر نەچچە رەت قارىۋېلىپ ئاندىن كەيپىياتىنى تۇراقلاشتۇرالىدى.

— بولدى، باشلايلى، — دېدى ئۇ ئوقۇغۇچىلارغا قاراپ، — ئەگەر دەرستىن رازىمەنلىك ھېس قىلساڭلار چاۋاك چېلىڭلار.

بۇ ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەسەۋۋۇرى، سەگەكلىكىنى قوزغاش ئۈچۈن قوللىنىۋاتقان ئۇسۇلى ئىدى. دېگەندەكلا ئوقۇغۇچىلار بارا - بارا پاسسىپ، جانسىز ھالەتتىن قۇتۇلۇپ جانلىق، تېتىكلىشىشكە باشلىدى. دالىمۇ تېخىمۇ ئېچىلىپ - يېيىلىپ ھەممە ئوقۇغۇچىنى بىردىن - بىر كۆزىتىپ چىقتى. ئەمما نەزىرى توساتتىنلا ھېچقانداق ئىپادىسىز، بۈتتەك قېتىپ ئولتۇرغان بىر ئوقۇغۇچىغا چۈشۈپ قالدى. دالى يەنە بىر رەت ئوقۇغۇچىلارنى دىققەتكە چاقىردى. ئەمما ھېلىقى ئوغۇل بالا يەنىلا ئىپادىسىز.

— ئىسمىڭ نېمە؟ — دەپ سورىدى دالى قوپاللىق بىلەن.

ئوغۇل كالپۇكىنى چىڭ چىشلىۋالغانىدى. ئوڭ قولى يانچۇقىدا چىرايىدا سەل - پەل ئاچچىقمۇ باردەك قىلاتتى. ئۇ جاۋاب بېرىپ بولغىچە، يېنىدىكى يەنە بىر بالا: «مۇئەللىم، ئۇنىڭ ئىسمى توماس» دېدى.

دالى ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ دەرسنى ئۆتۈۋېرىشكە مەجبۇر بولدى. ئەمما قىزغىن كەيپىياتى نەلەرگىدۇر غايىب



بولدى ۋە «بەخت» دېگەن تېمىدا يېزىقچىلىق تاپشۇرۇقى ئورۇنلاشتۇرۇپ چىقىپ كەتتى.

بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ توماس يەنە بىر ئىش چىقاردى. يەنى بىر ئوغۇل بالا بىلەن ئۇرۇشتى. دالى مۇئەللىم جېدەلنى پەسەيتىش ئۈچۈن ئالدىراپ بارغىنىدا، توماسنىڭ پۈتۈن ئەپتى كۆرگۈسىز بولۇپ كەتكەنىدى. ئۆزگەرمىگىنى يەنىلا يانچۇقىغا تىقىۋېلىنغان ئوڭ قول، مىت قىلماسلىق، قىزارغان يۈز ئىدى.

— يەنە نېمە بولدى، توماس؟

توماس پەرۋامۇ قىلىپ قويماي ئۆرۈلگىنىچە كېتىپ قالدى. دالى مۇئەللىم ئىلاجسىز يېنىپ كەلدى.

— توماسنىڭ ئوڭ قولى توك سوقۇۋېتىپ ئۈزۈلۈپ كەتكەن!

بىر قىزنىڭ ئېغىزىدىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان دالىنىڭ يۈرىكى ئاچچىق زىڭىلداپ توختىدى.

كەچلىكى، دالى تاپشۇرۇق دەپتەرلەر ئارىسىدىن توماسنىڭ دەپتىرىنى ئالايىتەن سۇغۇرۇپ ئالدى ۋە تۇنجى قېتىم 99 نومۇر قويۇپ، كەينىگە تۆۋەندىكى گەپلەرنى يېزىپ قويدى: «ساڭا تولۇق نومۇر قويماسلىقىمدىكى سەۋەب، سەن تېنىڭدىكى جاراھەت تۈپەيلى روھىڭنىمۇ چۈشكۈن قىلىۋاپسەن. ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىدىغان بولساڭ، دالى مۇئەللىمنىڭمۇ سول پۇتى يوق توكۇر ئىكەنلىكىنى بايقايسەن. ئۇنىڭ كەينىگە ئىنتايىن ئاچچىق بەختسىزلىك يوشۇرۇنغان. ئەمما ئۇ بەخت تۇيغۇلىرىنى رەت قىلىپ باققىنى يوق. ئۇ ئاددىيلا ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىنى تاللىۋالغان بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا ئىنتايىن ئەستايىدىل، شاد - خورام ياشاۋاتىدۇ».

ئەتىسى دالى خۇددى ھېچ ئىش يۈز بەرمىگەندەكلا سىنىپقا كىرىپ تاپشۇرۇق دەپتەرلەرنى تارقىتىپ بەردى. دەرس ئۆتتى. دەرستىن چۈشۈشكە بەش مىنۇت قالغاندا ئۇ: «ئۇنداقتا بىز

تۆنۈگۈنكى مەزمۇننى تەكرارلاپ باقايلى ، ئەما ئازراق ئۆزگەرتىش كىرگۈزىمىز ، يەنى ئەگەر رازى بولغان ، بەخت تۇيغۇسىغا چۆمگەن بولساڭلار پۇتۇڭلارنى يەرگە ئۇرۇڭلار ، مانا مۇنداق » دېدى ۋە ئۆزى ئالدى بىلەن كۆرسەتتى . ئۇنىڭ سول پۇتى يالغان بولغاچقا ئىككى پۇتىنى تەڭ كۆتۈرۈپ سەكرىشى كېرەك ئىدى . قارىماققا بەكمۇ ھەزىل كۆرۈنەتتى .

ئارقىدىنلا سىنىپ ئىچىنى بوران باسقاندەك گۇلدۇر - تاراق ئاۋازلار بىر ئالدى . دالى شۇ ئاۋازلارنىڭ ئىچىدىن ئەڭ قاتتىق دۈپۈرلىگەن ئاۋازنى ئەڭ ئالدى بىلەن ئاڭلاپ يەتتى . ئاۋاز چىقارغۇچىنىڭ كۆزلىرى لىپمۇلىق ياشقا تولغانىدى .

ھەئە ، دالى بەختلىك . ئۇ بۇرۇن ئۆز قەلبىدىكى ناھايىتى چوڭقۇر ھەسرەتنى داۋالىغانىدى . ئەمدى يەنە بىر زېدە باسقان يۈرەككە مەلھەم بەردى .

**ھېكمەت :**

**كۆيۈنۈش خۇددى چاپلاشقاق يېلىمغا ئوخشاش سىزنى ۋە ئەتراپىڭىزدىكى سان - ساناقسىز كىشىلەرنى چەمبەرچەس ئاجرالماس قىلىۋېتىدۇ .**



## مېھرىنىڭ تەبىئىتى

بىرەيلەن بىر چاياننىڭ سۇغا چۈشۈپ كېتىپ پىرقىراپ ئايلىنىپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭ سۇدىن چىقىۋېلىشىغا ياردەم قىلماقچى بوپتۇ . ئەمما چاياننى ئەمدى تۇتاي دېيىشىگىلا چايان ئۇنىڭ قولىنى چېقىۋاپتۇ . ئۇ نېيىتىدىن يانماي ، يەنە چاياننى تۇتاي دېيىشىگە ، چايان ئۇنى يەنە چېقىۋاپتۇ . يېنىدا تۇرغان يەنە بىر ئادەم ئۇنىڭغا دەپتۇ :

— چاقىسىمۇ يەنە قۇتقۇزامسەن ؟

— چېقىش چاياننىڭ تەبىئىتى ،— دەپتۇ ئۇ ،— سۆيۈش ، مېھىر بولسا مېنىڭ تەبىئىتىم . چاياننىڭ چېقىشىنى دەپلا ئۆزۈمدىكى مېھىر كۆيۈنۈشتىن ئىبارەت ئىنسانىي تەبىئەتتىن كەچسەم قانداق بولغىنى ؟

**ھېكمەت :**

**مېھرىنى ، ئالىيجاناب ئەخلاقىڭىزنى تاشلىماڭ ، ئەتراپىڭىزدىكىلەر سىزگە زىيان سالسىمۇ .**

## پەرۋاسىزلىقنىڭ جەرىمانىسى

بىر موماي نان ئوغرىلىغانلىق سەۋەبلىك سوتلىنىپتۇ . سو-
راقتا ئۆز جىنايىتىنى ئىقرار قىلىش نۆۋىتى كەلگەندە موماي
مۇنداق دەپتۇ : «ئاچ قالغان باللىرىمنى بېقىش ئۈچۈن نان
كېرەك ، دادىسى بىزنى تاشلىۋەتتى . ئىشلەپ باللىرىمنى بېقىش
ئۈچۈن جان تىكىپ خىزمەت ئىزدىدىم ، ئەمما قېرىپتىمەن ، ھېچ-
كىممۇ مېنى ئىشلىتىشنى خالىمىدى . قانداق قىلاي ؟ باللىرىم
ئېغىزىغا گىياھ سالمىغىلى ئىككى كۈن بولدى . . . »
سوتچى دەپتۇ : «مەن قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈشۈم كېرەك .
20 دوللار جەرىمانە تۆلەمسەن ياكى 20 كۈن قاماقتا ياتامسەن ،
ئۆزۈڭ تاللا » .
شۇ چاغدا ، سوتقا قاتناشقان بىرەيلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ھەم-
مىگە سالام ـ ئېھتىرام بىلدۈرۈپتۇ ۋە يانچۇقىدىن 20 دوللار
ئېلىپ سوتقا تاپشۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن ئەتراپىدىكىلەرگە قا-
راپ مۇنداق دەپتۇ : «ئەمدى ھەممىمىز 50 دوللاردىن جەرىمانە
تۆلەيلى . يەنى بىزنىڭ پەرۋاسىزلىقىمىز ، ئۆزئارا سوغۇق مۇنا-
سىۋەتلىرىمىز ئۈچۈن جەرىمانە تۆلەيلى . ئۆز باللىرىنى نان
ئوغرىلاپ باقمىسا بولغىدەك ئېچىنارلىق قىسمەتكە چۈشۈپ قالغان
جەمئىيىتىمىز ئۈچۈن جەرىمانە تۆلەيلى » .
ھېچكىممۇ مۇنداق كىشىنى چۆچۈتىدىغان كەسكىن ھۆكۈم-
نى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى . ھەممەيلەن ئۈن ـ تىنسىز كېلىپ 50
دوللاردىن پۇل تاشلاپتۇ .

**ھېكمەت :**
**بەرگەن قول ئالغان قولدىن مىڭ ياخشى .**



## ئاجايىپ سۆيۈش

مېيىپلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتناشقان توققۇز نەپەر
يۈگرۈش ماھىرىنىڭ ھەممىسىلا جىسمانىي ياكى ئەقلىي جەھەت-
تىن ئەيىبناقلاردىن ئىدى . ئۇلار ھەممىسى رەتلىك تىزىلىپ
يۈگرۈش سىزىقىدا تۇراتتى . باشلىنىش ئوقى ئېتىلىش بىلەن
تەڭ ھەممىسى يۈگۈرۈشكە باشلىدى . ئۇلار بەسلىشىپ يۈگرەش-
مەيتتى . بەلكى خۇشاللىق ئىلكىدە مۇساپىنى تاماملاپ تۈگەتىسلا
بولاتتى .
تۇيۇقسىز بىر بالا يىقىلىپ چۈشتى . ئۇ بىر ئاماللارنى
قىلىپ ئورنىدىن تۇردىيۇ ، يەنە يىقىلدى . نەچچە قېتىم تىرىشىپ
بېقىپمۇ ئۆرە بولالمىدى — دە ، ئاخىرى يىغلىۋەتتى . باشقا سەك-
كىز ماھىر ھېلىقى ئوغۇل بالىنىڭ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ يۈگ-
رۈشتىن توختاپ يىقىلغان سەپدىشى بار تەرەپكە قاراپ بىردەك
يۈگۈرۈپ كېلىشكە باشلىدى . ھەمدە «قورقۇش يىغىندى كېسەـ
لى » گە گىرىپتار بولۇپ قالغان بىر قىز كەلگەنچە كېلىپ ھېلىقى
ئوغۇلنى يېنىك بىرنى سۆيۈپ قويۇپ دېدى : «ئەمدى ياخشى
بولۇپ قالىسەن » . بالا بىر نېمىلەرنى قىلىپ يۇرۇپ ئاخىرى
ئورنىدىن تۇردى ۋە توققۇز ماھىر قول تۇتۇشۇپ بىرلىكتە ئاخىر-
قى پەللىگە قاراپ يۈگۈرۈشكە باشلىدى .
مەيداندىكى بارلىق تاماشىبىن ئورنىدىن دەست تۇرۇپ كەت-
تى . ھاياجانلىق چاۋاكلار ئۇزۇنغىچە ئۈزۈلمىدى .

**ھېكمەت :**
**تەننىڭ ، ئەقلىنىڭ كەمتۈكلۈكى ھېچ گەپ ئەمەس .**
**ئەڭ قورقۇنچلۇقى ئورتاق كۆيۈنۈش تۇيغۇسىنىڭ يوقاپ**
**كېتىشى .**

## ھەقسىز كۈن نۇرى

چاچلىرى سالۋاراپ، ئاقىرىپ كەتكەن بۇ تىلەمچى ئايالنىڭ ھەر كۈنى مۇشۇ يەردە دېنۇر ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە يېقىنلا يەردىكى بىر تاشلاندۇق ئورۇندۇقتا ئولتۇرغىنى ئولتۇرغان. دېنۇر ئەپەندى پات - پات ئۇنىڭغا ئاز - تولا نان - پان، كىيىم - كېچەك دېگەندەك نەرسىلەرنى بېرىپ قويىدۇ.

بۇگۈن دېنۇر ئەپەندى قىزىغىمۇ خەير - ئېھساننى ئۆگىتىپ قويۇش مەقسىتىدە ئۇنى ئېلىپ چىقتى. قىزچاق نانىنى تىلەمچى ئايال تەرەپكە ئېلىپ ماڭغاندا، تىلەمچى ئايالنىڭ چىرايىدا غەلىتە، ئەمما ئوچۇق شادلىق ئۇچقۇنلىرى پەيدا بولدى — دە، قولىنى ئۇزىتىپ ماڭدى. ئەمما قولى نانغا ئەمەس، قورقۇمسىراپ تۇرغان قىزچاقنىڭ يۈزلىرىگە كەتتى. قىز قورقۇپ چىرقىرىغىنىچە دادىسىنىڭ كەينىگە ئۆزىنى ئاتتى. تىلەمچى ئايالنىڭ كۆزلىرى يەنىلا قىزچاقنى ئىزدەيتتى. «مېنىڭمۇ مۇشۇنداق قىزىم بولسا نەقەدەر ياخشى بولاتتى» دەيتتى ئۇ. ئۇنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى پەسلەپ بوغۇلۇپ يوقاپ كەتمەكتە ئىدى.

دېنۇر ئەپەندى يەرگە چۈشۈپ كەتكەن نانىنى ئايالغا ئېلىپ بەردى. ئايالنىڭ قاسماق، كىر باسقان قوللىرىدا ھېس قىلىپ بولمايدىغان بىر ئىسسىق تەپچىرەپ تۇراتتى.

— دادا، كەچۈرۈڭ، — دېدى قىز ئۆيگە كېلىپلا دادىسىغا، — مەن ياخشى قىلمىدىم.

— قىزىم، — دېدى دېنۇر ئەپەندى قىزىنىڭ بېشىنى سىيپىلىغاچ، — تولا ھاللاردا بىز ئىشنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلالمايمىز. ئەمما ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەككى، مېھرى - شەپقەت ئاپتاپقا،



كۈن نۇرىغا ئوخشايدۇ. بىز ھەممە يەرنى بۇرۇنقىدەك زور يورۇقلۇققا ئايلىنالمىساقمۇ كىچىككىنە بۇلۇڭ - بۇرجەكنى يورۇتقۇدەك نۇرغا بولسىمۇ ئايلىنىشقا تىرىشىشىمىز كېرەك. قىلالمىساقمۇ قىلغۇمىز بار ئىشلارغا، بىزدىن ياخشىلارغا ئىززەت كۆرسىتىشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز كېرەك.

**ھېكمەت:**

**كۆيۈنۈش ئېغىزدىكى گەپ، روھىي جەھەتتىكى تەسەللىيلا ئەمەس، ئەمەلىي قوللاش، ماددىي جەھەتتىكى ياردەممۇ بولۇشى كېرەك.**

## ياردەم پرىنسىپى

نيۇيورك قار كۆپ ياغىدىغان شەھەر . قىش كۈنلىرى ھۆش-
قىيتىپ تۇرغان قار كۆزنى ئاچۇرمايدۇ . نەپەسلىنىشمۇ تەسكە
توختايدۇ . تۆنۈگۈنلا شۇنداق ئوچۇق قالغان ھاۋا ئەتىسى ئەتىگەن-
گىچە زېمىننى ئاپئاق قارغا كۆمۈۋېتىدۇ . شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن
شىركەت ، سودا سارايلار ئىش ، سودا توختىتىشقا ، مەكتەپلەرمۇ
دەرس توختىتىشقا مەجبۇر بولىدۇ . ئەمما كىشىنى تاڭ قالدۇرۇپ
ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەر قارنىڭ قانچىلىك
كۆپ ، قاتتىق يېغىشىدىن قەتئىينەزەر ئوقۇتۇش توختاتمايدۇ .
سىرىق رەڭلىك مەكتەپ مىنبۇسلىرى جاپا تارتىسمۇ ئوقۇغۇچىلا-
رنى ئالغىلى بارىدۇ . ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ماشىنا ئالدىدىكى دۆۋىلە-
شىپ قالغان قارلارنى گۈرجەك بىلەن تازىلاپ ، ئېغىز - بۇرنى-
دىن قويۇق ئىس پۇرقۇپ ئېھتىيات بىلەن مەكتەپكە قاراپ كېتى-
ۋاتقانلىقىنى ھەر قاچان كۆرگىلى بولىدۇ .

قېلىن قار ياغقان بەزى كۈنلىرى قىسمەن ئاتا - ئانىلار
مەكتەپنى تىلىلىغىنىچە تېلېفون ئالىدۇ . ئەمما سەل تۇرۇپلا ھەمە-
مىسىنىڭ تەلەپپۇزى يۇمشاپ ، قايتا - قايتا كەچۈرۈم سوراپ
ئوچۇق - يورۇقلۇق بىلەن تېلېفوننى قويۇشقا مەجبۇر بولىدۇ .

مەكتەپلەرنىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق ئويى بار : نيۇيورك بايلار
توپلاشقان شەھەر . شۇنداقلا كەمبەغەل ئائىلىلەرمۇ تالاي . ھەتتا
بەزىلىرى كۈندۈزى پارۋايلىرىنى ئېچىشقىمۇ ، بالىلىرىنىڭ چۈش-
لۈك تامىقىغىمۇ چىقىنالمايدۇ . بالىلىرى مەكتەپ چۈشلۈكى بې-
رىدىغان ھەقسىز تاماققا قارايدۇ (ھەتتا كۆپرەك ئەكىتىپ كەچ-
لىك تاماق قىلىسىمۇ بولىدۇ ) . مەكتەپ بىر كۈن ئوقۇش توختات-



تى دېگەن گەپ ئەشۇ كەمبەغەل ئائىلىنىڭ بالىلىرى بىر كۈن
سوغۇقتا ، ئاچ قالدى دېگەن گەپ . مۇئەللىملەر جاپا تارتىسمۇ
بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ خارلىقتا قېلىشىغا چىدىمايدۇ .

يەنە بەزى ئاتا - ئانىلار : «ئۇنداقتا بايلارنىڭ بالىلىرى
مەكتەپكە بارمىسا ، كەمبەغەل ئائىلىنىڭ بالىلىرى بېرىپ ئىسى-
سىقتىن ، تاماقتىن بەھرىمەن بولسا بولىۋېرىدىغۇ» دەپتۇ . مەك-
تەپنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاڭ :

بىز ئەشۇ نامرات بالىلارنىڭ قۇتقۇزۇشقا ، ياردەمگە ئېرىش-
كەنلىكىنى سېزىپ قېلىشىنى خالىمايمىز . سەدىقە - ئېھسان ،
ياردەم بېرىشتىكى پرىنسىپ ، ئۇلارنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى
ساقلاش !

**ھېكمەت :**

**مېھرى - شەپقەت ، كۆيۈنۈش ، باراۋەرلىك ، قارشى
تەرەپنىڭ ئىززىتىنى قوغداش ئاساسىدا بولغىنى ياخشى .**

# باھار گۈللىرى

يەكشەنبە ئەتىگەن . ۋەيرانە كىيىنگەن بىر بالا لىقمۇلىق گۈل بېسىلغان بىر ھارۋىنى سۆرەپ كەلمەكتە . كۆزى ئەتراپتا . . . ئۇ بىر كوچا دوقمۇشىغا كېلىپ توختىدى . بۇ يەرنىڭ بازار باشقۇرۇشى بەك چىڭ ئەمەس ، ساقچىمۇ كۆرۈنمەيدۇ . ئەمما ئۇ يەنىلا خاتىرجەم ئەمەس . يۈرىكى پوك - پوك .

ئۇنىڭ ئەندىشىسى ئورۇنسىز ئەمەس ئىدى . دېگەندەك ئارىدىن ئون مىنۇت ئۆتەر - ئۆتمەيلا پۇقراچە كىيىنگەن ئىككى ساقچى ئوۋ مارىلىغان ئىتتەك تىمىسقىلاپ يېتىپ كەلدى . ئۇلار ھەقىقەتەن سەزگۈر ، بۇرۇن تۆشۈكلىرى ئوۋ ھىدىدىن كېڭىيىپ كېتىپتۇ . . . قۇياش پارلاپ تۇرغان يەكشەنبە . . . ئەتىگەن . . . نامەلۇم بىر ئىش يۈز بېرىدىغاندەك دەككە - دۈككە ئەنسىزلىك ، گۈل ساتقۇچى بالا . . .

— كىنىشكا !

پۇقراچە كىيىنىۋالغان ساقچىلار قوپاللىق بىلەن سوراشتى . بالىدا ئەلۋەتتە گۈل سېتىش تىجارەت كىنىشكىسى يوق .

ساقچىلاردىن بىرى قول ھارۋىسىغا ئېسىلدى . پاھ ! ئۇنىڭ كۈچى بار ئىكەن . مۇنداقلا كۈچەپ قويۇۋىدى ھارۋىدىكى نەرسىلەر پۈتۈنلەي چېچىلىپ چۈشتى . كوچا ئېغىزى ئەمدىلا ئېچىلغان خۇشپۇراق باھار گۈللىرى بىلەن قاپلاندى . ئون ياشلارغا كىرگەن بالا تىرىكچىلىك مەنبەسى بولغان سۆيۈملۈك گۈللىرىنىڭ چېچىلىپ ياتقان ھالىتىگە ھاڭقىيىپ قاراپ قالدى .

ئەتراپتىكىلەردىن ھېچكىم زۇۋان سۈرمىدى . بىر ئايال ، پەقەتلا بىر ئايال ئېغىز ئاچتى .



— بەك ياخشى قىلدىڭلار ئەپەندىلەر ! قاراڭلار ، ھەر قېتىم مۇشۇنداق قىلىپ ماڭساڭلار ، ئۇزۇنغا بارمايلا بۇ كوچا ، بۇ سودا سارايلىرىنى پاك - پاكىز قۇرۇقداپ چىقالايسىلەر . بەلەن ئۇسۇل ، بەلەن چارە !

كوچىنىڭ ئېغىزىدىن يەنە بىر ئايال چىقىپ كەلدى . ئۇ چېچىلىپ ياتقان گۈللەرگە قارىدى . گۈل ساتقۇچى بالىغا سەپسالدى . ھېلىقى ئايالغا ، ساقچىلارغا نەزىرىنى ئاغدۇردى . ئاندىن گەپ قىلماي بىر سىقىم گۈل تېرىپ ، بالىغا قاراپ ماڭدى . گۈلنىڭ پۇلىنى تۆلەپ قويۇپ قارىماي كەتتى . يەنە بىر ئايال··· يەنە بىرى··· تۆتى··· 15 ئايال . ھېچكىممۇ گەپ قىلمىدى . بىر ئېغىزمۇ زۇۋان سۈرمىدى . گۈلنىڭ باھاسىنىمۇ سورىمىدى . پۇل تۆلەپ ، گۈلنى ئېلىپلا كەتتى . ساقچىلار غەزەپتىن يېرىلغىدەك بولدى . ئەمما ئۇلار نېمىمۇ قىلالايتتى ؟ بۇ سېتىلىدىغان ، سېتىۋېلىشقا تېگىشلىك گۈللەر ئىدى . ئۇلار كىشىلەرنىڭ گۈل سېتىۋېلىش ئىستىكىنى توسۇپ قالالمايتتى .

ئون مىنۇتمۇ بارمىدى ، يەردە بىر تالمۇ گۈل قالمىدى .

**ھېكمەت :**

**كۆيۈنۈش باھار گۈللىرىگە ئوخشاش ئەتراپقا خۇشپۇراق تارقىتىدۇ .**

# ئىككىنچى باب
# ئاقكۆڭۈللۈك ھەققىدە

## خۇدانىڭ پەرىشتىسى

— بۇ يەردە ساتىدىغان خۇدا بارمۇ؟

قولىدا بىر دوللار كۆتۈرۈۋالغان بىر بالا دۇكانمۇ-دۇكان ئارىلاپ سوراپ يۈرەتتى. بەزى دۇكان خوجايىنلىرى ئۇنى تىللاپ قوغلىماقتا ئىدى. بالا ئېرىنمەي سوراشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى. ئۇ 13-دۇكانغا كىرىپ كەلگەندە خوجايىن ئۇنى قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈۋالدى. خوجايىن چاچ-ساقاللىرى ئاقارغان، يۈز-كۆزلىرىدە كۈلكە ئويناپ تۇرىدىغان، 60 ياشلاردىن ھالقىغان ئادەم ئىدى.

— ئېيتە بالا، خۇدا سېتىۋېلىپ نېمە قىلىسەن؟

بالا چۈچۈك تىللىرى بىلەن ئىسمىنىڭ ساندىلىقىنى، ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆلۈپ كېتىپ تاغىسى پاترونىڭ قېشىدا چوڭ بولغانلىقىنى، تاغىسىنىڭ قۇرۇلۇش مەيدانىدا ئىشلەۋېتىپ جازىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ ھازىرغىچە ھوشسىز ياتقانلىقىنى، دوختۇرلارنىڭ ئۇنى خۇدالا قۇتقۇزالايدۇ دەۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. ساندى خۇدانى ئالاھىدە بىر نەرسە ئوخشايدۇ، تاغام ئۇنى يېسىلا ياخشى بولۇپ كەتكۈدەك دەپ ئويلاپ قالغانىدى.

دۇكاندارنىڭ كۆز جىيەكلىرى نەمدەلدى.

— قانچە پۇلۇڭ بار بالا، — دېدى ئۇ.

— بىر دوللار.

— بەلەن گەپ، خۇدانىڭ باھاسىمۇ بىر دوللار، — دۇكاندار



پوكەيدىن «خۇدانىڭ ئۇپۇشى» ماركىلىق ئىچىملىكتىن بىر قۇتا ئېلىپ بالىغا سۇنۇپ دېدى، — تاغاڭ، بۇ بوتۇلكىدىكى «خۇدا» نى ئىچسىلا جەزمەن ياخشى بولۇپ كېتىدۇ.

ساندى ئىچىملىكنى قۇچاقلىغىنىچە قىن-قىنىغا پاتماي دوختۇرخانا تەرەپكە يۈگۈردى ۋە ۋارقىرىغىنىچە بالىنىستقا كىرىپ كەلدى:

— تاغا، تاغا. مەن خۇدانى ئېلىپ كەلدىم. تېزلا ياخشى بولۇپ كېتىسەن.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن دۇنيا تىببىي ساھەسىدىكى ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگەن دوختۇرلاردىن تەشكىللەنگەن داۋالاش ئەترىتى مەخسۇس پاترونىڭ كېسىلىنى داۋالاش ئۈچۈن يېتىپ كەلدى ۋە ئەڭ ئىلغار ئۈسكۈنە، ئەڭ ئىلغار داۋالاش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ ئۇنى قۇتقۇزۇۋالدى.

دوختۇرخانىدىن چىقار ۋاقتىدا پاترو ھېسابات تالونىدىكى سانلارنى كۆرۈپ ھوشىدىن كەتكىلى قىل قالدى. ئەمما دوختۇرلار مۇشۇ شەھەردە دۇكان ئېچىپ قالغان ئۆمرىنى ئۆتكۈزۈۋاتقان كاتتا بىر بايىنىڭ داۋالاش پۇلىنى تۆلىۋەتكەنلىكىنى، دوختۇرلارنىمۇ شۇ تەكلىپ قىلغانلىقىنى ئېيتىشتى.

پاترو ھاياجاندىن گەپمۇ قىلالماي قالدى. ئۇ ساندىنى ئېلىپ ھېلىقى خوجايىنغا رەھمىتىنى بىلدۈرۈشكە بارغاندا، ئۇ ئاللىقاچان دۇكىنىنى سېتىۋېتىپ چەتئەلگە ساياھەتكە كەتكەنىدى.

كېيىن پاترو ھېلىقى خوجايىندىن مۇنداق مەزمۇندا بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدى: «پاترو ئەپەندى، ساندىدەك بىر جىيەنىڭىزنىڭ بولغىنى سىزنىڭ بەختىڭىز. ھەر بىر بالا خۇدانىڭ بۇ ئالەمگە ئەۋەتكەن بىر پەرىشتىسى. ئۇلار كۆرۈنمەس قانىتى ئارقىلىق بىپايان سامادا سەير قىلىپ تۇرىدۇ. ساندى سىزنى دەپ، بىر دوللار كۆتۈرۈپ تەرەپ-تەرەپتىن خۇدا ئىزلىدى.

خۇداغا، سىزنىڭ جېنىڭىزنى قۇتقۇزۇۋالغان خۇدانىڭ پەرىشتىسىگە رەھمەت دەڭ» . . .

ھېكمەت:

ئاقكۆڭۈل كىشىلەر پەرىشتىگە ئوخشايدۇ. ئۇلار جۇل - جۇل كىيىنىۋالسىمۇ، ئاجىز، بىچارە بولسىمۇ يەنىلا كىشىلەرنىڭ كاتتا ئىززەت - ھۆرمىتىگە مۇيەسسەر بولالايدۇ.



## كېپىنەك تۇتقۇچى قىزچاق

بېلىق تۇتۇشقا ھېرىسمەن بىر ئەر - خوتۇننىڭ، بېلىق تۇتۇشقا ئۆچ يەتتە ياشلاردىكى بىر قىزى بار ئىكەن. ھەر ھەپتىنىڭ ئاخىرى، قوشنىلار قىزچاقنىڭ ئاچچىق يىغىسىنى ئاڭلايتتى.

ھاۋا ئىنتايىن ئوچۇق بىر چۈشتىن كېيىنكى مەزگىلدە، دادىسى قىزنىڭ قوڭغۇراقتەك زىل، شاد كۈلكە ئاۋازىنى ئاڭلاپ كارىدوردىن قارىسا قىزى بېلىقنىڭ قارمىقىغا بىر تال ئەترگۈلنى ئۆتكۈزۈپ كۈلۈپ يۈرۈۋاتقۇدەك. رەڭگارەڭ كېپىنەكلەر قىزچاق تۇتۇۋالغان قارماقتىكى ئاشۇ بىر تال ئەترگۈلنى چۆرىدەپ ئۇچۇپ يۈرگىدەك. دادىسى قىزىقىپ چىقىپ قىزىدىن نېمىشقا مۇنداق قىلىدىغانلىقىنى سوراپتۇ.

— مەن ئەترگۈلنى يەمچۈك قىلىپ تۇرۇپ ناھايىتى چىرايلىق بىر تال كېپىنەك تۇتتۇم، دادا، — دەپتۇ قىز شوخلۇق بىلەن، — مەن سىلەر بىلەن بېلىق تۇتۇشقا بارغىلى، ئەشۇ گۈزەل مەنزىرىلىك جايلارغا ئوينىغىلى بارغىلى ئامراق. ئەمما مېنىڭ ئەشۇ ئۇچلۇق قارماقنىڭ بېلىقنىڭ پوكىنىدىن تېشىپ ئۆتۈپ جان تالاشقىنىنى كۆرگۈم يوق.

دادىسىنىڭ يۈرىكى ئاچچىق بىر سىلكىنىپ توختاپتۇ. قۇياش قىزنىڭ يۈزىدە، يەلكىسىدە ئوينايتتى. قىز چاقناپ تۇرغان قۇياش نۇرىدا پەرىشتىدەك ئوماق كۆرۈنەتتى. قارماققا ئېسىلىپ تۇرغان ئەترگۈل ئەتراپقا خۇشپۇراق تارقىتىپ، تېخىمۇ نۇرغۇن، تېخىمۇ چىرايلىق رەڭگارەڭ كېپىنەكلەرنى ئۆزىگە تارتات-

تى . قىزچاق قارماق ئويناشتىن كېلىدىغان ھەقىقى ، ساپ خۇ-
شاللىقتا ئېرىشكەندەك كۈلۈپ ، يايراپ ئويناۋاتاتتى . .

**ھېكمەت :**

**ئاقكۆڭۈللۈك كەم ئۇچرايدىغان بايلىق ، كىشىنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرىدىغان گۈزەللىك .**



## مەن سۇ ئىسراپ قىلمىدىم

ياز كىرىپمۇ ئۇدا نەچچە ئاي ھۆل - يېغىن ياغمىدى . ئېتىزدىكى مايسىلارمۇ قۇرۇشقا باشلىدى . ئېقىنلاردىن سۇ ، جاڭ-دارلاردىن سۈت تارتىلىپ كەتتى . دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ئېغىر قىيىنچىلىقتا قالدى .

ئالتە ياشلىق بىيك ئورمانغا ماڭدى . ئۇنىڭ مېڭىشى تەبىئىي ئەمەس ، ئىنتايىن ئالدىرىماي ، ئېھتىيات قىلىپ مېڭىۋاتاتتى . ئۇ ئورمانغا كىرىپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۆيىگە قاراپ يۈگۈردى . يەنە ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئاستا قەدەملەر بىلەن ئورمانغا قاراپ ماڭدى . ئۇ بۇنى بىر نەچچە رەت تەكرارلىدى . دادىسى ئوغلىنىڭ بۇ قىلىقىدىن بىرەر نەرسىنى سەزگەندەك تۇيدۇرماستىن مارىلاپ ئەگەشتى .

دادىسىنى ھەيران قالدۇرغىنى بىيك ئالقىنىنى ئوچۇملاپ ئازراق سۇ كۆتۈرۈۋالغان ، تۆكۈلۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئېھتى-يات قىلىپ ، كۈچىنىپ كېتىۋاتاتتى . تېخىمۇ ھەيران قالارلىقى يوغان بۇغىدىن بىرى بىيكقا قۇلىقىنى تىكلەپ قاراپ تۇراتتى . بىيك بۇغىغا قاراپ ماڭغاندا دادىسى قورقۇپ ۋارقىرىۋەتكىلى تاسلا قالدى . ئەمما بۇغىمۇ ، بالىسىمۇ بىر - بىرىدىن قورقۇپ قاچمىدى-غاندەك قىلمايتتى . ئەكسىچە بىيك بۇغىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇردى — دە ، ئوچۇملىۋالغان سۇنى بۇغىغا تەڭلىدى . بۇغا ئالقىنىدىكى سۇنى پاك - پاكىز ئىچىپ بولغاندىن كېيىن ، بىيك ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە ئۆيىگە قاراپ ماڭدى .

دادىسى ئۇنىڭ كەينىدىن قالماي ئەگىشىپ كەلدى . بىيك ئۆيىگە كېلىپ تۇرۇبىنى ئىنتايىن ئاستا ئاچتى . ئالقىنىغا بىر

تېمىم - بىر تېمىمدىن سۇ چۈشۈردى . قۇياش نۇرى ئۇنىڭ دۈمبىسىدە يالتىرايتتى . دادىسى شۇندىلا ئوغلىنىڭ ئۆزلىرىنى نېمىشقا يارىدەمگە چاقىرمىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى . ئالدىنقى ھەپتىلا ئۇ سۇ ئويناپ تەنبىھ ئاڭلىغانىدى . . .

بېيكىنىڭ ئالىقىنى 20 مىنۇتلاردا سۇغا تولدى . ئۇ ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا دادىسى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى .

— مەن سۇ ئىسراپ قىلمىدىم ،— دېدى ئۇ كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ھەمدە ئۇدۇللا يەنە ئورمانغا قاراپ ماڭدى . دادىسى بىر چەينەك سۇ ئېلىپ ئۇنىڭغا ئەگەشتى . ئەمما بېيكىنىڭ ئىشىغا ئارىلاشمىدى .

دادىسى ئورماننىڭ چېتىدە ئۆز ھاياتىدا كۆرگەن ئەڭ گۈزەل مەنزىرىگە — يەنە بىر ھاياتلىقنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن سەمىمىي ئىنتىلىشكە قاراپ تۇراتتى . كۆز ياشلىرى توختاۋسىز دومىلايتتى .

**ھېكمەت :**
**ئاقكۆڭۈللۈك — غەمخورلۇقنىڭ ئۇرۇقى . غەمخورلۇق — ئاقكۆڭۈللۈكتىن بىخلانغان گۈل - چېچەك .**



## كونۋېرتتىكى قۇياش

روژدېتسوۋ بايرىمىدىن كېيىن ، چارلىزنىڭ ئالدىدا ئولتۇرىدىغان دانىس ھەممەيلەنگە ئاتا - ئانىسىنىڭ كۆڭۈل ئېچىش مەيدانىدا چەك تارتىپ ئون دوللار مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىكىنى ھېكايە قىلىپ ، ھېلىقى ئون دوللارنى كۆز - كۆز قىلىپ باللارنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقاردى .

چۈشتىن كېيىنكى ئويۇن ۋاقتىدا ساۋاقداشلار بىر - بىرلەپ سىنىپتىن چىقىپ كېتىشتى . چارلىزمۇ نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا ، كۆزى تۇساتتىنلا دانىسنىڭ پارتىسى ئاستىغا چۈشۈپ قالغان ئون دوللارغا چۈشۈپ قالدى . ئۇ دەرھال ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ دانىسنى چاقىردى . ئەمما ئويۇنغا بېرىلىپ كەتكەن دانىس ئاڭلىمىدى . چارلىز ئون دوللارنىڭ قېشىغا كەلدى . ئون دوللار ، نۇرغۇن چىرايلىق ئويۇنچۇق ، ئوقۇش قۇراللىرىنى سېتىۋالغىلى بولىدۇ . ئون دوللار ، چارلىزغا ئوخشاش كەمبەغەل ئائىلىنىڭ پەرزەنتى ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا تەڭداشسىز تارتىش كۈچىگە ئىگە ئىدى .

ھېچكىممۇ بۇ ئىشنى بىلمەي قالدى . ئەمما ئۇنىڭ ئويلىمىغان تەرەپكە تەرەققىي قىلىپ كېتىشىنى كىممۇ ئويلىغان دېيىسىز .

دانىس پۇلىنىڭ يۈتۈپ كەتكەنلىكىنى مۇئەللىمگە دوكلات قىلدى . ئەمما ھېچكىم پۇل تېپىۋالغانلىقىنى ياكى ئالغانلىقىنى ئىقرار قىلمىدى . مۇدىر ئامالسىز دانىسنىڭ دادىسىنىڭ كېلىپ بۇ ئىش توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىشنى ئېيتتى . چارلىز ئىككىلىنىپ ئىقرار قىلىشتىن ، شۇ سەۋەبلىك ئوغرى ئاتىلىپ قېلىش-

تىن قورقتى .
ئۇزۇن ئۆتمەي دانىسنىڭ دادىسى ، كېلىشكەن ، فورما كى-
يىۋالغان ساقچى يېتىپ كەلدى . ھەممەيلەننىڭ كۆزى ساقچىدا
قالغانىدى . دانىسنىڭ دادىسى باللارغا بىر قۇر قارىۋەتكەندىن
كېيىن ھەممەيلەنگە كۆكۈچ رەڭلىك پىچەتلەنگەن كونۋېرتتىن
بىرنى تارقىتىپ بېرىپ چۈشەندۈردى :
— ساۋاقداشلار ، ھەممە كونۋېرتنىڭ ئىچىدە ئوپمۇ - ئوخ-
شاش قۇياشنىڭ رەسىمىدىن بىردىن بار . مەن ئۇزۇن يىل ساقچى
بولغان ، ئوغرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى مەن ئوبدان بىلىمەن .
ئەمما جەزملەشتۈرەلەيمەنكى ، ئاراڭلاردا ئوغرى يوق . پەقەت خاتا-
لىق ئۆتكۈزگەن بالا بار . ئەمما ئۇنىڭدا ئۆز خاتالىقىنى ئىقرار
قىلىپ ، تەن ئالغۇدەك جۈرئەت يوقكەن . ھەممىڭلار كونۋېرتنى
ئۆيۈڭلارغا ئاپىرىپ ئېچىڭلار . ئەگەر خاتالىق ئۆتكۈزمىگەن بول-
ساڭلار ، كونۋېرتنىڭ ئىچىدىكى نەرسىنى يەنە شۇ پېتى سېلىپ
پېچەتلەپ دانىسقا تاپشۇرۇپ بېرىڭلار . ئەگەر خاتالىق ئۆتكۈزگەن
بولساڭلار كونۋېرتنىڭ ئىچىدىكى قۇياشنى ئېلىپ قېلىپ كونۋ-
ۋېرتقا ئون دوللار سېلىپ پېچەتلەپ دانىسقا بېرىڭلار . ۋە ئۆز
خاتالىقىڭلارنى تەن ئالالىغۇدەك جۈرئەتكە ئىگە بولغاندا ، ھېلىقى
قۇياشنى ماڭا تاپشۇرۇپ بېرىڭلار . . .
ئەتىسى دانىس يىغىلغان كونۋېرتلارنى ئۆيىگە ئەكىلىپ ،
كەچلىكى دادىسى بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ ئېچىشقا باشلاپتۇ .
دېگەندەكلا بىر كونۋېرتتىن ئون دوللار چىقىپتۇ . . .
بۇ ئىش ئاستا - ئاستا ھەممىسىنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ
كېتىپتۇ .
كېيىن چارلىز ساقچى بولۇپتۇ . ئۇ جۈرئەتلىك ، دۇرۇسلۇ-
قى ۋە خىزمەتتىكى ئالاھىدە نەتىجىلىرى بىلەن ئەنزە بىر تەرەپ
قىلىشتا زور غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپتۇ ھەمدە مۇكاپاتلىنىپ-
تۇ . ئويلىمىغان يەردىن مۇكاپات تارقىتىشقا تەكلىپ قىلىنغان


كوماندىر دەل دانىسنىڭ دادىسى ، ھېلىقى ساقچى ئىكەن . ئەلۋەت-
تە دانىسنىڭ دادىسى ئۇنى تونۇيالماپتۇ ، ئەمما ئۇلار ئۆزئارا
كۆرۈشكەندىن كېيىن ، چارلىز يانچۇقىدىن ساپسېرىق نۇر چې-
چىپ تۇرغان بىر قىزىل قۇياشنىڭ رەسىمى سىزىلغان ، ئاق
يېرىگە : «مەن بۈگۈن ئىنتايىن چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزدۈم . دانىس-
نىڭ ئون دوللار پۇلىنى ئېلىۋالدىم» دېگەن خەتلەر يېزىلغان بىر
پارچە قەغەزنى ئېلىپ دانىسنىڭ دادىسىغا بېرىپتۇ . دانىسنىڭ
دادىسى بىر ھازا تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن چارلىزغا كۈلۈمسى-
رەپ :
— توغرا ، ئەمدى يادىمغا كەلدى . ھېلىقى قورقۇپ كەتكەن
بالا سىزمۇ ؟— دەپتۇ ۋە قەغەزنى ئېلىپ ، يالىلداپ تۇرغان مېدال-
نى چارلىزنىڭ ساقچى فورمىسىغا قاداپ قويۇپتۇ . ئاندىن ھەر
ئىككىسى قەددىنى كېرىپ تىك تۇرۇپ بىر - بىرىگە ھۆرمەت
بىلدۈرۈپ چاس بېرىشىپتۇ .

**ھېكمەت :**
**ئاقكۆڭۈللۈك ئازغۇنلارنى قۇتقۇزۇپ ، ئۇلاردا ھاياتى-**
**لىق ئىشەنچى تۇرغۇزالايدۇ .**

## «ئالما ئۇرۇقى» ئەپەندىم

ئەننىنىڭ ناھايىتى كىچىك چاغلىرى . بىر كۈنى ئۇلار ئۆيىگە يېقىنلا يەردە بىر ئورۇق ، يالىڭاياغ ، كىيىملىرى جۇل - جۇل ، يۈزى سوزۇنچاق بىر ئادەمنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ، ئۇنى چاقىرىپ يەيدىغان نەرسە بەردى ھەمدە پاراڭلاشتى . ئۇنىڭ ناھايىتى كۆپ يول يۈرگەنلىكىنى بىر قاراپلا بىلگىلى بولاتتى . ئۇمۇ تاماققا رەھمەت ئېيتىپ ئالدىرايدىغانلىقىنى ، بارىدىغان جايلىرىنىڭ ئىنتايىن كۆپ ئىكەنلىكىنى ئېيتتى . ئۇنىڭ پىلانلىرى بەك كۆپ ئىكەن . يەنى ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ، ئۇنىڭدا ئەڭ ياخشى ئالما ئۇرۇقلىرى بار ئىكەن . ئاق تاشلىنىپ قالغان نۇرغۇن يەرلەرگە مۇشۇ خىل ئالما ئۇرۇقىنى تىكسە جەزمەنكى ئامېرىكا ئىنتايىن كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ كەتكۈدەك . ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ ئەننىنىڭ ئۆيىدىكىلەرگىمۇ ئالما ئۇرۇقى سوۋغا قىلدى . ھەمدە بىر - بىرىگە بەخت تىلەپ خوشلاشتى .

ئەننى يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ ھېلىقى ئەرنىڭ ئالما ئۇرۇقى تارقىتىپ ، تىكىپ يۈرگەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەرنى ھەممىلا يەردە ئاڭلاپ تۇردى . ئۇ توختىماستىن يۇرت ئارىلاپ ئالما ئۇرۇقى تارقىتىدىكەن ، تىكىدىكەن ، سوغۇق ، قىش ، قارمۇ ئۇنى توسۇپ قالالمايدىكەن . ئۇ ھەممە يەرگە ئالما ئۇرۇقى ، بەخت تىلىكى قالدۇرۇپتۇ . شۇ يەرلەردە كەلگۈسىدە ئالمىلىق باغلارنىڭ پەيدا بولىدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچىنى قالدۇرۇپ كېتىپ قالىدىكەن .

ئەننى ئاخىرقى قېتىم كۆرگەندە «ئالما ئۇرۇقى» ئەپەندىم قېرىپ كەتكەنىدى . ئۇ ئەننىلارنىڭ ئالمىلىق بېغىغا كىردى .



ئۇنىڭ قۇرۇق يۈزلىرىگە تەبەسسۇم پارلاپ چىقتى . ئۇ ئەننىغا پۈتۈن ئامېرىكىنى ئايلىنىپ چىققانلىقىنى ، ھازىر ئۇ تىككەن ، تارقاتقان ئالمىلاردىن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئالما ، ئالما شەربىتى ، ئالما قىيامى چىقىرىپ يەۋاتقانلىقىنى ، ئالمىنىڭ كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان نەرسىگە ئايلانغانلىقىنى ھاياجان بىلەن ئېيتىپ بەردى .

ئەننى ئۇنىڭ سوۋغا قىلغان ئالما ئۇرۇقىغا رەھمەت ئېيتتى . بىردەم پاراڭلاشتى . «ئالما ئۇرۇقى» ئەپەندى يەنە يولىغا ماڭدى . ئۇنىڭ يەنە بارىدىغان نۇرغۇن جايلىرى بار ئىدى . . .

شۇنىڭدىن كېيىن ، ئەننى ئۇنى قايتا كۆرمىدى . ئەمما ھەر قېتىم باغدىكى باراقسان ئۆسكەن ئالما دەرەخلىرىنى كۆرگەندە ئۇنى ئەسلەپ كۆڭلىدە رەھمىتىنى بىلدۈرۈپ تۇردى . ئۇ ھەقىقەتەنمۇ كىشىلەرگە شادلىق تۇيغۇ ئاتا قىلغۇچى ئالما ، ئالما ئۇرۇقى ئىدى .

**ھېكمەت :**

**ھەممە ئادەم «ئالما ئۇرۇقى» ئەپەندىمگە ئوخشاشلا زېمىنغا مۇھەببەت ئۇرۇقلىرىنى تېرىپ تارقىتالايدۇ .**

## پەرىشتە تەبەسسۇمى

ۋىلىيام ئۆيدە ئاتا ـ ئانىسى، مەكتەپتە مۇئەللىملىرى، ساۋاقداشلىرى ياقتۇرۇپ كەتمەيدىغان كەپسىز، جېدەلخور بالا. ئەمما ئۇمۇ كىشىلەر خۇدادىن بەخت تىلىگەندەكلا كىشىلەردىن كۆيۈنۈش، غەمخورلۇق تىلەيدۇ. ھەتتا خۇداغىمۇ يوشۇرۇنچە ئىلتىجا قىلىپ باقتى. ئى پەرۋەردىگار، مېنى ئاقكۆڭۈل، كەڭ قورساق، ئەقىللىق، نەمۇنىلىك بەندىلىرىڭ قاتارىدىن قىلغىن! ئۇ تىلەپ قويدى. ئەمما ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى قىلىۋەردى.

ئۇچىنچى يىللىقنىڭ بىرىنچى مەۋسۇمى. ئۇلارغا مارىيە ئىسىملىك يېڭى مۇئەللىمدىن بىرسى تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. مارىيە مۇئەللىمە مۇنبەرگە قەدەم ئېلىشى ھامان سىنىپ ئىچى قايناپ كەتتى. ۋىلىيامنىڭ باشلىشى بىلەن ئىسقىرىش، تىل چاكىلدىتىش، كىتابلارنى چۆرۈش سىنىپنى بىر ئالدى. ئۇ بەكلا چىرايلىق ئىدى.

مارىيە مۇئەللىمە باشقا ئوقۇتقۇچىلارغا ئوخشاش قوپال چىرقىراپ: «جىم بولۇش!» دېمىدى. بەلكى ئىللىق تەبەسسۇمى بىلەن ئوقۇغۇچىلارغا قارىدى. ۋىلىيام جوزىغا مۇشتلاپ ھەممىنى بېسىقتۇردى. مارىيە مۇئەللىمە ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ ئىسمىنى دوسكىغا يازماقچى بولۇپ، بور تاپالمىدى. ۋىلىيام كۆڭلىدە ئويۇن چىقىدىغان بولدى دەپ ئولتۇردى. لېكىن مارىيە مۇئەللىمە يەنە شۇ ئىللىق تەبەسسۇمى بىلەن:

— كىم ماڭا بور ئەكىرىپ بېرىدۇ؟— دېدى. سىنىپ ئىچى يەنە بىر رەت چوقان ـ سۈرەنگە تولدى. ئوغۇللارنىڭ ھەممىسىنىڭلا بۇ ئىشنى جان دەپ بېجىرگۈسى باردەك قىلاتتى. مۇئەللـ



مە كۆپچىلىكنى تالاشماسلىققا دەۋەت قىلىپ، بىر ـ بىرلەپ سەپسېلىپ كېلىپ ۋىلىيامنىڭ ئالدىدا توختىدى.

— ۋىلىيام، سەن بار، قارىسام قىزغىنلىق، تېتىكلىك، تەشكىللەش ئىقتىدارىڭ خېلىلا ياخشىدەك قىلىدۇ، ساڭا ئىشىنىپ قالدىم.

ئۇنى ھازىرغىچە ھېچكىم ماختاپ، تەرىپلەپ باقمىغان، ئۇ ئۆزىمۇ ئۆزىنى ئوسال، پەس كۆرۈپ كەلگەنىدى. مانا ئەمدى...

ۋىلىيام سىنىپتىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ، سىنىپنىڭ ئارقىسىدىكى چۆپلۈكنىڭ ئارىسىغا تىقىپ قويۇلغان بورنى تېزلا ئېلىپ كىردى. ئۇ بورنى مۇئەللىمەگە ئۆزىتىۋاتقاندا تىرناقلىرىنىڭ ئۆسۈپ كىرغا توشقىنىنى، يېڭىدىن ساڭگىلاپ قالغان چۇۋۇق يېپلارنى، پاتقاقتا مىلەنگەن پۇچقاقلىرىنى، ھەمدە يىرتىق ئاياغلىرىدىن چىقىپ قالغان پۇت بارماقلىرىنى خىجىللىق ئىچىدە كۆرۈپ ئۆتتى. ئەمما مارىيە مۇئەللىم بۇلارغا قاراپمۇ قويماستىن، ۋىلىيامنىڭ قولىدىكى بورنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا يەنە شۇ تاتلىق، ئىللىق پەرىشتىدەك يېقىملىق تەبەسسۇمى بىلەن قاراپ قويدى. ۋىلىيام ئۇنى راستتىنلا خۇدا ئەۋەتكەن پەرىشتە دەپ قالدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، ۋىلىيام تۈزۈك ئادەم بولۇشقا بەل باغلىدى. ئۇ ئۆزىگە ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن تىكىلىپ تۇرغان بىر پەرىشتىنىڭ بارلىقىغا ئىشىنەتتى.

**ھېكمەت:**
**ھېس قىلىڭ، پەرىشتە قېشىڭىزدىلا.**

# بىر تال پەلەي

سىرتتا قار ئارىلاش سوغۇق شامال ھۇشقىتماقتا. سوغۇقنىڭ تەسىرىدىنمۇ، دۇكاندا خېرىدارمۇ ئاز قالغانىدى. شۇ ئەسنادا ئۇستىبېشى ئاددىيغىنە كەلگەن، تۇرقىدىن ئانا ـ بالىلىقى چىقىپ تۇرىدىغان ئىككىيلەن كىرىپ كەلدى — دە، پەلەي تاللاشقا كىرىشتى. بىر ھازا تاللىغاندىن كېيىن ئانىسى بىر خۇرۇم پەلەينى تاللاپ ئوغلىنىڭ سول قولىغا كىيگۈزۈپ باقتى ۋە دەل كەلگەندىن كېيىن باھاسىنى سورىدى. 20 دوللار... ئۇ يانچۇقىدىن پارچە ـ پۇرات پۇللارنى ئېلىپ سانىغىلى تۇردى. بىر، ئىككى، بەش دوللار...

— خانىم، ئىككى دوللار كەملەيدىكەن، ئەرزانراق بېرەلمەمسىزمۇ؟

— ياق، — دېدى دۇكاندار كېسىپلا.

ئايال يەنە بىر قېتىم ئۆتۈنۈش تەلەپپۇزىدا باھا تالاشتى.

— پۇلۇم يەتمەيدىكەن... بولمىسا ماۋۇ بىر قولىنىڭكىنىلا ئالاي، ئايرىپ سېتىپ بېرەلەمسىز؟

— نەدە ئۇنداق ئىش باركەن؟ قېپقالغىنىنى كىمگە ساتىمەن؟

ئانا ـ بالا ئىككىيلەن ئامالسىز پەلەينى قويۇپ سىرتقا ماڭدى. ھۇشقىتىپ تۇرغان سوغۇق شامال ئىشىك ئېچىلىشى بىلەنلا بالىنىڭ ئوڭ يېڭىنى پۇلاڭلىتىپ ئۇچۇرۇپ توختىدى. بالىنىڭ ئوڭ قولى يوق ئىدى.

دۇكاندار قىزچاقنىڭ يۈرىكىگە قانداقتۇر بىر نەرسە سانجىلغاندەك زىڭىدە قىلىپ توختىدى ۋە ئۆزىمۇ تۇيمىغان ھالدا



توۋلىدى:

— توختاڭ، مەيلى تاقلاپ سېتىپ بېرەي.

ئانا ئون دوللار تۆلەپ ئوغلىنىڭ قولىغا پەلەينى كىيگۈزۈپ خۇشاللانغان ھالدا دۇكاندىن چىقىپ كەتتى.

دۇكاندار قىزچاق ساغلام، كۈچلۈك ئىككى قولىغا ئەستايىدىللىق بىلەن قاراپ چىقتى. ئۇ مۇشۇ قوللىرى بىلەن ھەددى ـ ھېسابسىز بايلىق يارىتالايدۇ. ئەشۇ بىر قولىدىن ئايرىلغان، مېيىپ ئادەملەر تېخىمۇ كۆيۈنۈش، غەمخورلۇققا موھتاج. ئۇ توساتتىنلا ناھايىتى پاكىز، راھەتبەخش تۇيغۇغا چۈمۈلگىنىنى ھېس قىلدى. كىچىككىنە ياخشىلىق، كاتتا قانائەت، مانا بۇ پۇل بىلەن قىممەتنىڭ پەرقى ئىدى.

**ھېكمەت:**

**ئاقكۆڭۈللۈكمۇ ئۇرۇق يامغۇر ۋە قۇياش نۇرىغا ئېھتىياجلىق بولغاندەكلا توغرا ئاڭغا موھتاج.**

## ئەڭ كاتتا مۇكاپات

بەنى ئىسىملىك بىر بالا بىر يازغۇچىغا خەت يېزىپ مۇنداق بىر ئىشنى زادىلا چۈشىنەلمىگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. يەنى ئۇ ئاپىسىنىڭ تاتلىق - تۈرۈملەرنى تەييارلىشىغا ياردەملىشىپ بېرىپ ئېرىشكىنى ئارانلا قۇرۇق «ياخشى بالا» دېگەن تەرىپ. ئەمما دودەنلىك قىلىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان ئۇكىسىنىڭ ئېرىشىدىغىنى تاتلىق - تۈرۈملەر. ئۇ يازغۇچىدىن خۇدا راستىنلا ئادىلمۇ؟ ئادىل بولسا نېمىشقا جاپا چەككەنلەرنى ئۇنتۇپ قالىدۇ؟ دېگەنلەرنى سوراپتۇ. يازغۇچىمۇ بۇنىڭغا دەماللىققا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەپتۇ.

بىر كۈنى ئۇ بىر توي زىياپىتىگە بېرىپ، بەنىنىڭ سورىغان سوئالىغا جاۋابنى شۇيەردىن تېپىپتۇ:

تويدا، نىكاھ ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن يىگىت بىلەن كېلىن ئۆزئارا ئۈزۈك ئالماشتۇرۇپتۇ. ئىككىيلەن بەكلا جىددىيلىشىپ كەتتىمۇ قانداق، ھەر ئىككىسى ئۈزۈكنى خاتا ھالدا قارشى تەرەپنىڭ ئوڭ قولىغا ساپتۇ. پوپ بۇنى كۆرۈپ يۇمۇرستىك قىلىپ: «ئوڭ قول يېتەرلىك دەرىجىدە مۇكەممەل، مېنىڭچە ئەشۇ ئۈزۈك بىلەن سول قولۇڭلارنى بېزىگىنىڭلار ياخشىراق بولارمىكىن» دەپتۇ.

ئوڭ قول دېگەن ئوڭ، مۇكەممەل. ئۇنى يەنە بېزەپ يۈرۈش ھاجەتسىز. شۇنىڭغا ئوخشاشلا ئەشۇ ئەخلاقلىق ئادەملەرنىمۇ ماختاپ - تەرىپلەش ھاجەتسىز. ئوڭ قولنىڭ ئوڭ قول بولۇشى ئۇنىڭغا بېرىلگەن ئەڭ كاتتا مۇكاپات. خۇدانىڭ سالىھ ياخشى بەندىلىرىنى يارىتىشىمۇ ئۇلارغا ئاتا قىلىنغان ئەڭ چوڭ مۇكاپات.



يازغۇچى شۇ ئويلىرىنى بەنىگە خەت قىلىپ يېزىپتۇ: «تەڭرى سىزنى ئاقكۆڭۈل قىلىپ يارىتىپتۇ، شۇنىڭ ئۆزىلا ئەڭ چوڭ مۇكاپات».

**ھېكمەت:**
**ئاقكۆڭۈل ئادەملەر ئۇلۇغدۇر. ئۇلارنىڭ ئاقكۆڭۈللۈكى دەل ئەڭ كاتتا شان - شەرەپ.**

## ئانىغا سوۋغا

ئىككى ياش چېغىدىلا مېڭە ياللۇغىغا گىرىپتار بولۇپ ئەقلىي
قابىلىيىتى توسالغۇغا ئۇچرىغان بۇ پالاق بالىنىڭ دەرس ئۆگەنمى-
كى بەكمۇ تەس ئىدى . باشقىلار ئىككى - ئۈچ يۈز رەت يېزىپ
بولغۇچە ئۇ ئارانلا تۆت - بەش قۇرلا خەت يازالايتتى . لېكىن
چىرايلىق ، قاملاشتۇرۇپ يازاتتى .

مۇئەللىم بىر قېتىم ئۇلارغا «ئارزۇيۇم» دېگەن تېمىدا
ماقالە يېزىپ كېلىش تاپشۇرۇقى ئورۇنلاشتۇردى . ئۇ يېرىم كۈن
ئويلىنىپ ئاران ئۈچ ئېغىزلا گەپ يازالىدى . «مېنىڭ ئىككىلا
ئارزۇيۇم بار . بىرى ، ئاپام ھەر كۈنى ئىللىق كۈلۈمسىرەپ
‹ئەقىللىق قوزام › دېسە ، يەنە بىرى ، مۇئەللىم ھەر كۈنى ئىللىق
كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ ‹سىز ھەرگىز دۆت ئەمەس › دېسە ئىدى» .

بۇ ماقالە مۇئەللىمنىڭ يۈرىكىنى قاتتىق تىترىتىپ ئۆتتى
ھەمدە ئەڭ يۇقىرى نومۇر قويۇپ ، سىنىپتا بارلىق ساۋاقداشلارغا
ئۈنلۈك ئوقۇپ بەردى . ھەمدە دانىمۇ - دانە قىلىپ : «سەن بەك
ئەقىللىق ، ماقالەڭ ھەقىقەتەن تەسىرلىك چىقىپتۇ . خاتىرجەم
بول ، ئاپاڭ ، مۇئەللىمىڭ ، كۆپچىلىك سېنى بەك ياخشى كۆرى-
دۇ» دەپ يېزىپ قويۇپتۇ .

ئۇ ماقالىسىنى كۆرۈپ قىن - قىنىغا پاتماي سەكرەپ كې-
تىپتۇ . ئەمما ئاپىسىغا كۆرسەتمەپتۇ . ئۇ ئەڭ مۇۋاپىق بىر
چاغنى ، ئاپىسىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ساقلاپتۇ . . .

قۇياش پارلاپ تۇرغان يەكشەنبە . ئۇ سەھەر ئورنىدىن تۇ-
رۇپ ، ئەمدىلا ئورنىدىن تۇراي دەپ تۇرغان ئاپىسىنى تاتلىق
تىللىرى بىلەن چاقىرىپتۇ .



— ئاپا ،— دەپتۇ ئۇ كۈلۈمسىرىگىنىچە ،— تۇغۇلغان كۈ-
نۈڭگە بېرىدىغان سوۋغام بار .

— نېمە بېرىسەن بالام ؟— سوراپتۇ ئانىسى كۈلۈپ .

— مانا بۇ .

ئۇ ئاپىسىغا ماقالىسىنى سۇنۇپتۇ . ئاپىسى ماقالىنى كۆرۈپ
كۆز ياشلىرىنى زادىلا تۇختىتالماپتۇ — دە ، ئوغلىنى چىڭڭى-
دە قۇچاقلىۋاپتۇ .

**ھېكمەت :**

**بالىڭىزنى تەربىيىلەش ئارقىلىق دۇنيانى ، بالىڭىز-
نى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق دۇنيانى ئۆزگەرتەلەيسىز .**

## مېنى بوشراق كۆمۈپ قويىسىڭىز

ئۈرۈش مەزگىلىدە ، بىر تۈرمىگە ئاياللار ، باللاردىن بولۇپ ئىنتايىن كۆپ ئەسىرلەر قامىلىدۇ ھەمدە دۈشمەنلەرنىڭ شەپقەتسىز قولىدا بىر - بىرلەپ قىرىلىشقا باشلايدۇ .

تۈرمىگە شۇ قەدەر ئوماق ، ساددا ، تېتىك قىزچاقتىن بىرى ئانىسى بىلەن بىرگە قامالغانىدى . بىر كۈنى قىزچاقنىڭ ئانىسىمۇ ئېلىپ چىقىپ كېتىلىپ قايتىپ كىرمەيدۇ . . . تۈرمىدىكىلەر ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈۋېتىلگىنىنى بىلىشەتتى . ھەر كۈنى نۇرغۇن ئادەم ئۆلتۈرۈلىۋاتاتتى . ئۆلۈم ھەممىنىڭ بېشىدا ئەگىپ يۈرەتتى . ئەمما قىزچاق ئانىسىنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى ، نېمىشقا ھازىرغىچە قايتىپ كەلمەيدىغانلىقىنى سورىسا ، باشقىلار كۆز ياشلىرىنى ئېقىتقىنىچە ئانىسىنىڭ دادىسىنى ئىزدەپ كەتكەنلىكىنى ، تېزلا قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەتتى . قىزچاق ئىشىنىپ ئانىسى ئۆگىتىپ قويغان ناخشىلارنى بىر - بىرلەپ ئېيتىشقا باشلايتتى . ئۇنىڭ تاتلىق ، چۈچۈك ناخشىسى مۇدھىش تۈرمە تاملىرىنى شامالدەك سۈيۈپ ئۆتەتتى . ئۇ گاھىدا كامىرنىڭ دېرىزىسىگە ئۈمىد بىلەن ئېسىلاتتى . ئانىسى بىلەن دادىسىنىڭ يىراقتىن كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈشنى ئىستەيتتى .

بىر كۈنى تاڭ سەھەردە ، قىزچاق يەنە مىڭلىغان ئەسىرلەر بىلەن قوشۇلۇپ چوڭقۇر قېزىلغان خەندەكلەرنىڭ ئالدىغا باشلاپ كېلىنىدى . كىشىلەر ئۈنسىز ، جىمجىت ئىدى . ئادەملەر بىر - بىرلەپ خەندەكلەرگە قانغا مىلىنىپ دومىلىماقتا . ئۆلۈم ھەممىگە قاراپ دېۋەيلەپ كەلمەكتە ئىدى . قانخور دۈشمەنلەر شەپقەتسىز قولىنى ھەر بىر بىگۇناھ جاننىڭ ياقىسىغا ، يۈرىكىگە ئۇزاتماقتا



ئىدى . . .

بىر ئەسكەر قىزچاقنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى . ئۇ قانغا بويالغان قولىنى قىزچاققا ئۇزاتقان شۇ دەقىقىدە قىزچاقنىڭ چىرايلىق كۆزلىرى ئەسكەرگە تىكىلدى ۋە دېدى :

— تاغا ، مېنى بوشراق كۆمۈپ قويىسىڭىز ، بولامدۇ ؟ بولمىسا ئانام كەلسە ، مېنى تاپالمايدۇ . . .

ئەسكەرنىڭ سوزۇلغان قوللىرى قېتىپ قالدى . جازا مەيدانىدا ئىنتايىن ئاچچىق بىر يىغا ، ئاندىن غەزەپلىك چىرقىراشلار كۆتۈرۈلدى .

قىزچاقنىڭ بىغۇبار ، ساددا سۆزلىرى كىشىلەرنىڭ يۈرىكىنى تىترىتىپ ، ئۇلارغا ئۆلۈم ئالدىدا ئىنسانىي ئىززەت ۋە كامالىي قۇدرەتنى ھېس قىلدۇردى .

**ھېكمەت :**

**بىغۇبار ، پاكىز سۆيگۈ ۋە ئىنسانىي قەلب ئالدىدا قانخورلار ئۆزىنىڭ رەزىل ، پەسكەش ئەپتىنى ئېنىق كۆرۈپ يېتەلەيدۇ .**

## ئاندىرو بىلەن شىر

قەدىمكى رىمدا ، ئاندىرو ئىسىملىك بىر قۇل بالا ئۆتكەنىكەن . ئۇ خوجايىنىنىڭ شەپقەتسىز زۇلمىغا چىدىماي ، ئاخىرى بىر كۈنى ئوغرىلىقچە قېچىپتۇ ھەمدە ئورماندا بىر نەچچە كۈن يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپتۇ . ئەمما يېگۈدەك نەرسە تاپالماي ھالسىزلىنىپ ئاخىرى بىر كۈنى بىر ئۆڭكۈرگە كىرىپلا ھوشىدىن كېتىپتۇ . . .

بىر چاغدا ئۇ ئىنتايىن قورقۇنچلۇق بىر ئاۋازدىن ھوشىغا كەپتۇ . قارىسا يېنىدىلا بىر شىر ئېچىنىشلىق نالە قىلىپ تۇرغىدەك . ئاندىرو قورقۇپ كېتىپتۇ . ئەمما قارىسا شىر ئۇنىڭ بىلەن ئەمەس ، قان تامچىۋاتقان بىر پۇتى بىلەن ھەپىلىشىپ ھۆركىرەۋاتقۇدەك .

ئاندىرو ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ شىرغا ئاستا يېقىنلىشىپتۇ ھەمدە بىر ئاماللارنى قىلىپ شىرنىڭ پۇتىغا كىرىپ كەتكەن چوڭ تىكەننى سۇغۇرۇپ ئېلىۋېتىپتۇ . شىر شۇندىلا سەل ئارام تېپىپ ئاندىرودىن مەمنۇن بولغاندەك تىلى بىلەن ئۇنىڭ باش - كۆزىنى يالىغىلى تۇرۇپتۇ .

شىر شۇنىڭدىن كېيىن ئاندىروغا يېمەكلىك ئەكىلىپ بېرىشكە باشلاپتۇ . ئىككىيلەن خۇددى قەدىناس دوستلاردەك ئىجىل - ئىناق بولۇپ كېتىپتۇ . ئەمما ئويلىمىغان يەردىن بىر كۈنى بىر توپ ئەسكەرلەر ئورماننى ئاقتۇرۇپ يۈرۈپ ئاندىرونى تېپىۋاپتۇ ۋە ئۇنى رىمغا قايتۇرۇپ كېتىپتۇ . قانۇن بويىچە قاچقان قۇللار ئاچ شىرلار بىلەن ئېلىشىشى كېرەك ئىدى .

ئېلىشىش كۈنى يېتىپ كەپتۇ . مەيدان نەچچە مىڭلىغان



ئادەم بىلەن توشۇپ قىزىپ كېتىپتۇ . ئاندىرو قەيەرلەردىندۇر ئاڭلانغان شىرنىڭ غەزەپ بىلەن ھۆۋلىغان ئاۋازىدىن تىترەپ ، تۈگۈلۈپ ئەتراپقا يېلىنىش بىلەن قاراپتۇ . ئەمما ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ چىرايىدىن كۆيۈنۈش ، ھېسداشلىق دېگەنلەرنى تېپىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى . قويۇۋېتىلگەن شىر ياۋۇزلۇق بىلەن ئېتىلىپ ئاندىرونىڭ ئالدىغا كەپتۇ . ئاندىرو ئىنتايىن قاتتىق چىرقىراپ كېتىپتۇ . ئەمما قورقۇنچتىن ئەمەس خۇشلۇقتىن ۋارقىراپ كېتىپتۇ . بۇ دەل ئۇنىڭ قەدىناس شىر دوستى ئىكەن .

بىر قانلىق تىراگېدىيىنى كۆرۈشكە ئىنتىزار بولۇپ تۇرغان كىشىلەر ئاندىرونىڭ شىرنىڭ بويىنىدىن قۇچاقلاپ كۇلۇۋاتقىنىدىن ، شىرنىڭ ئاندىرونىڭ پۇتىغا ئۆزىنى تاشلاپ ئەركىلەپ ، يۇمىلاپ كېتىشلىرىدىن ھەيرانۇ - ھەس قاپتۇ . ئۇلار بۇ يىرتقۇچ بىلەن بۇ قاچقۇن قۇل بالىسىنىڭ ئارىسىدا قانداق يېقىن مۇناسىۋەت بارلىقىنى بىلمەيتتى ، ئەلۋەتتە .

ئاندىرو شىرنىڭ بويىنىدىن قۇچاقلاپ تۇرۇپ قانخور تاماشىبىنلارغا شىر بىلەن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ھېكايە قىلىپ بېرىپتۇ ، ئاخىرىدا مۇنداق دەپتۇ :
«ھېچكىم ماڭا بۇ شىرچىلىك ياخشى مۇئامىلە قىلىپ باقمىغان ، بىز قان - قېرىنداشتەك ئىناق - ئىجىل !»

كىشىلەر ئەمدى بۇ قاچقۇن قۇلغا غەزەپ ، ئۆچمەنلىك بىلەن ئەمەس ، ھېسداشلىق نەزەرلىرى بىلەن تىكىلىپتۇ .

— بالىنى قويۇۋېتەيلى ، ئەركىنلىك ، ھۆرلۈك بېرەيلى .

— شىرنىمۇ قويۇۋېتەيلى ، ھەر ئىككىسىنى ئازاد قىلايلى .

تەرەپ - تەرەپتىن چوقان كۆتۈرۈلۈپتۇ . شۇنداق قىلىپ ئاندىرو بىلەن شىر ھۆرلۈك ، ئەركىنلىككە ئېرىشىپ ، بىرلىكتە تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ .

**ھېكمەت :**
**غەمخورلۇق ھەر ئىككى تەرەپنى بەخت تۈيغۇسىغا چۆمدۈرىدۇ .**

## قۇشقاچ ۋە بالا

بۇ بالىنىڭ دادىسى ئاقلامچى . ئۇ ئوغلى ئۈچۈن نە ـ نەلەرگە بېرىپ ئىشلەيدۇ . ئوغلىنىڭ تۈزۈكرەك ئادەم بولۇپ ياخشى كۈن كەچۈرۈشى ئۇنىڭ ئارزۇسى .

بۇ قۇشقاچلارنىڭ ئوماقتىنە بىر بالىسى بار . ئۇنىڭ ئۈچۈن دادا ، ئانا ئىككىسى توختىماي قۇرت ئىزدەپ چاپىدۇ . قۇشقاچ بالىسى پايانسىز كۆكتە ئۆز ئەركى بىلەن پەرۋاز قىلالىسا ئۇلار جاپا تارتىسمۇ مەيلى . ئۇنىڭ ساغلام ، تېتىك چوڭ بولۇۋاتقانلىقى ، قۇش ئۇۋىسىنى ئالەمچە شادلىققا ئورىدى .

ئەمما ، بىر كەچقۇرۇنلۇقى ، تۇيۇقسىزلا بوران چىقىپ قۇشقاچلارنىڭ ئۇۋىسىنى ئۇچۇرۇپ يەرگە تاشلىدى . قۇشقاچ بالىسى تېخى كىچىك ، ئۇچالمايتتى . دادىمۇ ، ئانىمۇ ئامال قىلالمىدى . تەقدىرنىڭ ھۆكمىنى ساقلىماقتىن باشقا چارە يوق ئىدى .

بالىنىڭ دادىسى توساتتىن قۇشقاچ بالىسىنىڭ يەردە تۇرغىنىنى بايقاپ قالدى ۋە ئۇنى ئۆيىگە ئېلىپ كەلدى ھەمدە بالىسىغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ ، قۇشقاچ بالىسىنى يەرگە قويۇپ ، ئارقىسىدىكى يەرگە قاتتىق بىرنى دەسسىۋىدى ، قورقۇپ كەتكەن قۇش بالىسى دىكىلداپ سەكرەپ قاچتى . دادا يەنە تۇتۇۋېلىپ يەنە شۇنداق قىلدى ۋە چېھرىدە سەبىيلىك چاقناپ تۇرغان ئوغلىغا بۇ قۇش بالىسىنىڭ تەقدىرىنى تۇتقۇزۇپ «ئوينا» دېدى . ئويۇنچۇق كۆرۈپ باقمىغان بالىغا سەكرەپ قېچىپ بېرىدىغان قۇش بالىسىنىڭ بولۇشى ئوبدانلا ئويۇن بولدى . ئۇ دادىسىدەك قۇشقاچ بالىسىنى قورقىتىپ ئوينىدى . ماشىنىغا ئوخشاش سۆرەپ ئوينىدى . ئاسمانغا ئېتىپ باقتى . . . شۇ ئەسنادا بىر قىزچاق قۇشقاچ



بالىسىنىڭ بىچارە تۇرقىنى كۆرۈپ ، ئۇ تەرەپكە قاراپ مېڭىۋىدى ، ئانىسى : «كارىڭ بولمىسۇن» دېگىنىچە ئېلىپ كەتتى .

ئانا ـ دادا قۇشقاچلار بالىسىنىڭ بىچارىلەرچە خورلىنىۋاتقان تۇرقىنى كۆرۈپ ، ئۆزلىرىنى ھەريان ئېتىپ ئازابلىق ۋىچىرلاشتى .

نۇرغۇن يىللاردىن كېيىن ھېلىقى بالا بىلەن يەنە ھېلىقى قىزچاق ئۆلۈپ ، روھى ئۇ ئالەمدە ئۇچرىشىپ قاپتۇ . ئوغۇل كېيىنچە قاتىلغا ئايلىنىپ قالغانىكەن . ئۇ خۇدانىڭ نېمىشقا بۇ كۈنگە قالغانلىقى ھەققىدىكى سوئالىغا : «مەندىكى ۋەھشىيلىك ئەشۇ قۇش بالىسىنى ئويناشتىن باشلانغان» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ . شۇ چاغدا يولدىن ئۆتۈپ كەتكەن ئاقكۆڭۈل قىزچاق ئاللىقاچان مۇز قاپاق پەرۋاسىز بىر ئايالغا ئايلىنىپ قالغانىكەن . ئۇنىڭدىن ھېلىقى قۇشقاچ بالىسىنىڭ ئىشى سورالغاندا ئۇ : «ماڭا مۇناسىۋەتسىز تۇرسا ، نېمىشقا مېنىڭ كارىم بولغۇدەك» دەپتۇ . خۇدا شۇنىڭ بىلەن ئىككىسىنى دوزاخقا بۇيرۇپ ، كۆيۈنۈش ، مېھرى ـ مۇھەببەتنىڭ ھاياتقا نىسبەتەن قانچىلىك مۇھىملىقى توغرىلىق ئىبرەت ئېلىشنى ئېيتىپتۇ .

**ھېكمەت :**

**ئۆزۈڭنىلا ئەمەس ، سېنى قەدىرلىگەن ئادەملەرنى ، كائىناتتىكى بارلىق مەۋجۇداتنى سۆي . مېھىر ـ مۇھەببەتسىز دۇنيا بەئەينى دوزاختۇر .**

# ئۈچىنچى باب
# تىرىشچانلىق ھەققىدە

## ئانىنىڭ جاۋابى

پارتىدىشى ئىمتىھاندا بىرىنچى بولۇشنى نىيەت قىلدىمۇ، جەزمەن بىرىنچى بولالايدۇ. ئەمما ئۇ ھەمىشە بىرىنچى بولۇشقا بەل باغلايدىيۇ، نەتىجىسى يىگىرمە بىرىنچى.

ئۇ مەيۇس ھالدا ئۆيىگە قايتىپ كەلدى ۋە ئاپىسىدىن:

— مەن دۆتمۇ ئەمەس؟ مەن ئۇنىڭ بىلەن مۇئەللىمنىڭ دەرسىنى ئوخشاش ئاڭلايمەن. ئوخشاشلا ئەستايىدىللىق بىلەن تاپشۇرۇق ئىشلەيمەن. لېكىن، نېمىشقا ھە دېسىلا ئۇنىڭ كەينىدە قالىمەن؟

ئانىسى ئوغلىنىڭ ئۆزى ھەققىدە ئويلىنىشقا باشلىغىنىنى، ئەمما بۇ ئۆزىنى ئىززەتلەش تۇيغۇسىنىڭ مەكتەپنىڭ دەرىجە تۇرغۇزۇش سىستېمىسى تەرىپىدىن زەربىگە ئۇچرىغانلىقىنى سېزىپ يەتتى ھەمدە ئوغلىغا جاۋاب بەرمىدى. ئەمما يەنە بىر قېتىملىق ئىمتىھاندا ئوغلى 17 ـ بولۇپ يەنە شۇ سوئالنى سوراپ كىردى. ئۇ تالايلىغان ئاتا ـ ئانىلا ر تالاي رەت دەيدىغان «سەن ئويۇنقېپى، تىرىشمايسەن . . .» دېگەندەك ئاھانەت گەپلەرنى نەچچە رەت تىلىنىڭ ئۇچىغا ئەكەلدىيۇ، دېيىشكە تىلى بارمىدى. ئەمما ئۇ بىر مۇكەممەل جاۋاب ئىزدەۋاتاتتى.

ئوغلىنىڭ نەتىجىسىمۇ بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈۋاتاتتى. ئۇ ئوغلىغا رىغبەت بولسۇن ئۈچۈن ئۇنى ئېلىپ دېڭىزغا ساياھەتكە باردى ۋە مۇكەممەل جاۋابنى شۇ يەردىن تاپتى. ئوغلىمۇ



ئۆز نەتىجىسىدىن ئەنسىرەپ كەتمەيدىغان بولدى. ئۆتكەن يىلى مەكتەپ بويىچە بىرىنچى بولدى ھەمدە كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئۆتتى. تەتىلدە ئۇ ساۋاقداشلىرى ۋە بىر قىسىم ئاتا ـ ئانىلارغا ئۆزىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشىغا تۈرتكە بولغان ئانىسىنىڭ گەپلىرىنى ئېيتىپ بەردى. ئانىسى دېڭىز بويىدا تۇرۇپ شۇنداق دېگەنىدى:

— يەم ئىزدەۋاتقان قۇشلارغا قارا، دولقۇن ھەر بىر رەت تۇرتىلىپ كەلگەندە، كىچىك بېلىقچى قۇشلار تېزلىكتە كۆتۈرۈلۈپ ئىككى ـ ئۈچ قانات قېقىپلا ئاسماننىڭ قەھرىگە چىقىپ كېتىدۇ. ئەمما دېڭىز چايكىسى قارىماققا ئاستا، دېۋەڭدەك كۆرۈنگەن، ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈشىنىڭمۇ ئۇزاق ۋاقىت كەتكەندەك كۆرۈنگەن بىلەن پايانسىز ئاتلانتىك ئوكياندىنمۇ بىمالال كېسىپ ئۇچۇپ ئۆتەلەيدۇ. مانا بۇ قالتىسلىق!

**ھېكمەت:**

**تالانت ئۇشتۇمتۇتلا پەيدا بولۇپ قالمايدۇ، ئۇ ئاستا ـ ئاستا توپلىنىپ، جۇغلىنىدىغان جەريان.**

## لىندا قانداق باي بولدى؟

لىندا ئامېرىكىدىكى بىر ئادەتتىكى ئائىلىدە تۇغۇلغان . بىر كۈنى ئۇنىڭ كىنو كۆرگۈسى كېلىدۇ . ئەمما يېنىدا پۇلى يوق ئىدى . دادىسىدىن پۇل سوراش كېرەكمۇ ياكى ئۆزى پۇل تېپىشى كېرەكمۇ ؟

ئۇتۇيۇقسىزلا بىر ماھىر سودىگەر بىلەن پاراڭلىشىپ قېلىپ ، ئۆزى دۇچ كەلگەن مەسىلىنى ئېيتىپ ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورايدۇ . سودىگەر ئۇنىڭغا ياكى باشقىلارغا ياردەملىشىپ پۇل تېپىش ياكى زېھنىنى ئۆزى بىلىدىغان ، قىلالايدىغان ئىشلارغا قارىتىش توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىدۇ .

لىندا كۆپ باش قاتۇرىدۇ . ئەمما باشقىلارغا قانداق ياردەملىشىش توغرىسىدا ھېچ قانائەتلىنەرلىك جاۋابقا ئېرىشەلمەيدۇ .

بىر كۈنى ، ناشتا ۋاقتىدا دادىسى ئۇنى گېزىت ئەكىلىشكە بۇيرۇيدۇ . شۇ چاغدىلا ئۇ ئىنتايىن ئاقىلانە بىر ئويغا كېلىدۇ . يەنى ، قوشنىلىرىغا ئايدا بىر دوللار بەرسىلا ، ھەر كۈنى ئۇلارنىڭ گېزىتىنى ئىشىك تۈۋىگە يەتكۈزۈپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ ، ھەمدە ناھايىتى تېزلا 70 دوللارغا ، 70 خېرىدارغا ئىگە بولىدۇ . بۇنىدىن ئىلھاملانغان لىندا تېزلا باشقا يوللارنىمۇ تېپىپ چىقىدۇ . يەنى كونا خېرىدارلىرىغا ھەر ئايدا يەنە بىر دوللاردىن قوشۇپ بەرسە ئەخلەتلەرنىمۇ توشۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ — دە ، يەنە نۇرغۇن پۇل تاپىدۇ . ئۇ يەنە قوشنىلىرىنىڭ ئەرمەك ئىتلىرىغا ، ئۆيلىرىگە قاراش ، گۈل - گىياھلىرىنى سۇغۇرۇش دېگەندەك ئىشلارغا ياردەملىشىدۇ .

توققۇز يېشىدىلا ، ئۇ باللار پۇل تاپالايدىغان ئىشلارنى يېزىپ چىقىدۇ . ھەتتا باشقا باللارنىمۇ ياردەملەشتۈرىدۇ . بىر كىتاب سودىگىرى ئۇنىڭغا بۇ ھەقتىكى تەجرىبىلىرىنى كىتاب قىلىپ يېزىپ بېرىشنى ئېيتىدۇ . شۇنداق قىلىپ 12 يېشىدىلا لىندا بازىرى ئىتتىك يازغۇچىغا ئايلىنىدۇ . 17 يېشىدا نەچچە مىليون دوللار پۇلى بار كاتتا بايغا ئايلىنىدۇ .

**ھېكمەت :**
**بايلىق ئىككى قول ، بىر ئاقىل كاللىدىن چىقىدۇ .**

## 15 دوللارنىڭ ئىلھامى

ماك بىر ژورنالنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت مۇھەررىرى ئەدى . بىر قېتىملىق سانغا ماقالە كەملەپ قالغاچقا ماك جىددىي ماقالىغا ئېھتىياجلىق بولۇپ قالدى — دە ، ئامالسىز تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقان قوشنا قىزغا ماقالە ھاۋالە قىلدى . ئەمما ئۈچ كۈن ئۆتۈپ قىز سۆز جۈملىلىرى قاملاشمىغان ، مەنتىقىسىز بىر نەچچە بەت ئورېگىنالنى كۆتۈرۈپ كەلدى . ئۇ بۇ ماقالىنى ئىشلەتمەسلىك ئۈچۈن بىر ياققا تاشلاپ قويدىيۇ ، يەنىلا قىزنىڭ ئۈچ كۈنلۈك ئەجرىنى يوققا چىقىرىشقا چىدىماي ئۆزى قايتا پىششىقلاپ يۇرۇپ ژورنالغا بېرىۋەتتى .

ماقالە 1600 خەت ئەتراپىدا بولۇپ ، ئۆلچەم بويىچە 15 دوللار قەلەم ھەققى بېرىلەتتى . ئەمما ئۇ قىزنىڭ جاپا تارتقىنىغا بۇنى ئاز كۆرۈپ ، يېنىدىن يەنە ئون دوللار قوشۇپ ، 25 دوللارنى قىزغا ئەۋەتىپ بەردى .

قىز بۇنىڭدىن ئىنتايىن ئىلھاملىنىپ ، يېزىقچىلىققا مەپتۇن بولۇپ قالدى — دە ، كېچە ـ كېچىلەپ يېزىقچىلىق بىلەن مەشغۇل بولۇپ كەتتى . ئۇ ئەشۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك تاشلانغان قەدىمىنى توختىتىپ قويۇشنى ، ئۆزىگە كۆيۈنگەنلەرنىڭ ئەجرىنى يەردە قويۇشنى خالىمايتتى . ئۇ تىرىشسىلا تېخىمۇ ياخشى ئەسەرلەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى .

كېيىنچە ئۇ راستىنىلا ھەقىقەتەن ئېسىل ئەسەردىن بىر پارچە يېزىپ چىقتى ۋە «نيويورك شەھەر گېزىتى» نىڭ مۇنەۋۋەر كىچىك يازارمىنىگە ئايلاندى ھەمدە مۇتلەق ئۈستۈنلۈك بىلەن خارۋاد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات كەسپىگە ئوقۇشقا كىردى .



15 دوللارلىق پۇرسەت ، ئون دوللارلىق ئىلھام . . . ھەقىقەتەنمۇ سەمىمىيلىك بىلەن قىلىنغان غەمخورلۇق بىر تاشتىن ئالماس تاۋلاپ چىقاردى .

**ھېكمەت :**
**تالانت تىرىشچانلىقتىن كېلىدۇ .**

## سۇ تۇشۇش ۋە قۇدۇق قېزىش

بىر قۇملۇقنىڭ جەنۇب ، شىمال ئىككى تەرىپىدە بىردىن ئۆيلۈك نامرات دېھقان ياشايدىكەن . قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تاللا بۇلاق بار ئىكەن . ھەر ئىككى ئائىلە سۇنى شۇ يەردىن ئاپىرىپ ئىچىشى لازىم ئىكەن .

كۈنلەر ئۆتۈپ ، ھەر ئىككىيلەن بۇلاق بېشىدا ئۇچرىشىدىغان بوپتۇ ۋە دوستلىشىپ قاپتۇ . ئۇلار ھەر كۈنى كېلىشىۋالغان چېغىدا بۇلاق بويىدا ئۇچرىشىپ بىردەم پاراڭلىشىدىكەن . ئاندىن ھەر ئىككىسى سۇ ئېلىپ ئۆيلىرىگە قايتىدىكەن .

بىر كۈنى جەنۇبتىكى دېھقان سۇغا كېلىپ شىمالدىن كېلىدىغان دېھقاننى ساقلاپتۇ ، ساقلاپتۇ . ئەمما ئۇ كەلمەپتۇ . «ئۇخلاپ قالغان ئوخشايدۇ » دەپ ئويلاپتۇ ئۇ . ئەمما ئىككىنچى كۈندىمۇ ، ئۈچىنچى كۈنىمۇ ئۇ كەلمەپتۇ ، ھەپتىمۇ ئۆتۈپتۇ . ئۇنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ . شۇنىڭ بىلەن جەنۇبتىكى دېقان شىمالدىكىسىنى يوقلاپ بېرىش نىيىتىگە كېلىپ يولغا چىقىپتۇ .

ئۇ شىمالدىكى دېھقاننىڭ ئۆيىگە يېقىن بېرىپ قارىسا ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ مورىسىدىن تۈتۈن چىقىۋاتقۇدەك . تاماقنىڭ پۇرىقىمۇ كېلىۋاتقۇدەك .

— ھەپتىدىن بېرى سۇ ئەكەلگىلى بارمىدىڭ ،— دەپتۇ ئۇ دوستى بىلەن كۆرۈشۈپ ،— سۇ ئىچمەيدىغان بولۇپ قالمىغادسەن !

— ئەلۋەتتە سۇ ئىچمەن . . .— دەپتۇ شىمالدىكىسى ۋە جەنۇبتىن كەلگەن دوستىنى ئۆيىنىڭ ئارقىسىغا باشلاپ چىقىپ بىر قۇدۇقنى كۆرسىتىپتۇ .



— بەش يىلدىن بېرى ئىزچىل مۇشۇ قۇدۇقنى قېزىپ كەلدىم . بىز ھازىر ياش ، يىراق بولسىمۇ سۇ ئەكىلىشكە ماغدۇرىمىز بار . ئەمما قېرىساق قانداق قىلىمىز ؟ ئويلاپ باقتىڭمۇ ؟ ھەپتە ئالدىدا ، ئاخىرى قۇدۇقۇمدىن سۇ چىقتى . بەش يىللىق كۈچەش دېگىنە . ھەقىقەتەن جاپا تارتتىم . ئەمما ئەمدى بۇندىن كېيىن ئۇنچىۋالا ئۇزۇن يول مېڭىپ سۇ توشۇمىساممۇ بولىدۇ .

**ھېكمەت :**

**سۇ توشۇغاندا قۇدۇق قېزىشنى ئۇنۇتماڭ . مۇۋەپپەقىيەت ھورۇنلاردىن يىرگىنىدۇ .**

## ۋارونكا ۋە قوناق

ئىۋان كىچىك چاغلىرىدا ھەممە ئىشنى قىلىپ باققۇسى كېلەتتى . رەسىم سىزىش ، گارمون چېلىش ، سۇ ئۈزۈش ، ۋاسكىتبول ئويناش . . . دېگەندەك . ئەمما بىر قېتىملىق مەۋسۇملۇك ئىمتىھاندا ئۇ ئارقىدىن سانىغاندا ئۈچىنچى بولۇپ قالدۇ .

دادىسى ئۇنىڭغا ئاچچىقلانمايدۇ ، بەلكى بىر يەردىن بىر تال ۋارونكا ۋە بىر ئوچۇم قوناق تېپىپ كېلىپ ، ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە قويۇپ دەيدۇ :

— قاراپ تۇر ، مەن ساڭا بىر تەجرىبە ئىشلەپ بېرەي .

دادىسى ئىۋانغا ۋارونكىنىڭ ئاستىغا قولىنى تۇتۇپ تۇرۇشنى ئېيتىپ ، ۋارونكىنىڭ ئۈستى ئېغىزىدىن بىرتال - بىرتالدىن قوناق تاشلايدۇ . ۋارونكىنىڭ تۆشۈكىدىن غىلدىرلاپ چۈشكەن قوناقلار ئىۋاننىڭ ئالىقىنىغا چۈشىدۇ . دادىسى كەينىدىن بىر سىقىم قوناقنى بىراقلا تاشلايدۇ . بۇ قېتىم قوناقلارنىڭ ھەممىسى ۋارونكىنىڭ كىچىككىنە ئېغىزىغا كەپلىشىپ قېلىپ بىرسىمۇ ئۆتەلمەيدۇ .

— بۇ ۋارونكا دەل سەن ،— دەيدۇ دادىسى ئىۋانغا ،— ھەممە ئىشنى قىلىمەن دېسەڭ ھېچقايسىسىنى ۋۇجۇدقا ئېلىپ چىقالمايسەن . جەزمەن بىردىن كېلىشى كېرەك .

ھېكمەت :

ھەر كۈنى بىر ئىشنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىڭ ، تۇرمۇشقا يەڭگىل كۈلۈپ باقالايسىز .



## ئەقىللىق مايمۇن

بۇرۇن بىر چىغ قالپاق ساتىدىغان ئادەم ئۆتكەنىكەن . ئۇ ھەركۈنى ناھايىتى تىرىشىپ تىجارەت قىلىدىكەن . بىر كۈنى ، ئۇ ھېرىپ - ئېچىپ ئۆيىگە مېڭىپتۇ ۋە بىردەم ھاردۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن بىر تۈپ دەرەخنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قاپتۇ . ئويغىنىپ قارىسا قالپاقلىرى يوق . دەرەخنىڭ ئۈستىگە قارىسا ، بىر توپ مايمۇن ھەر بىرى بىردىن قالپاقنى كىيىپ ھەييارلىق بىلەن ھىجىيىشىپ تۇرغىدەك . ئۇ مايمۇننىڭ دورامچى مەخلۇقلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ بېشىدىكى قالپاقنى يەرگە ئاتقاندىكەن ، مايمۇنلارنىڭ ھەممىسىمۇ بېشىدىكى قالپاقلىرىنى يەرگە ئېتىپتۇ ، ئۇ قالپاقلارنى يىغىشتۇرۇپ ئۆيىگە قايتىپتۇ ۋە بولغان قىزىق ئىشنى بالا - چاقىلىرىغا ھېكايە قىلىپ بېرىپتۇ .

نۇرغۇن يىللاردىن كېيىن ئۇنىڭ نەۋرىسى بوۋىسىنىڭ كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپتۇ . بىر كۈنى ، ئۇمۇ قالپاق سېتىپ ھېرىپ كېتىپ يول بويىدىكى دەرەخ بويىدا ئۇخلاپ قېلىپ بوۋىسى ئۇچرىغان ئىشنىڭ نەق ئۆزىگە يولۇقۇپتۇ . ئۇ بوۋىسىنىڭ دەپ بەرگىنى بويىچە قالپاقنى بېشىدىن چۆرۈپ ئېتىپتۇ . ئەمما قارىسا مايمۇنلار جىمىمدە قارىشىپ تۇرغىدەك . ئۇ ھەيران بولۇپ تۇرسا ، دەرەخنىڭ كەينىدىن بىر قېرى مايمۇن چىقىپتۇ ۋە : «نېمە ؟ مېنىڭلا بوۋام بار دەپ ئويلاپ قالغانمىدىڭ ؟ بىزنىمۇ بوش چاغلىما !» دەپتۇ .

ھېكمەت :

ئۆتمۈشتىكى مۇۋەپپەقىيەت تەجرىبىلىرى بەزى ھاللاردا بۈگۈننىڭ مەغلۇبىيىتىگە ئۇرۇق سېلىپ بېرىدۇ .

## بىر مىنۇت

پىداگوگ روبېرت بىر ياشنىڭ مەسلىھەت سوراپ ئالغان تېلېفوننى قوبۇل قىپتۇ ۋە مۇۋەپپەقىيەت ، كۆرسەتمىگە تەشنا بۇ ياش بىلەن كۆرۈشۈشكە ماقۇل بولۇپتۇ .

كۆرۈشىدىغان ۋاقىت يېتىپ كەپتۇ . ھېلىقى ياش كېلىپ قارىسا روبېرت ئەپەندىنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئوچۇق ، ئەمما ئۆي ئىچى ئىنتايىن رەتسىز ، قالايمىقان تۇرغىدەك .

— ئۆيىنى كۆردىڭىز ،— دەپتۇ روبېرت ئەپەندى ئۇنىڭ ئې-غىز ئېچىشىنى كۈتمەيلا ،— ئۆي بەك قالايمىقان ، سىرتتا بىر مىنۇت ساقلاپ تۇرسىڭىز ، يۇغۇشتۇرۇۋالسام بوپتىكەن .

روبېرت ئەپەندى شۇنداق دەپ ئىشىكنى يەڭگىل يېپىپ قو-يۇپتۇ ۋە راستتىنلا بىر مىنۇتقىمۇ بارمايلا ئىشىكنى ئېچىپ مېھماننى قىزغىنلىق بىلەن ئۆيىگە باشلاپتۇ . يىگىت ئەمدى قاراپ ھەيرانۇ - ھەس قاپتۇ . بايىقى پاراكەندىچىلىكتىن ئەسەرمۇ يوق . ھەممە نەرسە رەت - رېتى بىلەن تىزىلغان . پاك - پاكىز ئۆي ئىچىدىن يېڭى قۇيۇلغان قىزىل ھاراق ۋە سۈس ئەتىر پۇراپ تۇرىدۇ .

— خوشە ،— دەپتۇ روبېرت ئەپەندى يىگىتنىڭ ھاياتلىق ، كەسىپ ھەققىدە ئېغىز ئېچىشىغا ساقلىمايلا ،— ئىچىپ بولۇپلا كەتسىڭىز بولىدۇ .

— بىراق . . .— يىگىت داڭقېتىپ تۇرۇپ قاپتۇ ،— مەن تېخى . . .

— ئەجىبا مۇشۇلار يېتەرلىك ئەمەسمۇ ؟— دەپتۇ روبېرت ئەپەندى كۈلۈمسىرەپ ئۆي ئىچىنى كۆرسىتىپ ،— كىرىدىڭىز ،



ئۆتكەن بىر مىنۇتنى كۆردىڭىز . . .

— چۈشەندىم ،— دەپتۇ يىگىت ئەمدى گەپنىڭ تېگىگە يې-تىپ ،— بىر مىنۇت ۋاقىتتىمۇ نۇرغۇن ئىشلارنى قىلغىلى ، نۇرغۇن ئىشلارنى ئۆزگەرتكىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ قويدىڭىز . رەھمەت سىزگە .

روبېرت ئەپەندى خۇشخۇيلۇق بىلەن كۈلۈمسىرىدى . يىگىت بىر رومكا قىزىل ھاراقنى ئىچىۋېتىپ چوڭقۇر رەھمەت - ھەش-قاللا ئېيتىپ ، خۇشال ھالدا ئۆيدىن ئايرىلدى .

**ھېكمەت :**

**ھاياتنىڭ ھەر بىر مىنۇتىنى چىڭ تۇتقاندىلا ، ئارزۇ قىلغان ھاياتقا ئېرىشكىلى بولىدۇ .**

## بىر تۈپ ئەنجۈر دەرىخى

بىر يوقسۇل بوۋاي بىر تۈپ ئەنجۈر دەرىخى تىكىش نىيىتىدە ئورەك كولاۋاتسا خان ئۇنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ قېلىپ سوراپتۇ :

— بۇ كۆچەتنى تىكىپ مېۋىسىگە ئېغىز تېگەلەرسىزمۇ ؟

— كۆچەت مېۋە بەرگۈچە ئۆلۈپ كەتسەم ، بالىلىرىم ئۇنىڭ شېرىن - شەربىتىدىن زوق ئالار . خۇدا مەرھەمەت قىلىپ گۇناھ - كەبىرلىرىمنى ئەپۇ قىلىۋەتسىمۇ ئەجەب ئەمەس ،— دەپتۇ بوۋاي .

— ئەگەر سىز مۇشۇ ئەنجۈرنىڭ مېۋىسىگە ئېغىز تېگەلىسىڭىز ، ئۆز قولىڭىز بىلەن ماڭىمۇ يەتكۈزۈپ بېرىڭ ، مەنمۇ ئەنجۈرگە ئامراق ،— دەپ كېتىپ قاپتۇ پادىشاھ .

ئۈچ يىل ئۆتۈپ ، بوۋاي تىككەن ئەنجۈرلەر غۇچچىدە مېۋە بېرىپتۇ . بوۋاي بىر سېۋەت ئەنجۈرنى ئېلىپ ئوردىغا ئەكىلىپ خان ئالىيلىرىغا بېرىپتۇ . پادىشاھ سېۋەتتىكى ئەنجۈرنىڭ ئورنىغا لىققىدە ئالتۇن - كۈمۈش ھەدىيە قىلىپتۇ .

بۇنى كۆرگەن پادىشاھنىڭ چاكىرىنىڭ كۆزى قىزىرىپتۇ .

— شۇنچىۋالا قىلىشقا ئەرزىمدۇ بۇ قېرى ؟— دەپتۇ ئۇ چىدىماي .

— ئۆز ئەمگىكى ، مېھنىتى بىلەن بايلىق ، مېۋە ياراتقانلارنى ئىززەتلىسەم بولمامدۇ !— دەپتۇ پادىشاھمۇ مەمنۇنلۇق بىلەن .

چاكار دەرھال ئۆيىگە قايتىپ خوتۇنىغا خان ئالىيلىرىنىڭ ئەنجۈرگە ئامراقلىقىنى ، بىر سېۋەت ئەنجۈر سوۋغات قىلسا ، گەپ يوق بىر سېۋەت ئالتۇن - كۈمۈشكە ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى ، ئەتە ئۇنىڭ شۇنداق قىلىشىنى تاپىلاپتۇ .



ئېرىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ خۇشاللانغان ئايال ئەتىسى بىر سېۋەت ئەنجۈر ئەكىرىپ ، ئالتۇن - كۈمۈش سوراپ تۇرۇۋاپتۇ . بۇنى ئاڭلاپ خاننىڭ غەزىۋى كەپتۇ — دە ، ئەنجۈرلەرنى ئۆرۈۋېتىپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ .

— مەن پېشانىسىدىن تەر ئاققۇزۇپ مېھنەت تۆككەنلەرگە ئىنئام بەردىم . سەندەك ھېلىگەر ، مەككار جانباقتىلارغا بېرىدىغىنىم تاياق - توقماق !

خان چاكارنىڭ خوتۇنىنى ئون دەررە ئۇرۇشقا بۇيرۇپتۇ .

**ھېكمەت :**

**مېھنەتكەشلەر تەڭرىنىڭ مەرھەمىتىگە يېقىندۇر . لايغەزەل ، جانباقتىلارغا ياغىدىغىنى لەنەت ۋە جازا .**

## بىر كىتابنىلا ئوقۇيالايدىغان بالا

ئۆگىنىشكە قىزىقمايدىغان، ئىنتايىن كەپسىز بىر بالا بار ئىكەن. دادىسى ئۇنىڭغا كۆپ كۈچ سىڭدۈرۈپتۇ. ئەمما نەتىجىسى بولمىغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا «تۇرا» دېگەن بىر كىتابنىلا ئوقۇشنى ئۆگىتىپ بولدى قىپتۇ. كېيىنچە ئۇلار تۇرۇۋاتقان شەھەرگە دۈشمەنلەر ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ ھەممە كىشىنى ئەسىرگە ئېلىۋاپتۇ، بالىمۇ شۇنىڭ قاتارىدا تۇرمىگە تاشلىنىپتۇ.

بىر كۈنى ئىسكەندەر بۇ شەھەرگە كەپتۇ ۋە تۇرمىلەرنى، تۇرمىگە يىغىۋېلىنغان كىتابلارنى كۆرمەكچى بوپتۇ. توساتتىن ئۇ ناتونۇش يېزىقتىكى بىر كىتابنى بايقاپ، ئۇنى ئوقۇيالايدىغانلارنىڭ بار - يوقلۇقىنى سوراپتۇ.

— بار، — دەپتۇ تۇرمە كۆزەتچىسى، — مەن ھازىرلا ئالدىلىرىغا ئەكىلەي.

— كىتابنى ئوقۇيسەن، — دەپتۇ تۇرمە كۆزەتچىسى ھېلىقى بالىغا، — ئوقۇيالمىساڭ كاللاڭ كېتەر.

— دادام ماڭا دەل مۇشۇ كىتابنى ئوقۇشنى ئۆگەتكەن، — دەپتۇ بالا كىتابنى كۆرۈپ ۋە ئىسكەندەرگە كىتابنىڭ «دەسلەپتە تەڭرى زېمىننى ياراتتى . . .» دېگەن يېرىدىن «مانا بۇ ئالەمنىڭ تارىخى» دېگەن يېرىگىچە، ئاخىرىغىچە ئوقۇپ بېرىپتۇ.

ئىسكەندەر بالا ئوقۇغان ھېكايە - قىسسەلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «مانا بۇ تەڭرى، ماڭا مەرھەمەتلىك دۇنياسىنى كەڭ ئېچىپ بەرگەن تەڭرى. بالىنى دادىسىنىڭ قېشىغا ئاپىرىپ قويۇڭلار» دەپتۇ ھەمدە بالىغا پۇل ئىنئام قىلىپ، دادىسىنىڭ قېشىغا يولغا ساپتۇ.

**ھېكمەت:**
**بىلىملىك ئادەمدە ھەممە نەرسە بار.**



## پروفېسسورنىڭ بىر سائەت دەرسى

بىر پروفېسسور سودا ئىنىستىتوتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىغا تەجرىبە خاراكتېرىدىكى بىر سائەتلىك دەرس ئۆتۈپتۇ. ئۇ ئېغىزى كەڭ بىر دانە بوتۇلكىنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا توشقىچە شېغىل سېلىپ ئوقۇغۇچىلاردىن «بوتۇلكا توشتىمۇ؟» دەپ سوراپتۇ.

— توشتى، — دەپ ۋارقىرىشىپتۇ ھەممە ئوقۇغۇچى بىردەك.

پروفېسسور ئۈندىمەستىن تېخىمۇ ئۇششاق دانچە شېغىللارنى بوتۇلكىغا تاشلاشقا باشلاپتۇ. چوڭ - چوڭ شېغىللارنىڭ ئارىسىدا قېلىپ قالغان يوچۇقلاردىن ئۇششاق دانچە شېغىللار شىرىقلاپ چۈشۈشكە باشلاپتۇ.

— ئەمدى توشتىمۇ؟ — دەپتۇ پروفېسسور يەنە شېغىل سېلىش مۇمكىن بولمىغاندىن كېيىن.

— ياق، — دەپتۇ بىر ئوقۇغۇچى، باشقىلارمۇ ئىشنىڭ تېگىگە ئەمدىلەتىن يېتىشكە باشلاپتۇ.

— ناھايىتى ياخشى!

پروفېسسور ئەمدى بوتۇلكىغا قۇم تۆكۈشكە باشلاپتۇ. قۇم دانچىلىرى ئەڭ ئۇششاق ئارىلىقلاردىنمۇ شىرقىراپ ئۆتۈپ، بوتۇلكىنىڭ قېلىپ قالغان يوچۇقلىرىنى تەلتۆكۈس ئېتىپ تاشلاپتۇ.

— بوتۇلكا توشتىمۇ؟

— ياق!

ئەمدى ھەممە ئوقۇغۇچى گۇركىرەپ جاۋاب بېرىپتۇ. پروفېسسور كۈلۈمسىرىگىنىچە بىر چەينەك سۇ ئېلىپ كېلىپ تاكى

بوتۇلكا تېشىپ كەتكۈچە سۇ قۇيۇپتۇ .
— بىزنىڭ چوڭ - چوڭ ۋاقىت ئورۇنلاشتۇرۇشىمىزنىڭ
ئارىسىدا هامان يوچۇقلار ، ئاز - تولا ۋاقىتلار قالىدۇ ،— دەپتۇ
پروفېسسور ،— ئەشۇ قىسقا ۋاقىتلارنى ئىسراپ قىلىۋەتمەي ئۇ-
نىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنالىساق ، هاياتىمىز هەقىقەتەنمۇ تەلتۆ-
كۈس مەنىگە تولىدۇ .

**هېكمەت :**
**بوش ۋاقىتتىن تولۇق پايدىلىنىش بىزنى تېخىمۇ بە-
قۇۋۋەت قىلىدۇ .**



## ئىككى ئانىنىڭ تەربىيىسى

ئىككى بالا بار ئىكەن . هەر ئىككىسى رەسىم سىزىشقا قىزد-
قىدىكەن .
بىرىنچى بالىنىڭ ئانىسى ئۇنىڭغا بىر تاختا قەغەز ۋە بىر
باغلام قەلەم ئېلىپ بېرىپ مۇنداق دەپتۇ : «تىرىشىپ سىز ۋە
سىزغانلىرىڭنىڭ هەممىسىنى تامغا چاپلاپ ماڭ ، ئۆيگە كەلگەنلەر
كۆرۈپ تۇرسۇن» .
ئىككىنچى بالىنىڭ ئانىسى ئۇنىڭغىمۇ بىر تاختا قەغەز ۋە
بىر باغلام قەلەم ئېلىپ بېرىپ مۇنداق دەپتۇ : «تىرىشىپ سىز ،
سىزىپ بولغانلىرىڭنى ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلا ، هېچكىمگە كۆر-
سەتمە» .
ئۈچ يىلدىن كېيىن بىرىنچى بالا رەسىم كۆرگەزمىسى ئې-
چىپتۇ . بىر تامغا لىق تولغان رەسىملەر بىر - بىرىدىن رەڭدار ،
قۇرۇلمىلىرى خىلىلا پۇختا بولۇپ ، كىشىلەرنى زوقلاندۇرىدى-
كەن .
ئىككىنچى بالا يەنىلا ئۆيدە سىزىۋېرىپتۇ ، سىزغىنىنى ئەخ-
لەت ساندۇقىغا تاشلاپ مېڭىۋېرىپتۇ . هېچكىشىگە كۆرسەتمەپتۇ .
30 يىلدىن كېيىن بىرىنچى بالىنىڭ رەسىملىرى كىشىلەر-
نىڭ دىققىتىنى تارتالماس ، باشقىلارنى قىزىقتۇرالماس بولۇپ
قاپتۇ .
ئىككىنچى بالا مۇشۇ چاغدا ئاندى رەسىم كۆرگەزمىسى ئۆت-
كۈزۈپتۇ — دە ، ئوچۇق ئاسماندا چاقماق چاققاندەكلا سەنئەت
ساهەسىدە ئىنتايىن زور بەس - مۇنازىرە ، زىلزىلە قوزغاپتۇ .
كىشىلەر بىرىنچى بالىنىڭ تامغا ئېسىلغان رەسىملىرىنى

يۇلۇپ ئېلىپ ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلاشقا باشلاپتۇ . ئەمما ئىك-كىنچى بالىنىڭ ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلانغان رەسىملىرىنىمۇ ئەتىۋارلىشىپ تاملىرىغا چاپلاشقا باشلاپتۇ .

**ھېكمەت :**

**ھەدېسىلا ئۇنۇمنى كۆرەتتىم دەپ ئالدىراش ، پىشمى-غان ، خام - خۇتا بىر نەرسىلەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ . تاقەت ، چىدام ، سەۋردىن بەرىكەت ياغىدۇ .**



## جىنايەتچىنىڭ پۇشايمىنى

— نېمىشقا مەكتەپكە بارمايسەن ؟

دادىسى 15 ياشلىق ئوغلىدىن ئاچچىق بىلەن سورىدى . ئوغ-لى مەكتەپكە بارغىلى ئۇنىماي ئۇنىڭ بەكىلا بېشىنى ئاغرىتى-ۋاتاتتى .

— ئوقۇشتىن زېرىكتىم ، ئوقۇغۇم يوق ،— دېدى ئوغلى پەرۋاسىزلا .

— ئۆگەنگەنلىرىڭ يېتەرلىك ئوخشىمامدۇ ؟

— پارتىدىشىمدىن ئوبدان بىلەتتىم ، ئۇچ ئاي بۇرۇن ئۇ مەكتەپتىن چىقىپ كەتتى . ئوقۇغۇسى يوقكەن . دادىسىنىڭ پۇلى بار ئوخشايدۇ ،— ئوغلى شۇنداق دېگىنىچە تالاغا ماڭدى .

— توختا ،— دېدى دادىسى ،— ئوقۇمىساڭ مەيلى ، ئەمما ئوقۇمىساڭ جەزمەنكى ئىشلەيسەن ، بىكار تەلەتنى باقىدىغان ئەخ-مەق داداڭ يوق .

ئەتىسى ئۇ ئوغلىنى ئېلىپ تۈرمىگە بىر ئاغىنىسىنى يوقلاش-قا باردى .

— سەن بىلەن كۆرۈشكىنىمگە بەكلا خۇشالمەن ،— دېدى ئاللىقاچان جىنايەتچىگە ئايلانغان دوستى .

— مەن سېنى بۇ يەردە ، بۇ ھالدا كۆرگىنىمدىن بەكلا ئەپسۇسلىنىمەن ،— دېدى دادىسى .

— سېنىڭ ئەپسۇسلىنىشىڭ مېنىڭكىگە يەتمەس ،— دېدى ئۇ ئازابلىنىپ ،— ھەممىسى ياش چاغلىرىمدىكى تىرىشىپ ئوقۇ-مىغانلىقىمنىڭ ، لايغەزەل ، بىكار تەلەت ، يامان ئادەملەر بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتكەنلىكىمنىڭ خاپىلىقى ، ياخشى ئوقۇغان بولسام…

ئۇ بوغۇلۇپ توختاپ قالدى .

كېيىنچە توماس تىرىشىپ ئوقۇدى ۋە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ دادىسىنىڭ شىركىتىدە جان تىكىپ ئىشلىدى . كۆنلىرىمۇ ئىنتايىن باياشاتچىلىق ئىچىدە ياخشى ئۆتتى .

**هېكمەت :**

**دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەت دەستۈرى دەل تىرىشىپ ئۆگىنىش .**



## قېرى تۆگىنىڭ تەجرىبىسى

بىر قېرى تۆگە قېرىپ ماغدۇرى ئۈزۈلەي دەپ قالغان بىر چاغدا يەنە بىر قېتىم «هالاكەت دېڭىزى» دەپ ئاتالغان پايانسىز قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتۈپ غەلىبىلىك قايتىپ كەپتۇ .

ئات بىلەن ئېشەك تۆگىنى تەجرىبە سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىپتۇ .

— سۆزلىگۈدەك ئالاھىدە گەپمۇ يوق . نىشاننى بېكىتىۋېلىپ چىدامچانلىق بىلەن بىرقەدەم - بىرقەدەمدىن مېڭىپ قارارگاھىمغا يەتتىم شۇ ،— دەپتۇ تۆگە سەمىمىيلىك بىلەن .

— مۇشۇلىما ؟— دەپتۇ ئات بىلەن ئېشەك هەيرانلىقتا .

— هەممىسى شۇ .

— ئا . . . ،— دەپتۇ ئات تېرىكىپ ،— كىشىنى تاڭ قالدۇرىدىغان بىرەر ئالاھىدە گەپ چىقارمىكىن دېسەم ، ئادەتتىكىلا ئىككى - ئۈچ ئېغىز گەپكەنغۇ .

— ۋاي دېگۈچىلىكى يوق گەپلەركەن ، تازىمۇ . . . ،— دەپتۇ ئېشەكمۇ نارازى بولۇپ .

ئەمەلىيەتتىمۇ ، هەر قانداق تەجرىبە ئەنە شۇنداق ئاددىي ئىدى . گەپ ئۇنى جانپىدالىق بىلەن ئىجرا قىلىشتا بولاتتى .

**هېكمەت :**

**مۇۋەپپەقىيەتتە مەخپىيەت يوق . تىرىشىپ ئىشلىسىڭىزلا ئۇ سىزنىڭ .**

# تۆتىنچى باب
# جاسارەت ھەققىدە

## مەن جەزمەنكى باتۇر بولىمەن

پەيشەنبە كەچ . بىر ئائىلە كىشىلىرى ماشىنىلىق ئۆيگە قايتىۋاتاتتى . ماشىنىنى باللارنىڭ ئانىسى ھەيدەۋاتقان بولۇپ ، ئۇ ئۇسساپ كەتكەچكە ئوغلىنىڭ قولىدىكى سۇ بوتولكىسىغا ئېگىشىپتۇ . رولدىكى قولى تېيىپ كېتىپ ماشىنا ئۇشتۇمتۇتلا ياندىكى جىلغىغا چۈشۈپ كەتتى .

تۇم قاراڭغۇ ، ئاسمان بۇلۇتلۇق ، نە يۇلتۇز ، نە ئاي يوق . ماشىنا ئۆرۈلۈپ توختىدى . ئانىسى كۆرۈنمەيدۇ . . .

چېقىلغان ئەينەكتىن ھۇشقىتىپ كىرگەن زەھەردەك ئاچچىق سوغۇق دۇتېيىنى ھوشىغا كەلتۈردى . ئۇ ئاپىسىنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلەلمىدى . چاقىرىپمۇ بىرەر سادا ئاڭلىيالمىدى . ئۇ قورقتى ، ئەمما سىڭىللىرىنى ئويلاپ نەلەردىندۇر قولىغا چىققان ئەدىيالنى تارتىپ ھوشسىز ياتقان سىڭىللىرىغا يېپىپ قويدى ۋە دېرىزىدىن ئۆمىلەپ سىرتقا چىقتى . ھەممە ياق قاپقاراڭغۇلۇق . خېلىلا نېرىدا بىر دۇكاننىڭ چىرىغى يېنىقلىق ئىدى . ئۇ ئۆمىلەشكە باشلىدى . دەرەخ شاخلىرى يۈز - كۆزىنى قانىتىپ ئېچىشتۇراتتى . ئەمما ئۇ قۇتقۇزۇشقا ئادەم چاقىرمىسا بولمايتتى .

ئالاھەزەل 20 مىنۇتلاردىن كېيىن ئۇ دۇكان ئالدىغا باردى . دۇكاندار بۇ كىچىك بالىنىڭ تۇرقىغا قاراپلا ئەھۋالىنى چۈشەندى

— دە ، ئادەم چاقىرىپ ۋەقە يۈز بەرگەن جايغا قاراپ يۈگۈردى .

دۇتېيىنىڭ ئانىسى ۋە ئىككى سىڭلىسى دوختۇرخانىغا دەر-



ھال يەتكۈزۈلۈپ قۇتقۇزۇپ قېلىندى . دوختۇرلار يەنە ئازراق كېچىككەن بولسا كۆپ قان چىقىپ كەتكەن ئانىنى قۇتقۇزۇشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئېيتىشتى .

ئامېرىكىدىكى بىر ژورنالنىڭ مۇخبىرى ئەمدىلا يەتتە ياشقا كىرگەن دۇتېيىنى زىيارەت قىلىپ ئۇنىڭدىن : «ئانىڭىزنىڭ دېيىشىچە قاراڭغۇدىن بەكلا قورقىدىكەنسىز ، ئەمما ھاۋا سوغۇق ، ئانىڭىزنىمۇ تاپالمىغان ، ھەممە ياقنى قاراڭغۇلۇق قاپلىغان ئاشۇ چاغدا قانداق كۈچ سىزنى نەچچە چاقىرىم يول مېڭىپ قۇتقۇزۇشقا ئادەم چاقىرىشقا ھەيدەكچىلىك قىلدى ؟ قورقمىدىڭىزمۇ ؟» دەپ سورىغاندا ، سەل - پەل ئۇيالغان دۇتېيىن مۇنداق جاۋاب بەردى :

— شۇ چاغدا بەكلا قورقتۇم . ئەمما مەن باتۇرراق بولۇشۇم كېرەك ئىدى . ئانامنى تاپالمىدىم . ئىككى سىڭلىمنى بولسىمۇ باتۇرلۇق ، قەھرىمانلىق بىلەن قوغداپ ، قۇتقۇزمىسام بولمايتتى . بىز بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ خۇشال - خورام بىرلىكتە ياشىشىنى بەكلا ئۈمىد قىلاتتىم .

**ھېكمەت :**

**خەتەر يەتكەن چاغلاردا جەزمەن ئۆزىمىزنىڭ قەھرىمان ، باتۇرى بولالىشىمىز كېرەك .**

# سېپنسوننىڭ كالتىكى

شۇ كۈنى كەچلىكى، ئانىسى سېپنسونغا بۇندىن كېيىن يېمەكلىكلەر دۇكىنىغا ئۆزى بېرىپ، نەرسە - كېرەك سېتىۋېلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى. سېپنسون خۇشلۇقتىن ئۆزىنى نەچچە ياش چوڭىيىپ كەتكەندەك ھېس قىلىپ كەتتى.

ئەتىسى چۈشتىن كېيىن، ئۇ سېۋەتنى كۆتۈرۈپ يېمەكلىكلەر دۇكىنىغا قاراپ ماڭدى. ئەمدى بىر دوقمۇشقا كېلىشى بىر توپ بىكار تەلەت لۈكچەكلەر ئۇنى ئورىۋالدى ۋە ئۇنى ئىتتىرىپ يىقىتىپ، سېۋىتىنى، يېنىدىكى پۇلىنى تارتىۋالدى.

سېپنسون تەمتىرىگىنىچە ئۆيىگە بېرىپ بولغان ئىشنى ئانىسىغا دەپ بەردى. ئانىسى ئۇنىڭ قولىغا ئالىدىغان نەرسىلەرنىڭ تىزىملىكىنى ۋە تېخىمۇ كۆپ پۇل تۇتقۇزۇپ ئۇنى يېمەكلىك دۇكىنىغا يەنە يولغا سالدى. ئۇ يولبويى ھېلىقى لۈكچەكلەرنىڭ ئەمدى ئۇچراپ بوزەك قىلماسلىقىنى تىلەپ ماڭدى. ئەمما ئۇلار يەنە دوقۇرۇشۇپ قالدى.

— يەنە شۇ قارىۋاي شۇمتەكقۇ ؟!

ئۇلار چۇرقىراشقىنىچە كېلىپ، ئارقىسىغا ئۆرۈلگىنىچە قاچقان سېپنسوننى تۇتۇۋېلىپ قاتتىق يەرگە چۆرۈۋەتتى. سېپنسون يىغلىدى، يالۋۇردى. ئەمما ئۇلار قىلچە رەھىم قىلىپ قويمىدى.

سېپنسون يىغلىغان پېتى قايتىپ كەتكەندە، ئانىسى ئۇنى ئىشىك تۈۋىدە ساقلاپ تۇرغانىدى.

— ئۇلار مېنى ئۇردى.

ئۇ خىتىلداپ يىغلىغىنىچە ئۆزىنىڭ پاناھگاھى بولمىش ئۆ-



يىگە قاراپ ماڭدى.

— كىرمەيسەن، — دېدى ئانىسى بۇيرۇق ئاھاڭىدا.

سېپنسون داڭقېتىپ ئانىسىغا قاراپ قالدى.

— ئۇلار مېنى يەنە ئۇرىدۇ، — ئۇ يالۋۇرغاندەك يىغلىدى.

— يىقىلغان جايىڭدىن تۇرىسەن، — ئانىسىنىڭ تەلەپپۇزى قاتتىق ئىدى، — بۈگۈن مەن ساڭا قەددىنى تىكىشنىڭ ئۆزىنى قوغداشنىڭ نېمىلىكىنى ئۆگىتىپ قويمىسام زادى بولمايدۇ.

ئانىسى گېپىنى تۈگىتىپ ئۆيىگە كىرىپ ھايال بولمايلا تېخىمۇ كۆپ پۇل، تىزىملىك ۋە يەنە بىر كالتەك كۆتۈرۈپ چىقىپ ئۇنى دۇكانغا قايتا ئەۋەتتى.

سېپنسون ئۆيىگە كىرىۋېلىش ئۈچۈن ئوقتەك ئېتىلىپ ماڭغانىدى. ئانىسى تېزلا ئۆيىگە كىرىۋالدى ۋە «جاڭگىدە» ئىشىكنى يېپىپ شاراقلىتىپ زەنجىر سالدى. سېپنسونغا ئىككىلا يول قالدى. ئۇ قورقۇنچتىن لاغىلداپ تىترەپ كەتتى . . .

ئۇ قولىدىكى كالتەكنى چىڭ سىقىمدىغىنىچە، نەپەسلىرى يېتىشمىگۈدەك ھاسىرىغان پېتى يولغا چۈشتى.

— يەنە كەپسەنغۇ، قارىۋاي شۇم . . .

ئۇلار تېزلا سېپنسوننى ئورىۋالدى. سېپنسوننىڭ غەزىپى چېكىگە يەتكەنىدى. ئۇنىڭ كالتەكنى چىڭ سىقىمدىۋالغان بارماقلىرى تېخىمۇ كىرىشىپ كەتتى ۋە قايناپ - تاشقان غەزەپ بىلەن ئالدىغا ئۇچرىغىنىنى قارىقويۇق كالتەكلەشكە باشلىدى. ئەزەلدىن مۇنداق غەزەپلەنگەن ھالىنى كۆرۈپ باقمىغان بىكار تەلەت نېمىلەر ئالدى - كەينىگە قارىماي بەدەر قېچىشتى.

سېپنسون ئاخىرى دۇكانغا بېرىپ نەرسە - كېرەك سېتىۋالدى. قايتىقچە كالتەكنى يەنە چىڭ سىقىمدىغان پېتى كەلدى. ئەمما بايىقى مۇتتەھەملەرنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

شۇ كۈنى كەچلىكى سېپنسون ئاخىرى كالتىكىگە تايىنىپ

ئامېرىكا كالىفورنىيە شتاتىنىڭ كوچىسىدا قورقماي مېڭىش ئىمتىيازىغا ئېرىشتى .

**ھېكمەت :**
**دۈشمەنگە يولۇققاندا جاسارەت بىلەن تېخىمۇ قاتتىق زەربىگە ئۆت .**



## يىقىلغان بالا

بىر ئاتا 16 ياشقا كىرسىمۇ ئەرلەرگە خاس روھ يوق دەپ ئوغلىدىن ئاغرىنىپ ئەندىشە قىلىدىكەن . ئۇ ئاخىرى بىر چامباشچىغا ئوغلىنى يۈرەكلىكرەك قىلىپ تەربىيىلەپ بېرىشكە بېرىپتۇ .

— بالىڭىز يېنىمدا قالىدۇ ،— دەپتۇ چامباشچى ،— ئالتە ئايغىچە كۆرۈشمەيسىز . ئالتە ئايغىچە مەن ئۇنى تۈزۈك ئادەم قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىمەن .

يېرىم يىلدىن كېيىن ئۇ ئوغلىنى قايتۇرۇپ كېلىشكە بېرىپتۇ . چامباشچى بىر مەيدان مۇسابىقە ئويۇشتۇرۇپ ئۇنىڭغا ئوغلىنىڭ ماھارىتىنى ۋە تەربىيىلەش نەتىجىسىنى كۆرسىتىپ قويماقچى بوپتۇ . ئوغۇل بىلەن ئۇنىڭ ئۇستازى مۇسابىقىلىشىپتۇ . ئۇستازى قولىنى چىقىرىپ ئوغۇلنى بىر مۇشت سالغانىكەن ، ئۇ موللاقلاپ چۈشۈپتۇ . ئەمما دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە ئېتىلىپ كەپتۇ . يەنە بىر مۇشت يەپ يىقىلىپ يەنە قوپۇپتۇ . ئارقا - ئارقىدىن يىقىلىپ قوپۇپ جەمئىي 12 قېتىم كەپتۇ...

— قانداق بالىڭىزدىن ئەرلەرگە خاس روھ - جاسارەتنىڭ ئىپادىلىرىنى كۆرەلىدىڭىزمۇ ؟— دەپ سوراپتۇ چامباشچى .

— نەدىكىنى ؟ مەن ئوغلۇمنىڭ يېرىم يىل تەربىيىلىنىپمۇ بىر مۇشتقا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان ، بىر تاياق بىلەن يەر چىشلەپ يېتىپ قالىدىغان ئادەم بولۇپ قالىدىغىنىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىكەنمەن ،— دەپتۇ ئاتا ئازابلانغان ھالدا .

— ئەپسۇس ،— دەپتۇ چامباشچى ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ ،— سىزنىڭ كۆرگىنىڭىز يۈزەكى ھادىسە . ئەمما كۆردۈڭىزمىكىن ، ئوغلىڭىز يىقىلغان يېرىدىن يەنە دەست تۇرالىدى .

ئەجىبا بۇ جاسارەت، ئىرادە ئەمەسمۇ؟ ھەقىقىي ئەرلەرگە خاس جۇشقۇن روھ ئەمەسمۇ؟

دەرەخ قانچىكى چوڭقۇر يىلتىز تارتالىسا شۇنچە تىك، مەغرۇر ئۆسىدۇ. مۇخلار كىشىلەرنىڭ نەزىرى چۈشمەيدىغان بۇلۇڭلاردىن باھارنىڭ شەپىسىنى بېرىدۇ. قوپۇش قېتىم سانى يىقىلىش قېتىم سانىدىن كۆپ بولىدىكەن، غەلىبە دېگەن شۇ.

**ھېكمەت:**

**قايتا ئورنۇڭدىن دەست تۇرالايدىغان جاسارەتلا بولىدىكەن، مەغلۇبىيەت ھېچقانچە قورقۇنچلۇق ئەمەس.**



## لەگلەكچاقنىڭ پەرۋازى

— ئۇچالمىغۇدەكمەن، — لەگلەكچاق لەيلەپ كېتىۋاتقان بۇرادىرىگە قورقۇش ئىلكىدە توۋلىدى، — ئۇچساملا يىقىلارمەنمىكىن؟

— سىناپ باقمامسەن؟ — لەگلەكچان توۋلىدى، — بولە، سىناپ باقمىساڭ ھەرگىز ئۆگىنەلمەيسەن.

— چۈشۈپ كېتىشتىن قورقىمەن، — لەگلەكچاق يەنە قورقۇپ توۋلىدى.

— ئۇنداق بولسا قال، خوش، — لەگلەكچان پايانسىز كۆككە يول سالدى.

لەگلەكچاقنىڭ قاناتلىرى تىترەشكە باشلىدى. شۇنداقتىمۇ سىناپ باقماقچى بولدى. دەسلەپ قورقتى. ئاستا ئۆرلىگەنسېرى دېدىللىشىپ تېخىمۇ ئېگىز ئۆرلەشكە باشلىدى. ۋە تېزلا لەگلەكچانغا يېتىشىۋېلىپ خۇش بولغان، مەغرۇرلانغان ھالدا ئۆزگىلى تۇردى. پەستىكى باللار ئەمدى چۈمۈلىچىلىك قالدى. ئۇ ئارامبەخش ئاسماندا قۇشلار، بۇلۇتلارنىڭ تەبەسسۇمىغا ھەمجۈر بولدى.

— مەن بەك خۇش، — لەگلەكچاق ھەۋەس بىلەن توۋلىدى، — ئىرادە، جاسارەت بولسىلا تىرىشىپ سىنىغىلى، بىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولىدىكەن.

**ھېكمەت:**

**تۇنجى قەدەم ئىرادىگە مۇھتاج. كېلىڭ، سىناپ بېقىڭ.**

## قۇياش دۇمبەمدە پارلايدۇ

ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئەر گەدىنىدىكى ئىنتايىن كۆپ قەرزلەرنى ۋاقتىدا قايتۇرۇپ بولالمىغاچقا، تۈرمىگە چۈشۈپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئەمدىلا 11 ياشقا كىرگەن بىچارە ئوغلى ئامالسىز قارا ئىشچى، ئاقلامچى بولۇپ جان بېقىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۇ كېچە ـ كۈندۈز جان تىكىپ ئىشلەپ پۇل تېپىپ دادىسىنى كېپىللىككە ئېلىپ چىقىشنىڭ كويىدىلا يۈرۈيدىكەن. ئەمما ئەڭ ئاخىرقى مۆھلەت توشقان كۈنى، بالا ئىش ھەققىنى ۋاقتىدا ئالالمايدۇ — دە، دادىسى مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ كېتىدۇ بالا تۆمۈر رىشاتكىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ ھۆر ـ ھۆر يىغلاپ كېتىدۇ. ئەمما دادىسى مېھرىلىك نەزىرى بىلەن كۈلۈمسىرىگىنىچە ئوغلىنىڭ مەڭگۈ ئېسىدىن كۆتۈرۈلمىگۈدەك مۇنداق بىر ئېغىز گەپنى قىلىدۇ؛

— يىغلىما بالام، قۇياش دۇمبەمدە پارلايدۇ، مەڭگۈ پارلاپ تۇرىدۇ.

كېيىنچە بالا ئەنگلىيىدىكى ئەڭ كاتتا يازغۇچىلارنىڭ بىرىگە ئايلىنىدۇ. بالىنىڭ دادىسىغا نىسبەتەن، ئۆمۈر بىر قاراڭغۇ گۆرىستانغا ئايلانغان بولسىمۇ ئەمما ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس. ئەمما قۇياشتەك پارلاق ئىشەنچ ـ ئېتىقاد ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى مۇدھىش غەم تۇمانلىرىنى تارقىتىپ ئوغلىغا ئىشەنچ ـ ئىرادە بېغىشلىدى. نۇرغۇن يىللاردىن كېيىن، ئوغلى مۇنداق يازىدۇ: «شۇ چاغدا مەندە ئىنتايىن كۈچلۈك ئارزۇدىن بىرى پەيدا بولدى. يەنى بىلىملىك، باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشە-



دىغان ئادەم بولۇش. بۇ ئارزۇ مېنىڭ قەلبىمنى شوخشىتىپ، ئەس ـ ھوشۇمنى تەلتۆكۈس چىرمىۋالغانىدى».

**ھېكمەت:**

**ئىرادە بىر دەستە نۇرغا ئوخشايدۇ. ئۇ كۈلپەتلەرنى تېشىپ ئۆتەلەيدۇ.**

## ئاددي جاۋاب

ناھايىتى ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى گرېتسىيە بۈگۈنكىدەك
بىرلىككە كەلگەن دۆلەت ئەمەس . ھەممىسى ئۆز ئالدىغا ھۆكۈم-
رانلىق قىلىدىغان پارچە - پارچە شەھەر دۆلەتلىرى ئىكەن .
ماكېدونىيە گرېتسىيىنىڭ شىمالىدىكى بىر شەھەر دۆلىتى
بولۇپ ، ماكېدونىيە پادىشاھى پۈتۈن گرېتسىيىنى ئۆز ھۆكۈمراد-
لىق دائىرىسىگە ئۆتكۈزۈشنى بەكمۇ ئارزۇلايدىكەن . شۇنىڭ بى-
لەن ئۇ باشقا شەھەر ، دۆلەتلەرگە جەڭ ئېچىپتۇ ۋە سپارتالىقلار-
دىن باشلىرىنىڭ ھەممىسىنى بويسۇندۇرۇپتۇ .
سپارتالىقلار گرېتسىيىنىڭ جەنۇبىدا ياشايدىغان ، ئاددىي -
ساددا ، باتۇرلۇقى بىلەن ، شۇنداقلا يەنە ئىنتايىن ئادەتتىكى تىل-
لارنى ئىشلىتىشكە ئەھمىيەت بېرىشى بىلەن نامى چىققان خەلق
ئىدى . ماكېدونىيە شاھى پۈتۈن گرېتسىيىنى بىرلىككە كەلتۈ-
رۈش ئۈچۈن سپارتالىقلارنىمۇ ئىتائەتكە كىرگۈزمىسە بولمايدى-
غانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەسكەرلىرىنى باش-
لاپ ، سپارتالىقلارنىڭ زېمىنىغا يېقىن يەرگە ئەكەپتۇ ۋە ئۇلارغا
ئالاقە ئەۋەتىپتۇ .
«تەسلىم بولۇپ ئىتائەتمگە كىرمىسەڭلار زېمىنىڭلارغا بې-
سىپ كىرىپ ، پۈتكۈل تەئەللۇقاتىڭلارنى كۆيدۈرۈپ كۇل قىلى-
ۋېتىمەن . شەھىرىڭلارغا كىرىپلا قالسام ، ھەممە يەرنى تۈپتۈز
قىلىۋېتىمەن» دەپ تەھدىت سېلىپتۇ ئۇ ئالاقىدە .
بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ، ماكېدونىيە شاھى جاۋاب خەت
تاپشۇرۇۋاپتۇ . قەغەزگە بىرلا خەت يېزىپ قويۇلغانىكەن ؛ «ئە-
گەر . . .» .

**ھېكمەت :**
**خام - خىيالنىڭ ۋەھىمىسىدىن قورقماڭ .**



## ئېلىسانىڭ جاۋابى

ئېلىسا مۇنبەرگە كېلىپ توختىدى ۋە قولىنى پەستىكى
ئوقۇغۇچىلارغا بىلىنەر - بىلىنمەس پۇلاڭلىتىپ قويدى . ئېغىزى
ئوچۇق ، كۆزى بىر نۇقتىغا قادالغان ، نېمە دېيىشىنى ، نېمە
قىلىشىنى دەماللىققا بىلەلمىدى . نېمىنى ، قانداق دەيدۇ ؟ ئۇ
سۆزلىيەلمەيدۇ . مېڭە پالەچلىنىش كېسىلى ئۇنى كىچىك چېغىد-
دىلا سۆزلەش ئىقتىدارىدىن ئايرىۋەتكەن . ئەمما ئۇ ئىنتايىن
ياخشى ئاڭلىيالايدۇ . بالىلىقتىكى قان - ياشلىق ، ئازابلىق كۈن-
لەر ئىچىدە ئۇ مەغرۇرلۇق بىلەن قەددىنى كېرىپ مۇشكۇللۈك
بىلەن جان تىكىپ ئېلىشقان ۋە كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ
سەنئەت پەنلىرى بويىچە دوكتۇرىغا ئايلانغانىدى .
— ئېلىسا دوكتۇر ،— بىر ئوقۇغۇچى تۆۋەن ئاۋازدا سورىد-
دى ،— كىچىكىڭىزدىنلا مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قاپتىكەنسىز . ئۆ-
زىڭىزدىن يىرگىنىپ ، نەپرەتلەنمەمسىز ؟
ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى قوپاللىق بىلەن سورالغان بۇ
سوئالدىن بىئەپ ھېس قىلغاندەك تۇرۇپ قالدى . ئەمما ئېلىسا
سوئال سورىغان ئوقۇغۇچىغا قاراپ ئىللىق كۈلۈمسىرەپ قويغاند-
دىن كېيىن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ دوسكىغا مۇنۇلارنى يازدى .
1 . مەن بەك ئوماق .
2 . قول - پۇتۇم ھەقىقەتەن كېلىشكەن .
3 . دادام - ئاپام مېنى قەۋەتلا ياخشى كۆرىدۇ .
4 . رەسىم سىزالايمەن ، ئەسەر يازالايمەن .
5 . ئوماق بىر تال مۈشۈكۈم بار .
6 . . .

سىنىپ ئىچى تىمتاسلىققا پاتتى . ھېچكىم چوڭراق تىنىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى . ئۇ ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ئوقۇغۇچىلارغا قارىۋەتكەندىن كېيىن ، يەنە بۇرۇلۇپ دوسكىغا مۇنۇلارنى يازدى : «مەن ئۆزۈمدە بار نەرسىلەرگىلا قارايمەن ، ئۆزۈمدە يوق نەرسىلەر ھەققىدە قايغۇرۇپ ئولتۇرمايمەن» .

سىنىپ ئىچىدە قىزغىن ئالقىش چاۋاكلىرى ياڭرىدى . ئېلىسا ئىللىق تەبەسسۇمى بىلەن ئوقۇغۇچىلارغا باقتى . كۆزلىرى تېخىمۇ يۇمۇلۇپ كەتتى . مەڭزىدە مەڭگۈ ئۆچۈرگىلى بولمايدىغان مەغرۇرلۇقنىڭ ئەكسى سۈپىتىدە بىر تامچە ياش چاقنىغىنىچە قېتىپ قالدى .

**ھېكمەت :**

**ھەقىقىي باتۇرلۇق تەڭرى ساڭا ئاتا قىلغان ھەممە نەرسىنى قورقماي قوبۇل قىلىشتۇر .**



## مەن تىلاۋەت قىلىپ بولدۇم

بىركان ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ 38 كان ئىشچىسى كان ئاستىدا قاپتۇ . يەنە كېلىپ توختىماي ياغقان قار ھەممە ياقنى قېلىن قارغا كۆمۈپ قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى تېخىمۇ قىيىنلاشتۇرۇۋېتىپتۇ . قۇتقۇزۇش خادىملىرى ئاق يەرگە گۈلخان سېلىپ ، بىر قىسمى نۆۋەت بىلەن ئوت ئىسسىنىپتۇ . 30 ياشلاردىكى پوپتىن بىرى تىلاۋەت قىلىشقا باشلاپتۇ : «پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن تىلەيمىزكى . . .»

ھەممەيلەن مۆكلۈق تىلاۋەت ئاۋازىدىن سۈكۈتكە چۆمۈپتۇ . بۇ چاغدا بىر مۇخبىر بۇ تەسىرلىك مەنزىرىنى ۋاقتىدا خەۋەر قىلىپ ، پوپنىڭ مۇقەددەس تىلاۋىتىنى پۈتۈن خەلققە ئاڭلىتىش مەقسىتىدە ، ئۈنئالغۇنى ئېچىپتۇ . ئەمما باتارىيە سوغۇقتىن توڭلاپ كەتكەنىكەن . مۇخبىر ئۈنئالغۇنىڭ باتارىيىسىنى ئالماشتۇرۇپ بولغىچە تىلاۋەتمۇ ئاخىرلىشىپتۇ .

— ھۆرمەتلىك پوپ ،— دەپتۇ ھۆرمەت بىلەن ،— مەن رادىئو ئىستانسىسىنىڭ مۇخبىرى . بايا بىزنىڭ ئۈنئالغۇدىن چاتاق چىقىپ ئۆزلىرىنىڭ مۆكلۈق تىلاۋىتىنى ئېلىۋېلىشقا ئامالسىز قالدۇق . ھازىر ئاپپاراتلار تەقلەندى ، قايتا تىلاۋەت قىلىپ بەرسىلە بوپتىكەن .

پوپ بىر ئاز گاڭگىراپ :

— مەن ئاللىقاچان تىلاۋەت قىلىپ بولدۇم بالام ،— دەپتۇ .

— پوپ ، مەن مۇخبىر ،— دەپتۇ مۇخبىر ئۆز سالاھىيىتىنى پەش قىلىپ .

— مەن تىلاۋەت قىلىپ بولدۇم ، ھەممە ئىشنىڭ ۋاقتى ،

ئورنى بار . يەنە بىر قېتىم تىلاۋەت قىلىش سەممىيلىك جۈملىسىدىن ئەمەس .

— ئۆتۈنۈپ قالاي پوپ ،— دەپ چىڭ چاپلىشىپتۇ مۇخبىر .

— ياق !— پوپ قەتئىيلىك بىلەن گەپنى كېسىپتۇ ،— ئۇنداق قىلساق بولمايدۇ . مەن تېخى بايىلا تەڭرىگە تىلاۋەت قىلدىم ، ئەمدى سىزگە تىلاۋەت قىلامدىم !

ئۇ ئۆرۈلگىنىچە كېتىپ قاپتۇ . مۇخبىرلار ئورنىدا داڭقېتىپ تۇرۇپ قاپتۇ .

هېكمەت :

**پوپ - ئىماملارنىڭ قەتئىيلىكى مۇقەددەس ئەخلاق جۈملىسىدىندۇر .**



## كىشىنى ئەڭ تەسىرلەندۈرىدىغان ئارزۇ

جىنس ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كېلىپ بىر سەھرادا ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولدى . ئۇنىڭ دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا قىلىدىغان ئىشى تاپشۇرۇق تەكشۈرۈش . ئەمدىلا مەكتەپكە كىرگەن ئىككىنچى يىللىقنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئەلۋەتتە ئۇنچىۋالا مۇكەممەل ماقالىلەرنى يېزىپ چىقالمايتتى . يەنە كېلىپ يېزا بالىلىرىنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچى شەھەر بالىلىرىنىڭكىگە يەتمەمدۇ ، كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئوي - پىكىرلەرمۇ كۆپ ئۇچرىمايتتى . مانا بۈگۈنمۇ ئۇ «مېنىڭ ئارزۇيۇم» دېگەن تېمىدىكى ماقالە تاپشۇرۇقلىرىنى تەكشۈرۈپ ئولتۇرۇپتۇ .

ئۇنىڭ كۆزلىرى تۇساتتىن بىر دەپتەرگە ھەيران قالغاندەك قادىلىپلا قالدى .

«دادام ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى مېنى دائىم چوڭ بولساڭ تىرىشىپ ئوقۇپ كاتتا ئالىم بولساڭ دەيتتى . ئانا مېنى ساقچى بولساڭ بولاتتى ، دەپ ئارزۇ قىلىدۇ . ئەمما مېنىڭ ئالىممۇ ، ساقچىمۇ بولغۇم يوق . مېنىڭ بىر ئىت بولغۇم بار . كېچە - كۈندۈز ئۆيگە قارىسام دەيمەن . دادام ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئانام بەكلا ئازابلاندى ھەم ئۆيدە ئانام ئىككىمىزلا قالغاچقىمۇ ، ئانام بەكلا قورقۇنچاق ، چۆچۈگەك بولۇپ قالدى . مەنمۇ بەكلا قورقىمەن . ئەمما ئانام ئىتنى ھېچنىمىدىن قورقمايدۇ دەيدۇ . شۇڭا بىر ئىتقا ئايلانسام دەيمەن . ئۇنداق بولغاندا ئانامىمۇ ، مەنمۇ قورقمايتتۇق» .

ماقالە ئىنتايىن قىسقا ئىدى . يەنە كېلىپ خاتا جۈملىلەرمۇ يەتكىچە بار ئىدى . بۇ ئالەمدە ئىتقا ئايلىنىش ئارزۇسىدا بولىدى-

غاندىن يەنە كىم بار ؟ مۇئەللىملەر بۇنداق ئارزۇ ـ خىياللارنىڭ
ئانا ـ مانىسىنى بىرىدۇ . ئەمما مۇشۇ دەقىقىدە جىنس بىر ئىك-
كىنچى يىللىق ئوقۇغۇچىسىنىڭ بۇ ئارزۇسىدىن قاتتىق سىلكى-
نىپ توختىدى ، بۇرنى قىمىرلاپ كەتتى .
جىنس بۇ ئوقۇغۇچىنىڭ دەپتىرىگە چوڭ قىلىپ ئەلا بەلگى-
سىنى قويدى ۋە مۇنداق يېزىپ قويدى : «شۇنداق دېيەلەيمەنكى ،
بۇ دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ ، كىشىنى ئەڭ تەسىرلەندۈرىدىغان ئار-
زۇ » .

هېكمەت :
**غەمخورلۇق باتۇرلۇقنىڭ مەنبەسى . بىر ئىغىز چى-**
**رايلىق ئىلهامى بەزىدە بىر ئادەمنىڭ تەقدىرىنى ئۆز-**
**گەرتىۋېتەلەيدۇ .**



## مەن سېنىڭدىن پەخىرلىنىمەن

قۇياش پارلاپ تۇرغان چىرايلىق بىر كۈنى ، بىر توپ باللار
بىر مومايىنىڭ ئارقا ھويلىسىدا مومايىنىڭ ئۆگزىسىگە تاش ئېتىپ
ئۇنىڭ دوملاپ يەنە قايتىپ چۈشۈشىنى تاماشا قىلىپ ئويناۋاتات-
تى . ئاتقان تاش ئۈچبۇلۇڭ شەكىلدىكى قىيپاش ئۆگزىدىن دومى-
لاپ چۈشۈپ باللارغا ئوبدانلا ئويۇن بولۇپ بەرگەنىدى .
مېيكمۇ بىر تال تاشنى ئاتتىيۇ ، ئەمما سىلىق تاش قولىدىن
يانتو چىقىپ كەتتى — دە ، «جاڭڭىدە» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ،
مومايىنىڭ دېرىزىسىنىڭ بىر كۆز ئەينىكى چۇل ـ چۇل بولۇپ
چېقىلىپ كەتتى . باللار توشقاندەك پىتىرىشىپ بىردەمدىلا نە-
لەرگىدۇر غايىب بولدى . . .
مېيك بىر كۈن كەچكىچە قورقۇپ يۈردى . نەچچە كۈنلەرمۇ
جىمجىت ئۆتۈپ كەتتى . ئۇ ئەمدى ئۆزىگە گەپ كەلمەيدۇ دەپ
ئويلىدى . ئەمما بىر خىل گۇناھكارلارچە ئەيىب تۇيغۇسىدىن
زادىلا قۇتۇلالمىدى .
مېيك ھەر كۈنى گېزىت توشۇيتتى . ئۇ مومايغا گېزىت
ئەكىرىپ بەرگەندە ، مومايىنىڭ ئىللىق كۈلۈمسىرىشى ۋە مۇلايىم
سالىمى مېيكنى تېخىمۇ ئۇيالدۇراتتى .
مېيك ئاخىرى گېزىت توشۇپ تاپقان پۇلىغا مومايىنىڭ چې-
قىلغان ئەينىكىنى سېلىپ بېرىش نىيىتىگە كەلدى ۋە ئۈچ ھەپتە
تىرىشىپ يۈرۈپ يەتتە دوللار تاپتى . ئۇنىڭچە بۇ پۇلغا بىر كۆز
ئەينەكنى گەپ يوق سالغىلى بولاتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ قىلمىشى
ئۈچۈن ئەپۇ سوراپ ، يەتتە دوللارنى قېتىپ بىر پارچە خەت بىلەن
مومايىنىڭ گېزىتلىرىنى قوشۇپ ئەتىسى مومايغا ئەكىرىپ بەردى

ۋە مومايىنىڭ كۆلكىسىگە كۆلكە بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ يېنىپ چىقتى .

ئەتىسى موماي مېيكىنىڭ ھەر كۈنى گېزىت توشۇپ بەرگىنىگە رەھمەت ئېيتىپ ئۇنىڭغا بىر مۇنچە تاتلىق - تۈرۈم سوۋغا قىلدى . مېيك خۇشاللىقىدا رەھمىتىنى بىلدۈرۈپ ، پېچىنە يېگەچ گېزىت تارقىتىشۋەردى . خېلىدىن كېيىن ئۇ تاتلىق - تۈرۈملەر سېلىنغان سۇلياۋ خالتىدىن بىر پارچە كونۋېرتنى بايقاپ قالدى . كونۋېرتتا يەتتە دوللار ۋە «مەن سېنىڭدىن پەخىرلىنىمەن» دەپ يېزىلغان بىر ۋاراق قەغەز بار ئىدى .

**ھېكمەت :**

**جاسارەت دەل ئىشلارنى قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئۆز يولىدا بىر تەرەپ قىلالايدىغان پاراسەت ۋە قەتئىيلىكنى كۆرسىتىدۇ .**



## تۈلكە بىلەن خوراز

ئورماندىكى كەڭ كەتكەن بىر پارچە ئاق يەردە ياشايدىغان كىررى ئىسىملىك بىر خوراز بار ئىدى . ئۇنىڭ تاجى ئوتقاشتەك قىزىل ، پەيلىرى ئالتۇندەك جۇلالىق ، ئاۋازى قوڭغۇراقتەك ياڭراق ئىكەن .

ئۇ ئەتىگەندىلا ئورنىدىن تۇرۇپ دان تېپىپ يەپ قورسىقىنى توقلاپ قاناتلىرىنى سىلكىپ قاققىنىچە چىللاپ - تاقلاپ سەكرەپ مېڭىپتۇ ۋە تۇساتتىنلا بىر رەڭدار كېپىنەكنى كۆرۈپ توختاپتۇ . چاتقاللىقنىڭ ئارىسىدا مۆكۈپ ياتقان بىر تۈلكىنى سېزىپ قېلىپ قورقىنىدىن سەكرىگىنىچە چىللاپ قېچىپتۇ .

— قەدىرلىك بۇرادەر ، نېمىگە قاچىسەن ؟— دەپتۇ تۈلكە ،

— سېنىڭ ناخشاڭنى ئاڭلاي دەپ بۇ يەردە مۆكۈپ تۇرغانتىم . قارا ، ئاۋازىڭ پەرىشتىنىڭكىدەك سۈزۈك ، يېقىملىق ، ئاناڭ - داداڭلار بىلەن يېقىن ئۆتەتتۇق . سەن بىلەنمۇ ئارىلىشىپ ئۆتسەم دەيمەن . ھە راست ، داداڭ رەھمەتلىك ئېيتىدىغان ناخشا ئېسىڭدە بارمۇ ؟ ئۇ ناخشا ئېيتىشتىن ئاۋۋال يەتكىچە قانات قېقىپ ئاۋاز سازلايتتى . ئاندىن كۆزىنى يۇمۇپ ئېيتىشقا باشلايتتى . سەنمۇ شۇنداق ئېيتىشنى ئۆگەنمەمسەن ؟ شۇ تەرىقىدە ئېيتىپ بەرسەڭ ، ئاڭلىسام بولاتتى . راستىنلا ئاڭلىغۇم بار . ئاۋازىڭ تېخىمۇ سازلىشىپ كەتتىمۇ قانداق ، بىر كۆرسىتىپ قويمامسەن ؟

كىررى تۈلكىنىڭ شېرىن - شېكەر گەپلىرىنى ئاڭلاپ ، مەغرۇرلىنىپ قانىتىنى قېقىپ ، كۆزىنى يۇمغىنىچە نەچچىنى چىللىۋېتىپتۇ ۋە ناخشىسىنى باشلاي دەپ بولغىچە تۈلكە ئۇنىڭ پوكىنىدىن كاپلا قىلىپ ئالغىنىچە ئۇۋىسىغا قاراپ مېڭىپتۇ .

— ھەقىقەتەن تېز يۈگرەيدىكەنسەن !— دەپتۇ خوراز تۈلكىنىڭ پوكىنىدا خارقىراپ يېتىپ ،— مەن سېنىڭ ئورنىڭدا بولغان بولسام ، خەلقئالەمگە تازا كۆز - كۆز قىلىۋالاتتىم ، ئۇلارنى چاقىراتتىم — دە ، قاراڭلار ، مەن نېمىدېگەن ئەقىللىق ، ھەم تېز يۈگۈرىمەن — ھە ؟ بىردەم تۇرۇپ تازا مەززە قىلىپ بۇ ھاماقەت خورازنى يەپ تاماشا قىلىمەن ، دەپ جاكارلايتتىم .

تۈلكە بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇش بوپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ قالتىسلىقىنى جاكارلاي دەپ ئېغىزىنى شۇنداقلا ئېچىشىغا خوراز پۇررىدە قىلىپ ئۇچقىنىچە بىر دەرەخنىڭ ئۈچىغا چىقىۋاپتۇ .

— زۇۋان سۈرمەيدىغان چاغدا جەزمەن سۈكۈت قىلىش كېرەككەن ، شۇنداقمۇ تۈلكە ؟— خوراز شۇنداق دەپتۇ . تۈلكە ئامال يوق قۇيرۇقىنى ساڭگىلاتقان پېتى كېتىپ قاپتۇ .

**ھېكمەت :**

**شېرىن - شېكەر گەپلەر ئوڭايلا بىزنى قارىغۇلارچە مەمەدانلىققا ئېلىپ بارىدۇ .**



## يىلپىزنىڭ ئۆچ ئېلىشى

بىر يىلپىز بالىسى ئۇۋىسىدىن چىقىپ قالايمىقان چۆرگىلەپ يۈرۈپ بىر توپ پىلنىڭ ئارىسىغا كىرىپ قاپتۇ . ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭغا چوڭ مەخلۇقلارنىڭ قېشىغا قەتئىي يولىماسلىق ھەققىدە تالاي رەت ئاگاھلاندۇرغانىكەن . مانا ئاڭلىمىغۇندى ، پاتپاراق بولغان پىللار ئۇنى دەسسەپ چەيلىۋېتىپتۇ . بىر ئىت بۇنى كۆرۈپ دەرھاللا يىلپىزنىڭ ئاتا - ئانىسىغا خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ .

— نېمە ؟— غەزەپلەنگەن يىلپىزلار ئاچچىقىدا ھۆركىرەپ كېتىپتۇ ،— ئۇنى كىم ئۆلتۈردى . ئېيت ؟ مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن جەزمەن قىساس ئالىمەن .

— پىل ، پىللار دەسسىۋەتتى .

— پىل ؟ !— يىلپىز تۇرۇپ قاپتۇ ،— راستمۇ ؟

— راست ، مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم ،— دەپتۇ ئىت .

ئانا يىلپىز ئۇيان - بۇيان چۆرگىلەپتۇ ۋە بېشىنى توساتتىن قاتتىق سىلكىپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ .

— ياق ، سەن خاتا كۆرۈپسەن ، بالامنى ئۆچكىلەر ئۆلتۈرگەن گەپ . جەزمەن ئۆچكىلەر ئۆلتۈردى . مەن جەزمەن قىساس ئالىمەن .

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپلا تاغدىن شىددەت بىلەن پەسكە قاراپ ئېتىلىپ مېڭىپتۇ ۋە غەزەپلەنگەن ئىككىسى ئۆچكىلەرگە چوڭ قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىپتۇ .

**ھېكمەت :**

**ئاجىزلارغا ئېلىپ بېرىلغان قىساس باتۇرلۇق جۈملىسىدىن ئەمەس .**

## ئىككىنچى ئوقيا

ئۆتمۈشتە شىۋېتسارىيە بۈگۈنكىدەك ئەركىن ، باياشاد دۆلەت ئەمەس ئىكەن . بۇرۇن ئۇ يەرگە گېسلى ئىسىملىك بىر زالىم پادىشاھ ھۆكۈمرانلىق قىلغان بولۇپ ، خەلق ئىنتايىن ئېغىر مۈشكۈلچىلىكتە قاپتۇ .

بىر كۈنى ، بۇ زالىم شاھ بىر كەڭ مەيدانغا بىر خادا قاداپ ، ئۇنىڭ ئۇستىگە قالپىقىنى ئىلىندۇرۇپ قويۇپتۇ ۋە شەھەرگە كىرگەن ھەر بىر ئادەمنى ئۇنىڭغا تازىم قىلىپ مېڭىشقا بۇيرۇپتۇ . ئەمما ۋىلىيام • تور ئىسىملىك بىرلا ئادەم پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنماي ، ئىككى قولىنى قوشتۇرۇپ ، مەسخىرىلىك نەزىرى بىلەن قالپاققا قارىغىنىچە تۇرۇۋېرىپتۇ . ئەسلا تازىم قىلماپتۇ .

پادىشاھ بۇ ئىشنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ . باشقا شىۋېتسارىيىلىكلەرمۇ بۇنىڭدىن ئۆگەنسە دۆلەتنىڭ ئىنتائىتىدىن چىقىپ كېتىشىدىن قاتتىق ئەنسىرەيدىكەن . شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇيرۇققا بويسۇنمىغان بۇ لەنەتگەردىنى قاتتىق جازالىماقچى بوپتۇ .

ۋىلىيام • تور تاغدا ياشايدىغان ، ماھىر ئوۋچى ئىكەن . پۈتۈن شىۋېتسارىيىدە ئۇنىڭدىن ئېشىپ چۈشىدىغان ئوقياچىدىن يەنە بىرى يوق ئىكەن . پادىشاھ بۇنى بىلگەچكە ئۇ ئىنتايىن شەپقەتسىز ئۇسۇلدىن بىرى بىلەن بۇ ئەبلەخنى جازالىماقچى بوپتۇ . يەنى ۋىلىيامنىڭ ئوغلىنىڭ بېشىغا بىر تال ئالمىنى قويۇپ ، ۋىلىيامنى شۇ ئالمىنى ئېتىپ چۈشۈرۈشكە بۇيرۇپتۇ . ۋىلىيام شاھتىن بۇنداق بىمەنە ئىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى ئۆتۈنۈپتۇ . بالىسى



قىمىرلاپلا قالسا ياكى ئۆزىنىڭ قولى تىترەپ كەتسە ياكى ئوقيا جايىدا تەگمەي قالسا ئاقىۋىتىنى مۆلچەرلەش تەس ئىدى .

— بالامنى ئۆلتۈرگۈزمەكچىمۇسەن ؟— دەپ سوراپتۇ ئۇ .

— ئەمدى گەپ قىلما ، بىر ئوقيا بىلەن ئالمىنى ئېتىپ چۈشۈرسەن . ئاتالمىساڭ ، ئەسكەرلىرىم ئوغلۇڭنى ئۆلتۈرىدۇ .

ۋىلىيام گەپ قىلماي كىرىچنى تەقلەشكە كىرىشىپتۇ . بالا دادىسىنىڭ ماھارىتىگە ئىشەنگەچكە مىدىر - سىدىر قىلماي جىم تۇرۇپتۇ . دادىسى كىرىچنى قويۇۋېتىپتۇ . «ۋىششىدە» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئالما ئىككىگە پارچىلىنىپ يەرگە دومىلاپ چۈشۈپتۇ . كىشىلەر قىزغىن ئالقىش ياڭرىتىپ زالىم شاھنىڭ مەقسىدىگە يېتەلمىگىنىگە تەنتەنە قىلىشىپتۇ . ۋىلىيام ماڭار ۋاقتىدا پادىشاھنىڭ ئالدىغا يەنە بىر ئوقيانى تاشلاپ قويۇپتۇ .

— ئەبلەخ ،— دەپ ۋارقىراپتۇ پادىشاھ غەزەپلىنىپ ،— بۇ ئىككىنچى ئوقيانى نېمە قىلماقچى ئىدىڭ ؟

— زالىم ، قانخور ،— ۋىلىيام مەردانىلىك بىلەن جاۋاب بېرىپتۇ ،— ئوقيا بالامغا تەگكەن بولسا ، بۇ ئىككىنچى ئوقيا ساڭا تېگەتتى .

راستتىنلا ئۇزۇن ئۆتمەيلا ، ۋىلىيام بۇ زالىم شاھنى ئۆلتۈرۈپ مىللىي قەھرىمانغا ئايلىنىپتۇ .

**ھېكمەت :**

**ھوقۇققا تىز پۈكۈپ قالماڭ ، زوراۋانلىق ئالدىدا تەمكىن جاسارىتىڭىزنى ساقلاڭ .**

# بەشىنچى باب
# ئىرادە ھەققىدە

## گوللاندىيىلىك كىچىك قەھرىمان

گوللاندىيىنىڭ كۆپ قىسىم يەرلىرى دېڭىزدىن تۆۋەن بولۇپ ، شۇڭا ئۇلار ئىزچىل توسما ياساش ، پۇختىلاشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ ، ھەتتا بالىلارمۇ توسمىنىڭ ئۇنى قوغداشنىڭ مۇھىملىقىنى ، كىچىككىنە يېرىق — يوچۇقنىڭمۇ ئىنتايىن زور ئاپەت ئېلىپ كېلىدىغىنىنى بىلىدۇ .

پېتېرنىڭ دادىسى توسما كۆزەتچىسى . بىر كۈنى پېتېر توسمىدا ئويناۋاتاتتى . يامغۇر سۇ ئورنىنى خېلىلا كۆتۈرۈۋەتكەن بولۇپ ، دولقۇنلار توسمىغا شالاپشىتىپ ئۇرۇلۇپ تۇراتتى .

— توسما دېگەن قالتىس نېمە جۇمۇ ، — دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە ، — بۇ ئۆرۈلۈپلا كەتسە نېمە بولىدىغىنىنى بىلىپ بولمايدۇ . مۇشۇ گۈزەل تۇپراق سۇغا غەرق بولۇپ كېتىدۇ ، دادام شۇڭىمۇ بۇنى «ئاچچىقى يامان سۇ» دەپتىكەن .

ئۇ يول بويىدىكى ئوت - چۆپ ، گۈل - گىياھلارنى ئويندىغاچ ، ياۋا توشقانلارنىڭ ئۇركۈپ قېچىشلىرىنى تاماشا قىلغاچ ئۆيىگە ماڭدى . قۇياش غەربكە قىيسىيىپ ، گۇگۇم يېپىلىشقا باشلىغان چاغ ئىدى . «ئاپام جەزمەن يولۇمغا قاراپ تۇرغاندۇ» شۇلارنى ئويلىغان پېتېر قەدىمىنى ئىتتىكلەتتىيۇ ، نەدىندۇر شىرقىرىغان بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ توختاپ قالدى . ئۇ ئىنچىكە



سەپسېلىپ توسمىدا كىچىككىنە بىر تۆشۈكنىڭ بارلىقىنى ، سۇنىڭ شۇ يەرنى بويلاپ چۇشۇۋاتقىنىنى بايقىدى . ھەر بىر بالىغا بۇ يېرىقنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقى بەش قولدەك ئايدىڭ ئىدى .

پېتېر زور خەۋپنى ھېس قىلىپ يەتتى . بۇ يېرىقنىڭ بىردەمدىلا چوڭىيىپ شىددەتلىك سۇ تاشقىنىغا ئايلىنىشى ھەتتا پۈتۈن ئەلكۈننى يالماپ كېتىشىمۇ تۇرغانلا گەپ ئىدى .

ئۇ قولىدىكى گۈللەرنى تاشلاپ توسمىنىڭ ئۈستىگە يامىشىپ چىقتى ۋە بىر ئاماللارنى قىلىپ يېرىقنى تاپتى . يېرىق تېخى كىچىك ئىدى . ئۇ قولى بىلەن بېسىۋېلىۋىدى ، سۇ توختىمىدى… ئەمما قاراڭغۇ چۈشۈپ ، ھاۋا سوۋۇپ كەتتى . پېتېر جان - جەھلى بىلەن «ئادەم بارمۇ ؟» دەپ ۋارقىرىغىلى تۇردى . ئەمما ھېچكىم كەلمىدى ، ھېچكىم ئۇنىڭ ۋارقىراشلىرىنى ئاڭلىمىغانىدى .

ئۇ كاسىلداپ تىترەشكە باشلىدى . قوللىرى مۇزلاپ ھېچنەرسىنى سەزمىدى . دادىسىنى ، ئانىسىنى ، جاھاندىكى ھەممە ئادەمنى توۋلاپ چىقتى . ھېچكىم يوق . . . سۇ دەھشەت بىلەن لەڭ ئۇرۇپ توسمىغا ئۇرۇلاتتى . قولىنى مىدىرلاتسىلا شىرقىراپ سۇ ماڭاتتى . ئۇ دۈم يېتىپ قولىنى مىدىر - سىدىر قىلماي توسمىغا چاپلىشىپ ياتاتتى . «جەزمەن بەرداشلىق بەرمىسەم بولمايدۇ» دەيتتى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە . شۇنداق قىلىپ بىر كېچە ئۆتتى . . . ئەتىسى يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر ئادەم ئۇنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ يېتىپ كەلدى — دە ، كەتمەن ، گۈرجەك ئېلىپ كىشىلەرنى باشلاپ كېلىپ توسمىنى پۇختىلىدى ھەمدە توڭلاپ ، كۆكىرىپ ، تىترەپ كەتكەن پېتېرنى ئاتا - ئانىسىغا تاپشۇرۇپ بەردى . ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئەمدىلا سەككىز ياشقا كىرگەن بۇ بالىنىڭ جان تىكىپ گوللاندىيە ئاھالىسىنىڭ ھاياتىنى قوغدىغانلىقى

ھەققىدىكى ھېكايە ئەتراپقا تارقىلىپ، كىشىلەر ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدىغان كىچىك قەھرىمانغا ئايلاندى.

**ھېكمەت:**
**مۇقەددەس مەجبۇرىيەتلەر ئالدىدا مۇشەققەتكە قارىماي، دېڭىز دولقۇنلىرىدىنمۇ كۈچلۈك ئىرادە، كۈچ بىلەن تىرىشىشقا توغرا كېلىدۇ.**



## يەنە سەل چىدا

ئون ياشلىق بىر ئوغۇل بالا قاتناش ھادىسىسىدە سول قولىدىن ئايرىلىپ قاپتۇ. ئەمما ئۇنىڭ روداۋچە ئېلىشىشنى بەكلا ئۆگەنگۈسى بار ئىكەن. ئۇ ئاخىرى بىر روداۋچە ئېلىشىش ئۇستىسىنى ئۇستاز تۇتۇپ ئۆگىنىشكە باشلاپتۇ. ئۆگىنىشىمۇ يامان ئەمەس ئىكەن. ئەمما ئۇ ئۈچ ئايغىچە توختىماي بىر گۈمپىنىلا مەشىق قىلىپتۇ. شۇڭا سەل چۈشىنەلمەي «باشقا گۈمپىلارنى ئۆگەنمەمدىم؟» دەپ سوراپتۇ ئۇستازىدىن.

— توغرا، — دەپتۇ ئۇستازى، — مۇشۇ گۈمپىنى پىششىقلا، مۇشۇنى ئۆگەنسەڭلا ساڭا كۇپايە.

بالا نېمىشقىلىقىنى چۈشەنمىسىمۇ، ئۇستازىنىڭ دېگىنى بويىچە مەشىق قىلىۋېرىپتۇ. بىر نەچچە ئايدىن كېيىن ئۇستازى ئۇنى مۇسابىقىگە سېپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ كۈچىمەيلا دەسلەپكى ئىككى ئايلانمىدا رەقىبىنى يېڭىۋالىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىكەن. ئۈچىنچى ئايلانمىدا ئۇ سەل تەسرەك بولسىمۇ ئۆز گۈمپىسىنى جارى قىلدۇرۇپ ئارقا - ئارقىدىن ھۇجۇم قىلىپ رەقىبىنى يەنىلا يېڭىۋاپتۇ — دە، ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىگە كىرىپتۇ.

ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىدە ئۇچراشقان ماھىرى ھەم ئېگىز ھەم كۈچلۈك، تەجرىبىلىك ئىكەن. رېپىر بالىنىڭ بىر قولىنىڭ يوقلۇقىنى، يەنە كېلىپ ياش، بەدەن قۇرۇلمىسى جەھەتتىن رەقىبىدىن تۆۋەن تۇرىدىغانلىقىنى بايقاپ، ئۇنىڭ زەخىملىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ مۇسابىقىنى توختىتىشنى قارار قىپتۇ. ئەمما ئۇستازى ئۇنىماپتۇ ۋە بالىغا: «يەنە سەل چىدا، چىدىساڭلا يېڭىسەن» دەپتۇ رىغبەتلەندۈرۈپ.

مۇسابىقە باشلىنىپتۇ . رەقىبى خۇددى ئۇنى مەنسىتمەسلىگەنـ
دەك ئۆزىنى بوش تۇتقان پەيتتىن پايدىلىنىپ ، ئۇ ھىلىقى ئۆزى
باشتىن ـ ئاخىر مەشىق قىلىپ كەلگەن گۇمپىسىنى ئىشلىتىپ
توختاۋسىز ھۇجۇمغا ئۆتۈپتۇ — دە ، بىر قولى بىلەنلا بۇ قېتىمقى
مۇسابىقىنىڭ چېمپىيونلۇقىغا ئېرىشىپتۇ .
قايتىدىغان چاغدا بالا ئۇستازى بىلەن ھەر قېتىمقى ئۇچرىـ
شىشتىكى ئىنچىكە ھالقىلارنى مۇلاھىزە قىلغاچ مېڭىپتۇ . بۇ
چاغدا بالا غەيرەتلىنىپ سوراپتۇ :
— ئۇستاز ، مەن زادى نېمەمگە تايىنىپ چېمپىيون بولالىـ
غاندىمەن ؟
— بۇنىڭدا ئۈچ سەۋەب بار . بىرىنچى ، سەن رۇداۋچە ئېلىـ
شىشتىكى ئەڭ قىيىن بىر گۇمپىنى تولۇق ئىگىلىدىڭ . ئىككىنـ
چى ، ھەممىگە ئايانكى سەن ئۆگەنگەن بۇ گۇمپىغا پەقەت سول
قولۇڭنى تۇتۇۋېلىش ئارقىلىقلا تاقابىل تۇرغىلى بولىدۇ . ئەمما
سېنىڭ سول قولۇڭ يوق . ئۈچىنچى ، سەن ئاخىرىغىچە بەرداشـ
لىق بېرەلىدىڭ .

**ھېكمەت :**
**بەرداشلىق بەرسىڭىزلا غەلىبىگە ئېرىشەلەيسىز .**



## سەۋزە ، تۇخۇم ۋە قەھۋە

بىر كۈنى قىزى دادىسىغا تۇرمۇشنىڭ مۇشەققەتلىكلىكى
ھەققىدە زارلاپ بېرىپتۇ . ئۇنىڭ دادىسى ئۇستا ئاشپەز ئىكەن .
ئۇ قىزىنىڭ قاقشاشلىرىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن قىزىنى
ئاشخانىغا باشلاپ كىرىپ ئوخشاش ئۈچ قازانغا ئوخشاش مىقداردا
سۇ قۇيۇپ بىرىگە بىر دانە سەۋزە ، ئىككىنچىسىگە بىر دانە
تۇخۇم ، ئۈچىنچىسىگە بىر تال قەھۋە پۇرچىقى سېلىپ 20 مىـ
نۇت قاينىتىپتۇ . ئاندىن كېيىن تۇخۇم بىلەن سەۋزىنى ئىككى
تەخسىگە ئېلىپ ، قەھۋەنى بىر ئىستاكانغا قۇيۇپ ، قىزىدىن بۇ
نەرسىلەردە قانداق ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى سوراپتۇ .
قىزى ئۈچ خىل نەرسىنى بىر قۇر تەكشۈرۈپ چىققاندىن
كېيىن مۇنداق دەپتۇ : «ئەسلىدىكى قاتتىق ، چۇرۇك سەۋزە يۇمـ
شاپ كېتىپتۇ . ئەسلىدىكى ئاجىز ، سۇيۇق تۇخۇم پىشىپ شاكىـ
لى تېخىمۇ قاتتىق بولۇپ كېتىپتۇ . ئېقى ، سېرىقى پىشىپ
ئۇيۇشۇپتۇ . قەھۋە پۇرچىقى ئېرىپ خۇشپۇراق ، ئىچىشلىك قەھـ
ۋەگە ئايلىنىپتۇ» . قىزى شۇلارنى دەپتۇ . دادىسىنىڭ زادى نېمە
دېمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي سوراپتۇ :
— بۇ ئارقىلىق ماڭا نېمىنى كۆرسەتمەكچىسەن ، دادا !
— ئوخشاش قازان ، ئوخشاش سۇ ، ئوخشاش ئوت ، ئوخشاش
ۋاقىتتا قاينىتىلغان ئۈچ خىل نەرسىنىڭ بۇ مۇھىتقا قارىتا
كۆرسەتكەن ئۈچ خىل تەسىرىنى كۆردۈڭ . ھاياتنىڭ قايناملىرىدا
ياكى سەۋزىدەك ئېرىپ يۇمشاپ كەت ، تۇخۇمدەك قات ۋە ياكى
قەھۋەدەك خۇشپۇراق چاچ ، تۇرمۇش ھەر قانچە رەھىمسىز بولـ
سىمۇ ، ئۆز بارلىقىڭ بىلەن ئەتراپىڭغا ئىللىقلىق يەتكۈز . شۇنـ

دىلا تۇرمۇشۇڭ مەنىلىك بولىدۇ ، غالىبلارغا ئايلىنالايسەن ، ئەتىراپىڭنى تېخىمۇ ياخشى ، تېخىمۇ گۈزەل ، مەنىلىك قىلىشقا كۈچ چىقار .

ھېكمەت :

قەيسەر ئىرادە بولىدىكەن ، سىز ھامان كۈچلۈكلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالالايسىز .



## «قىلالمايمەن» ئەپەندىنىڭ دەپنە مۇراسىمى

— ساۋاقداشلار ، ئۆزۈڭلار «قىلالمايمەن» دېگەن ئىشلىرىڭلارنى تەپسىلي يېزىپ چىقىپ ماڭا تاپشۇرۇپ بېرىڭلار .

ئەننا مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلارغا شۇنداق دېدى — دە ، ئۆزىمۇ بىر چەتتە ئولتۇرۇپ ، ئۆزى «قىلالمايمەن» دېگەن ئىشلارنى يېزىشقا باشلىدى . فىلورىدا شىتاتىغا قاراشلىق بىر كىچىك بازارنىڭ باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ بۇ ئوقۇتقۇچىسى بۈگۈنكى دەرستە ھەقىقەتەنمۇ غەلىتە مەزمۇندا تاپشۇرۇق ئورۇنلاشتۇردى .

ئوقۇغۇچىلار مۇئەللىمنىڭ ئېيتقىنى بويىچە نۇرغۇن ئىشلارنى يېزىپ چىقتى . بۇنىڭ ئىچىدە «توپ تېپەلمەيمەن» ، «ئۈچ خانىلىقتىن يۇقىرى سانلار ئارىسىدىكى كۆپەيتىشكە دائىر مەسىلىلەرنى ئىشلىيەلمەيمەن» ، «بېل بىلەن ياخشى ئۆتەلمەيمەن»… دېگەندەك نۇرغۇن گەپلەر بار ئىدى . ئوقۇغۇچىلار يېزىپ بولغاندىن كېيىن ھەممىسىنى مۇنبەرگە قويۇلغان بىر قەغەز كاروپكىغا تاشلىدى . مۇئەللىم قەغەز كاروپكىنىڭ ئېغىزىنى ئېتىپ ، ئوقۇغۇچىلارنى باشلىغىنىچە تەنتەربىيە مەيدانىنىڭ بىر بۇرجىكىگە كەلدى ۋە بىر يەردىن بىر دانە گۈرجەك تېپىپ كېلىپ ، ئورەك كولاشقا باشلىدى .

بىردەمدىلا بىر دانە ئورەك كولاندى . مۇئەللىم «قىلالمايمەن» يېزىلغان قەغەز كۇرۇپكىنى ئورەككە تاشلىدى . ئارقىدىن ئورەك كۆمۈلدى .

مۇئەللىم «قىلالمايمەن» دەپنە قىلىنغان ئورەكنى چۆرىدەپ تۇرغان بالىلارغا قاراپ سۇرلۇك ئاۋازدا :

— بالىلار ھازىر قول تۇتۇشۇپ ، بېشىمىزنى ئېگىپ تۇ-

رۇپ، تەزىيە بىلدۈرىمىز،— دېدى. ھەممەيلەن مۇئەللىمنىڭ دېگىنى بويىچە تەكشى قول تۇتۇشۇپ، باشلىرىنى ساڭگىلاتقىنىچە سۈكۈتتە تۇردى.

— دوستلار، بۈگۈن بىز قايغۇلۇق ھالدا «قىلالمايمەن» ئەپەندىنىڭ دەپنە مۇراسىمىدا قەدەم تەشرىپ قىلىپ تۇرۇپتىمىز،— مۇئەللىم تەنتەنىلىك ھالدا ماتەم سۆزى قىلىۋاتاتتى،— «قىلالمايمەن» ئەپەندى ھايات ۋاقتىدا بىز بىلەن ئىنتايىن ئىجىل - ئىناق ئۆتكەن. بىزگە جىق تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن. ھەر بىرىمىزنىڭ تۇرمۇشىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتكەن. ئۇنىڭ ئىسمىنى بىز ھەر كۈنى ھەر قانداق سورۇندا ھەتتا مەكتەپ، ھۆكۈمەت، يىغىن زاللىرى، زۇڭتۇڭ مەھكىمىلىرىدىمۇ ئۇچرىتىپ تۇراتتۇق. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ ئۆلۈمى بىز ئۈچۈن چوڭ يوقىتىش. بىز مۇ ماتەم مۇراسىمى ۋە ئورنىتىلغان خاتىرە تېشى ئارقىلىق ئۇنىڭ تىنچ - ئامان يېتىشىنى تىلەيمىز. شۇنداقلا ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى بولمىش «قىلالمايمەن» خان، «قىلغۇم بار» جان، «ھازىرلا قىلاي» ئاخۇنلارنىڭ ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. گەرچە ئۇلارنىڭ ئابرويى، تەسىرى، ئىناۋىتى «قىلالمايمەن» ئەپەندى، ئۆزلىرىنىڭكىدەك زور، كاتتا، يېقىشلىق بولمىسىمۇ ئۇلار ھەر بىرىمىزگە، پۈتۈن دۇنياغا تېخىمۇ ئاكتىپ تەسىرلەرنى كۆرسىتەلەيدۇ. بىز ئۇنىڭغا ئىشىنىمىز. «قىلالمايمەن» ئەپەندى خاتىرجەم يېتىڭ، سىزنىڭ ۋاپاتىڭىز بىزنى تېخىمۇ تىرىشىپ ئالغا بېسىشقا ھەر قاچان ئىلھاملاندۇرۇپ تۇرىدۇ، ئامىن!

مۇئەللىم بالىلارنى سىنىپقا قايتۇرۇپ كەلدى. ھەممەيلەن خۇشاللىق ئىلكىدە تاتلىق - تۈرۈم يەپ، مېۋە شەربەتلىرىنى ئىچىشىپ «قىلالمايمەن» ئەپەندىنىڭ ئىككىلەندۈرۈشىدىن قۇتۇلغىنىغا تەنتەنە قىلىشتى. ئەننا مۇئەللىم يەنە بىر پارچە قەغەزدىن قارىلىق بەلگىسى ياساپ سىنىپنىڭ تېمىغا چاپلاپ قويدى. شۇ-



نىڭدىن كېيىن، ئۇ كىمنىڭ ئېغىزىدىن «قىلالمايمەن» دېگەن گەپنى ئاڭلىسا سىنىپقا چاپلاپ قويۇلغان قارىلىق بەلگىسىنى كۆرسىتىپ، «قىلالمايمەن» ئەپەندىنىڭ ئاللىقاچان ئۆلگەنلىكىنى ئەسكەرتىپ قويىدىغان، ئوقۇغۇچىلارنى تىرىشىپ ئىزدىنىشكە چاقىرىدىغان بولدى.

**ھېكمەت:**

**«قىلالمايمەن» — ئۇ مەغلۇبىيەتنىڭ دادىسى، ئارزۇ - تىلەكلەرنىڭ دۈشمىنى.**

## تىلەمچىنىڭ رەسىمى

بىر رەسسامنىڭ ئىشخانىسىنىڭ ئالدىدىكى پولنىڭ ئۇ قېتىدا بىر تىلەمچى ئولتۇرىدىكەن. رەسسام تۇرمۇشنىڭ بېسىمىغا تىز پۈكۈپ، ھەممىدىن رايى قايتىپ مۇشۇ يولغا كىرىۋالغان بۇ تىلەمچىنىڭ رەسىمىنى سىزىپ چىقماقچى بوپتۇ. ئەمما ئۇ بىر نەچچە مۇھىم يېرىگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپتۇ. يەنى ئۇنىڭ خۇنۇك كۆزلىرىنى ئۆز غايىسى يولىدا چاقناۋاتقاندەك نۇرلۇق، سولاشقان يۈز تېرىلىرىنى پولاتتەك قەتئىي ئىرادە ۋە جاسارەت چىقىپ تۇرىدىغان چاغ قىلىپ سىزىپتۇ ۋە رەسىم پۈتكەندىن كېيىن ھېلىقى تىلەمچىنى باشلاپ ئەكىرىپ رەسىمنى كۆرسىتىپتۇ. تىلەمچى رەسىمدىكى ئۆزى ئىكەنلىكىنى تونۇيالماپتۇ.

— كىم بۇ؟— رەسسام تىلەمچىدىن سوراپتۇ. تىلەمچى ئىنچىكە سەپسېلىپ رەسىمدىكى ئادەم بىلەن ئۆزىنىڭ مەلۇم جايلىرىنىڭ ئوخشىشىپ قالىدىغانلىقىنى بايقاپ:

— بۇ مەن ئەمەستۇ؟ ...— دەپ سوراپتۇ.

— بۇ مېنىڭ نەزىرىمدىكى سىز،— دەپتۇ رەسسام.

— ئەگەر بۇ سىزنىڭ نەزىرىڭىزدىكى مەن بولسام، ئۇنداقتا قاراپ تۇرۇڭ، ئۇ كەلگۈسىدىكى مەن،— دەپتۇ تىلەمچى قەددىنى كېرىپ.

تىلەمچى ئۆزىدە تېخى ئىنسانغا خاس خىسلەتلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بايقاپتۇ ۋە خورجۇننى چۆرۈۋەتكىنىچە گۈس - گۈس دەسسەپ كېتىپ قاپتۇ.

**ھېكمەت:**

**بېشىڭىزنى ئىچىڭىزگە تىقىپ يۈرۈۋەرمەڭ، قەددىڭىزنى تىك تۇتۇپ، بوشاشماستىن غەلىبىسىرى ئالغا بېسىڭ، مانا بۇ ھايات!**



## كېپىنەك زۇڭتۇڭ

بىر تۇرقى كۆرۈمسىز، كېكەچ، بىر قۇلىقى يوق بالا بولغانىكەن. ئۆزىنىڭ كېكەچلىكىنى يوق قىلىش ئۈچۈن، ئۇ قەدىمكى بىر ئۇستا ناتىقنى دوراپ ئېغىزىغا تاش سېلىپ مەشىق قىلىپتۇ. تاش ئېغىز - تىلىنى ئاغرىتىۋەتكەچكە ئانىسى چىدىماي:

— بولدى، مەشىق قىلما، بىر ئۆمۈر سېنى مانا مەن باقىمەن،— دەپتۇ.

— ئانا،— دەپتۇ ئۇ ئانىسىنىڭ ياشلىرىنى سۈرتۈپ،— كىتابتا «ھەر بىر چىرايلىق كېپىنەك ئۆزىنى قاپساپ تۇرغان تۇخۇملىچىنىكىسىنى چېقىپ چىققاندىن كېيىن ئاندىن چىرايلىق كېپىنەككە ئايلىنالايدۇ» دەپ يېزىلغان ئىكەن. مەنمۇ جەزمەن بىر چىرايلىق كېپىنەككە ئايلىنىمەن.

كېيىن ئۇ راۋان سۆزلىيەلەيدىغان بوپتۇ. ئەمدى تىرىشچان، ئاقكۆڭۈللۈكى، ئالاھىدە نەتىجىسى بىلەن ياخشى ئىناۋەت تىكلەپتۇ. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن زۇڭتۇڭ سايلىمىغا قاتنىشىپتۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ ئۆسۈپ - يېتىلىش تارىخىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇ نۇرغۇن ئادەمنىڭ ھېسداشلىقى، ھۆرمىتى، قوللىشىغا ئېرىشىپتۇ. ئۇنىڭ: «مەن دۆلەت ۋە خەلقنى يېتەكلەپ بىر چىرايلىق كېپىنەككە ئايلىنىمەن» دېگەن گېپى سايلام شۇئارىغا ئايلىنىپتۇ ھەمدە مۇتلەق ئۈستۈنلۈك بىلەن زۇڭتۇڭلۇققا سايلىنىپتۇ. كىشىلەر سەمىمىيلىك بىلەن ئۇنى «كېپىنەك زۇڭتۇڭ» دەپ ئاتىشىپتۇ.

**ھېكمەت:**

**ئىرادە بىزنى مۈشكۈلچىلىكلەردىن قۇتۇلدۇرۇپ پەرۋازغا يېتەكلەيدىغان تالماس قانات.**

## بۇركۇت ۋە قۇلۇلە

ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، دۇنيادا بۇركۇت ۋە قۇلۇلىدىن ئىبا-
رەت ئىككى خىل هايۋانلا ئېھرامنىڭ چوققىسىغا چىقالايدىكەن .
بۇركۇت بىلەن قۇلۇلە بىر - بىرىگە تۇپتىن ئوخشىمايدىغان
ئىككى خىل جاندار . بىرى قەتئىي ، سەزگۇر ، كەسكىن ، كۇچ-
تۇڭگۇر ؛ يەنە بىرى ئاجىز ، ئاستا ، دىۋەڭرەك . بۇركۇت شەپقەت-
سىز ، قانخور ، هەتتا قېرىندىاشلىرىغىمۇ رەھىم قىلماي قالمايدۇ .
قۇلۇلە ئاقكۆڭۇل ، مۇلايىم ، هېچقانداق مەخلۇققا زىيان سالالماي-
دۇ . بۇركۇتتە مۇستەھكەم بىر جۇپ قانات بار . قۇلۇلىدە بىر
تال ئېغىر قاپ بار . ئۇلار دەل بىرى كۆكتە پەرۋاز قىلىپ ، يەنە
بىرى يەرد ئۆمىلەپ يۇرۇشكە ماس هالدا تۇغۇلغان . ئۇخشايدىغى-
نى ئۇلار ئېھرامنىڭ چوققىسىغا چىقالايدۇ .
بۇركۇتنىڭ ئېھرامنىڭ چوققىسىغا چىقالىشى يىغىپ كەل-
گەندە ئۇنىڭ قانىتىغا باغلىق . ئۇ بىر جۇپ مۇستەھكەم قانىتىغا
تايىنىپ ئەڭ شەپقەتسىز ، ئەڭ كۇچلۇك هايۋاننىڭ بىرىگە ئايلان-
غان . ئۇ قانىتىنىڭ ياردىمىدە ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە هۇجۇمغا
ئۆتۇپ ، يەنە شۇنداق تېزلىكتە چېكىنەلەيدۇ ۋە بەدىنىنى
زىيان - زەخمەتتىن ساقلاپ قالالايدۇ . قانات ئۇنىڭ جېنىغا
باراۋەر . قانات بىلەن ئۇنىڭ شەپقەتسىزلىكى زىچ مۇناسىۋەتلىك .
ئۇنىڭ شەپقەتسىزلىكى ، باشقا جاندارلار بىلەن ئەمەس ، ئۆز قې-
رىنداشلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە تېخىمۇ ئېنىق ئىپادىلى-
نىدۇ .
ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، بۇركۇتلەر هەر دائىم تۇخۇم تۇغۇپ ،
ئىككى دانە چۆجە چىقىرىدىكەن ، بىللە باقىدىكەن ، ئەمما مەلۇم



مەزگىلدىن كېيىن هەر ئىككىسىنى ئاچ قويۇپ ، هايات - ماما-
لىق جەڭگە سالىدىكەن . كۇچلۇكى يەنە بىرىنى يېيىش ئارقىلىقلا
هايات قېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشىدىكەن . گەرچە بۇ ئىنتايىن
شەپقەتسىزلىك بولسىمۇ ، بۇركۇتلەر مانا مۇشۇ خىل ئۇسۇل
بىلەن ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپ كەلگەنىكەن .
ئەمما قۇلۇلە گەرچە ئىنتايىن ئاستا هەرىكەت قىلىدىغان
بولسىمۇ ، ئۇنىڭدىكى ئۆز نىشانى ئۇچۇن بىر دەقىقىمۇ توختىماس-
تىن جاھىللارچە تىرىشىش روھى ئۇنى ئېھرامنىڭ چوققىسىغا
ئېلىپ چىقىدۇ . بۇ كىچىك ، ئاجىز مەخلۇقنىڭ پارلاق چوققىغا
چىقالىشى ئۇنىڭ بىرقەدەم - بىر قەدەمدىن توختاۋسىز ئىلگىرى-
لىگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى . ئوبيېكتىپ جەھەتتىن قارىغاندا ، بۇ
ئۇنىڭ ئېغىر قېپى بىلەن مۇناسىۋەتلىك . قۇلۇلە قېپى ئىنتايىن
پۇختا بولۇپ ، ئۇنىڭ قوغداش ئەزاسى بولۇپ هېسابلىنىدۇ . ئۇ
رەقىبىگە ئۇچرىغاندا چاققانلىق بىلەن قېپىنىڭ ئىچىگە مۆكۇنۇۋې-
لىپ جېنىنى ساقلاپ قالالايدۇ . دۆت ، ئاستا بولسىمۇ تىرىشچان-
لىق روھىغا ئىگە قۇلۇلە بۇركۇتكە ئوخشاشلا باتۇر جاندارلار
قاتارىدىن ئورۇن ئالالايدۇ .

**هېكمەت :**
**چوڭ ئىشلارنى تەۋرىتىش كۇچىنىڭ قانچىلىكلىكىد-**
**گە ئەمەس ، بەرداشلىق بېرىش كۇچىنىڭ قانچىلىكلىكىد-**
**گە باغلىق .**

## تەكرار مەغلۇبىيەت

پېتىر ئېسىگە كەلسىلا دادىسى قىمارۋاز، ئانىسى هاراقكەش، ئۆيى جېدەل ـ ماجرانىڭ ئىچىدە ئىكەن. ئۇمۇ شۇنىڭغا ماس هالدا جېدەلدىن نېرى يولىمايدىغان چوڭ بولىدۇ ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدىغان چاغدا ئوقۇشتىن چىقىۋېلىپ، بىكار تەلەپلەر توپىغا قېتىلىپ كېتىدۇ. بىر كۈنى ئۇ تۇساتتىنلا ئۆزىگە سوئال قويىدۇ:

— مۇشۇنداق يۈرىۋەرسەم، دادام ـ ئانامدىن نېمە پەرقىم قالىدۇ؟

ئۇ ئۆزىنىڭ بار ـ يوقى، كارخانا، سودا، پۇل . . . قاتارلىق نۇرغۇن ئىشلارنى مېڭىسىدىن ئەستايىدىللىق بىلەن ئۆتكۈزۈپ چىققاندىن كېيىن ئارتىس بولۇش نىيىتىگە كېلىدۇ. گەرچە ئۇنىڭدا ھېچقانداق كەسپىي تەربىيىلىنىش ياكى ئوقۇش تارىخى دېگەندەك نەرسىلەر بولمىسىمۇ، ئۇ ئوقۇش تارىخى بىلەن ئۇنچىۋالا ھېسابلىشىپ كەتمەيدىغان بۇ يولدا تىرىشسىلا نان تېپىپ يېيەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنچ باغلاپ، تىرىشىپ مەشىق قىلىشقا باشلاپتۇ، ھەمدە كىنو شىركەتلىرىگە بېرىپ چولپانلارنى، رېژىسسور، كىرىشتۈرگۈچىلەردىن ئۆزىگە بىرەر رول بېرىشنى ئۆتۈنىدۇ. ئەمما ئۇ ئارقا ـ ئارقىدىن رەت قىلىنىدۇ. ئەمما ئۇ مەغلۇبىيەتنىڭ سەۋەبى بار دەپ ئويلاپ، ئەستايىدىللىق بىلەن پۇرسەت ئىزدەيدۇ. تۇرمۇشنى قامداش ئۈچۈن كىنو شىركەتلىرىدە ئەڭ مەينەت، ئېغىر ئىشلارنى قىلىشقىمۇ رازى بولىدۇ.

ئۇ چېكىنىپ قايتا ھۇجۇمغا ئۆتۈش نىيىتىدە سىنارىيە يېزىپ ئاندىن رول ئېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشمەكچى بولىدۇ. بىر



يىلدىن كېيىن ئۇ سىنارىيىنى پۈتتۈرۈپ بىر رېژىسسورغا تاپشۇرۇپ ئۆزىگىمۇ رول تەقسىملەپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپ تۇرۇۋالىدۇ. سىنارىيە يامان ئەمەس ئىدى. لېكىن ھېچقانداق تەجرىبىسى يوقلا بىر ئادەمگە رول بېرىشكە رېژىسسور ئۇنىمايدۇ — دە، يەنە رەت قىلىنىدۇ.

تالاي مەغلۇبىيەتلەرگە ئۇچراپمۇ، ئۇ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى ۋە بۇ يولدىكى تىرىشچانلىقىدىن يانمايدۇ. 1300 قېتىم رەت قىلىنىشقا ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئۇنىلا 20 قېتىمدىن ئارتۇق رەت قىلغان بىر رېژىسسور ئاخىرى ئۇنىڭغا رول بېرىشكە قوشۇلىدۇ ۋە مۇنداق دەيدۇ:

— سېنىڭ رولنى قانداق ئېلىشىڭنى بىلمەيمەن، ئەمما سېنىڭ بۇ كەسپكە بولغان ئوتتەك روھىڭ مېنى تەسىرلەندۈردى. ساڭا بۇ قېتىم ئەر باش پېرسوناژنىڭ رولىنى تەقسىملەپ بېرىمەن. ياخشى رول ئالالمىساڭ، ئەمدى بۇ نىيىتىڭدىن يانىسەن.

ئۈچ يىللىق يالۋۇرۇش، ئۈچ يىللىق تىرىشىش ئارقىلىق ئاخىرى ئۇ تۇنجى رول ئېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. بەختىلاھى ئۇنىڭغا ئاخىرى كۈلۈمسىرەپ باقتى.

ئۇ ھازىر داڭلىق چولپانغا ئايلاندى. رېژىسسور كولۇمبۇ ئۇ ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنىڭ ئىرادىسى، تەمكىنلىكى، بەرداشلىق بېرىش كۈچى راستتىنلا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئۇ ھەرگىزمۇ مۆجىزە يۈز بېرىشنى ساقلاپ تۇرغۇچى ئەمەس، بەلكى مۆجىزىنى ئاكتىپلىق بىلەن ياراتقۇچى».

**ھېكمەت:**
**پۇرسەتنى كۈتمەك، بەلكى ئۇنى يارىتىڭ.**

# قەيسەر ئۆمۈچۈك

ئوچۇق ھاۋا بىردىنلا تۇتۇلۇپ، شارقىراپ يامغۇر يېغىپ ھەممە ياقنى ھۆلدىۋەتتى.

خەنس كارىدورغا ئاز - تولا سۇ سىپىرىۋېتىپ تۇيۇقسىزلا لاي - پاتقاقلىشىپ كەتكەن توپىدا ماڭالماي قىينىلىپ قالغان بىر ئۆمۈچۈكنى بايقاپ قالدى. ئۇ بىر خىل سەسكىنىش تۇيغۇسىدا ئۇنى دەسسىۋەتمەكچى بولۇپ پۇتىنى كۆتۈردىيۇ، قورقۇپ تۈگۈلىۋالغان ئۆمۈچۈككە ئىچى ئاغرىپ پۇتىنى ئاستا چۈشۈرۈۋالدى، ۋە بىر تال تاياق تېپىپ كېلىپ، ئۇنى ئېلىپ قۇرۇق يەرگە قويۇپ قويدى. ئۆمۈچۈك ئىشەنمىگەندەك خەنسقا قاراپ قويۇپ خاتىرجەملىك بىلەن ئۆمىلەپ كەتتى.

يامغۇر توختاپ ھاۋا ئېچىلدى. نەمخۇش ھاۋاغا كەچكى شەپەقنىڭ قىزغۇچ نۇرلىرى قېتىلىپ تەبىئەت باشقىچە گۈزەل تۈسكە كىردى. خەنس كارىدوردا تۇرۇپ تەبىئەتنىڭ بۇ ئىزگۇ گۈزەللىكىدىن ھوزۇرلىنىۋېتىپ توساتتىنلا ئۆينىڭ بۇلۇڭىدىكى بىر يېڭى ئۆمۈچۈك تورىنى بايقاپ قالدى. تور قۇياشنىڭ نۇرىدا شۇ قەدەر جۇلالىق پارقىرايتتى. بايىلا پاتقاقتىن قۇتۇلۇپ جان كىرگەن ھېلىقى ئۆمۈچۈك تورنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇراتتى. ئۇ شۇنداقلا قىمىرلىۋىدى، پۈتۈن تور ئۇسسۇل ئوينىغاندەك يەڭگىل تەۋرىنىپ توختىدى. خەنسچە بۇ ئىنتايىن چىرايلىق مەنزىرە رەسىمدىنمۇ قېلىشمايتتى.

**ھېكمەت:**

**ئۆمۈچۈكنىڭ قەتئىيلىكى، چىدامچانلىقى ئۇنى بالا - قازادىن ساقلاپ قالالايدۇ.**



# ھاياتلىق دەرىخى

ئېمىلارنىڭ بوس ئىسىملىك دوختۇر قوشنىسى بار. ئەمما ئۇ دوختۇرغا ئەسلا ئوخشىمايدۇ. كېيىنىشى ناھايىتى كېلەڭسىز، خىزمەت ئىشتىنى، چىغ قالپاق، تاقىۋېلىشى كۆك رەڭلىك كۆزەينەك، ئۇنىڭ كۈلۈمسىرەپلا تۇرغىنى تۇرغان.

بوس دوختۇر خىزمەتتىن بوشىغان چاغلىرىدا ئاساسەن كۆچەت، دەرەخلەر بىلەن ھەپىلىشىدۇ. ئۇنىڭ 20 گېكتار كەلگۈدەك بېغى بار. ئۇنىڭ ئۆمۈرلۈك غايىسى مۇشۇ يەرلەرنى ئورمانلىققا ئايلاندۇرۇش. ئۇ دەرەخلەرگىمۇ، «جاپا تارتماي ھالاۋەت يوق» دېگەن مەنتىقە بويىچە مۇئامىلە قىلىپ ئادەتلەنگەن.

ئۇ دەرەخلىرىنى سۇغارمايدۇ. بىر قېتىم ئېمى ئۇنىڭدىن نېمىشقا دەرەخلىرىگە سۇ قۇيمايدىغانلىقىنى سورىغىنىدا ئۇ دەرەخنى بەك ئەركە ئۆگىتىپ قويسا، بارا - بارا ئاجىزلاپ كېتىدىغانلىقىنى، ئەتراپتىكى مۇھىت بىر ئاز جاپالىقراق بولمىسا نازۇك دەرەخلەرگىمۇ ئامالسىز جان كىرىدىغانلىقىنى دەپ بەرگەنىدى.

ئۇ دائىم شۇنداق دەيتتى: «سۇغۇرۇلمىغان كۆچەتنىڭ يىلتىزى سۇغۇرۇلغان كۆچەتنىڭكىگە قارىغاندا چوڭقۇر، مۇستەھكەم بولىدۇ. ئۆزى ئۆزىگە ئېھتىياجلىق سۇنى ئىزدىيەلەيدۇ، قەيسەر، چىداملىق كېلىدۇ».

شۇنداق قىلىپ ئۇ كۆچەتلىرىگە سۇ قۇيمايتتى. دائىم نوكچا قىلىپ تۈگۈۋالغان گېزىتى بىلەن دەرەخلىرىگە توۋلاپ، ۋارقىراپ، ئۇرۇپ قوياتتى. ئۇ بۇنى دەرەخلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىش دەپ ئاتىۋالغانىدى.

ئېمى ئوقۇغىلى كېتىپ بىر نەچچە يىلدىن كېيىن بوس

دوختۇر ئالەمدىن ئۆتتى . ئېمى پات - پات ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ قالاتتى ۋە ئۇ 25 يىل ئاۋۋال تىككەن كۆچەتلەر-نىڭ باراقسانلىشىپ ، تىك ، ئېگىز ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقىنىنى كۆ-رەتتى .

ئېمىمۇ كۆچەت تىكىپ ، ئۇنىڭغا تەر تۆكۈپ ئەي قىلىپ ، سۇ قۇيۇپ باقتى . ئەمما ئىككى يىلغىچىمۇ تۈزۈك ئۆسمىگەنىنىڭ ئۈستىگە ئازراق شامالغىمۇ بەرداشلىق بېرەلمىگۈدەك دەرىجىدە نازۇكلىشىپ كەتتى . ھەددىدىن زىيادە كۆيۈنۈپ ، پەپىلەپ ئاس-راش ئۇنى ئەركە بالىدەك تېخىمۇ يۇمران ، نازۇكلاشتۇرۇۋەتتى . ئەمما بوس دوختۇرنىڭ ئەزەلدىن قىيىنچىلىق ، سۇسىزلىق ئىچىدە يوغىنىغان دەرەخلىرى ھېلىھەم شۇنچە مەغرۇر ، ئەركىن ، خاتىرجەم ، تىك ئۆسمەكتە ئىدى .

**ھېكمەت :**
**تۇرمۇش تېگىدىن جاپالىق جەريان . قەتئىي ئىرادە بولغاندىلا ، ھاياتلىق دەرىخىمىز كەڭ ، چوڭقۇر ، پۇختا يىلتىز ئالالايدۇ .**



# ئالتىنچى باب
# مىننەتدارلىق ھەققىدە

## بىر قاچا ئۈگرە

ئۇ ئانىسى بىلەن يەنە تىللىشىپ قالدى — دە ، بۇرۇلغىنىچە ئۆيىدىن چىقىپ كەتتى . بىر ھازادىن كېيىن ئۇ بىر ئاشپۇزۇل-نىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى . قورسىقىمۇ ئاچقانىدى . ئەمما يېنىدا بىر تىيىنمۇ يوق .

ئاشپۇزۇلنىڭ خوجايىنى بىر موماي ئىدى . ئۇ قىزنىڭ يىغىدىن قىزارغان كۆزلىرى ، بوشاشقان ئەپتىگە سەپسېلىپ قارى-غاندىن كېيىن :

— بالام ، تاماق يەمتىڭ ؟— دەپ سوراپ قويدى ئەتەي گەپ كوچىلاپ .

— يېيىشنىغۇ يەيتتىم ، بىراق پۇل ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن ،— دېدى ئۇمۇ ئوڭايسىز قىياپەتتە .

— ھېچقىسى يوق ، سېنى مېمان قىلغىنىم بولۇپ قالسۇن .

موماي ئۇنىڭ ئالدىغا ھورى ئۆرلەپ تۇرغان بىر قاچا ئۈگرە ئەكىلىپ بەردى . قىز تەسىرلەنگەنلىكىدىن كۆز يېشى قىلغىنىچە ھاپىلا - شاپىلا ئاشقا دۈم چۈشتى .

— سىزگە بىرەر ئىش بولدىمۇ قىزىم ؟— دېدى موماي كۆيۈنۈپ .

— ياق ، ھېچ ئىش يوق ،— دېدى ئۇ ياشلىرىنى سۈرتۈپ ،— بىز تونۇشمايمىز . لېكىن سىز ماڭا بەكلا ياخشى مۇئامىلە قىلدىڭىز ، تاماق بەردىڭىز . لېكىن ئاپامچۇ ؟ مەن بىلەن

ئۇرۇشىدۇ . يەنە تېخى بايىلا مېنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردى . ئىككىنچى بوسۇغىغا قەدەم باسقۇچى بولما دەيدۇ تېخى .

— قىزىم ،— دېدى موماي ئۇنىڭ دادلاشلىرىنى سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن ،— نېمىلەرنى دەپ يۈرۈيسىز ؟ مەن سىزگە ئارانلا بىر قاچا ئۇگرە بەردىم شۇ . سىز شۇنىڭدىن مىننەتدار بوپسىزيۇ ، ئەمما ئون نەچچە يىل تامىقىڭىزنى ئېتىپ ، كىرىڭىزنى يۇيۇپ ، غېمىڭىزنى يەپ كەلگەن ئانىڭىزدىن نېمىدەپ ئاغرىنىسىز ؟ ئۇنىڭدىن نېمىدەپ مىننەتدار بولمايسىز ؟ ئۇنىڭ بىلەن نېمىدەپ ئۇرۇشىسىز ؟ . . .

قىز مومايىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى ۋە تامىقىنى ھاپىلا ـ شاپىلا يەپ بولۇپ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى . ئۇ ئۆيىگە كەلمەي تۇرۇپلا نېرىدىن ئىشىك تۈۋىدە ھەر تەرەپكە ئەندىشە ، تەقەززالىق بىلەن تىكىلىپ تۇرغان ئانىسىنى كۆردى . ئۇ قىزىنى كۆرۈپ خۇشلۇقتىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەيلا قالدى .

— تېز كىر بالام ، تاماق ئېتىپ سېنى ساقلاپ تۇرغىلى نەۋاخ ، بۇ چاغقا سەيلەرمۇ مۇزلاپ كەتتى . . .

ئانىسى خۇشلۇق بىلەن پىچىرلايتتى . قىزنىڭ كۆزلىرىدىن پۇرقىراپ ياش كەلدى .

**ھېكمەت :**

**بىز بەزى ھاللاردا ياتلارنىڭ كىچىككىنە غەمخورلۇقىدىن ئالەمچە خۇش بولۇپ كېتىمىزيۇ ، ئۆز قېرىنداشلىرىمىزنىڭ تۆلەۋاتقان تاغدەك زور بەدەللىرىنى كۆرەلمەيمىز .**



# تىلەمچى ۋە قىزچاق

سىئاتىلنىڭ شەھەر مەركىزىدىكى بىر كوچىدا چاچلىرى ئاقارغان بىر تىلەمچى كۆلۈمسىرىگىنىچە ، ئىككى قولىنى سۇنۇپ كۇنبويى ئۆرە تۇرىدۇ . كىشىلەر ئۇنىڭ ئەتراپىدىن ئۇيان ـ بۇيان ئۆتۈپ تۇرىدۇ . بەزىلىرى ئۇنىڭدىن قاچىدۇ ، بەزىلىرى ئۇنىڭ مەۋجۇدلۇقىغىمۇ دىققەت قىلىپ قويمايدۇ . ئەمما ئۇنىڭ شۇ قەدەر سەممىي ، ئازادىلىك ئىچىدە كۈلۈپ تۇرغىنى تۇرغان .

بىر ئوپېراتور ئۇنىڭ مۇشۇ تۇرقىنى خېلى كۆزىتىپ ، سۈرەتكە ئېلىۋالماقچى بوپتۇ ھەمدە تىلەمچىنىڭ رازىلىقىنىمۇ ئاپتۇ .

ئۈچ كۈندىن كېيىن بېل ئىسمىلىك بۇ ئوپېراتور ئۇنىڭ تىلەمچىلىك تۇرمۇشىنى سۈرەتكە ئېلىشقا باشلاپتۇ . تىلەمچى يەنىلا شۇ قەدەر تەبىئىي كۈلكىسى بىلەن قولىنى سۇنۇپ كىشىلەردىن پۇل تىلەپ تۇرىۋېرىپتۇ .

چۈشتىن كېيىنكى مەزگىللەردە ، ئالتە ـ يەتتە ياشلار چامىسىدىكى رەتلىك مەكتەپ فورمىسى كىيىۋالغان بىر قىزچاق تىلەمچىگە يېقىنلاپ كەپتۇ ۋە باشقا تەرەپكە قاراپ تۇرغان تىلەمچىنىڭ پېشىنى تارتىپتۇ . تىلەمچى ئېڭىشىپ قىزغا يەنە شۇ كۈلكىسى بىلەن قاراپتۇ . قىز يانچۇقىدىن قانداقتۇر بىر نەرسىنى چىقىرىپ تىلەمچىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپتۇ ، تىلەمچى تېخىمۇ خۇش بولۇپ ئېچىلىپ كۈلۈپ كېتىپتۇ ھەمدە يانچۇقىدىن قانداقتۇر بىر نەرسىنى چىقىرىپ قىزنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپتۇ . قىز تېخىمۇ خۇش بولۇپ تاقلىغىنىچە نېرىدا ئۆزىگە قاراپ تۇرغان ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قېشىغا كېتىپ قاپتۇ .

بېلىنىڭ مۆكۈپ تۇرۇپ سۈرەتكە ئېلىنىۋاتقان يېرىدىن سەك-
رەپ چىقىپ قىز بىلەن تىلەمچىنىڭ زادى نېمە مۇناسىۋىتى
بارلىقىنى سورىغۇسى كېلىپ كېتىپتۇ . ئەمما سۈرەتكە ئېلىنىشنى
ئۈزۈپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۆزىنى تۇتۇۋاپتۇ . شۇكۈنلۈك سۈرەتكە
ئېلىش تاماملانغاندىن كېيىن ، ئۇ كۈن بويى ئۆزىنى قىيىنىغان
سوئالنى تىلەمچىدىن ئاخىرى سوراپتۇ .

— ناھايىتى ئاددىي . ئەمەلىيەتتە بىر تەڭگىدىن باشقا مۇنا-
سىۋەت يوق ، ئۇ كېلىپ ماڭا بىر تەڭگە بەردى . مەن قايتۇرۇپ
ئىككى تەڭگە بەردىم ،— دەپتۇ تىلەمچى چۈشەندۈرۈپ .

**ھېكمەت :**
**مەرد - سېخىيلار ھامان بەرگىنىدىن كۆپرەك نەپكە
ئېرىشەلەيدۇ .**



# بىر تال مەڭ

ئامېرىكىدىكى بىر كىچىك بازاردا ئىنتايىن ئۇرۇق قىزدىن
بىرى دۇنياغا كەلدى . ئۇنىڭ تۇغۇلۇشى ئەسلىدىنلا نامرات بۇ
ئائىلىگە يەنە بىر قورساق غەلۋىسىنى قوشتى . دادىسىنىڭ تېخىمۇ
غەزىۋىنى كەلتۈرگىنى شۇ بولدىكى ، قىزنىڭ تۇغۇلۇشىدىنلا سول
مەڭزىدە تىرناقتەك چوڭلۇقتا بىر مەڭ بار ئىدى ۋە ئەسلىدىنلا
كۆرۈمسىزرەك بۇ قىزنى تېخىمۇ سەتلەشتۈرۈۋەتكەنىدى . دادىسى
ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئۆچ بولۇپ قالدى ۋە ئۈچىنچى يىللىققا قەدەر
ئوقۇتۇپلا ئۇنى بىر دېھقانچىلىق مەيدانىغا ئىشلەمچىلىككە ئاپىرىد-
ۋەتتى .

قىزنىڭ تەقدىرى ئۇ 12 ياشقا كىرگەن يىلى توساتتىن
ئۆزگەردى . شۇ چاغدا بىر داڭلىق پەيلاسوپ ئۇ ئىشلەۋاتقان
دېھقانچىلىق مەيدانىغا كېلىپ قالدى ۋە ئوت - چۆپ تۈۋىدە
بېرىلىپ كىتاب ئوقۇۋاتقان قىزچاقنى كۆرۈپ مەستلىكى كەلگەن
ھالدا مۇنداق دەۋەتتى : «پاھ ، كۆزلىرىدىن نۇر ، پاراسەت چاقناپ
تۇرىدىغان قىزكەنغۇ بۇ ، كەلگۈسىدە جەزمەنكى داڭلىق ئادەم
بولغۇدەك ، مەڭزىدىكى مەڭ بەخت يۇلتۇزىنىڭ تىمسالى» .

پەيلاسوپنىڭ بىر ئېغىز گېپى قىزچاقنى ئاتا - ئانىسى ۋە
ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئەتىۋارلىق ئورۇنغا ئۆتكۈزۈپ
قويدى . كىشىلەر ئۇنىڭ چىرايلىق ، ئوماق ، ئەقىللىقلىقىغا پا-
كىت ئىزدەپ بەس - بەستە ئۇنى تەرىپلىشىدىغان بولۇشتى .
ھەۋەس ۋە قىزغىن ئىلھاملار ئىچىدە قىز ئۆزىدە تېخىمۇ زور
ئىشەنچ تۇرغۇزدى ۋە ناھايىتى تېزلا ئالغا بېسىپ ھەممىنىڭ
دىققەت نەزىرىدىكى شەخسكە ئايلاندى . قىزنىڭ يۈزىدىكى مەڭ

تېخىمۇ چوڭايغان بولسىمۇ، ئۇ ئەمدى كىشىلەر يىرگىنىدىغان ئەمەس، ھەۋەس، زوق بىلەن قارايدىغان نەرسىگە ئايلاندى. ھەقىقەتەنمۇ سەت ئۆردەك چۈجىسى چىرايلىق ئاققۇغا ئايلاندى.

كېيىنچە قىز كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشىپ، ئېدىنبورگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەڭ ياش ئايال پروففېسسورىغا ھەم نوپۇزلۇق ئىجتىمائىي پائالىيەتچىنىڭ بىرىگە ئايلاندى. لوندون شەھىرىنىڭ شەھەر باشلىقىنىڭ ياردەمچىلىكىنىمۇ ئىشلىدى.

ئەسلىدە بەختسىزلىكنىڭ سىمۋولى دەپ قارالغان مەڭ باشقىچە چۈشەندۈرۈش بىلەن تەڭ ئاجايىپ سېھرى كۈچكە ئىگە بولۇپ، بىر قىزنىڭ كىشىلىك ھاياتىنى يورۇق نۇرغا ئورىدى.

**ھېكمەت:**

**ھەممە ئادەمدە پۈتمەس - تۈگىمەس خەزىنە بار. گەپ ئۇنى ئېچىش - ئىشلىتىشتە.**



## توكۇر دادا

تام ئېپىسنى بىلىسىلا دادىسى توكۇر، ئاددىيلا ئادەم ئىدى. تامچە ئۇنىڭ ۋاي دېگۈدەك يېرى يوق ئىدى. شۇڭا ئۇ ھەدېسلا ئانىسىدىن نېمىشقا بۇنداق ئادەم بىلەن توي قىلغان بولغىيتتىڭ؟ دەپ سوراپ تۇرۇۋالاتتى.

بىر قېتىم شەھەردە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ۋاسكېتبول مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلىدىغان بولدى. تام مەكتەپ ۋاسكېتبول كوماندىسىدىكى ئاساسلىق ھۇجۇمچى ئىدى. ئۇ ئانىسىغا: «مەيداندا سېنىڭمۇ بىللە تۇرۇشۇڭنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى يالغۇز قالغاندا.

— دېمىسەڭمۇ، داداڭ بىلەن ئىككىمىز چوقۇم بارىمىز، بالام،

— دادامنى دېمىدىم، سەن بولساڭلا بولدى، — دېدى تام سوغۇققىلا.

ئانىسى ھەيران قېلىپ نېمە ئۈچۈنلۈكىنى سورىۋىدى، ئۇ ئامالسىز:

— مۇسابىقە مەيداندا مېيىپلار بولۇپ قالسا، مۇسابىقىنىڭ كەيپىياتىغا تەسىر يېتىپ قالىدۇ، — دەپ قويدى.

— داداڭدىن يىرگىنىۋاتىسەن، شۇنداقمۇ؟ — دېدى ئانا قايغۇرۇپ.

دەل شۇ چاغدا دادىسى كىرىپ قالدى — دە، كاماندىروپكىغا چىقىدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى، مۇسابىقىگە بارالمايدىغانلىقى ئۈچۈن ئەپسۇسلىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— ئاق يول تىلەيمەن، دادا، — دېدى تام دەررۇلا.

— مەنمۇ مۇسابىقەڭگە ئۈتۈق تىلەيمەن ،— دېدى دادىسىمۇ تامنىڭ بېشىنى مېھرىبانلىق ھەم قايغۇ ئىچىدە سىلاپ .

مۇسابىقە ئاخىرى تاملارنىڭ كوماندىسىنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلاشتى . ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ياخشى ئوينىغانىدى . يول بويى ئۇ ھاياجانلىنىپ توختىماي مۇسابىقە توغرىلىق گەپ قىلىپ ماڭدى .

— دادىڭ بۇ خۇشخەۋەرنى ئاڭلىسا قانچە خۇش بولۇپ كېتەر — ھە ؟ !— دېدى ئانىسى .

— ئانا ، بۇنداق خۇشال چاغدا ئۇنىڭ گېپىنى قىلمىساڭ قانداق ؟— دېدى تام . ئانىسى تاتىرىپ :

— ئېيتە ، نېمىشقا مۇنداق قىلىسەن ؟— دېدى زەردىلىك ئاھاڭدا .

— ھېچ ئىشقا ، ئىشقىلىپ ھازىر ئۇنى تىلغا ئالغۇم يوق .

— ماڭا قارا ،— دېدى ئانىسى غەزىۋىنى باسالماي ،— مەن بۇ گەپنى دېمەي دېگەن . لېكىن ئەمدى بولمىدى . سەن داداڭنىڭ نېمىشقا توكۇر - ئاقساق بولۇپ قالغىنىنى بىلەمسەن ؟ بىلمەيسەن ، شۇڭا ئۇنىڭدىن يىرگىنىسەن . ئىككى ياش چېغىڭدا بىز سېنى باغچىغا ئېلىپ باردۇق . ئۆيگە قايتاشىمىزدا سەن كەپسىزلىك قىلىپ ، تۇيۇقسىزلا يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا يۈگرەپ ماڭدىڭ . دەل شۇچاغدا ئوقتەك كېلىۋاتقان بىر ماشىنا سېنى سوقىۋېتەيلا دەپ قالدى . دادىڭ سېنى دەپ ماشىنىغا ئۆزىنى ئاتتى . سەن ساق قالدىڭ . ئەمما دادىڭ ئېغىر يارىلىنىپ ئاخىرى بىر پۇتى ئاقساق ساقىيىپ قالدى .

تام ئەمدى جىمىپ ، بېشى چۈشۈپ كەتتى . ئانىسى يەنە گېپىنى داۋاملاشتۇردى :

— دادىڭ سېنىڭ ئۆسۈپ - يېتىلىشىڭگە تەسىر يېتىپ قالمىسۇن دەپ بۇ ئىشنى ئىزچىل سەندىن يوشۇرۇپ كەلدى . مېنىمۇ ئېيتقىلى قويمىدى . قايسى كۈنى سەن مۇسابىقىگە مېنىڭ بېرىشىم ، داداڭنىڭ بارماسلىقىنى ئېيتقان چېغىڭدىمۇ ئۇ سىرتتا



تۇرۇپ ھەممىنى ئاڭلاپتىكەن ، ئۇ چىرايلىق يالغان گەپتىن بىرنى ئېيتىپ ئۆيدە قالدى . ئەمەلىيەتتە ئۇ كاماندىروپكىغا چىقمىدى . سېنى دەپ ئۆيگىمۇ كەلمەي سىرتتا يېتىپ - قوپۇپ ئىشلەپ يۈرىدۇ . سەن بۇنى بىلەمسەن ؟

ئانىسى ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ تاشلىدى . تام ھېچنىمە دېيەلمىدى . بوغۇزى قاپسىلىپ قالغاندەك تىنالمايلا قالدى . پەقەت كۆزىدە لىپمۇلىق ياش ، قەلبىدە لىپمۇلىق ئۆكۈنۈش ئىچىدە «دادا ، مېنى كەچۈر !» دېيەلىدى .

**ھېكمەت :**

**ئاتا - ئانىلارغا ئىززەت بىلدۈرۈڭلار . ئۇلار سىلەرگە ئۈن - تىنسىز قۇربان بەرگەن ئەڭ ئۇلۇغ ئادەملەر !**

## جورجنىڭ نارازىلىقى

ھەر كۈنى مەكتەپ دەرۋازىسىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا شەلپەر قادىغان تۆت نۆۋەتچى ئوقۇغۇچى ھۆرمەتتە تۇرۇپ ئوقۇغۇچىلارنى ، مۇئەللىملەرنى كۈتۈۋالىدۇ . مۇئەللىمنى كۆرگەندە «ياخشىمۇسىز مۇئەللىم !» دەيدۇ ، نۆۋەتچىلىككە ئەلاچى ئوقۇغۇچىلار تاللانغاچقا ، ئۇلار ناھايىتى ئىپتىخارلىق بىلەن نۆۋەتچىلىكتە تۇرىدۇ .

جورج نۆۋەتچىلىككە تاللانغان كۈنى ، رەتلىك كىيىنىپ خۇشال ھالدا سەھەر مەكتەپكە كەتكەنىدى . ئەمما چۈشتە يىغلاپ كېلىشىنى كىممۇ ئويلىغان دەيسىز . مۇئەللىملەرگە ھۆرمەت بىلدۈرمىگەنلىكى سەۋەبلىك سىنىپ مۇدىرى ئۇنى نۆۋەتچىلىكتىن قالدۇرۇۋەتكەنىدى .

— كىرگەنلىكى مۇئەللىمگە «مۇئەللىم ياخشىمۇسىز !» دەپ ۋارقىرىدىم ، لېكىن بىرمۇ مۇئەللىم جاۋاب قايتۇرمىدى . ماڭا ھېچكىم پەرۋامۇ قىلىپ قويمىسا مەن ئۇلارغا ھۆرمەت بىلدۈرەمتىم ؟

ئاپىسى ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ گەپ قىلمىدى . ئەمما ئەتىسى ئۇنى كوچا ئاپتوبۇسىغا بىرگە ئېلىپ چىقتى . ئۇلارنىڭ كەينىدىنلا بالا كۆتۈرۈۋالغان بىر ئايال ئاپتوبۇسقا چىقتى . ئەمما ئورۇن قالمىغانىدى . ھېچكىم ئايالغا ئورۇن بوشىتىپ بېرىدىغاندەك ئەمەس ئىدى . جورج ئىككىلەنمەيلا ئۇنىڭغا ئورۇن بوشىتىپ بەردى .

ماشىنىدىن چۈشكەندىن كېيىن ، جورج ئاپىسىدىن سورىدى :



— مەن بايىقى ئاچاشقا ئورۇن بوشىتىپ بەرسەم رەھمەتمۇ ئېيتىپ قويمىدا ؟

— بەلكىم ئېيتقاندۇ ، سەن ئاڭلىمىغانسەن ؟

— ياق ، مەن قۇلاق سېلىپ تۇردۇم ، ئۇ رەھمەت ئېيتمىدى .

— جورج ، ئۇنتۇما ، رەھمەتنى ساڭا ئاڭلىتىپ تۇرۇپ ۋارقىراپ تۇرۇپ ئېيتىش ھاجەت ئەمەس . ھەقىقىي مىننەتدارلىق يۈرەكنىڭ چوڭقۇر قېتىدا ساقلىنىپ تۇرىدۇ .

**ھېكمەت :**

**مىننەتدارلىق ئېغىزدا ئەمەس ، يۈرەكنىڭ چىن قېتىدا ساقلانغاندا بەكرەك قىممەتلىك بولىدۇ .**

## جىننىنىڭ مارجىنى

— ئاپا ، مەن بۇنى ئالايچۇ ؟

سېرىق چاچلىق ، ئوماق قىز جىننى مال پوكىيىگە تىزىپ قويۇلغان چىرايلىق مارجاننى كۆرۈپ چۇچۇك تىللىرى بىلەن ئانىسىغا دېدى .

— بىر دوللار 95 سېنتلىق مارجان ئىكەن قىزىم ، ئەگەر راستىنلا ئالغۇڭ بولسا ، ئاز - تولا ئىش قىلىشىپ بېرىپ پۇلغا ئىشلىمىسەڭ بولمايدۇ ، تۇغۇلغان كۈنۈڭگە ئاز قالدى . ئاچا - ھەدىلىرىڭ بېرىدىغان پارچە پۇللارنى يىغىپ قوي ، ئېلىپ بېرەي ، ماقۇلمۇ ؟ . . .

قىزچاقنىڭ راستىنلا مارجان ئاسقۇسى كەلگەنىدى . ئۇ ئۆيدە يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ئىش قىلدى . قوشنىسى ماك ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە قىلىدىغان ئىشىڭىز بولسا قىلىشىپ بېرەي ، ماڭا پۇل بېرىڭ ، مارجان ئالاتتىم دەپمۇ چىقىپتۇ تېخى . . . ئۇزۇن ئۆتمەي جىننى ئاخىرى ئۇ مارجانغا ئىگە بولدى . ئۇ خۇشلۇقىدىن ئۇخلىسىمۇ مارجىنىنى ئېلىۋەتمەي ئۇخلايتتى . ئاپىسى ئۇنىڭغا يۇيۇنغاندا مارجاننى ئېلىۋېتىپ يۇيۇنۇش ، بولمىسا سىرىنىڭ چۈشۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى .

بىر كۈنى كەچلىكى ، دادىسى جىننىغا ھېكايە ئېيتىپ بېرىپ بولغاندىن كېيىن «جىننى ، مېنى ياخشى كۆرەمسىز قىزىم» دەپ سورىدى .

— ئەلۋەتتە ،— دېدى قىز تاتلىق ۋىچىرلاپ .

— ئەمىسە مارجىنىڭىزنى ماڭا بېرىڭ ، بولامدۇ ؟

— ياق ، دادا . سىزگە ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان باشقا قورچاقلىرىمنى بېرەي ، ئەمما بۇ مارجاننى بەرمەيمەن .

— ماڭا قورچاق لازىم ئەمەس ، قىزىم . بولدى ، ئۇخلاڭ ،— دېدى دادىسى .



ھەپتىدىن كېيىن دادىسى يەنە شۇ گەپنى تەكرارلىدى .

— ماڭا ئامراق بولسىڭىز ، مارجىنىڭىزنى بېرەتتىڭىز قىزىم .

— دادا ، باشقا نەرسىنى دەڭ ، بېرەي . بۇنى بېرەلمەيمەن .

— باشقىسى لازىم ئەمەس ، قىزىم . ئۇخلاڭ ،— دېدى دادىسى يەنە .

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ، ئاخشىمى دادىسى جىننىنىڭ ياتىقىغا ئاستاغىنە كىرىدىيۇ ، جىننىنىڭ يەردە بەدەشقان قۇرۇپ ، بىر نەرسىنى چىڭ سىقىمدىغىنىچە يىغلاپ ئولتۇرغىنىنى بايقىدى .

— نېمە بولدى قىزىم ؟— دېدى دادىسى ھەيران بولۇپ .

جىننى بۇدرۇق قوللىرىنى دادىسىغا ئۇزىتىپ ، ياشتىن يۇيۇلغان مارجانلارنى دادىسىنىڭ ئالىقىنىغا تۆكتى .

— ئېلىڭ ، دادا ! سىزگە بېرەي .

قىزنىڭ يۇمران تېنى تېخىچە بوش تىترەپ تۇراتتى .

دادىسى ئۆزىنى تۇتالماي قىزىنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى ۋە يانچۇقىدىن پارقىراپ تۇرىدىغان كۆك رەڭلىك قۇتىدىن بىرنى چىقىرىپ ، ئۇچىدىن چىرايلىق مارجاندىن بىرنى ئېلىپ قىزىنىڭ بويىنىغا ئېسىپ قويدى .

— بۇنى يۇيۇنغاندا ئېلىۋەتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ قىزىم ، بۇ ھەقىقىي مەرۋايىت مارجان . قاچان قىزىم ساختا مارجاندىن مېھرىنى ئۈزسە بېرەرمەنكىن دەپ يانچۇقۇمدا ساقلاپ يۈرگىلى ئۇزۇن بولغانتى . . .

قىزنىڭ بۇلاقتەك تىنىق ، يوغان كۆزلىرىدە ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز شادلىق ئۇچقۇنلىرى چاقناپ كەتتى .

**ھېكمەت :**

**بەدەل تۆلىمەي تۇرۇپ ھېچقانداق نەرسىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ .**

## بىر تال ئەتىرگۈل

بازاردا چىرايلىق ئەتىرگۈل تامدىن ھويلا تېمى ھاسىل قىلىنغان چىرايلىق بىر ئۆي بار . باھار كەلسىلا ئەتىرگۈللەر ھۇپپىدە ئېچىلىپ ، بۇ يەرنى تولىمۇ چىرايلىق ، خۇشپۇراق تۇسكە كىرگۈزۈۋېتىدۇ . بۇ مۇشۇ ئۆيلۈك كىررى ئەپەندى تىككەن گۈللەر . ئەر - خوتۇن ئىككىسى جېدەل - ماجىراسىز ئۆتمەيتتى . كىررى ئەپەندى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، ئايالىنىڭ مىجەزى تېخىمۇ ئوساللىشىپ كەتتى — دە ، قولۇم - قوشنىلارمۇ ئۇنىڭدىن قاچىدىغان بولۇۋالدى .

ھاۋا ئوچۇق بىر چۈشتىن كېيىن ، كىررى خانىم ھويلىسىدا ئولتۇرۇپ ئەتىرگۈللەرنىڭ خۇشپۇرىقىدىن ، گۈزەللىكىدىن زوق ئېلىۋاتاتتى . تۇيۇقسىزلا ئۇ ئەتىرگۈللەر كەينىدە كىمدۇر بىرىنىڭ تىمىسقىلاپ يۈرگىنىنى بايقاپ قالدى ۋە :

— كىم سەن؟ توختا ،— دەپ ۋارقىرىدى ۋە ،— بۇياققا كەل ،— دېگەننى قوشۇپ قويدى .

ھېلىقى گەۋدە گۈل كەينىدىن ئاستاغىنە چىقىپ كەلدى . كىررى خانىم تونۇدى . ئۇ يەتتە ياشلىق جىم ئىدى . كەينىگە بىر نەرسىنى يوشۇرۇۋالغاندەك قىلاتتى .

— تىقىۋالغىنىڭ نېمە ؟— ۋارقىرىدى موماي . بالا تىترىگىنىچە ئارقىسىغا تىقىۋالغان نەرسىنى چىقاردى . بىر تال ئەمدىلا ئېچىلغان ، نازۇك بەرگىلىرى جۇلالاپ تۇرغان ئەتىرگۈل ئىدى .

— ئوغرىلىدىڭما ؟— كىررى موماي تېخىمۇ قوپال ۋارقىرىدى . بالا قورققىنىدىن تۈگۈلۈپلا قالدى . بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى .

كىررى قولىنى شىلتىپ ۋارقىرىدى :

— يوقال ، كەت !



—بالا بېشىنى كۆتۈرۈپ ، قورقۇنچ بىلەن سورىدى :

— بۇنى ئالغاچ كېتەي ، ماقۇل ؟

كىررى سەل ئەجەبلىنىپ ؛ «كىمگە ئاپىرىسەن ؟ » دەپ سورىدى .

— مەن . . . بۇنى . . .

بالا سەل ھودۇقۇپ ، قولىنى يىراقتا كۆرۈنۈپ تۇرغان بىر ياغاچ ئۆينىڭ بالىخانىسىغا چىنىدى . كىررى بىلەتتى . جىمىنىڭ بەش ياشلىق بىر سىڭلىسى بار . تۇغۇلۇشىدىنلا كېسەل ، ئەشۇ ئۆيدە يېتىۋاتىدۇ .

— سىڭلىڭغىما ؟

— ھەئە ، خانىم .

— نېمىشقا ؟

— چۈنكى . . . سىڭلىم بالىخانىنىڭ دېرىزىسى يېنىغا قويۇلغان كارىۋاتتا مۇشۇ ئەتىرگۈللۈك ھويلىغا قاراپ ياتىدۇ . بىر قېتىم ئۇ : «جەننەت ئاشۇمۇ ؟ مېنىڭ ئەشۇ جەننەتكە بارغۇم ، جەننەتنىڭ ھىدىنى پۇرىغۇم بەكمۇ بار » دېگەنىدى . شۇڭا بۇ گۈلنى ئاپىرىپ بېرەي دېگەنىدىم . . .

كىررى داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى . جەننەت ! مۇشۇ پاكار ياغاچ ئۆي ، ئەسكى ئۆي جاھازلىرى ، كۆرۈمسىز قاچا - قۇچىلارمۇ ؟ . . . ئۇ قاقشاپ، زارلاپ ، دوزاخقا ئوخشايدىغان يەر دەپ ئاغرىنىپ كەلگەن مۇشۇ قورۇ جەننەتمۇ ؟ ئۇ يولدىشى ، ئۆزى دائىم ئۆرۈشىدىغان ھەمراھى تىككەن بۇ گۈللەرگە كۆڭۈل كۆزى بىلەن قاراپ باقمىغانىدى . ئۇ نېمە قىلدى — ھە ؟ ! . . . جەننەت ئۇنىڭ يېنىدىلا ئىدى . . .

**ھېكمەت :**
**يانبىلىڭىزدىكى ئەتىرگۈلنى چەيلىمەڭ .**

## ئەڭ ياخشىسى ياش مەزگىل

— قانچە ياشلىق ۋاقىت ئەڭ پەيزى، ئەڭ ياخشى؟

تېلېۋىزىيە پىروگراممىسى گۇرۇپپىسى مۇشۇ تېمىنى چۆرىدەپ

نۇرغۇن كىشىنى زىيارەت قىلىپتۇ.

— ئىككى ئايلىق مەزگىل، — دەپتۇ بىر قىزچاق، — قۇچاقتىن چۈشمەيدىغان، ھەر ۋاقىت پەپىلىنىپ تۇرىسەن.

— ئۈچ ياشلىق چاغ، — دەپتۇ بىر بالا، — مەكتەپكە بارمايسەن. نېمە قىلغۇڭ كەلسە شۇنى قىلالايسەن. توختىماي ئوينايسەن.

— 18 ياش، — دەپتۇ بىر ياش، — تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرسەڭلا، ماشىنىنى ھەيدەپ خالىغان يېرىڭگە بارالايسەن.

— 25 ياش، — دەپتۇ 43 ياشقا كىرگەن، بەدىنى ئاجىزلاپ قالغان بىر ئەر، — كۈچ - قۇۋۋىتىڭ ئۇرغۇپ تۇرىدىغان چاغلار — دە!

بىر موماي «45 ياش» دەپتۇ. چۈنكى بۇ چاغدا نەۋرە - چەۋرىلىرىڭ بىلەن ھاياتىڭ پەيزىنى سۈرگىلى بولىدىكەن.

بىرەيلەن دەم ئېلىشقا چىقىپ ئارامخۇدا كۈن ئالىدىغان 65 ياشنى ئەڭ پەيزى چاغ دەپتۇ.

ئەڭ ئاخىرىدا زىيارەت قىلىنغىنى 90 ياشلىق بىر موماي ئىكەن. ئۇ «ھاياتىڭ ھەربىر ياش، ھەممە مەزگىل شۇ قەدەر پەيزى، شۇ قەدەر ياخشى ئىكەن» دەپتۇ.

**ھېكمەت:**

**ئاللانىڭ بەرگەن نېمەتلىرىنىڭ ھەممىسى بىباھادۇر. مىننەتدارلىق بىلەن قوبۇل قىلىڭ.**



# يەتتىنچى باب
# مەسئۇلىيەت ھەققىدە

## ئەخلەت تەرگۈچى بوۋاي

ئىۋان ۋە ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرى بىر قېتىم كوچا دوقمۇشىدا ئوقۇش پۇلىنى تۆلىيەلمەي قالغان ساۋاقداشلىرىغا ئىئانە يىغىش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى.

— پەخەس بول، — دېدى بىر چاغدا كلاۋد ئىۋانغا ئىما قىلىپ، — ئاۋۇ قېرى ماۋۇ كىيىم - كېچەك بىلەن پۇللارغا چاڭ سالمىسۇن.

ئىۋان بۇرۇلۇپ مەكتەپ ئاشخانىسىنىڭ ئالدىدىكى سېسىق ئەخلەت ساندۇقىنىڭ قېشىدا تىمىسقىلاپ يۈرۈپ ھەر كۈنى ئەخلەت تېرىدىغان، چاچ - ساقاللىرى پاخپىيىپ كەتكەن، كىيىملىرى مەينەت بوۋاينى كۆردى. ئۇلار ھەر قېتىم بۇرنىنى تۇتۇپ ئىتتىك ئۆتۈپ كېتىدىغان ئەخلەت ساندۇقىنىڭ قېشىدا بۇ بوۋاي ئىلغۇچ بىلەن بىر نەرسىلەرنى تېرىپ خالتىسىغا تاشلاپ يۈرەتتى.

بوۋاي خالتىسىنى يۈدىگىنىچە ئۇلارغا يېقىنلاپ كېلىپ قاپقارا، قاسماق قولىدا سىقىمدىۋالغان بىر دوللارنى ئۈستەلگە تاشلىدى — دە، كۈلۈپ قويۇپ كېتىپ قالدى.

ھەممەيلەن تاڭ قالدى. ئەشۇ سېسىق، مەينەت، كىر باسقان، ئەتىدىن - كەچكىچە بەدبۇي ئەخلەتتىن نېرى كەتمەيدىغان

بوۋاينىڭ تېنىدىن ئۇلار كىشىنى قايىل قىلىدىغان سەممىي، ساددا، مەرىپەتكە تەشنا ۋۇجۇدنى كۆرگەندەك بولۇشتى.

**ھېكمەت:**
**كىشىلەرنىڭ تاشقى قىياپىتىگە ئەمەس، قەلب، روھىغا قاراپ باھا بېرىڭ.**



## ئەينەك پارچىسى قاچىلانغان ساندۇق

بىر ئادەم بولغانىكەن. ئايالى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن قالغۇز قاپتۇ. ئۇ ئەسلى سەيپۇڭلۇق قىلىپ جان باقىدىكەن. لېكىن بارا-بارا ئۇ ئىشىمۇ ئاقماي جان بېقىشىمۇ تەسكە چۈشۈپ قاپتۇ. ئۈچ ئوغلى بولسىمۇ، ھەممىسىلا ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولۇپ، ئۆي ئايرىپ چىقىپ كەتكەچكە، كەمدىن-كەم يوقلاپ تۇرىدىكەن. كەلسىمۇ دادىسى بىلەن كۆرۈشۈپ، بارىنى يەپلا كېتىدىكەن. ئۇ قېرىغانسېرى بالىلىرىنىڭ يوقلاپ كېلىشىمۇ ئازلاپ، بارا-بارا كەلمەس بولۇپ قاپتۇ.

— ئۇلار ماڭا قارىماس بوپكەتتى، — دەپتۇ ئۇ ئۆز-ئۆزدگە، — ھەممىسى مېنىڭ يۈك بولۇپ قېلىشىمدىن قورقىدۇ.

ئۇ ئۇيان-بۇيان ئويلاپ ئاخىرى بىر ئەقىلگە كەپتۇ. ئەتىسىلا تۆمۈرچى دوستىغا بىر ساندۇق بۇيرۇتۇپتۇ. بىر كونا قۇلۇپ تېپىپتۇ ھەمدە بىر ئەينەكچى بۇرادىرىنىڭ قېشىدىن كارغا كەلمەس ئەينەك پارچىلىرىدىن بىر دۆۋە ئەكىلىپ ساندۇققا لىپمۇلىق قاچىلاپ، ئۆيىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا قويۇپ قويۇپتۇ.

— بۇ نېمە ساندۇق؟ — دەپتۇ ئوغۇللىرى ئۇنى يوقلاپ كەلگەندە توساتتىنلا پەيدا بولۇپ قالغان ساندۇقنى كۆرۈپ.

— ئۇمۇ؟ ھېچنېمە! تاپقان-تەرگىنىم، — دەپ قويۇپتۇ بوۋاي ئېرەنسىمىگەن قىياپەتتە.

ئوغۇللار ئۇنى كۆتۈرۈپ بېقىپتۇ. تېپىپ بېقىپتۇ. ئېغىر، نېمىلەردۇر شاراقشىغۇدەك. ئوغۇللارنىڭ ھەممىسىنىڭلا كۆڭلىدگە «دادامنىڭ ئۆمۈر بويى يىغقان ئالتۇن-كۈمۈشلىرى بولسا كېرەك» دېگەن ئوي كېچىپتۇ — دە، ھەممىسى مۇزاكىرىلىشىپ

دادىسىنى نۆۋەتلىشىپ بېقىش قارارىغا كەپتۇ . شۇنداق قىلىپ
چوڭ ئوغۇل بىر ھەپتە ، ئوتتۇرانچىسى بىر ھەپتە ، كىچىكى بىر
ھەپتە بولۇپ ، بوۋاي ئۆلگىچە نۆۋەتلىشىپ قاراپتۇ ھەمدە دادىسى-
نى كاتتا ئۇزىتىپتۇ .

دەپنە مۇراسىمى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ، ئۇلار ئىشىك -
دېرىزىلەرنى ھىم تاقاپ ھېلىقى ساندۇقلارنى تەمە بىلەن ئاچسا
لىپمۇلىق ئەينەك پارچىلىرى تۇرغىدەك .

— ئاناڭنى ! . . .— دەپتۇ چوڭ ئوغۇل غەزەپلىنىپ ،—
ئۆز بالىلىرىنىمۇ مۇشۇنداق ئالدىغان بارمۇ ؟

— ئۇمۇ ئامالسىز مۇشۇنداق چارىنى ئويلاپ تاپقاندۇ ؟
—دەپتۇ ئوتتۇرانچىسى ئازابلىنىپ ،— بىزمۇ ئۆزىمىزگە ئالايلى ،
بىزمۇ مۇشۇ ساندۇقنى دەپلا ئۇنىڭ قېشىدىن كەتمەي پالاقشىدۇق-
قۇ ؟

— مەن ھەقىقەتەن نومۇس ھېس قىلىۋاتىمەن ،— دەپتۇ
كىچىكى يىغلاپ تۇرۇپ ،— بىز ئاتا - ئانىمىزنىڭ كىچىكىمىز-
دىن تارتىپ بىزگە قىلغان تەربىيىسىنى ، بىز ئۈچۈن تۆككە-
ن قان - تەرىنى نومۇسسىزلارچە ئۇنتۇپ كەتتۇق ۋە ئاقىۋەت
مانا مۇشۇنداق رەسۋا بولدۇق .

ئەمما چوڭ ئوغۇل بولدى قىلماي ساندۇقنى ئۆرۈپ - چۆ-
رۈپ ھەممىسىنى بىرمۇ - بىر ئاقتۇرۇپ چىقىپتۇ . پۇل -
پۇچەككە ياتىدىغان ھېچنەرسە ئۇچرىماپتۇ . پەقەت ساندۇقنىڭ
تېگىگە مۇنداق بىر جۈملە سۆز ئويۇقلۇق تۇرغىدەك :

— ئاتا - ئانىغا قاراش سىلەرنىڭ مەجبۇرىيىتىڭلار !

**ھېكمەت :**

**ئاتا - ئانىغا بولغان ۋاپادارلىق ئۇلارنىڭ قېرىشى بىلەن تۈگەپ كەتمىسۇن .**



## ئىسىم ۋە پېئىل

بىر ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى مەكتەپنىڭ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇ-
چىلىرىغا نۆۋەت بىلەن دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغان ئوقۇغۇچىلار-
غا قېلىپ قالغان دەرسلەرنى تەكرارلاپ بېرىش ۋەزىپىسى تاپشۇ-
رۇلۇپتۇ . بۇنداق بولغاندا ، ئۇلار دەرستە ئارقىدا قالمايدىكەن .

بىر ئوقۇتقۇچى بىر كۈنى بىر ئوقۇغۇچىغا دەرس تەكرارلاپ
بېرىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋاپتۇ ۋە ئىسمى ، دوختۇرخانىدىكى
ئورنى ، تېلېفون نومۇرلىرىنى ئېلىپ مېڭىپتۇ . ئۇنىڭ ۋەزىپىسى
بۇ ئوقۇغۇچىغا ئىسىم بىلەن پېئىلنىڭ قائىدە - قانۇنىيەتلىرىنى
تەكرارلاپ بېرىش ئىكەن .

دوختۇرخانىغا بارغاندىن كېيىن ، دوختۇرلار ئۇنىڭغا بىمار-
نىڭ كېسىلىنىڭ ئىنتايىن ئېغىرلىقىنى ، يۇقۇملىنىپ قېلىشنىڭ
ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن كىرىشتىن ئاۋۋال جەزمەن دېزىنفېكسىيە-
لەنگەن كىيىملەرنى كىيىپ كىرىش ، بالىغا يېقىنلاشماسلىق ،
گەپ قىلغاندا ماسكا تاقاش . . . قاتارلىق بىر قاتار ئىشلارنى
ئالاھىدە ئەسكەرتىپتۇ .

ئۇ پاكىزلىنىپ ، دېزىنفېكسىيە قىلىنغان كىيىملەرنى كى-
يىپ چوڭقۇر بىرنى تىنىۋالغاندىن كېيىن پۈتۈن بەدىنى كۆيۈپ
ئىنتايىن ئېغىر يارىلانغان بالىنىڭ قېشىغا كىرىپتۇ . ئەمما نېمە
دېيىشنى بىلەلمەي ، داڭقېتىپ تۇرۇپ قاپتۇ . كىرگەن ئىكەن
بىر نەرسە دېيىشى كېرەك ئىدى .

— مەن سىزگە دەرس تەكرارلاپ بەرگىلى كەلگەن ئالاھىدە
ئوقۇتقۇچى ، ئىسىم بىلەن پېئىل توغرىلىق قائىدە - قانۇنىيەت-
لەرنى تەكرارلاپ بەرمەكچىمەن . . .

ئۇ بۇنىڭ ئەڭ تايىنى يوق بىر سائەتلىك دەرس بولغانلىقىنى ھېس قىپتۇ.

ئۇ ئەتىسى بىر سېستىراغا ئەمدى كەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

— ياق، ئۇنداق دېمەڭ، — دەپتۇ سېستىرا ئۇنىڭ گېپىنى ئۈزۈپ، — سىز بىلمەيسىز، بىز ئۇنىڭدىن بەكلا غەم يېگەندۇق. ئۇ ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمەن دەپ بەكلا چۈشكۈنلىشىپ كەلگەن ئىدى. ئەمما سىز كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ پوزىتسىيىسى پۈتۈنلەي ئۆزگەردى. داۋالاشقىمۇ ناھايىتى ياخشى ماسلاشتى. ياشاش ئىرادىسى ئېشىپ كۈچەيدى. ئۇ ھەتتا ماڭا خۇشاللىق، ئۈمىد نۇرى چاقناپ تۇرغان كۆزىگە لىپمۇلىق ياش ئالغان ھالدا: «مەن ساقىيىمەن شۇنداقمۇ؟ ساقايمايدىغان ئادەمگە ئالايىتەن بىر ئوقۇتقۇچى كېلىپ، ئىسىم، پېئىل توغرىلىق قائىدە - قانۇنىيەتلەرنى تەكرارلاپ بەرمەس ئىدى، توغرىمۇ؟» دېدى . . .

**ھېكمەت:**

**ئۆز مەجبۇرىيەت، مەسئۇلىيىتىڭىزنى زىممىڭىزگە ئالغان چېغىڭىزدا، سىز بىلىپ - بىلمەي باشقىلارغا خاتىرجەملىك، ئىشەنچ ئاتا قىلىۋاتقاندەك بولىسىز.**



## ماكنىڭ قەسىمى

قار ئەتىگەن ياغقانچە كەچ كىرگۈچە توختىمىدى. ئەتراپ قېلىن قار بىلەن قاپلاندى. بىر توپ بالىلار قاردىن پومزەك ياساپ ئېتىشىپ ئويناۋاتاتتى. تۇيۇقسىزلا بىرەيلەننىڭ ئېچىنىشلىق ۋارقىرىغىنى ئاڭلاندى. بىر بوۋاي چېكىسىنى تۇتقىنىچە ۋاي - ۋايلاپ ئولتۇرۇۋالغانىدى. قىپقىزىل قان ئاپئاق قارغا بوۋاينىڭ بارماقلىرى ئارىسىدىن سىرغىپ چۈشمەكتە ئىدى.

ئويناۋاتقان بالىلار پاتىراقشىپ تەرەپ - تەرەپكە قېچىشتى. ئەتراپتىكى كىشىلەر دەرھاللا بوۋاينىڭ قېشىغا توپلاشتى. ساقچىمۇ يېتىپ كەلدى. ھەممەيلەن:

— بوۋايغا قان پومزىكى ئاتقىنى زادى قايسىڭ؟ — دەپ ۋارقىراشتى.

ماك كارلىنىڭ چىرايىنىڭ تاتىرىپ، بەدىنىنىڭ تىترەپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى — دە، پومزەكنى ئۇنىڭ ئاتقانلىقىنى پەملىدى.

— كىم ئاتتى؟ — كىشىلەر يەنە توۋلىدى.

— ھەي، بولە، ئەمدى ئۆزۈڭگە ئال، قورقۇنچاقلىق قىلما، — دېدى ماك كارلغا مەدەت بېرىپ.

— لېكىن، مەن قەستەن قىلمىغان تۇرسام، — دېدى كارل غۇدۇڭشۇپ.

— قەستەن قىلمىساڭمۇ، ھامان مەسئۇل بولۇشۇڭ كېرەكتە؟

— قورقىمەن.

— كىلە ، مەن بىللە باراي .
ماك ئۇنىڭ قولىدىن سۆرىگىنىچە ماڭدى . توپلىشىۋالغانلار
قاراپلا بۇ ئىشنى كارلنىڭ قىلغانلىقىنى بىلدى . ساقچىلار كارل-
نىڭ قولىدىن يېتىلەپ بوۋاينىڭ ئالدىغا ئەكەلدى . بوۋاي قان
ئېقىپ تۇرغان يۈزىنى قاماللىغانچە يەردە ئولتۇراتتى .
— ھەقىقەتەن دىققەت قىلماپتىمەن ،— دېدى كارل پەس
ئاۋازدا .
— تىزلىنىپ كەچۈرۈم سورىمامسەن ؟— دېدى كىمدۇر
بىرى .
— بولدى قىلىڭلار ،— دېدى يەنە بىرى بۇ چاغدا ئارىغا
چۈشۈپ ،— كىچىك بالىكەن . يەنە كېلىپ خاتالىقىنى تونۇدى .
كارل پاڭڭىدە يىغلاپ تاشلىدى — دە ، بوۋاينىڭ ئالدىدا
تىزلاندى . بوۋاي ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ :
— بولدى قىل ، بالام . ئەمدى كەت ،— دېدى مېھرىبانلىق
بىلەن .
ئۆيگە كېتەر يولدا دادىسى ماكتىن :
— ئەگەر مۇشۇنداق ئىش سېنىڭ ئالدىڭغا كېلىپ قالسا ،
مەسئۇلىيەتتىن قاچامسەن ؟— دەپ سورىدى ئەتەي .
— جەزمەن مەسئۇلىيەتنى ئۈستۈمگە ئالىمەن ،— دېدى ماك
قەتئىيلىك بىلەن .
— قەسەن بېرەلەمسەن ؟
— قەسەم بېرەلەيمەن ، دادا .

**ھېكمەت :**
**مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش مۇستەقىللىق ئادد-**
**تىنىڭ ، شۇنداقلا غەلىبە قىلغۇچىلارنىڭ ئىپادىسى .**



## كېلىدىغانلىقىڭنى بىلەتتىم

فرانسىيە ئارمىيىسىنىڭ بىر تارماق ئەترىتىدە بىر جۈپ ئاكا - ئۇكا بار ئىكەن . گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ بومباردىمانىدا ئاكىسى ئېغىر يارىلىنىپ جەڭ مەيدانىدا يېتىپ قاپتۇ . ئۇكىسى قېرىندىشىنى يۆلەپ ئەكىلىشكە تەمشەلسىمۇ ئەترەت باشلىقى يول قويماپتۇ :

— بەلكىم ئۇ ئاللىقاچان ئۆلۈپ بولدى ، خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىپ بېرىپ ، ئۇنىڭ جەسىتىنى يۆلەپ كەلگىنىڭنىڭ نېمىگە پايدىسى ؟

ئەمما ئۇكىسى قايتا - قايتا يالۋۇرۇپ تۇرۇۋاپتۇ . ئەترەت باشلىقى ئامالسىز قوشۇلۇپتۇ . بىر چاغدا قار - يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوق ئىچىدىن ئۇكىسى راستتىنلا ئۆلۈپ بولغان ئاكىسىنى يۆلەپ كەپتۇ .

— قارا ، ئۆلۈمگە قارىماي يۆلەپ كەلگىنىڭنىڭ پايدىسى بولدىمۇ ؟— دەپتۇ ئەترەت باشلىقى .

— مەن ئۇ تەقەززا بولۇۋاتقان ئىشنى قىلدىم ، باشلىق ،— دەپتۇ ئۇكىسى كېسىپ ،— ئۇنىڭ قېشىغا بارغىنىمدا ئۇ مېنى ساقلاپ ياتقانىكەن ، ئۇ «تام ، مەن سېنىڭ كېلىدىغانلىقىڭنى بىلەتتىم» دەپلا جان ئۈزدى . بارمىغان بولسام ، ھەر ئىككىمىز مەڭگۈ ئارماندا قالاتتۇق .

**ھېكمەت :**
**قان - قېرىنداشلار ئارىسىدىكى مۇھەببەت مەسئۇلد-**
**يەت ئاساسىدا كۆكلەپ چىقىدۇ .**

## ھەقىقىي ئېگىزلىك

— ئۇچەيلەننىڭ كالىفورنىيىگە بېرىش كىراسى نەچچە
پۇل ؟— دېدى ئىككى بالىسىنى يېتىلىۋالغان بىر ئادەم بې--
لەت ساتقۇچىغا .

— چوڭلار بەش دوللار ، بويى بىر مېتىر 20 سانتىمېتىر-
دىن ئېگىز بولسا چوڭلارغا ئوخشاشلا بېلەت ئالىدۇ . بالىلىرىڭىز-
نىڭ ئېگىزلىكى قانچىلىكتىن ؟

— كىچىكىنىڭ بويى بىر مېتىر 15 سانتىمېتىر ، چوڭىنىڭ
بىر مېتىر 22 سانتىمېتىر ئىدى . ئون دوللار تۆلەيدىكەنمەندە ؟

بېلەت ساتقۇچى قىز كۈلۈپ :

— قارىڭا ، سىزنى . پۇلغا تويۇپ كېكىرىپ كەتمىگەنسىز ؟
چوڭىنىڭ بويىنىمۇ بىر مېتىر 20 سانتىمېتىر دەپلا قويسىڭىز ،
بەش دوللار تېجەپ قالالايسىز ئەمەسمۇ ؟ مېنىڭ كۆزۈممۇ مېتىر
بولمىغاندىن كېيىن ،— دەپتۇ .

— دېگىنىڭىزغۇ توغرا ،— دەپتۇ ئۇ ئادەممۇ ،— ئەمما بالد-
لىرىم ئۆزىنىڭ ھەقىقىي بوي ئېگىزلىكىنى بىلىۋېلىشى
كېرەكتە .

**ھېكمەت :**

**ياشلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلارنىڭ تەربىيىسىگە بويسۇ-
نۇش ، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلەش مەج-
بۇرىيىتى بار .**



## پادىشاھنىڭ مەسئۇلىيىتى

ئەنگلىيىنىڭ ئالفىرد ئىسىملىك بىلىملىك ھەم ئەقىل ـ
ئادالەتلىك بىر پادىشاھى ئۆتكەنىكەن . ئۇ ئەنگلىيىگە ھۆكۈمراد-
لىق قىلىۋاتقان مەزگىلدە دۆلەت دانىيىلىكلەرنىڭ باسقۇنچىلىقىغا
ئۇچراپتۇ . نەچچە قېتىم جەڭدىن كېيىن ئەنگلىيە ئارمىيىسى
تىرىپىرەن بولۇپ پادىشاھ ئالفىردمۇ قېچىشقا مەجبۇر بولۇپتۇ .

ئۇ قېچىپ يۈرۈپ بىر ياغاچ كەسكۈچىنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ ۋە
ئۇنىڭ ئايالىدىن يەيدىغان ئاز ـ تولا نەرسە بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ .
ئايال كىيىملىرى جۇل ـ جۇل بۇ ئادەمنىڭ ئەپتىگە قاراپ ئۇنى
ئۆيىگە باشلاپتۇ ھەمدە :

— ئوچاقتىكى بۇ نانغا قاراپ قويۇڭ ، ئىسسىسا شۇنى يەي-
سىز . ئەمما كۆيدۈرۈۋەتمەڭ ، مەن چىقىپ كالىنى سېغىپ كىر-
مىسەم بولمايدۇ ،— دەپ قويۇپ چىقىپ كېتىپتۇ .

ئالفىرد ئەدەب بىلەن رەھمىتىنى بىلدۈرۈپ ئوچاقنىڭ قې-
شىدا نانغا قاراپ ئولتۇرۇپتۇ . ئەمما ئۇنىڭ ئوي ـ خىيالى
ئوچاقتىكى ناندا ئەمەس ، كېيىنكى يولنى قانداق بېسىش ، ئەس-
كەرلىرىنى قانداق توپلاش . . . دېگەندەك ئۆزىنىڭ ئىشى ، ئۆزد-
نىڭ دۇنياسىدا ئىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ ياغاچ كەسكۈچىنىڭ ئۆيىدد-
لىكىنىمۇ ، ئاچلىقىنىمۇ ، نانغا قاراۋاتقانلىقىنىمۇ تامامەن ئۇن-
تۇپتۇ .

— ھۇ تىرىكتاپ ، جانباقتى !

ئايال ۋارقىرىغاندىلا ئۇ ئۆزىگە كەپتۇ .

— قارا قىلغان ئىشىڭغا ، سەن قول قوۋۇشتۇرۇپ ئولتۇ-
رۇپ بىر نەرسە يېمەكچىمىدىڭ ؟ ئەمدى پوقنى يە !

نان كۆيۈپ كۆل بولۇپ كەتكەندى . ئالفرد خىجىلچىلىقتا نېمە دېيىشىنىمۇ بىلەلمەي داڭ قېتىپ تۇرۇپ قاپتۇ . دەل شۇ چاغدا ئوتۇن كەسكۈچى قايتىپ كەپتۇ ۋە پادىشاھنى تونۇپ ئۇنىڭغا ئىززەت - ئېھتىرام بىلدۈرگەندىن كېيىن ئايالىغا ئاچچىقلاپ كېتىپتۇ :

— سەن تېخى بىزنىڭ ئۇلۇغ پادىشاھىمىزنى تىللىدىڭمۇ ؟

ئايال داڭقېتىپ تۇرۇپ قاپتۇ . ئۇ پادىشاھنىڭ ئايىغىغا ئۆزىنى ئېتىپ ، ئەپۇ سوراپتۇ .

— ئەيىبلىشىڭىز توغرا ،— دەپتۇ پادىشاھ ئايالنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ ،— مەن نانغا قاراپ تۇرۇشقا ۋەدە بەرگەنىدىم . لېكىن مەن ئۇنى كۆيدۈرۈپ قويدۇم ، جەزمەن جازالىنىشىم كېرەك . چوڭ بولسۇن ، كىچىك بولسۇن ، ھەر قانداق ئادەم ئۆزى گەدىنىگە ئالغان ھەر قانداق ئىشقا مەسئۇل بولۇشى كېرەكقۇ ! ؟ بۇ قېتىم ياخشى قىلمىدىم . ئەمما مۇنداق ئىش قايتا تەكرارلانمايدۇ . مەن چوقۇم بىر ياخشى پادىشاھ بولۇشتىن ئىبارەت مەسئۇلىيىتىمنى تىرىشىپ ئورۇنلايمەن .

**ھېكمەت :**

**بۈيۈك ئىشلار ، كىچىك ئىشلارغا بولغان مەسئۇلىيەتتىن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ . رەھبەرلىك مەسئۇلىيەتتىن تېخىمۇ ئايرىلالمايدۇ .**



## بىر تال مىخ

پادىشاھ رىچارد Ⅲ دۈشمەنلەر بىلەن ھايات - ماماتلىق جەڭگە تەييارلىنىپتۇ . بۇ ئەنگلىيىگە كىمنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىش مەسىلىسىنى بەلگىلەيدىغان ھەل قىلغۇچ جەڭ ئىكەن .

جەڭ باشلىنىش ئەتىگىنى رىچارد ئات باقارىغا ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئاتنى تاقىلىتىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ . ئات باقار تۆمۈرچىگە دەرھال ئاتنى تاقىلاپ بېرىشنى ئېيتىپتۇ . ئەمما جەڭ باشلىنىشنىڭ ئالدىدىكى نەچچە كۈندە پۈتۈن جەڭچىلەر ئاتلىرىغا تاقا قويدۇرغاچقا ، تۆمۈرچىنىڭ قېشىدا تۆمۈر قالمىغانىكەن . ئۇ بىر ئاز تۆمۈر تېپىپ كەلمەكچى بوپتۇ .

— مەن ساقلاپ تۇرالمايمەن ، — دەپتۇ ئات باقار تىتىلداپ ، — دۈشمەنلەر تاپ باستۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ . پادىشاھ ئاتنى ساقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ . نېمە بولسا شۇنىڭدا دەرھال تاقىلا ، تۆمۈرچى .

تۆمۈرچى ئىزدەپ يۈرۈپ كىچىككىنە تۆمۈر پارچىسىدىن بىرنى مىلىك تەسلىكتە تېپىپتۇ ۋە شۇنى بىر نېمە قىلىپ يۈرۈپ تۆتكە پارچىلاپ يەتكۈزۈپ ، ئاتنى تاقىلاشقا باشلاپتۇ . ئەمما بىر تال مىخ كەملەپ قاپتۇ .

— ئازراق ساقلاپ تۇرسىلا ، تەقسىر ، — دەپتۇ تۆمۈرچى ، — مىختىن بىرنى شاققىدە ياساپلا قېقىپ بېرەي .

— مەن ساڭا دېدىمغۇ ساقلاپ تۇرالمايمەن ،— ئات باقار غەزەپلىنىپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ ،— جەڭ كانايلىرىنىڭ تاتىلداشلىرى ئاڭلىنىپ تۇرۇۋاتىدۇ . ئىشقىلىپ بىر نېمە قىلىپ تۇرغۇزالامسەن .

— تۇرۇشىنىغۇ تۇرىدۇ ، تەقسىر . ئەمما ئۇنچە چىڭ ، پۇختا

بولماي قالىدۇ ، بۇ دېگەن جەڭ ئېتى .

— بولدى ، بولدى ، تۇرسىلا بولدى .

— لېكىن ، مەن ئىشەنچ قىلالمايمەن ، تەقسىر .

— تېز بول ، قېرى ،— ئات باقار تۇۋلىدى تىتىلداپ ،— ھېلى بىكار ئىككىمىزنىڭ كاللىسى كېتىدۇ . . .

شۇنداق قىلىپ پادىشاھ رىچارد شۇ ئاتنى مىنىپ ، «ھۇررا» تۇۋلىغىنىچە قوشۇن باشلاپ ، دۈشمەنلەرگە قاراپ ئاتلىنىپتۇ . ئەمما دۈشمەنلەرگە ئەمدىلا يېقىنلىشىشىغا ئات تۇيۇقسىز مۈدۈرۈپ كېتىپ ، ئاتمۇ ، پادىشاھمۇ موللاقلىغانچە ئۇچۇپ چۈشۈپتۇ . ئەسكەرلەر پادىشاھنىڭ موللاقلاپ يىقىلغىنىنى كۆرۈپ ، پىتىراشقىنىچە تەرەپ - تەرەپكە قاراپ قېچىپتۇ .

رىچارد ئورنىدىن قوپۇپ : «ئات ، ئات» دەپ ۋارقىراپتۇ . ئەمما بىرمۇ ئەسكىرىنى تاپالماپتۇ . ئاڭغىچە دۈشمەن قوشۇنلىرى ئۇنى قورشاۋغا ئېلىپ بوپتۇ . . .

— بىر ئات بىر دۆلەتنى ئوڭدا سالدى ،— دەپ چىرقىراپتۇ ئۇ غەزەپتىن بوغۇلۇپ .

كىشىلەر كېيىن مۇنداق گەپ توقۇپتۇ : «بىر مىخنىڭ كەملىكىدىن بىر تاقا ئاجرىدى ؛ بىر تال تاقا بىر جەڭ ئېتىنى يىقىتتى ؛ بىر دانە جەڭ ئېتى بىر قېتىملىق جەڭنى مەغلۇبىيەتكە سۆرىدى ؛ بىر قېتىملىق جەڭ مەغلۇبىيىتى بىر دۆلەتنى يوق قىلدى !»

ھەقىقەتەنمۇ ، پۈتۈن مەغلۇبىيەت بىر تال مىختىن باشلانغانىدى .

**ھېكمەت :**

**كىچىككىنە پەرۋاسىزلىق غايەت زور بالا - قازاغا ھامىلدار .**



## ئادالەت قوڭغۇرىقى

ئاشۇر خانى چوڭ قوڭغۇراقتىن بىرنى سېتىۋېلىپ ، كەڭ مەيدانغا مۇنار ياساپ ئېسىپ قويۇپتۇ . ھەمدە يەرگە تەگكۈدەك ئۇزۇن ئارغامچىدىن بىرنى قوڭغۇراقنىڭ ئۇرغۇچىسىغا ئۇلاپ قويۇپتۇ . ھەمدە بۇنىڭ ئادالەت قوڭغۇرىقى ئىكەنلىكىنى ، ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىغان ھەر قانداق ئادەمنىڭ ، ھەتتا كىچىك بالا بولسىمۇ قوڭغۇراقنى ئۇرسا ، تېگىشلىك ، ھەققانىي بىر تەرەپ قىلىشقا ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى جاكارلاپتۇ . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ قوڭغۇراق سانسىز قېتىم جاراڭلاپ ، نۇرغۇن ئەنزىلەرنىڭ ئەدلى - ئادالەت بىلەن بىر تەرەپ بولۇشىغا سەۋەب بوپتۇ . ئەمما ۋاقىت ئۆتكەنسېرى قوڭغۇراقنىڭ ئارغامچىسى ئۈزۈلۈپ ئادەمنىڭ بويى يەتمەس بولۇپ قاپتۇ . كىشىلەر ئارغامچا تېپىپ بولغۇچە يېقىنلا يەردىكى بىر باغدىن ئۈزۈم تېلىنىڭ چۈلۈۋۈرىنى ئەكىلىپ ئۇلاپ قويۇپتۇ .

ئاشۇر خانلىقىدا ياش چاغلىرىدا نۇرغۇن جەڭلەرگە قاتناشقان ، ھازىر قېرىپ خەزىنىگە قارىغۇچى چاكارلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان بىر ئەسكەر بار ئىكەم . ئۇ ھەممە مۈلكىنى سېتىپ ، ئۆزىگە بىر ئۆمۈر ھەمراھ بولغان ئېتىنىلا ئېلىپ قاپتۇ . ئۆزىنىڭ پۇل - تەڭگىلىرىنى ساناش بىلەنلا كۈن ئۆتكۈزىدىكەن ھەمدە قانداق قىلسا يەنىمۇ كۆپ پۇل تېپىشنىڭ كويىدىلا يۈرۈپ ، ئاتقا يەم بېرىشنىمۇ ئۇنتۇپ ، ئاتنى ئورۇقلىتىپ ، بىر تېرە ، بىر ئۇستىخان ھالدا ئەكەپ قويۇپتۇ .

— ئۇ قېرى ئاتنى بېقىپ نېمە قىلىسەن ؟— دەپتۇ بىر كۈنى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە ،— قويىۋەت ، قېرى قاقۋاش ، ئەمدى ئۆز

جېنىنى ئۆزى باقسۇن .

ئۇ ئاتنى قويۇۋېتىپتۇ . ئات تاقىر تاغلاردا ، سەھرا ـ مەھەللىلەردە ئوتلاپ ، سوكۇلداپ يۈرۈپ ئۆزىنى بېقىپتۇ . ئەمما ھەممە يەردە ئۇر ـ ئۇرغا قېلىپ كۈن ئالمىقى بەكلا تەسكە چۈشۈپتۇ . ئۇ ئايلىنىپ يۈرۈپ بىر كۈنى شەھەرگە كىرىپ قاپتۇ . دىمىق ئىسسىق بولغاچقا كوچىلاردا ئادەممۇ يوق ئىكەن . ھەممەيلەن ئىشىكلىرىنى دۈملەپ ئۆيىگە بېكىنىپ ئولتۇرۇۋالغانىكەن . ئات ئايلىنىپ يۈرۈپ «ئادالەت قوڭغۇرىقى» نىڭ تۈۋىگە كېلىپ قاپتۇ ۋە قوڭغۇراققا ئېسىپ قويۇلغان تالنىڭ چۈلۈۋرىنى ئىشتىياق بىلەن سىلكىپ تارتىپ يېيىشكە باشلاپتۇ . قوڭغۇراقمۇ جاراڭلاشقا ، كىشىلەر ئۆيلىرىدىن چىقىپ توپلىنىشقا باشلاپتۇ ھەمدە ھەر يەرلەردە سوكۇلداپ ، جان بېقىش ھەلەكچىلىكىدە لاغايلاپ قالغان ئاتنى تونۇپ ، قازى ـ قۇززاتلارغا ئاتنىڭ ئەسلى ئىگىسىنىڭ ھازىر پۇل ـ تەڭگە ساناپ بىخارامان ئولتۇرغانلىقىنىمۇ دېيىشىپ ، گۇۋاھلىق بېرىپتۇ .

قازى ـ قۇززاتلار ئادەم ئەۋەتىپ قېرى ئەسكەرنى چاقىرىپ كېلىپ ، ئۇنى ئىقرار قىلدۇرۇپتۇ . ھەمدە دەرھال ئاتقا بىر ئىسسىق ئېغىل ياساپ بېرىش ، ياخشى بېقىشنى بۇيرۇپتۇ . ئات ئاخىرى ئىسسىق ئېغىلغا ، ئەزەلدىن يەپ باقمىغان ئېسىل يەم ـ بوغۇزغا ئېرىشىپتۇ .

**ھېكمەت :**

**كىشىلەر ئارىسىدىكى ئادالەتنىڭ ماھىيىتى دەل ئۆزئارا كۆيۈنۈش مەجبۇرىيىتىنى ئىجرا قىلىشتىن ئىبارەت .**



# سەككىزىنچى باب
# دوستلۇق ھەققىدە

## بايدىن قېلىپ قالغان مىراس

بىر باينىڭ ئون ئوغلى بار ئىكەن . ئۇ ھەر بىر بالىسىغا 1000 دوللاردىن پۇل مىراس قالدۇرماقچى بولۇپتۇ . ئەمما ئۇيان ـ بۇيان بولۇپ 9500 دوللارلا پۇلى قاپتۇ ھەمدە توققۇز ئوغلىغا 1000 دوللاردىن بەرسە ، 300 دوللارنى دەپنە ئىشلىرىغا سەرپ قىلسا كىچىك ئوغلىغا 200 دوللارلا قالىدىكەن . ئۇ كىچىك ئوغلىغا :

— بالام ، شۇنداق قىلىپ 200 دوللارلا بېرەلەيدىغاندەك قىلىمەن . ئەمما قايغۇرما ، ئەڭ يېقىن دوستۇمدىن ئوننى ساڭا قالدۇردۇم . ئۇلار پۇلدىنمۇ قىممەتلىك ،— دەپتۇ .

دادىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن توققۇز ئوغۇل ھەممىسى ئۆز تىرىكچىلىكىگە چۈشۈپتۇ . كىچىكى ئاستا ـ ئاستا قولىدىكى پۇلنى خەجلەپ بوپتۇ . ئۇ قولىدا ئەڭ ئاخىرقى ئون دوللار قالغان ۋاقىتتا ، دادىسىنىڭ بۇرادەرلىرىنى ئىزدەپ مېھمان قىلىپتۇ . ئاندىن ئۆزىنىڭ قىيىن كۈنگە قالغانلىقىنى ، ياردەم قىلىشىنى ئۆتۈنۈپتۇ .

— ئۇ ھايات چېغىدا ھەممىمىزگە كۆپ ياخشىلىق قىلغان ، بىزمۇ سېنىڭ بوينۇڭنى قىستۇرمايمىز .

ھەممىسى شۇنداق دېيىشىپ بىر ئازدىن پۇل ۋە بىر بوغاز

كالا تەييارلاپ ئۇنىڭغا بېرىپتۇ . كالا تۇغقاندىن كېيىن موزىيىنى سېتىپ ، يەنە تۇغدۇرۇپ سېتىپ دېگەندەك قىلىپ ئاخىرى كاتتا بايغا ئايلىنىپتۇ .

**ھېكمەت :**
**ياخشى دوست بايلىق خەزىنىسىگە تەڭ .**



## يىغلىشىپ بېرەي

بىر ئانا كەچلىك تاماق ئېتىپ قىزىنى شۇنچە ساقلاپ ئول- تۇرسىمۇ قىزى مەكتەپتىن قايتىپ كەلمەي ئۇنى ئەنسىرىتىۋې- تىپتۇ . قىزى قايتىپ كېلىشى ھامان ئانىسى ئاچچىقلاپ نەگە بارغانلىقىنى سورىغانىكەن ، قىزى ساۋاقدىشى جىنىنىڭ ۋېلىسى- پىتتىن يىقىلىپ چۈشكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ .

— سەن ۋېلىسىپىت ئوڭشاشنى بىلەمتىڭ ، ساقلاپ تۇرغى- لى ،— ئانىسى يەنە ۋارقىراپتۇ .

— ۋېلىسىپىتقۇ ئوڭشىيالمايمەن . ئەمما ئۇنىڭغا يىغلىشىپ بېرەلەيمەن — دە ! ۋېلىسىپىت ئوڭشالمىغاندىن كېيىن ، قولۇم- دىن كېلىشىچە يىغلىشىپ بەردىم . دوست تۇرۇپ شۇنىمۇ قىلماي- مۇ ئەمىسە ؟ !

**ھېكمەت :**
**ھەقىقىي دوستلار بىرگە ئويناشنىلا ئەمەس ، دەرد - كۆلپەتنىمۇ تەڭ ھەمشېرىك بولۇشنى بىلىشى كېرەك .**

## گالىي خانىمنىڭ گۈللۈكى

گالىي خانىم ئامېرىكىلىق پۇلدار ئايال ئىكەن . ئۇ كالىفورنىيە شىتاتىنىڭ شەھەر سىرتىدا بىر گۈللۈك باغ يېتىشتۈرۈپتۇ . باغنىڭ چوڭ ھەم گۈزەللىكى تېزلا نۇرغۇن ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلىپ ، بۇ يەر ئاۋات سەيلىگاھقا ئايلىنىپتۇ . ئۇلار بىخارامان كىرىپ تاماشا قىلىدىكەن . ياشلار ياپيېشىل چىملىق ئۈستىدە بەزمە قۇرۇپ ، ناخشا ئېيتىپ ، ئۇسۇل ئويناشسا ، بالىلار گۈللۈكتە كېپىنەك قوغلايدىكەن . ياشانغانلار كۆلچەكتە بېلىق تۇتسا ، ھەتتا بەزىلەر گۈللۈككە چېدىر تىكىپ ، يۇلتۇزلۇق كېچىلەرنى مۇشۇ يەردە ئارامخۇدا ، سالقىن ئۆتكۈزمەكچى بولىدىكەن .

گالىي خانىم كىشىلەرنىڭ خۇشلۇق ، تەنتەنە ئىچىدە كۈلۈپ - يايراپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ چىدىيالماي قاپتۇ . نېمىلا بولمىسۇن باغ ئۇنىڭدە؟ شۇنىڭ بىلەن ئۇ خىزمەتكارلارنى بۇيرۇپ ، دەرۋازىنىڭ سىرتىغا : «خۇسۇسىي باغ ، سىرتتىن ئادەم كىرىش مەنئىي قىلىنىدۇ» دەپ خەت يېزىلغان تاختاي ئېسىپ قويۇپتۇ . ئەمما بۇ قىلچىمۇ كار قىلماپتۇ . كىشىلەر يەنىلا توپ - توپ بولۇپ كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن كېلىشىۋېرىپتۇ . ھەتتا بەزىلەر چىتلاقنى بۇزۇپ كىرىشكە باشلاپتۇ .

كېيىن گالىي خانىم ئەپچىل ئامالدىن بىرنى ئويلاپ تېپىپتۇ . يەنە دەرۋازىنىڭ سىرتىغا يەنە بىر تاختاي ئاستۇرۇپتۇ . ئەمما بۇ قېتىم تاختايغا : «ھۆرمەتلىك جانابلار ، باغچىمىزغا كۆڭۈل ئېچىشقا كېلىشىڭلارنى قىزغىن قارشى ئالىمىز . ئەمما بىخەتەرلىكىڭلار ئۈچۈن شۇنى ئالاھىدە ئەسكەرتىمىزكى ، باغچىغا بىر خىل زەھەرلىك يىلان پەيدا بولۇپ قالدى . بۇ خىل يىلاننىڭ



زەھىرى ئىنتايىن ئۆتكۈر بولۇپ ، يېرىم سائەت ئىچىدە جىددىي قۇتقۇزۇلمىسا ، ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش تەس . ئەمما يەنىمۇ كۆچەپ ئەسكەرتىمىزكى ، بۇ يەرگە ئەڭ يېقىن دوختۇرخانىغا 50 مىنۇتتا بارغىلى بولىدۇ . دىققەت قىلغايسىلەر !» دەپ يېزىلغانىكەن .

بۇ چارە دېگەندەكلا قالتىس ئۈنۈم بېرىپتۇ . ئويۇنخۇمار كىشىلەر بۇ تاختاينى كۆرۈپلا ئالدى - كەينىگە قارىماي باغدىن ئايرىلىپتۇ .

بىر نەچچە يىلدىن كېيىن ، بەزىلەر گالىي خانىمنىڭ بېغىغا بېرىپ ھەيرانلىقتا شۇنى بايقاپتۇ : باغ چوڭ ، ئەمما ماڭىدىغان ئادەم بولمىغاچقا ، چىم ، گۈل - گىياھلار ياۋا ئوتتەك ئۆسۈپ جاڭگاللىشىپ كېتىپتۇ ھەم راستتىنلا زەھەرلىك يىلانلارنىڭ ئۇۋىسىغا ئايلىنىپ قاپتۇ . شۇنچىۋالا چوڭ باغدا يالغۇز غېرىبسىنغان گالىي خانىم باغنىڭ بىر چاغلاردىكى كۈلكە - چاقچاق ، شاد - خورام كىشىلەرگە تولغان مەنزىرىسىنى سېغىنىش ئىچىدە ئەسلەيدىكەن .

ھەر بىر ئادەمنىڭ كۆڭلىمۇ خۇددى بىر تال گۈزەل باغقا ئوخشايدۇ . باشقىلارنىڭ خۇشاللىق ئۇرۇقىنى چېچىشىغا قوشۇلۇپ ئۇنىڭدىن ئۆزىمىزمۇ بەھرىلىنىشنى بىلگەن چېغىمىزدىلا ، قەلب بېغىمىز مەڭگۈ چۆللىشىپ كەتمەيدۇ .

**ھېكمەت :**
**دوستلۇققا ئېرىشەي دېسەڭ ، دوستلۇق ئۇرۇقلىرىنى چاچ .**

# پەي تېرىش

بىر قىز پوپ فىلىپنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۆزىنىڭ بىر مۇنچە دەردىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ . فىلىپ قىزنىڭ كەمچىلىكىنى بايقاپتۇ ، يەنى ئۇنىڭ مىجەزى ئوسال بولۇپلا قالماستىن ، يەنە بىكار گەپ قىلىشقا ، بولۇپمۇ باشقىلارنىڭ گېپىنى قىلىپ گەپ سېتىشقا ئامراق ئىكەن . ئېنىقكى بۇ باشقىلارنىڭ ئوڭايلا دىلىغا ئازار بېرىپ قويىدىغان يامان ئادەت ئىدى .

— مەن سىزنىڭ باش ئاغرىقىڭىزنىڭ سەۋەبىنى بىلدىم . باشقىلارنىڭ كەمچىلىكى ئۈستىدە گەپ تارقاتماڭ ،— دەپتۇ پوپ ۋە ئۇنى بازارغا بېرىپ بىر توخۇ سېتىۋېلىپ ، كەلگۈچە توختىماي پېيىنى يۇلۇپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ .

بۇ ئىنتايىن غەلىتە تەلەپ بولسىمۇ ، قىز ئىچ پۇشۇقىدىن قۇتۇلۇشنى ئويلاپ پوپنىڭ دېگىنى بويىچە قىپتۇ . يەنى توخۇ ئېلىپ پېيى تۈگىگۈچە يۇلۇپ مېڭىپتۇ ۋە قىپقىزىل تېرىسى كۆرۈنۈپ ئازابتىن قاقاقلاپ كەتكەن توخۇنى كۆتۈرۈپ پوپنىڭ قېشىغا كەپتۇ .

— ئەمدى بېرىپ باياتىن يۇلۇپ تاشلىۋەتكەن پەيلەرنىڭ ھەممىسىنى تېرىپ كېلىڭ ،— دەپتۇ پوپ ئىككىنچى قەدەمدە .

— ئۇ پەيلەرنى تېرىپ كېلىش قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟ — دەپتۇ قىز ، — بۇ چاغقا ئۇ پەيلەر شامالدا ھەريەر - ھەريەرگە ئۇچۇپ كەتكەندۇ ، تەرگەن تەقدىردىمۇ ھەممىسىنى تېرىپ كېلىش مۇمكىن ئەمەس .

— مانا بۇ جىك گەپ ، قىزىم ،— دەپتۇ پوپ باش لىڭشىتىپ ،— ئېغىزىڭىزدىن چىققان گەپمۇ يۇڭدىۋەتكەن پەيگە ئوخ-



شايدۇ . كەلسە - كەلمەس ، بولار - بولماس گەپلەرنى قىلىپ يۈرسىڭىز ، ئۇنى كېيىن قايتۇرۇۋالالامسىز ؟

— ياق ، تەقسىر ، قايتۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ .

— ئۇنداقتا ئېغىزىڭىزنى چىڭ يۇمۇشنى ئۆگىنىۋېلىڭ .

رەزگى پەيدەك ئەسكى پەيلەر ئەتراپىنى بىر ئالمىسۇن .

**هېكمەت :**

**پىتنە - پاسات زەھەرلىك ئوقياغا ئوخشاش دوستلارغىمۇ ، سىزگىمۇ ئازار ئېلىپ كېلىدۇ . ھەر قانداق ۋاقىتتا ، ھەر قانداق ئادەمنىڭ گېپىنى قىلغاندا ئوبدان ئويلىنىڭ .**

## مۇمكىنمۇ !

بىر بالا تاغدا كىچىك شىر كۈچۈكىدىن بىرنى ئۇچرىتىپتۇ
ھەم ئۇنى ئۆيىگە ئەكىلىپ بېقىپتۇ . بالا شىرغا ئەڭ ئېسىل
يەملەرنى بېرىپ ، يۇيۇپ ـ تاراپ كۆڭۈل قويۇپ قاراپتۇ . شىرمۇ
بالىغا شۇ قەدەر ئىچەكەپ كېتىپتۇكى ، بالىنىڭ تىزلىرىدا دومى-
لاپ ، پۇت ـ قوللىرىنى يالاپ ، بىرگە يۇگۇرۇپ ئوينايدىكەن .
ئىككىسى بىر ـ بىرىدىن ئايرىلماس قەدىناسلاردىن بولۇپ كېتىپ-
تۇ .

شىر ئۇلارنىڭ ئۆيىدە ئاستا ـ ئاستا يوغىناپ يوغان ، كۈچكە
تولغان بىر شىرغا ئايلىنىپتۇ . ئەمما ئۇلارنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋېرىپ-
تۇ .

بىر كۈنى بالا توساتتىنلا شىرغا مىنىپ ساياھەت قىلىش
ئويىغا كېلىپ قاپتۇ ۋە شىرنى مىنىپ يولغا چىقىپتۇ . شىر
رايىشلىق بىلەن بالا نەگە دېسە شۇ يەرگە مېڭىپتۇ . يولدا ئۇچرى-
غانلار ئۇلارنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ .

— شىر سېنى يېمەمدۇ ؟— دەپتۇ بەزىلەر تەئەججۇپلىنىپ .

— مېنى يېيىشى مۇمكىنمۇ ؟— دەپتۇ ئۇ .

— سەن نېمىشقا ئۇنى يەۋەتمەيسەن ؟— دەپتۇ يولدا ئۇچرى-
غان ئىتلار شىرغا .

— ھەر قانچە بولسىمۇ ئۇنى يېمەيمەن ،— دەپتۇ شىر .

بىر كۈنى ئۇلار بىر پايانسىز قۇملۇققا ھەم بورانغا دۇچ
كېلىپ يەيدىغان يەم ، ئىچىدىغان سۇلىرىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ
قاپتۇ . بالا شىرنى بەزلەپ :

— چىدا بۇرادەر ، قۇملۇقتىن ئۆتۈۋالساقلا سېنى يەتكۈچە



تويغۇزىمەن ،— دەپتۇ .

بىر كۈن ئۆتۈپتۇ ، شىر ئاچلىقىدا ئۇنى چۆرگىلەپ پىرقى-
رىغىلى تۇرۇپتۇ . ئىككى كۈن ئۆتۈپتۇ ، شىر ئۇنىڭ قول ـ
پۇتلىرىنى يالاشقا باشلاپتۇ . ئۈچ كۈن ئۆتۈپ شىر ئۇنىڭ
ئۇيەر ـ بۇيېرىنى بوش چىشلەشكە باشلاپتۇ . تۆتىنچى كۈنى شىر
ئۇنىڭغا قاراپ چىشىنى ھىڭگايتىپتۇ . بەشىنچى كۈنى كۆزىگە قان
تولغان شىر ئۆزىگە يەنە مىنمەكچى بولغان ئۇنى بىر ئىرغىپلا
دۇم قىلىپ ، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە پارە ـ پارە قىلىپ
تاشلاپتۇ . ئۇ تاكى ئۆلگىچە شىرنىڭ قانداق بولۇپ ئۆزىگە چىش
سالغانلىقىنى بىلەلمەپتۇ .

**ھېكمەت :**
**جاھاندىكى دوستلۇقلارنىڭ بەزىلىرى ئىللىق كۆيۈ-
نۈش ئاساسىغا قۇرۇلىدۇ . قىل سىغمىغۇدەك جانجىگەر
دوستلارنىڭ بەزىلىرى تۇيدۇرمايلا جېنىڭىزغا زامىن بو-
لىدۇ .**

## رەقىبلەر

روللىن مەكتەپ ۋاسكېتبول كوماندىسىنىڭ ماھىر توپچى-
سى . پېتىرمۇ بۇ گۇرۇپپىغا يېڭىدىن قېتىلغان . روللىندىن
ئېشىپ كېتىشى مۇمكىن بولغان يېگى ماھىر ئىدى . ئەمما پېتىر
ھەدېسىلا رولليننىڭ ئۆزىگە يەتمەيدىغانلىقى توغرىلىق پىتنە -
پاسات تارقىتىشقا ئامراق ئىدى . رولليننىڭ بۇنىڭ بىلەن پەرۋايى
پەلەك هالدا پېتىرغا ئىلھام بېرەتتى .

بىر قېتىم رولليىن پېتىرغا :

— ئۈچ نومۇرلۇق توپ تاشلاشقا قايىسىمىز ياخشى ؟— دېدى .

— بىلىپ تۇرۇپ ئەتەي سورىغىنىڭ نېمىسى ؟ ئەلۋەتتە
سەن !— دېدى پېتىر پەرۋاسىزلا . ئەمەلىيەتتىمۇ رولليننىڭ ئۈچ
نومۇرلۇق توپىنىڭ چۈشۈش نىسبىتى 28.6% ، پېتىرنىڭ 26.4%
ئىدى . ئەمما رولليىن :

— خاتا دېدىڭ . سەن ياخشى ئاتىسەن . توپ ئېتىش ھەرىكى-
تىڭ ئۆلچەملىك ، تەبىئىي ، ناھايىتى تېخنىكىلىق ، مەشىق قى-
لىپ بەرسەڭلا تېخىمۇ ئىلگىرىلىيەلەيسەن . ئەمما مېنىڭ ھەرد-
كىتىم خېلىلا خام ،— دېدى ھەمدە يەنە قوشۇپ قويدى ،— مەن
ئاساسەن توپنى ئوڭ قولۇمدا كونترول قىلىمەن . سول قولۇم
ئۇنچە ئەسقاتمايدۇ . ئەمما سېنىڭ ئوڭ - سول قولۇڭ ھەر
ئىككىسى ناھايىتى ئەپچىل .

پېتىر بۇنداق ئىنچىكە نۇقتىلارنى ئويلاپ كەتمىگەنىدى . ئۇ
رولليننىڭ بۇ ئېسىل پەزىلىتىدىن قاتتىق تەسىرلەندى ، ھەمدە
تېزلا ئۇنىڭ بىلەن ئەڭ يېقىن دوستلاردىن بولۇپ كەتتى . مۇسا-
بىقىدىمۇ ئىككىسى ياخشى ماسلىشىپ نۇرغۇن مەيدان مۇسابىقى-



نىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى . پېتىرمۇ 17 مەيدان مۇسابى-
قىدە ئەڭ كۆپ توپ تاشلىغان ماھىر بولۇپ رولليندىن ئېشىپ
چۈشتى .

ھېكمەت :
كەڭ قورساقلىق بىلەن ئەڭ كۆپ ئادەمنىڭ ھىمايى-
سى ۋە ھۆرمىتىنى قولغا كەلتۈرۈڭ ، ھەتتا رەقىبىڭىزنى-
مۇ .

## چوڭلاردىنمۇ ئەقىللىق بالىلار

بۇ يىل پاسخا بايرىمى بۇرۇن كەلدى. ئەتىياز كىرە - كىرمەيلا ئېتىز - باغلاردىكى، ھويلىلاردىكى دۆۋە - دۆۋە قارلار ئېرىپ كوچىلاردا ئېرىقچە ھاسىل قىلىپ ئېقىشقا باشلىدى.

چىرايلىق كىيىنىۋالغان ئىككى قىزچاق يىغىندى سۇلار ئېقىۋاتقان كىچىك ئېرىقچە بويىدا ئۇچراشتى. ھەر ئىككىسى ئالدى بىلەن ئۆز كىيىملىرىنى بىر - بىرىگە كۆز - كۆز قىلىشتى، ئاندىن بىللە ئويناشقا چۈشتى. ئۇلار دەسلەپلىرىدە كۆڭلەكلىرىنى كۆتۈرۈپ سۇ كېچىپ ئويناشقانىدى. بىردەمدىلا بىر - بىرىنىڭ ئايىغىدىن چاچرىغان لاي سۇ ھەر ئىككىلىسىنىڭ كىيىملىرىنى بۇلغىۋەتتى ۋە مەينەت بولغان كىيىملىرىنى كۆرۈپ بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ كەتتى.

دەل شۇ چاغدا ھەر ئىككىسىنىڭ ئانىلىرى كېلىپ قېلىپ، قىزلىرىنىڭ ئۇستىباشلىرىنى كۆرۈپ:

— كىيىمىڭلارنى نېمە قىلىشتىڭلار؟— دېدى.

— ئۇ قەستەن قىلدى، — دېدى چوڭراق قىز دەرھاللا.

— ھۇ جوھۇتنىڭ قىزى!

ھەر ئىككى ئايال بىر - بىرىنى سەنلىشىپ، ۋارقىراپ تىللىششقا كىرىشتى. كىشىلەر ئۆي - ئۆيلىرىدىن چىقىپ ئۇلارنى بېسىقتۇرماقچى بولدىيۇ، ئەمما ئۇلار كىشىلەرنىڭ توپلاشقانلىقىنى كۆرۈپ تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ تىللىشىپ كەتتى.

ئۇلار تىللىشىۋاتقان چاغدا، بايىقى ئىككى قىز بىر چەتكە چىقىپ بىر - بىرىنىڭ كىيىمىدىكى لاي - پاتقاقلارنى سۇرتۈپ، يەنە ئېرىقنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئېرىقتىكى سۇغا تاش تاشلاپ،



ئۆز ئويۇننى باشلىۋەتكەنىدى. ئىككىسى ھېچ ئىش بولمىغاندەك كۈلۈشۈپ، قول تۇتۇشۇپ تاش تېرىپ سۇغا تاش ئېتىپ ئويۇن قىلماقتا ئىدى.

بىر موماي بۇ قىزىق ھالنى كۆرۈپ، تېخىچە تىللىشىۋاتقان ئىككى ئايالغا:

— نومۇس قىلمىدىڭلارمۇ كىچىك بالىنىڭ ئارىسىغا كىرىپ سەتلەشكىلى؟ قاراڭلار، بايىلا ئۇرۇشقان بالىلارمۇ يەنە خۇشال - خورام ئويناۋاتامدۇ؟ ئەجەبا سىلەر ئاشۇ كىچىك بالىلارچىلىك بولالماسىلەر؟ ئۇلار سىلەرگە قارىغاندا كۆپ ئەقىللىق ئىكەن، — دەپتۇ.

ھەر ئىككى ئانا خىجىللىقتا بىر - بىرىدىن ئەپۇ سوراپ ئۆيلىرىگە قايتىشىپتۇ.

**ھېكمەت:**

**تىركىشىشنى، دۈشمەنلىشىشنى تاشلىغاندىلا دوستلاشقىلى، كەڭ قورساق بولغاندىلا دوستلۇقنى ئۇزۇنغىچە داۋاملاشتۇرغىلى بولىدۇ.**

# توققۇزىنچى باب
# ئۆز - ئۆزىنى تىزگىنلەش ھەققىدە

## سامساق يېپىشكە خۇشتار مۇزىكانت

ئۇ داڭلىق مۇزىكانت ، ئەمما سامساق يېپىشكە بەك ئامراق .
بىر داڭلىق مۇزىكانتقا نىسبەتەن بۇ ھەقىقەتەن قورقۇنچلۇق چاتاق
ئادەت . بىتخوۋىننىڭ داڭلىق مۇزىكىلىرىنى چالىدىغان بىر مۇزى-
كانت شۇنچە كۆپ سامساق يەپ ئېغىزىنى سېسىق پۇرىتىپ
يۈرسە — ھە ؟ ! . . .

ئەمما ئۇ : «مەنمۇ بىر ئادەمغۇ ، ئادەم دېگەندە ئۇنداق -
مۇنداق كەمچىلىكلەر دېگەن ھامان بولىدۇ . سەنئەتكارنىڭ ھەم-
مىسىدە غەلىتە ھەۋەس ، قىزىقىشلار بولىدۇ . مەندىمۇ شۇ » دەپ
ئويلاپ ئۆزىنى بەزلەيدۇ ھەمدە سامساق يەپ بولغاندىن كېيىن
دارچىن گۈلى يەپ ئېغىزىدىكى بەدبۇي پۇراقنى يوق قىلماقچى
بولىدۇ . . .

بىر كۈنى ئويۇن قويۇپ ، ئۇلار بىر كىچىك بازارغا كېلىدۇ .
بۇ كۈزنىڭ راھەتبەخش بىر ئاخشىمى بولۇپ ، ئۇ تاماشىبىنلارنىڭ
قىزغىن كەيپىياتىغا ئاتاپ بىتخوۋىننىڭ مۇزىكىلىرىنى ۋايىغا
يەتكۈزۈپ چېلىپ بېرىپ ، قىزغىن ئالقىشقا مۇيەسسەر بولىدۇ .
ئۇ مۇزىكىنى ئورۇنلاپ بولغاندا ، بېشىغا لېنتا چىگىۋالغان بىر
قىزچاق ئۇنىڭغا بىر دەستە گۈل سوۋغا قىلىدۇ . ئۇ ھاياجاندا
قىزغىن قۇچاقلاپ ئۇنىڭ مەڭزىگە بىرنى سۆيۈپ قويىدۇ .
«نېمانچە سېسىق ،— دەيدۇ گۈل ئېلىپ چىققان قىز ئۇنىڭ
ئېغىزىدىن كېلىۋاتقان چىدىغۇسىز سېسىق پۇراقتىن سەسكى-



نىپ ،— تېخى بايىلا سامساق يەپتۇ — ھە ؟ ! بولدى ، قويۇۋەتسە
بولاتتى ، نېمانچە سېسىق . . . »
قىزنىڭ چىرايلىرى پۈرۈشۈپ ، قۇسۇپ سالغىلى تاسلا قاپتۇ
ۋە بۇرنىنى تۇتقىنىچە سەھنىدىن يۈگرىگىنىچە چۈشۈپ كېتىپتۇ .
مۇزىكانت بۇنى بايقاپ خۇددى مۇزىكىنى ئورۇنلاپ ئوتتۇرىسىغا
بارغاندا نوتىنى ئۇنتۇپ قېلىپ مەسخىرىگە قالغاندەك ئىنتايىن
بىئاراملىق ھېس قىپتۇ ، ھەمدە ئىككىنچىلەپ سامساق يېمەس-
لىككە قەسەم قىلىپتۇ . گۈل سوۋغا قىلغان قىزمۇ بۇندىن كې-
يىن ، ھەر قانداق سەنئەتكارغا مەيلى ھەر قانچە ئېسىل مۇزىكا
ئورۇنلىسىمۇ ئىككىنچىلەپ گۈل سوۋغا قىلماسلىقنى نىيەت قى-
لىپتۇ .

**ھېكمەت :**
**ھەر نەرسە يولىدا بولسۇن ، باشقىلارنى بىزار قىلىپ**
**قويۇشتىن ساقلىنىڭ .**

## مېغىز ئېلىش

بالىنىڭ ئۇستەل ئۈستىدىكى بوتۇلكىغا سېلىنغان مېغىزلار-
ن ئېلىپ يېگۈسى كەپتۇ . ۋە قولىنى تىقىپ بىر سىقىم مېغىز-
قامالىلغىنىچە تارتىپتۇ . ئەمما بوتۇلكىنىڭ ئېغىزى كىچىك
لغاچقا ، بالىنىڭ قولى پاتماي كەپلىشىپ قاپتۇ .

— نېمە بولدى ، بالام ؟— دەپتۇ ئانىسى كىرىپ بالىسىنىڭ
ر نېمىلەرنى قىلىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ .

— مېغىز ئالاي دېگەنتىم ، ئەمما قولۇم كەپلىشىپ قالدى .

— ئاچكۆزلۈك قىلما بالام ،— دەپتۇ ئانىسى ،— بىردىن -
ككىدىن ئالساڭ ئەلۋەتتە ئالالايسەن تۇرمۇشتىمۇ شۇنداق بىر
نەدەم - بىر قەدەمدىن مېڭىش ئارقىلىقلا كۆزلىگەن مەقسەتكە
ەتكىلى بولىدۇ . ھېچ ئىشنى بىر ئىرغىپلا ۋۇجۇدقا چىقارغىلى
بولمايدۇ .

**ھېكمەت :**
**بىراقلا نۇرغۇن نەرسىگە ئېرىشمەن دېسىڭىز ھەم-**
**مىدىن قۇرۇق قالىسىز ، ئاز - ئازدىن كېلىڭ .**



## تاشلاشنى ئۆگەن

فرانكىلىننىڭ جىيەنى بوتىل ئىنتايىن ئەقىللىق ، ھەر جە-
ھەتتىن باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشۈشنى ، بولۇپمۇ ئۇنىۋېرسىتېت
مەسلىھەتچىسى بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ يۈرىدىغان ئىرادىلىك بالا
ئىكەن . كېيىن ئۇ ھەر تەرەپتىن يامان ئەمەس نەتىجىگە ئېرىشىپ-
تۇ . ئەمما كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلالماپتۇ . بۇنىڭ
بىلەن ئۇ فرانكىلىندىن قانداق قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە مەس-
لىھەت سوراپتۇ .

— مەن بىلەن تاغقا چىق ، شۇ چاغدا قانداق قىلىش كېرەك-
لىكىنى بىلەلەيسەن .

فرانكىلىن ئۇنى تاغقا ئېلىپ مېڭىپتۇ . تاغ يولىدا كىشىنىڭ
زوقىنى قوزغايدىغان ئىنتايىن نۇرغۇن چىرايلىق تاشلار ئۇچراپ-
تۇ . بوتىلنىڭ ئۇنى تېرىۋالغۇسى كېلىپ چىدىيالماي قاپتۇ .
فرانكىلىن ئېلىۋېلىشنى ئېيتىپتۇ . ئەمما بىردەمدىن كېيىن ئۇ
كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنگىنىنى ئېلىۋېرىپ ، بارا - بارا ئېغىر-
لىقتىن ماڭالماي قاپتۇ .

— تاغا ، بولالمىدىم ، تاغقا ھەرگىز چىقالمىغۇدەكمەن ، قە-
دەممۇ ئالالمايۋاتىمەن .

— ئەمىسە ، قانداق قىلساڭ بولار ،— دەپتۇ فرانكىلىن
كۈلۈپ .

— تاشلىۋېتەيمىكىن .

— ئەلۋەتتە تاشلايسەندە ، تاش يۈدۈپ چوققىغا چىقىش مۇم-
كىنمۇ ؟

بوتىل شۇندىلا چۈشىنىپتۇ . ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن بارلىق

ئويۇن ، بولار ـ بولماس ئىشلاردىن قول ئۈزۈپ ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۆگىنىشكە كىرىشىپتۇ ھەمدە ناھايىتى تېزلا ئۆز ئارزۇسىغا يېتىپتۇ . چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىراي دېگەن ئادەم نېمىنى قىلغۇسى كەلسە شۇنى قىلىپ زېھنىنى چېچىپ يۈرمەي ، ئۆز ھەرىكىتىنى نىشانغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ ، كەمچىلىك ، خاتالىقلارنى تۈزەتكەندىلا ئۆز مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ .

گېرمانىيە شائىرى گود مۇنداق دەيدۇ : «ھايات بىلەن ئويناشقانلار ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايدۇ . ئۆزۈڭگە خوجايىنلارچە ئەمەس ، چاكار ، قۇللارچە مۇئامىلە قىل» .

**ھېكمەت :**

**ۋاز كېچىشنى بىلىدىغانلارلا يۈكسەك چوققىلارغا چىقالايدۇ .**



## ئانا ـ بالا بېلىقلار

بالا بېلىجان ئانىسىدىن سوراپتۇ :

— ئانا ، دوستلىرىم قارماقتىكى يەم مېزىلىك ، ئەمما سەل خەتەرلىك دەيدۇ . بۇ ئېسىل يەمدىن بەھۇزۇر ھوزۇرلانغىلى بولماسمۇ ؟

— بالام ،— دەپتۇ ئانىسى ،— قارماقتىكى نەرسە خەتەرلىك ، ئەڭ بىخەتەر ئىش قارماققا يېقىن يولىماسلىق .

— لېكىن قارماقتىكى يەمنى ئەرزان ، كۆچ سەرپ قىلىش ھاجەتسىز دېيىشىدىغۇ ؟

— توغرا ، ئۇ ھەم ئەرزان ، ھەم قىممەت يەم . ئۇ جېنىڭ بەدىلىگە كېلىدۇ . بىلەمسەن ، ئەشۇ يەم ئىچىدە قارماق بار .

— يەمنىڭ ئىچىدە قارماق بار ـ يوقلۇقىنى بىلىش ئۈچۈن قانداق قىلىمىز ؟

— مېزىلىك ، ئەرزان ، كۆچ سەرپ قىلىش ھاجەتسىز نەرسىنىڭ ئىچىدە قارماق بار . ئېسىڭدە چىڭ تۇت .

**ھېكمەت :**

**ئەڭ رەزىل ، ئەڭ ۋەھشىي نەرسىلەر بەزىدە ئەڭ گۈزەل تونلارغا ئورىنىۋالىدۇ .**

# غەزەپلەنگەن پەيلاسوپ

بىر پەيلاسوپ دېڭىز بويىدا ئويلىنىپ تۇرۇۋاتقاندا، تۇساتتىن بىر پاراخوتنىڭ ئاپەتكە ئۇچراپ، پاراخوتتىكىلەرنىڭ كەينى - كەينىدىن ئۆزىنى دېڭىزغا تاشلاپ، ئۆلۈۋالغانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

بۇنى كۆرگەن پەيلاسوپ غەزەپلىنىپ خۇدادىن سوراپتۇ:

— نېمىشقا شۇنچىۋالا ئادەمنى ئۆلتۈرىسەن؟ ئۇلار كەچۈرگىلى بولمايدىغان قانداق گۇناھ ئۆتكۈزدى؟

— ئادەم ئۆلتۈرگەن بىر قاتىل پاراخوتتا. مەن شۇنى ئۆلتۈرمەكچى،— دەپتۇ.

پەيلاسوپ تېخىمۇ غەزەپلىنىپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ:

— بىر ئادەمنى دەپ نېمىشقا پۈتۈن پاراخوتتىكىلەرنى بالا - قازاغا دۇچار قىلىسەن؟

دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭ پاچىقىنى بىر چۈمۈلە ئىنتايىن قاتتىق چېقىپتۇ. ئۇ قارىسا بىر ئەمەس، بىر توپ چۈمۈلە ئۇنىڭ پاچىقى ئەتراپىدا مىغىلداپ يۈرگىدەك. پەيلاسوپ تېخىمۇ غەزەپلىنىپ: «ئەمدى سەن چۈمۈلىلەرمۇ ئادەم چىشلەپ كىشىنى بوزەك ئەتكۈدەك بولدۇڭمۇ تېخى؟» دېگىنىچە چۈمۈلىلەرنىڭ ھەممىسىنى دەسسەپ ئۆلتۈرۈپتۇ. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ تۇرغان خۇدا مۇنداق دەپتۇ:

— ئەمدى چۈشەنگەنسەن؟

پەيلاسوپ خىجىللىق ئىلكىدە بېشىنى تۆۋەن ئېگىپتۇ.

**ھېكمەت:**

**ئۆزىنى قاتتىق تىزگىنلەپ، باشقىلارغا رەھىمدىل بولۇش بىر خىل ھاياتلىق سەنئىتى.**



# دېڭىز ۋە پادىشاھ

ئەنگلىيىنىڭ كانۇت ئىسىملىك بىر پادىشاھى ئۆتكەنىكەن. باشقا نۇرغۇن مەنسەپدارلارغا ئوخشاش ئۇنىڭمۇ ئەتراپىدا بىر توپ تەخسىكەش، قەسەمچى، مەدھىيىچى كىشىلەر بار ئىكەن. ئۇ ئوردىغا كىرىش ھامانلا، مەدھىيە، قەسىدىلەر ئۇزۇلمەي ياڭراشقا باشلايدىكەن.

— سىلى زامان تۆرەلگەندىن بېرىقى ئەڭ ئۇلۇغ شاھ.

— ئالىيلىرى، ئۆزلىرى تەڭداشسىز قۇدرەتلىك.

بىر - بىرىنىڭ كەينىدىن ۋاقىراشقان ئاۋازلار ئوردىنى تىترىتىپ ئۆتەتتى. پادىشاھمۇ مۇنداق ئەخمىقانە مەدھىيە سۆزلىرىگە بارا - بارا ئۆچ بولۇپ قاپتۇ.

بىر كۈنى ئۇ دېڭىز ساھىلىغا بارلىق ۋەزىر - ۋۇزرا، مەدھىيىچى - قەسىدىچىلىرىنى باشلاپ كېلىپ، ئۇلارغا ئوبدان بىر ساۋاق بېرىپ قويماقچى بولۇپتۇ.

— مەن دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ شاھ، شۇنداقمۇ؟— ئۇ پادىشاھ ھەممەيلەندىن سوراپتۇ.

— بەرھەق، تەقسىر،— ھەممەيلەن بىردەك ۋارقىرىدى، — ئۆزلىرى تەڭداشسىز، سىلىدىن ئۇلۇغ خان تۆرەلمىگەن، بۇندىن كېيىنمۇ تۆرەلمەيدۇ.

— ئىقلىمدىكى پۈتۈن مەۋجۇدات بۇيرۇقۇمغا بويسۇنامدۇ؟

— شەكسىز ئىتائەت قىلىدۇ. ئالىيلىرى، جىمىكى نەرسە ئاياغلىرىغا باش قويۇپ، ئىتائەت قىلىدۇ. بۇيرۇقلىرىغا

بويسۇنىدۇ .

— خوش ، ئۇنداق بولسا ، دېڭىزنىڭ قىرغىقىغا كۈرسىتىن بىرنى قويۇڭلار !

پادىشاھ تەييارلانغان كۈرسىغا ئولتۇرۇپ ، دولقۇنلاۋاتقان دېڭىز دولقۇنلىرىغا قاراپ قويۇپ ، ئەتراپىدىكىلەرگە دەپتۇ :

— بۇيرۇق قىلسام ، دولقۇنلارمۇ توختامدۇ ؟

ۋەزىر - ۋۇزرالار قايمۇقۇپ قاپتۇ .

— ئەي دېڭىز ،— دەپتۇ پادىشاھ ۋارقىراپ ،— دەرھال توختىشىڭلارغا پەرمان چۈشۈرىمەن . ئەمدى دولقۇنلىماڭلار .

ئۇ توختاپ دېڭىز دولقۇنلىرىغا قاراپ تۇرۇپتۇ . ئەمما دولقۇنلار يەنە شارقىرىغىنىچە دولقۇنلاپ كېلىپ كۈرسىنىڭ پاچاقلىرىنى يالاپ ئۆتۈپتۇ .

— قاپ يۈرەك دولقۇنلار ،— ئۇ غەزەپلەنگەندەك قىياپەتتە ۋارقىراپتۇ ،— ئارقاڭغا قايت ، پەرمانىمغا بويسۇنامسەن !

دولقۇنلار يەنە كېلىپ پادىشاھنىڭ ئېتەكلىرىگىمۇ سۇ چاچرىتىپتۇ ھەمدە ئۆز رېتىمى بويىچە قىرغاققا ئۇرۇلۇپ يەنە قايتىپ سۈرلۈك شارقىراپ ئېقىۋېرىپتۇ . ۋەزىر - ۋۇزرالار پادىشاھنى ساراڭ بولۇپ قالدىمۇ — نېمە دەپ قورقۇپ كېتىپتۇ .

— قارىغاندا ،— دەپتۇ پادىشاھ ئەتراپىدا قورقۇنچ بىلەن قاراپ تۇرغانلارغا ،— مەن سىلەر دېگەندەك ئۇنچىۋالا قۇدرەتلىك ئەمەس ئوخشايمەن . بىلگەنسىلەر ، مەن جاھاندىكى ئەڭ ئۇلۇغ ، ئەڭ قۇدرەتلىك كۈچ ئەمەس . جاھاندا مەندىنمۇ ئۇلۇغ ، مەندىنمۇ كۈچلۈك ، مەندىنمۇ قۇدرەتلىك تەبىئىي كۈچلەر مەۋجۇت . بۇندىن كېيىن مېنى يالغان - ياۋىداق شېرىن - شېكەر گەپلەر بىلەن ئازراق مەدھىيىلەڭلار . كائىنات ، تەبىئەت ھەممىدىن ئۇلۇغ ، بۈيۈك . مەدھىيىلەشكە مانا مۇشۇ راسا ئەرزىيدۇ .



پادىشاھنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ۋەزىر - ۋۇزرالار نومۇستىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇپ ، خىجىللىقتىن باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ تۇرۇپ قاپتۇ .

**ھېكمەت :**

**ئۆزىڭىزنىڭ مەغرۇر - مۇغەمبەرلىكىڭىزنى تىزگىنلەشنى ئۆگىنىۋېلىڭ .**

## ھارۋىنىڭ ئاۋازى

بىر كۈنى جېك دادىسى بىلەن ئورمانلىقنى ئايلىنىپ كېلىش ئۈچۈن مېڭىپتۇ.

— قۇشقاچلارنىڭ ۋىچىرلىشىدىن باشقا يەنە نېمە ئاڭلىدىڭ؟

— دەپتۇ دادىسى ئورماننىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا توختاپ.

جېك ئىنچىكىلىك بىلەن تىڭشاپ بىر ھازا تۇرغاندىن كېيىن:

— ھارۋىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدىم، — دەپتۇ.

— توغرا، بىر قۇرۇق ھارۋا، — دەپتۇ دادىسى تەستىقلاپ.

— كۆرمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭ قۇرۇق ھارۋىلىقىنى قانداق بىلەلىدىڭىز دادا، — دەپتۇ ئوغلى ھەيران بولۇپ.

— ئاۋازىڭ يەڭگىللىكىدىنلا ئۇنىڭ قۇرۇق ھارۋىلىقىنى بىلىش تەس ئەمەس. قۇرۇق ھارۋا ھەممىدىن بەك تاراقشىيدۇ.

جېك چوڭ بولغاندىن كېيىنمۇ قىيىنچىلىق، قوپاللىق، مۇشكۈلچىلىككە ئۇچرىغاندىمۇ ئىزچىل دادىسىنىڭ شۇ گېپىنى ئەستىن چىقارماي كەلدى: «قۇرۇق ھارۋا ھەممىدىن بەك تاراقشىيدۇ».

**ھېكمەت:**

**نادانلار ھەر يەردە ئۆزىنىڭ كۆرۈمسىز ئەپتىبەشىرىنى ئاشكارىلاپ تۇرىدۇ، ئاقىللار ئۆز ئىلمىنى دائىم يوشۇرىدۇ.**



## سىناق

بىر شىركەت يۇقىرى مائاش بىلەن بىر شوپۇر تەكلىپ قىلماقچى بولۇپ، قايتا - قايتا سىناق ئېلىپ بېرىپتۇ ھەمدە ئاخىرىدا ئۈچ شوپۇرلا ئېشىپ قاپتۇ. سىناق ئالغۇچى ئۇلاردىن ئوخشاش مۇنداق بىر سۇئالنى سوراپتۇ.

— تىك قىيا قېشىدا بىر پارچە ئالتۇن بار. ماشىنىنى ھەيدەپ ئالتۇن قېشىغا بېرىش كېرەك. سىلەرچە قىرغاققا ئەڭ يېقىن ھەم چۈشۈپ كەتمەيدىغان بولۇشى ئۈچۈن قانچىلىك ئارىلىق قالدۇرسا مۇۋاپىق؟

— ئىككى مېتىر، — دەپتۇ بىرىنچىسى.

— يېرىم مېتىر، — دەپتۇ ئىككىنچىسى.

— قىيادىن قانچە يىراق بولسا شۇنچە ياخشى، — دەپتۇ ئۈچىنچىسى.

نەتىجىدە ئۈچىنچىسى تاللىنىپتۇ.

**ھېكمەت:**

**ئالتۇنغا يېقىن بارماڭ. ئامال بار نېرى تۇرۇڭ.**

# سارتېكىن نەشرگە تەييارلىغان كىتابلار

1. ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان ئەسەرلەر كاتالوگى (60 يۈەن)
2. يەلدىن بولغان كېسەللىكلەرنى داۋالاش (12 يۈەن)
3. جىگەر كېسەللىكلىرىنى ئۇيغۇر تېبابىتىدە داۋالاش (7 يۈەن)
4. ئۇيغۇر تېبابىتىدە مىزاج تەڭشەش ئۇسۇللىرى (15 يۈەن)
5. ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە ئەزالارنى ئاسراش (12 يۈەن)
6. يادىكارلىقلاردىن مەدەنىيەتمىزگە نەزەر (29.80 يۈەن)
8. مىزاج بۇزۇلۇش كېسەللىكلىرىنى داۋالاش (28 يۈەن)
9. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن شېئىرلىرى (ئۈچ قىسىم) (54 يۈەن)
10. كەلگۈسى مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ (20 يۈەن)
11. ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ تارىخى قىممىتى (20 يۈەن)
12. يىپەك يولىدىكى سەنئەت جەۋھەرلىرى (22 يۈەن)
13. قاراقاش مەدەنىيەت تەزكىرىسى (28 يۈەن)
14. يارقىن ئەسلىمىلەر (上下) (24 يۈەن)
15. سىل كېسەللىكىنى ئۇيغۇر تېبابىتىدە داۋالاش (9.50 يۈەن)
16. سېھىرلىك نەي (پوۋېستلار) (16 يۈەن)
17. تېببىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەر كاتالوگى (上下) (120 يۈەن)
18. مەھبۇسقا ئايلانغان قىزلار (14 يۈەن)
19. ئوتلۇق چەمبەر (رومان) (22 يۈەن)
20. قۇرۇتۇلغان مېۋىلەرنىڭ شىپالىق رولى (12 يۈەن)
21. بادامنىڭ شىپالىق رولى (12 يۈەن)
22. ساغلاملىق دەستۇرى (2 ـ 3) (24 يۈەن)
23. سىرتىدىن دورا ئىشلىتىپ داۋالاش مەجمۇئەسى (8 ـ 1) (80 يۈەن)
24. مەدەنىيىتىمىزگە تەسىر كۆرسەتكەن شەخسلەر (22 يۈەن)
25. ئائىلە قامۇسى (70 يۈەن)
26. خەلق تېبابىتى (40 يۈەن)
27. شىپالىق ئۇيغۇر تائاملىرى (15 يۈەن)
28. ئىلمىي ئوزۇقلىنىش (14 يۈەن)
29. ئاياللار گۈزەللىك رېتسېپلىرى (14 يۈەن)
30. تېببىي ھېكايەتلەر (40 يۈەن)
31. تېببىي خۇلاسىلەر (16 يۈەن)
32. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تېببىي نەسىھەتلىرى (14 يۈەن)
33. ئەجدادلاردىن قالغان مەخپىي رېتسېپلار (12 يۈەن)
34. ئۇيغۇر تېبابەت ئاتالغۇلىرى ئىزاھلىق لۇغىتى (20 يۈەن)
35. سۈت ۋە سالامەتلىك (10 يۈەن)
36. پىيازنىڭ شىپالىق رولى (8 يۈەن)
37. سامساقنىڭ شىپالىق رولى (8 يۈەن)
38. مىڭ تىللالىق رېتسېپلار (90 يۈەن)
39. سەۋەنلىكلەرگە تەدبىرلەر (16 يۈەن)
40. قىز ـ ئاياللار ئەخلاقى (16 يۈەن)
41. ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ تەرەققىياتى (18 يۈەن)
42. خەزىنىلەر ئاچقۇچى (19 يۈەن)
43. 300 ئىشتا مۇنداق قىلىڭ (16 يۈەن)
44. ئانارنىڭ دورىلىق رولى (12 يۈەن)
45. چىلاننىڭ دورىلىق رولى (12 يۈەن)
46. يېڭى يەككە رېتسېپلار (10 يۈەن)
47. باھنى قۇۋۋەتلىگۈچى مەخپىي رېتسېپلار (12 يۈەن)
48. بالىلارغا سوۋغا (14 يۈەن)
49. سالامەتلىككە زىيانلىق تۇرمۇش ئادەتلىرى (14 يۈەن)
50. تاللاش ۋە مۇۋەپپەقىيەت (12 يۈەن)
51. يىپەك يولى ئۈستىدە قايتا ئويلىنىش (25 يۈەن)
52. ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىن نەمۇنىلەر (ئۈچ قىسىم) (60 يۈەن)
53. مۇھەببەت قوشاقلىرىدىن 1000 پارچە (12 يۈەن)
54. نەسىھەتتىن نەمۇنە (45 يۈەن)
55. پەرزەنت تەربىيىلەش دەستۇرى (20 يۈەن)
56. بىل گېيتسنىڭ ياشلارغا تەۋسىيىسى — بايقىساڭ تۇپمۇ ئالتۇن (18 يۈەن)

ئالاقىلاشقۇچى: ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن

0991—8561756
8292263

بىل گېيتسنىڭ ياشلارغا تەۋسىيىسى

# بايقىساڭ توپىمۇ — ئالتۇن

تەرجىمە قىلغۇچى: نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن
پىلانلىغۇچى: ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: يالقۇن ئابدۇسالام
مەسئۇل كوررېكتورى: زۆھرە سىدىق
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: لىتىپ ئابدۇۋەلى
* * *
نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى
نەشرىيات ئادرېسى: ئۈرۈمچى بۇلاقبېشى كوچىسى 66 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830001 تېلېفون نومۇرى: 2832440 (0991)
باسقۇچى: ئۈرۈمچى ئالتۇن يارۇق باسما زاۋۇتى
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
بېسىلىشى: 2006 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
ئۆلچىمى: 1168×850 مم، 32 كەسلەم، 13.625 باسما تاۋاق، 240 مىڭ خەت
سانى: 3000
* * *
ISBN 7—5372—3983—5
باھاسى: 18.50 يۈەن

ئالاقىلىشىش تېلېفونى: 2832440—0991، پوچتا نومۇرى: 830001

1BUI00001160

ئالاقىلىشىش تېلېفونى: 0991-8066090